www.uyghurweb.net

# تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشر قىلدى
2006 - 4 - ئاي مىيۇنخېن گېرمانىيە

## نەشرىياتتىن

غەربلىكلەرنىڭ شەرقنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش تارىخى بىر ئەسىردىن ئاشىدۇ. غەرب ئالىملىرى 18 - ئەسىردىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندا نۇرغۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات تېمىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. كرىستىيېن تايلىي ئەپەندىنىڭ شەخسەن شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ بۇ كىتابنى يېزىپ چىققانلىقى زور مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ. كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالى سىستېمىلىق، جانلىق ۋە دەلىل - پاكىتلىق بايان قىلىنىدۇ. ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن شەخسەن شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ جاپالىق ئىزدىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغاننىڭ سىرتىدا مۇھاجىرەتتىكى بىر بۆلۈك ئۇيغۇر ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەن. ھەر قايسى ئېقىمدا بولغان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى تەپسىلى تونۇشتۇرغان ۋە باھا بەرگەن. ئەمما مۇئەللىپنىڭ بايان ۋە باھالىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىن ئۈمىدسىز بولىشىدەك بەزى قاراشلىرىغا قەتئىي قوشۇلمىساقمۇ، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە بۈگۈنگە قەدەر بىرەر ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن كەلمىگەن بۇنداق بىر ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ چىققىنى ئۈچۈن ئاپتورغا پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن چەكسىز رەھمەت ئېيتىمىز.

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى «ۋەھشى جۇڭگو — شىنجاڭنىڭ بويسۇندۇرۇلىشى» دېگەن مەنىدە بولسىمۇ، بىر بۆلۈك زىياللار بىلەن مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسىدە، كىتابقا «تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى» دەپ ئىسىم قويدۇق. بۇ ئەينى زاماندا ئاپتورنىڭ ئارزۇسىغمۇ ئويغۇن ئىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىيات ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى

# تەرجىماندىن

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. بىر ياۋرۇپالىقنىڭ بىزنىڭ ھەققىمىزدە بۇ قەدەر ئىنچىكە ئىزدىنىپ، مول ماتېرىيال توپلاپ، ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىشى، يەتتە يىللىق ئۆمرىنى سەرپ قىلىشى، ھەتتا تەكلىماكان چۆلىدىكى مىران (بۇنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇرلارمۇ جىق) شەھرىگە قەدەر بېرىشىنى ئىلگىرى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. يازغۇچى پايدىلانغان ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسى تىزىملىكىگە قاراپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچە كىتابلارنىڭ كۆپلىكىگە دىققەت قىلدىم. بۇندىن 100 - 150 يىل ئىلگىرى ياۋرۇپالىقلار تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلارمۇ خېلى بارىكەن. مەن شەخسەن يازغۇچى كرىستىيېن تايلېرنىڭ بىزنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەستايىدىللىقىغا ھەققەتەن قايىل بولدۇم. كىتابتىكى بەزى سۆز - جۈملىلەر غورۇرۇمغا تەگسىمۇ، كۆڭلۈمنى يېرىم قىلسىمۇ چىداپ، سۆزمۇ سۆز ئەينەن تەرجىمە قىلدىم. يازغۇچىنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىغا سادىق بولدۇم. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشتىم.

مېنىڭچە بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتتىن تەسىر قىلىشى مۇمكىن. ئىجابى جەھەتتە كىتابتا بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە كەلگۈسى ھەققىدە بەزى قىياسلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ۋەتەن ئىچىدە بىز دىققەت قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن ئۇششاق ئىشلارغا قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى، ئۆتمۈشنى ۋە بۈگۈننى ئوبدان تونۇتقان. تارىخىي ساۋاقلارنى يوشۇرماستىن ئاشكارىلىغان. (مەسىلەن: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ غالچىسى دەپ تىللايدىغان ياقۇپبەگنى باستۇرۇش ئۈچۈن، زوزۇڭتاڭنىڭ ئەنگلىيە بانكىسىدىن قەرز پۇل ئالغانلىقى قاتارلىق). ئېزىلگەن مىللەت ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىش تەرىپىدە تۇرۇپ ھادىسىلەرنى كۆزەتكەن. بۇ جەھەتتە يازغۇچىنى قانچىلىك ماختىساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

سەلبى جەھەتتىن دېگىنىم، مەن بۇ كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا بەزەن قاتتىق ئىچىم پۇشتى. بىز نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر بوزەك، بىچارە بولدۇق؟ بىزگە چىقىش يولى يوقمۇ؟ بۇ مۇنقەرزلىكتىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز؟... دېگەندەك ھېسلاردا روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغان چاغلىرىممۇ بولدى. بۇنداق چاغلاردا مەن ئوخشاش بىر ھادىسىگە نىسبەتەن ھەر خىل دۇنيا قاراشتىكى كىشىلەر ھەر خىل باھا بېرىدۇ. بىزنىڭ تارىخىمىز ۋە بۈگۈنىمىز ھەققىدە سۆزلەنگەنلەر پەقەت يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى، ئەمەلىي ئەھۋال ئۇ قەدەر ئېچىنىشلىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن دېگەندەك تۇيغۇلار بىلەن ئۆزەمگە تەسەللىي بەردىم.

كىتابتا ئۇيغۇرلارنى جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن «barbarian» دەپ ئاتىغان. «barbarian» كەلىمىسىنىڭ ئىنگلىز تىلى لۇغىتىدىكى مەنىسى «ياۋايى، ئىپتىدائى، تەربىيە كۆرمىگەن، قالاق، قوپال، ۋەھشى» دېگەنلىك. «شىنجاڭنىڭ بويسۇندۇرۇلىشى» دېگەن تېما كىتابنىڭ باش تېمىسىدۇر[1]. بۇ يەردىكى «بويسۇندۇرۇش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز «tame» پېئىلىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: «ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، تەربىيىلەش، ئىنسانلارغا يېقىن قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ، مەن ئىنگلىز تىلى سۆز بايلىقى ئىنتايىن مول بىر تىل تۇرۇقلۇق بىزنى تەسۋىرلەشكە باشقا بىر سۆزچىقمىغانمىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئەمما بىز ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كىتاب يازغان كرىستىيېن تايلېي ئەپەندىدىن «بىزنى كۆزگە ئىلمايدىغان سۆز جۈملىلەرنى ئىشلىتىپسىز» دەپ ئاغرىنسام قانداق بولىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى بۇ كىتابنى سىلەر بىر ئوقۇپ بېقىڭلار. بولسا ئىنگلىزچە ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇڭلار. ئۇنىڭغا كۈچۈڭلار يەتمىسە بۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى مەزمۇنىنىڭ 98 پىرسەنتىنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەۋىيەم چەكلىك بولغاچقا تەرجىمە خاتالىقلىرىنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ. تۈزىتىپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن : ئابدۇرەھمان

[1] كىتاب تېمىسى: WILD WEST CHINA the taming of Xinjiang

# كىرىش سۆز

ئەگەر بۇ كىتابنىڭ تېمىسىنى ئاڭلىماققا بىر ئاز زىددىيەتلىك ھېس قىلسىڭىز ئۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگولۇقلار ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئۇزاق غەربىگە مەپتۇنلۇق ۋە قورققان كۆزلىرى بىلەن قاراپ كەلدى. ھەتتا ياۋروپالىقلار «سېرىق ئېرىق تەھدىتى» گە نەزەر سالغاندا «سىرلىق شەرق» نى فانتازىيىلەشتۈرۈشكە كۆنۈپ كەتكەن. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاق تەنلىك ئاياللارنى ئۆلتۈرگەن قىزىل ئىندىئانلارنىڭ ۋەھشىلىكى ئالدىدا غال - غال تىترەشكەن. بۇنىڭغا ئوخشاش شىنجاڭدىكى «ياۋايىلار» نى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىرىشۋاتقان جۇڭگولۇقلارمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن.

شەرقشۇناسلىقنىڭ جۇڭگوچە ۋارىيانتىنى مەن بۇ كىتاب ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان مەزگىلدە سەھنىگە چىققان فىلىم «ياتقان يولۋاس يوشۇرۇنغان ئەجدىھا» جانلىق چۈشەندۈرۈپ بەردى. فىلىمدە بىر يەردە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى مۈشكۈل يوللاردا كېتىۋاتقانلىق كۆرۈنىشى بار. پەيتون ئىچىدىكى قولىدا قاشتېشى تارغاق، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ياش قەھرىمان، شىنجاڭ ھۆكۈمرانىنىڭ 18 ياشلىق گۈزەل قىزىدۇر. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە.

تۇيۇقسىز بىر گۇرۇپ نىقاپلىق، قوراللىق كىشىلەر كارۋاننىڭ كەينىدە پەيدا بولدى. كېلىشكەن ياش قوماندان ئىشارەت قىلىشى بىلەنلا بۇ باندىتلار قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋاقىراشقا باشلىدى. خۇددى قىزىل ئىندىئانلار ۋىلىس فارگونىڭ مەيسىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلغاندەك ئۇلار كارۋاننى ھالقا شەكلىدە قورشاپ، مۇھاپىزەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ماللارنى غەنىمەت ئالدى.

بىزنىڭ باش قەھرىمانىمىز ئانىسىنىڭ يالۋۇرىشىغا قارىماي پەيتۇننىڭ پەردىسىنى قايرىپ ئوغۇرلۇقچە قارايدۇ. ئۇنى كۆرگەن باندىتلار باشلىقى ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ پەيتۇننى بويلاپ ئۇچقاندەك كەلدى ۋە ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭ قارا يۈزى قىزغا يېقىنلاشتى. ئۇ كۈلگەن پېتى چاققانلىق بىلەن قىزنىڭ قولىدىن تارغاقنى تارتىپ ئېلىۋالدى. قىزنىڭ ھەيرانلىقى غەزەپكە ئالماشتى. قىز پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچقان پاندىتنى قوغلاپ، ئۇنىڭ ئېتىغا مىندى. قۇملۇقتا يىراقلارغا كېتىپ قالدى. ئۇلار قۇملار ئۈستىدە يومىلاقلىشىپ كەتتى.

باندىتلار باشلىقىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن بىز شۇنى بايقىدۇقكى، بۇ بىزگە ئالدىنقىلارنىڭ مىلتىقلىرىدا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ھوللىۋود ئېكرانىدا قايتىدىن قەھرىمان سۈپىتىدە نامايەن بولغان ئەپەچ ۋە سىئوس پالۋانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى خاتىرىلەتتى. «ياتقان يولۋاس» فىلىمى ۋاڭ دولۇ (1909 - 1977) نىڭ بىر قانچە قىسىملىق رومانىدىكى ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن ئىشلەنگەن بولۇپ، ۋاڭ دولۇ 1930 - يىللاردا شىنجاڭ يەنە بىر قېتىم جۇڭگونىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكەندە، جۇڭگونىڭ غەربىنى تەسۋىرلەپ يازغان.

گەرچە بۇ كىتاب شىنجاڭنىڭ تارىخى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ جۇڭگوچە شەرقشۇناسلىقنىڭ ھەقىقى تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. رۇسلارنىڭ سىبىرىيەنى ئىشغال قىلىشى ياكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تىنچ ئوكيانغا يۈرۈش قىلىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا شىنجاڭنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشى كېيىن ۋە مۈشكۈل بولدى. 1949 - يىلى كوممۇنىستلار بۇ تۇپراقنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئۆلكە ھەقىقى تەرەققى قىلمىدى. يەنى ئاشلىق، خام ئەشيا بازىسى، نوپۇسى كۆپ دۆلەتتىكى ئاچ ئىنسانلارنىڭ قارنىنى تويغۇزىدىغان ماكان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۆلگۈنچىلەرنى باستۇرىدىغان، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىدىغان ۋە يادرو سىنىقى ئېلىپ بارىدىغان مەيدانغا ئايلاندى.

شىنجاڭ ھەققىدە كۆپ خەۋەرلەر بار. مەن بۇ كىتابتا بېيجىڭغا نىسبەتەن ئەڭ زور سىياسىي باش ئاغرىقى ھېسابلانغان رايوننىڭ بۈگۈنكى قىيىنچىلىقلىرىنىڭ پەردە ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. كوممۇنىستلار ئۆزىنىڭ قانۇنى مۈلكى ھېسابلىغان شىنجاڭنى، يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلەر، خۇددى جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى زاڭزۇلار (تىبەتلىكلەر)غا ئوخشاش، چەتئەل ئىشغالچىلىرى ئوغۇرلاپ كەتتى دەپ قارايدۇ. جىددىي ھالەتلەر زوراۋانلىق ۋە ۋەھشىيلەرچە ئىنتىقام ئېلىشقا ئايلاندى. ئامېرىكىدىكى 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بېيجىڭ زەربە بېرىش سالمىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

مەن شىنجاڭ تارىخىنى يېزىشتا ئاممىباپ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن باشقىلار تېخى يازمىغان نەرسىلەرنى يېزىشقا ئۇرۇنۇشنى مەقسەت قىلدىم. يالغۇز بولا ئەمەس، مەن يەنە 1995 - يىلى تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈش ئۇزۇن سەپىرىگە

قاتناشقان ۋاقتىمدا تۇنجى قېتىم كۆرگەن قاقاس ۋە قورقۇنچلۇق ماكاننىڭ گۈزەللىكلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم. كېيىن مەن جۇڭگولۇق خەنزۇ ئەيچىن ۋۇنىڭ 1930 - يىلى «چەكسىز چۆللەر، ئېگىز تاغلار، يۇمشاق قۇملار، مەزمۇت تېرىلەرگە تېگىپ كەتسىلا، ئۇنى خۇددى قەغەزگە ئوخشاش يىرتىۋېتەلەيدىغان ئۇچلۇق قىيا تاشلار، پىچاق بىسىدەك ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە مۇز پارچىلىرىنى ھەم ھۇشقىرىتقان ھامان ئۆپكىلەردە مۇزنىكا چىقىرالايدىغان ئۇ قەدەر قىززىق ھاۋالارنى ئېلىپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن شامالىلار، قار شىۋىرغاندىكى تەۋەككۈلچىلىك ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابى...» ھەمراھ بۇ قاقاس چۆللۈكتە ياشىيالىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم.

كېيىن مەن ئۇلارنىڭ سەۋر - تاقەت قىلالىغانلىقىدىكى سىرىنى بايقىدىمكى، يەرلىك ئۇيغۇرلار بۈيۈك چىدامچانلىق ۋە مەرھەمەت كۆرسەتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھايات نىزاملىرىدىكى قىزغىنلىق ۋە ھازىرقى زاماندا تېپىلمايدىغان ئەخلاق - پەزىلەتنى غەربتىكى بىزلەردە يوق. بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزدىمۇ ئۇلارنىڭ مېھماندۇستلىقى دەرىجىدىن تاشقىرى رەسمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن مېھرىبان ۋە ھەقىقىي ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ جىمجىت بوستانلىقلاردىكى ياشاش ئۇسۇلى، زامانىۋىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە ماسلىشالمايدۇ. ئۇ ئەڭ ئۇزاق يەرلەردىن باشقا جايلاردا ئاللىقاچان يوقالغان.

بەزى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار مېنىڭ شىنجاڭدىكى رەزىل سىياسەتكە دىققىتىمنى تارتتى: يەنى جۇڭگولۇق خەنزۇ شوپۇرلارنىڭ پىيادە ياكى ئېشەك ھارۋىسىدا جىمجىت بوستانلىق يولى ياقىسىدا كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. كېيىن ئۇيغۇر شوپۇرلارنىڭ ئۇرۇشقاقلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما خەنزۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئادەتتىكى مەغرۇر پوزىتسىيىسى ماڭا ئۆزىمىزنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى راھەتسىز ھالدا خاتىرىلەتتى. يەنى ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ھەربىي قوماندانىنىڭ مۇئاۋىن يارده‌مچىلىكىگە تەيىنلەنگەن لوردكەنىنىڭ (ئۇ مېنىڭ بوۋامنىڭ بوۋىسى) بىچارە ئىنسانلارنى ئىتقا ئوخشاش ئۇۋلىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق خەت يازغان ئىدى: «بىز ئوتلاپ يۈرگەن كالىلار، قارا تەنلىك ئىنسانلار، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بامبۇك رىشاتكىلىرى قاتارلىق ھەممە نەرسىسىنى ۋەيران قىلدۇق. ئۇلار كۆزىمىزگە خۇددى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەستەك كۆرۈندى.» ياتلارغا نىسبەتەن بۇ خىل تەجرىبىسىز ھالدا تاش يۈرەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئادىتى بىزدە ھىلىھەم مەۋجۇت. بېيجىڭدىكى مېھمانسارايىنىڭ ھەشەمەتلىك زاللىرىدا يۈزلىرى قىپ - قىزىل، مەست بولۇپ، ۋاقىراپ - جاقىراپ، جاراستاندا يۈزىنى تۆكۈپ، بىزگە ئوخشاش ئېگىز بۇرۇن، قاڭشارلىق چەتئەللىكلەرنىڭ تەربىيەسىز ياۋايى ئىنسانلارغا ئوخشىتىلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئامېرىكىلىق سودىگەرلەرنى ئەسلىدىم.

گەرچە مەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا قىلغان مۇئامىلە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مۇئامىلىسى دەپ تەسۋىرلىگەن بولسامۇ، ئەمما مەن كەسكىن بىر مۇنازىرىنى مەقسەت قىلىپ يازمىدىم. مېنىڭ ئارزۇيۇم ئوقۇرمەنلەرنى جۇڭگولۇقلار سۆزلىگەندەك ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشكە ئۈندەشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەن پېتېر فلېمىڭ ئېيتقان: «بىر سىياسىي تەشۋىقاتچىنى چۈشىنىشتە، ئەقلى پايدىنى كۆزلىگەن ئادەم خۇددى گۆش يېمەس (راھىب) بىلەن بىرگە غىزالانغان كىشىگە ئوخشاش گاللىۋاڭ بولىدۇ» دېگىنىگە ئىشىنىمەن. فلېمىڭ 1935 - يىلى جەنۇبى شىنجاڭنى ساياھەت قىلغان چاغدىكى خاتىرىلىرى بايان قىلىنغان «تىز پۈكمەسلەردىن خەۋەرلەر» ناملىق كىتاب بىلەن ئېللا مېيلارت بېيجىڭدىن كەشمىرگە قەدەر يەرلەرنى تەسۋىرلەپ يازغان «سەپەر» ناملىق كىتاب يىگىت چاغلىرىمدا ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەردىن ئىدى. فلېمىڭ «زامان» دا ياپون ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى جۇڭگو ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ۋە ياپونلارغا نىسبەتەن قىزىقىشىنى ئىپادىلىگەن. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ رەھبىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان قاتتىق سۆزلەرنى (تەنقىدلەرنى) سۆزلىگەن. مانا بۇلار دەل مېنىڭ جۇڭگولۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ رەھبىرى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىمدۇر. ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىلىرىدە ئۇچراشقان كۆپ ساندىكى خەنزۇلار خۇشال - خۇرام ھەمراھ بولدى. مېنىڭ نەپرەتلەنگىنىم ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى بيۇروكراتلىقى ۋە ساقچى - ئەسكەرلىرىدۇر.

مەن شىنجاڭنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋاقتىمدا بىر قاتار تەسادىپى ئىشلار يۈز بەردى. مەن دۈمبە ئاغرىقى بىلەن يېتىپ قالغان ۋاقتىمدا تەكلىماكان قۇملۇقىغا سەپەر قىلىش توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلىدىم ۋە سەپەرگە قېتىلىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈشنى قارار قىلدىم. بىرىتانىيە كۇتۇبخانىسىدىكى دوستۇمغا تېلېفون بېرىپ، بەزى ماتېرىياللارنى سورىغىنىمدا ئۇنىڭ ھازىر ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەلگەن قوليازمىلارنى رەتلەپ

مۇندەرىجە تۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا قالماستىن، بەلكى شەرقشۇناسلىقتا ئائىت ھىندىستان بۆلۈمىدە ساقلانغان پۈتۈن ئەسەرلەرنىڭ ۋاقتىنچە مېنىڭ ئۆيۈمگە يېقىن يەردىكى بىر ئىشخانىدا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قارىماققا پىشانەم ئوڭ ئىدى.

كېيىن مەن بەزى ئۇيغۇرلار بىلەن سۆزلىشىشنى ئارزۇ قىلدىم. سەككىز يىل بۇرۇن ئەنگلىيەدە ئۇيغۇرلار ئاز ئىدى. ئەمما مەن لوندوندا ئۆيۈمدىن يېرىم مىل ئۇزاقلىقتا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇرنى تاپتىم. بۇ پۈتكۈل مۇھىم قارارىمنى بەلگىلەشتە مېنىڭ ھەقىقەتەن بۈيۈك بىر ئامىتىم ئىدى. ئىشلار كارامەت ئاسانلاشتى. ئۇندىن كېيىن ئەنگلىيەدىكى تەكلىماكان ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى مەن بىلەن جەنۇبىي كىنگتوندا ئۇچرىشىشقا قوشۇلدى. بىر ئازدىن كېيىن تاسادىپىي ھالدا، چارلېس بىلاكمورنىڭ تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنغان كىتابىنى تاپتىم. ئاخىرىدا يولغا چىقىشقا بىر قانچە كۈن قالغاندا، ئاسىنا ئومدا بىر دوستۇم مېنى چۈشلۈك تاماققا چاقىرغاندا، مەن قۇملۇق ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ رەھبىرى ۋىلفرېد سېگېرنىڭ يېنىمىزدىكى ئۈستەلدە تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە ئۇنىڭ كىتابىنىڭ مېنىڭ قورقۇنچلۇق تەكلىماكاننى كۆرۈش ئارزۇيۇمنى لاۋۇلداتقانلىقىنى بايقىدىم. «ئۇنداق بولسا»، دېدى ئۇ قايغۇلۇق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا جاۋاب بېرىپ: «سەن قايتىپ كېلەلىسەڭ، غەلىبەڭدىن ماڭا بىر ئۈلۈش بەر.»

مەن قايتىپ كېلىپ شىنجاڭ خەرىتىسىنى چىقىرىشقا ياردەملەشتىم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى، رەزىللىكى ھەققىدىكى سىياسىي تەشۋىقاتلىرىغا قارشى تۇردۇم. مەن تېخىمۇ ئىلھاملانغان ھالدا شۇنى بايقىدىمكى، بۇ ئىشقا قىزىققان يالغۇز مەن ئەمەسكەنمەن. يەنە 2000 - يىلى 10- ئايدا مۇھىم ئالىملار قاتناشقان ۋە «بوگۇنگە قەدەر شىنجاڭ رايونى توغرىسىدا تۈزۈلگەن ئەڭ ئۇنىۋېرسال ۋە نوپۇزلۇق يازما لايىھە» دەپ ئاتالغان ئۈچ يىللىق «شىنجاڭ پىلانى» نىڭ ئامېرىكىدىكى جون خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈزۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. مەن بۇ كىتابىم ئارقىلىق كەمتەرلىك بىلەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، شىنجاڭ ھەققىدە ئاز بىر نەرسە بىلگەنلەر، بۇنىڭدىن كۆپ بىر نەرسە بىلگۈسى ۋە كۆپ بىر نەرسە بىلگەنلەر، ئاز بولسىمۇ بىر نەرسە بىلگۈسى.

بۇ كىتاب ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. بىرىنچى قىسىمدىكى تۆت پاراگرافتا 1949 - يىلىغىچە بولغان تارىخنى ئاڭلاتتىم. ئىككىنچى قىسىمدىكى ئالدىنقى تۆت پاراگرافتا كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ۋەقەلەر ۋە ئامانلىق ئىشلىرىنى بايان قىلدىم. ئاخىرقى ئىككى پاراگرافتا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە توختالدىم. ھازىرقى ئىشلارغا بەكرەك قىزىققان ئوقۇرمەنلىرىمىز بەلكى بىرىنچى قىسىمنى ئوقىماسلىقى مۇمكىن. ئىلاۋە قىسمىدا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ئاپتونومىيەگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ قانائەت ھاسىل قىلغان ياكى قىلىمغانلىقىنى سورىدىم.

گەرچە بۇ تارىخنى يېزىشتا ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە، ھازىرقى ئاخباراتلارنى قوللانغان بولسامۇ، شۇنىسى ئېنىقكى، مەن شىنجاڭغا قىزىققان كىچىك (ئەمما چوڭىيىۋاتقان) بىر گۇرۇپ ھازىرقى زامان ئالىملىرىغا كۆپ قەرزدار بولدۇم. بولۇپمۇ كىرستوف باۋمېر، ئاندېرىۋ فورببس، خۇدۇڭ كىم، فوجىۋاڭلى، كولىن مەككېراس، جامىس مىلۋرد ۋە دېنىس شۇرىنىڭ ئەمگەكلىرىنى تىلغا ئېلىشنى خالايمەن.

جۇڭگو تارىخچىسى سۇسان ۋىتفىئېدنىڭ ئىلھام بەرگەنلىكى، تونۇشتۇرغانلىقى ۋە پايدىلىق تەتقىقات ماقالىلىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭ يىپەك يولىنىڭ دەسلەپكى تارىخى ھەققىدىكى كىتابىنى تىلغا ئالمىدىم. ئۇ بۇ كىتابنىڭ كوررىكتورى بولدى. دوستۇم ئاندرۇ لىنكلاتېر مەسلىھەتچىلىك قىلدى. دوستلاشقان ئەنۋەر توختى بۇغدا ماڭا قىممەتلىك ماتېرىياللار ۋە ئۇچۇرلار ئەۋەتتى. باشقا ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەن رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىكلىرىدىن گېنېرال رىزا بەكىن ۋە ئەنۋەر جان بار. شىنجاڭ ئىچىدە ياشاۋاتقانلاردىن كۆپ كىشى بار. ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مەن ئىسىملىرىنى مەخپىي تۇتتۇم.

نىكولاس بىككوېلىن «غەرب تەرەققىيات پىلانى» ھەققىدىكى ئەڭ ياخشى ئانالىزىنى ئەۋەتىپ بەردى. ستوكھولمدىكى سىۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىدىن خاكان ۋالكوئىست «ئارسالدى كەنت» ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. دروگلادنىي سەزگۈر نەزەردە كۆزەتكەنلىكى ۋە 9 - پاراگرافنى ئوقىغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. پايدىلىق پىكىرلىرىدىن پايدىلانغانلىرىم ئىچىدە بىر تۆگىگە بىللە مىنگەن سەپەرداشىم جون رابىنوۋىز ۋە دېنى كولنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى كۆڭلۈم تارتتى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە تىبەت (شىزاڭ) ئۇچۇر تورىدىكى تەتقىقاتچىلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئاسىيا

ئىشلىرى خانلىق جەمئىيىتىدىكى مىرىلىن فىيۋىل جونس ماتېرىيال ئىزدەپ تېپىپ بەردى. كارولىنا فوتوگرافلارنى ئىزدەشكە ياردەملەشتى.

تەھرىرىم گائىل پىركس ماتېرىياللارنى مۇۋاپىق رەۋىشتە رەتلىشىمگە تۆرتكە بولدى. ئۇنىڭ تىمىلارغا كۆڭۈل بۆلىشى، جۇڭگو توغرىسىدىكى بىلىمى، چىدامىلىقلىقى، سەۋرچانلىقى ۋە ماھارىتى بولمىغان بولسا مەن بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان بولاتتىم. بۇ كىتابتا ئۇنىڭ زور تۆھپىسى بار. خاتالىقلار بولسا ماڭا تەۋە. بۇ كىتابنىڭ تىزىسىنى يازغان ۋاقتىمدا ئوقىغان كاسلىن خۇپكىرەك ۋە خەنزۇچە تارىخى ئاتالغۇلارنى پىنيىن ھالىتىدە يېزىپ بەرگەن فرانكس ۋوتقا رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا ئىككى كىشىگە تەشەككۈر ئېيتىمەنكى، ئۇلارسىز بەلكى مەن بۇ ئىشنى ھېچ باشلىيالمىغان بولاتتىم. بىرى مامىتى. ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى، ئەقىل ـ پاراستى ۋە تۈگىمەس چاخچاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئەگەر بۇ بولمىسا، بۇ ھېكايىنىڭ ھېچ تەمى بولمايتتى. يەنە بىرى ئايالىم سىئاران. ئۇ مەن بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ ۋە سىبىرىيەگە سەپەر قىلىپ، بوران ـ چاپقۇنلار، سوغۇق سۇلار ۋە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللاردا ھەمراھ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەرلەرنىڭ گۈزەل رەسىملىرىنى سىزىپ بەردى. ئۇنىڭ قىممەتلىك ياردىمى بولمىغان بولسا بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغان بولاتتىم.

# بىرىنچى قىسىم سەددىچىن سىرتىدا

## بىرىنچى باب سۈكۈناتتا

يەر شارى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىۋاتقان سۈنئىي ھەمراھ كېچىدە يەر يۈزىدىكى نۇرلۇق شەكىل (خەرىتىلەر) نى كۆرىدۇ. بۇ نۇر چېكىتلەردىن ھاسىل بولغان شەكىللەر يىلدىن - يىلغا زىچ ئولتۇراقلىشىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ماكانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزىدىن 100 مىل ئېگىزلىكتە تۇرۇپ مىڭ - مىڭ ئىنسانلار ياشاۋاتقان نوپۇسى زىچ شەھەرلەرنى ۋە ئىنسانسىز (قاراڭغۇ كۆرۈنگەن) كەڭرى بوش يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلەيدۇ.(1)
ئاسىيا قىتئەسى قۇرۇقلۇقىدا چوڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈر كەبى كۆرۈنگەنلەردىن بىرى بولسا قىتئەنىڭ دەل مەركىزىدىكى كەڭلىكى 300 ئىنگلىز مىلى، ئۇزۇنلۇقى 700 ئىنگلىز مىلى كەلگەن تۇخۇم شەكىللىك بىر بوشلۇقتۇر. ئۇنىڭ شىمالىدا ئېگىز تاغ تىزمىلىرىغىچە سوزۇلغان ئارىلىقتا ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك بىر كىچىكرەك يەر بار. تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنى قوشقاندا بۇنىڭ كۆلىمى غەربىي ياۋروپانىڭ كۆلىمىگە يېقىنلىشىدۇ. بۇلار تىبەت ئېگىزلىكى بىلەن سىبىرىيەنىڭ چەكسىز ئورمانلىقلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان قۇملۇق، تاغلىق ۋە ئوت - چۆپسىز يايلاق رايونىدۇر. بۇ قاقاس يەرنىڭ كۆلىمى گەرچە پۈتۈن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە پۈتۈن جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 60% تىن بىر قىسمى ياشايدۇ. جۇڭگولۇقلار بۇ يەرنى شىنجاڭ دەپ ئاتايدۇ. (مەنىسى «يېڭى زېمىن») ياكى تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى[1]. بۇ يەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ سەككىز مىليوندىن كۆپرەكى ئۇيغۇرلاردۇر. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ماكانىنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتايدۇ.
تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرغىنى ئۇزاقلارغىچە سوزۇلغان «تەڭرىتېغى» (تۈركچە تەڭرىتاغ، خەنزۇچە تيانشان) دۇر. بۇ مۇقەددەس نامنى ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلار (خىتايلار) ئوخشاش ئىشلىتىدۇ. بۇ تاغلاردىن كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاۋا كىلىماتىمۇ ئىنتايىن پەرقلىق. ئۈستى (يۇقىرى) قىسمىدىكى ئويمانلىق — جۇڭغار ئويمانلىقى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ يېرىمى قۇملۇق، قاقاس يايلاق ۋە شور زەيلىكتۇر. ئۇ شەرقىي شىمالدا ئالتاي تاغلىرى ۋە موڭغۇلىيە بىلەن، غەربىي شىمالدا قازاقىستان ۋە 30 ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتا رۇسىيە بىلەن چېگرىداش. بۇ چەكسىز چۆل - جەزىرىگە ئىلگىرى موڭغۇللار يەرلەشكەن. ھازىر جۇڭگودىكى قازاقلار ياشاۋاتىدۇ. بۇ يەر سوغۇق، گىيا ئۈنمەس، بىر ئاز نەم ۋە ئۆيچۆرىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆللەرگە قارىغاندا بىر قەدەر مۆتىدىلدۇر. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ ئويمانلىقنىڭ ئىسمى 13 - ئەسىردە ئاسىيا قىتئەسىگە ھۆكۈمران بولغان موڭغۇل خاقانى چىڭگىزخاننىڭ ئىسمىنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەنمىش. ئەمما ۋىنگىرىيىلىك بەزى ئالىملار (قەدىمىي رىۋايەتلەرگە كۆرە، بۇ ماكاندا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ ياشىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.) بۇندىن يۈز يىل ئىلگىرى ۋىنگىرىيىلىك ئارخلوگ ئاۋرېل ستەيىن شىنجاڭنىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىگە يېقىن يەردىكى بىر قەبرىدىن تۇنجى قېتىم بايقىغان بۇيۇملار ۋە يازمىلار كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. شۇنداقلا يەرلىك خەلقنىڭ مۇقامى «ئوغاز»نىڭ ئاھاڭى بىلەن ۋىنگىرىيىلىكلەرنىڭ خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇدارى مۇزىكا ئاھاڭى ئوخشاش ئىكەن.
تۆۋەندىكى ئويمانلىق — تارىم ئويمانلىقى تەكلىماكان چۆلىدىكى چەكسىز قۇملۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەرەبىستاندىكى «روب ئەل قالى» دىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدىكى قۇم دۆۋىلىرى ۋە تاشلىقلار ئارىسىدا قىستىلىپ تۇرغان بوستانلىقلار، يېزا - كەنتلەر شىنجاڭنىڭ كەچمىشىنى بىزگە ئاڭلىتىدۇ. جەنۇبتا چاقىلىق،

[1] شىنجاڭغا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان كىشىلەر تەرىپىدىن باشقا ئىسملارمۇ قويۇلغان: يەنى جۇڭگو تۇرانلىرى، ئىگىز تۇرانلار، شەرقىي چاغاتاي، موغۇلستان، چىن تۈركىستانى، قەشقەرىيە، ئالتىشەھەر ( بۇ تارىمدىكى "ئالتىشەھەر" نى كۆرسىتىدۇ) كىچىك بۇخارا ۋە سېرىندىئا.

چەرچەن، نىيە، كېرىيە، خوتەن، قاغىلىق بىلەن يەركەن، يېڭىسار ۋە قەشقەر، شىمال تەرىپىدە مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا ۋە تۇرپان بار. قۇمۇل ئۇنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ جەمجەت جايلاردا خەش ئۆيلەر، سوكۇلداپ يۈرىۋاتقان ئېشەكلەر، شىۋىرلىشىپ تۇرغان تىرەكلەر ۋە تۆت چاسا ئېتىزلىقلاردىكى ھايات ئەسىرلەردىن بىرى پەسىلللىك كەلكۈن سۇلىرىنى تىزگىنلەپ، ئۇنى ئېگىز سۇ ئامبارلىرىغا باشلاپ بىرتۇتاش ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى چېپىپ سۇغۇرۇش سىستېمىسى ئارقىلىق داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تارىمنى چۆلدىكى شېغىل ۋە قىيا تاشلار بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما باشقا تەرەپلىرى تاغ تىزمىلىرى بىلەن يېرىم يۇملاق شەكىلدە قورشالغان. يەنى جەنۇبتىن تىزىلغاندا تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىرغىقى ھېسابلانمىش كوئىنلۇن تاغ تىزمىسىدىن باشلاپ قاراقۇرۇم، ھىندىقۇش، پامىر ۋە تەڭرىتاغ تىزملىرىغا قەدەر.

تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىن باشقا يەنە ئىككى رايوننىڭ شىنجاڭنى تەسۋىرلەشتە مۇھىم رولى بار. بىرىنچىسى غەربتىكى ئىلى ۋادىسى. ئۇ شەرق تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان ئوقيانىڭ ئۇچى شەكلىدە بولۇپ، ئىككى غۇلچىنى بىپايان قازاقىستان يايلاقلىرىغا قاراپ ئېچىپ تۇرغان تەڭرىتاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان. ئىلى ۋادىسى شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇنبەت بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ تىك ئېگىز تاغلىرىدىكى ياپ ـ يېشىل يايلاقلار كىشىگە شىۋىتسارىيەنى ئەسلىتىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى چوققىلاردا بىر ـ بىرىنى تۇتۇشقان ئىككى بىلىكى جەم بولغان يەر ياۋرۇپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ دەل ئوتتۇرسى (مەركىزى) دۇر. بۇ يەرنىڭ ئۈچ ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى تەڭ نىسبەتتىدۇر. شۇنداقلا ھەر قانداق دېڭىزدىن ئەڭ يىراقتىدۇر.

ئىككىنچىسى: شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جۇغراپىيىلىك ئاجايىبلىقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان تۇرپان ئويمانلىقىدۇر. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ پەس رايونلارنىڭ بىرسى بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يانتۇلۇقتا جايلاشقان، شەرققە سوزۇلغان ئوتتۇرا قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 300 ئىنگلىز ملى تۆۋەن ۋە تاسادىپىي يەر تەۋرەشلەردە چايقىلىدۇ. ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا 40 سىلسىيە گىرادوستىن يۇقىرى بولغاندا تۇرپان ئاھالىسى كۈندۈزلىرى يەر ئاستى ئۆيلەرگە كىرىۋىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. مېۋىلىك باغلار ۋە ئۈزۈمزارلىقلار كارىز سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ. قۇملۇقتا سىڭىپ كەتكەن قىممەتلىك قار ـ يامغۇر سۇلىرىنى تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئەسىرلەر بۇرۇن بۇ كارىزلار قېزىلغان. دەسلەپكى غەربلىك ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تۇرپاندىكى (زىيانداش) ھاشارەتلەر ئالاھىدە جەلپ قىلغان. گېرمانىيەلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى ۋە ئارخىلوگ ئالبېرىت ۋونلوك يالغۇز كىچىك چايان، سېرىق ئېشەك ۋە بۈرگىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇخلاپ قالغانلارنىڭ بۇرنىغا قويۇپ ئۆلتۈرىدىغان قىزىل كۆزلۈك يوغان قورت ـ قوڭغۇزلار ۋە سەكرەپ يۈرۈپ كەپتەرلەرنىڭ تۇخۇمنى ئېلىپ غۇچورلىتىپ چايناپ يەيدىغان تۆكلۈك يوغان ئۆمۈچۈكلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.(3)

بۇندىن يۈز مليون يىللار ئىلگىرى ھىندىستاننىڭ ياۋرۇپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا ئۇرۇلىشى بۈگۈن بىز كۆرىۋاتقان ئالاھىدە جۇغراپىيەنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى بولغان چاغدىكى قاتتىق زىلزىلە ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان. ھىندىستاننىڭ شىمالدىكى ئۈچ تەرىپى خۇددى بىر ئۇرۇش كېمىسىنىڭ بېشىغا ئوخشاش ئۆزىنى شىزاڭ قىرغاقلىرىغا 100 ئىنگلىز ملى ئۇزاقلىق ئارىلىقتا ئىچىگە كىرگۈزگەن. ئۇ ھىمالايا تاغ تىزمىسىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا قوپتۇردى ۋە تىبەت ئېگىزلىكىدىكى قىيا تاشلارنى قىستاپ پۈكلەپ ئالتە بۇرجەك گارمۇن (Concertina )غا ئوخشىدى. ئۇنىڭ تاشقى پوستىنىڭ قېلىنلىقىنى ئىككى ھەسسىگە قاتلىدى. گەرچە شىمالىي تەرىپى سوقۇلۇشقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، تارىم ئويمانلىقى مليون يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان ۋە تەۋرەش دولقۇنلىرىنى ئالدى تەرەپكە تارقىتىپ، تەڭرىتاغ چوققىسى دائىرىسىنى 20 مىڭ ئىنگلىزچىسى ئالدىغا ئىتتىرىپ، سوقۇلۇش نوقتىسىدىن مىڭ ئىنگلىز ملى ئۇزاقلىقتا سۈردۈرگەن دەھشەتلىك ئۇرۇلۇشنىڭ مەجبۇرلىشىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقاندەك كۆرىنەتتى.

قۇرۇقلۇقلارنىڭ ئۆز ئارا سوقۇلۇشىدىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقى بىلەن شىزاڭ سۇ ئاستىدا ئىدى. ئەمما ھازىر بىر قانچە مىڭ ئىنگلىز ملى چوڭقۇرلۇقتىكى چەكسىز تېسس دېڭىزنى قاپلاپ تۇرغان تاشقا ئايلانغان دېڭىز جانلىقلىرى ساقلىنىپ قېلىنغان. سۇلار (تارقالغان) سىڭىپ تۈگىگەندىن كېيىن، بۇ ئويمانلىققا تېمپېراتۇرا، دەريالارغا تۇتاش كەڭرى ئورمانلىقلار ئىھسان ئېتىلدى. «ئىنجىل»دىكى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى قىسسىسىدىكى ئاللاھ تۇپان بالاسى ياغدۇرغان يەر

مسوپوتامىيە ئەمەس، بەلكى تارىم ئويمانلىقى ئىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى قەدىمكى رىۋايەتچىلەر بۇگۈنكى زىيارەتچىلەرگە ئوخشاش، بۇ ماكاننىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، يەر شارىدىكى ئەڭ قورغاق رايونلارنىڭ بىرسى ئىكەنلىكى، ئېنىق شەكىللەنگەنلىكى ۋە سۇدا يۇيۇلغانلىقىدىن ئىلھام ئالغان.

ئالتۇنتاغنىڭ ئاستىدا كوئىنلۇن تاغ تىزمىسىنىڭ بىر بۆلىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ قىرغىقى بولدى. ئويداڭ ـ چۇقۇر قۇملۇق يولى ھەر 91 مېتىردا (100 Yard) ياكى يىلىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىدا قۇرۇق تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاستى قۇم، ئۈستى سېغىز، يۈزى قېرى يىلاننىڭ تېرىسىگە ئوخشاش ۋاڭ ـ ۋاڭ يېرىلىپ كەتكەن ئۆستەڭلەرنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشى (قېيىشى) بىلەن كېسىلىدۇ. ياز پەسلىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئۆستەڭلەردە سۇلار لىقمۇ لىق بولىدۇ ۋە شېغىل ـ تاشلىقلار بىلەن قاقاسلىقتىكى قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدۇ. قۇملۇقتا قارا قۇيۇنلار چىقىپ تۇرىدۇ. ئالتۇنتاغ چوققىسىدا تۇرۇپ نەزەر سالسىڭىز تەكلىماكان قۇملۇقى تەلۋە بورانلىرىنى سايىز قۇملۇقتىكى مۇداپىئە توسمىسىغا ئوخشايدىغان قىيا تاشلار بىلەن توسۇپ تۇرغان بىر دېڭىزغا ئوخشايدۇ. قىزىل ۋە سېرىق يىپپىنجا ئارتقان تاغلار سۇلاردا بىر ئوبدان ئۇپرىغان ئىدى. تاغ كارىدورلىرىدىن ئۇزاقتا پارقىراپ كۆرۈنگەن سەراپلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەن شورلۇق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. بۇ خازان بولغان بوستانلىقلار قۇرغاق بەلۋاغ ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ قۇرۇق غازاڭلىرى توختىماستىن چىقىۋاتقان شامالدا قاراس ـ قۇرۇس قىلىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ھەر دۆڭ ـ چۇقۇر ۋە يېرىق يەر شورلۇق ئىدى. بۇ يەر خۇددى ئۆتمۈشتىكى بۆك ـ باراقسان يېشىل مەنزىرىنىڭ يادرو بومبىسى پارتلىشى بىلەن قۇرۇپ كەتكىنىگە ئوخشايتتى.

قىش پەسلىدە ياققان قارلارنىڭ يالداملىرى يەر ئاستىدا يۈرمەكتە. كۆز پەسلى سۇسىز دەريا ياقىلىرىدا رەڭدار جىلۋىلەر ھاسىل قىلىدۇ. سوغۇققا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاپتۇل چېچىكى ۋە بېغىر رەڭ گۈللىرى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. قەيەردە سۇ مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا يەر يۈزىگە تېشىپ چىقالىغان بولسا، شۇ يەردە مەركىزى ئاسىيا ئېگىزلىكىنىڭ ئەتىۋارلىق ھايۋانلىرى توپلىشىپ ياشايدۇ. تىبەتتىكى ياۋايى ئېشەكلەر تاغلىق سايلاردا توپ ـ توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى.

بىز كۆز پەسلىدە ئالتۇنتاغدىن ئۆتۈش سەپىرىدە ھەمراھلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە توپ ـ توپ گۈزەل ياۋايى ھايۋانلارنى تاماشا قىلغان ئىدۇق. بىز يەنە زىياپەت ئۈستىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋاقتا تۇرغان چوڭلۇقى كۆركىدەك كېلىدىغان ياۋايى قۇش گىيەنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. بۇ رايوندا ياشايدىغان يەنە بىر ئەتىۋارلىق ھايۋان چوڭ مۈڭگۈزلۈك ياۋايى قوينى كۆردۇق. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيىچى نىكولاي پىرژېۋالسكى تەڭرىتاغنىڭ يۇلدۇز ۋادىسىدا بۇ قويدىن بىرنى ملتىقتا ئاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە مۈڭگۈزى 4 ـ 8 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتا كېلەرمىش. مەن تاغدا كۆرگەن بۇ ھايۋان لوندون شەھىرى بېلىكىراۋى مەيدانىدىكى ئاسىيا ئىشلىرى خانلىق جەمئىيىتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تام ئۈچىقى يېنىدا زىننەت ئۈچۈن باش سۆڭكى ئېسىلغان مۈڭگۈزلۈك ياۋايى قويدىن تېخىمۇ چوڭ ئىدى. بۇ باش سۆڭكىنى 1945 ـ يىلى ھىندىستان باش ۋالىسى لورد ۋاۋېل گېلگىتتىكى ئەنگلىيە سىياسى باشقارمىسىدىن ئېلىپ كېلىپ سوۋغا قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى 6 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى.

ئىلگىرى كوئىنلۇندا ياۋايى ئۆكۈزلەر ياشىغان ئىكەن. خىتايلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا تىبەت ئېگىزلىكىنىڭ سىرتىدا ھازىرمۇ 30 يولۋاس ياشاۋېتىپتۇ. ھىمالايادىكى قار يىلپىزلىرى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىدىكى يايلاقلاردىكى ھايۋانلار تاجاۋۇزچى ئىنسانلار، قانۇنسىز ئوۋچىلار، ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە قارىماقتا توسىۋالغىلى بولمايدىغان ساياھەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە.

يىللاردىن بېرى، بۇ تاغلار جۇڭگودىكى ئەڭ داڭلىق قاشتېشى كانى بولغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئالتۇن كانى. 1988 ـ يىلى بىر قانچە يۈز نامرات قازغۇچى شىنجاڭ، چىڭخەي ۋە تىبەتنىڭ ئۆز ئارا كېسىشكەن نوقتىسى ئالتۇنتاغدىكى 14،000 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى ئاقچكۆل ئويمانلىقىغا كىرىدۇ. بۇ ئېگىزلىك بېيجىڭ تەرىپىدىن "تەبىئىي قوغدىلىدىغان مۇھاپىزەت رايونى" دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھېچكىمنى توسۇپ قالالمىدى. ئېلاندىن ئىككى يىل كېيىن بۇ يەردە 30 مىڭ كىشى ئالتۇن ئىزدەپ ئېرىقلاردىكى تاشلارنى چايقايدۇ. چايقىغان بۇ دائىرىلەرنى «ئالتۇن خۇجايىنلىرى» ئىگەللىگەن ئىكەن. بۇ «ئالتۇن خۇجايىنى» جۇڭگولۇقلارنىڭ باياناتىغا كۆرە، «بۇ رايوننى بۆلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ۋە پادىشاھتەك ھۆكۈم سۈرگەن» ھەمدە ئىنتايىن قاتتىق قول زالىم ئادەم ئىكەن. چىڭخەيدىكى مۇ

فاملىلىك ئالتۇن خۇجايىنى گەنسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن بىر قازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر توپ قوراللىق چۇماقچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ بۇ بىغەرەز گۇناھكارنىڭ پاچىقىنى كېسىپ، چاناپ جاجىسىنى بەرگەن. بۇ گەنسۇلۇقنىڭ ئىنتىقام ئېلىشى ۋە كېيىن يۈز بەرگەن جېدەل ـ ماجىرالاردا نۇرغۇنلىغان كىشى يارىلانغان. جېدەل تۈگىگەندە «ئىككى تەرەپ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىپ قېلىشقان».(3)

ئىلگىرى ئېگىزلىكتىكى ياۋايى ھايۋانلار گۆشىنى يېيىش ئۈچۈن ئوۋلىناتتى. ھازىر ھەم گۆشى ھەم تېرىسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ئېگىزلىك رايونلىرىدا ياشايدىغان بۆكەنلەرنىڭ نەسلى تېز سۈرئەتتە قۇرۇماقتا. (بىر ئىستاتىسكىدا دېيىلىشىچە) بۆكەنلەر بۇ ئىسكىلىت بىلەن تولغان قاقاس ماكانىنى تەرك ئەتكەن. قوغدىلىدىغان رايونلاردىكى چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى پامىر ۋە قاراقۇرۇمنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىدىكى زىيادە ئوۋ ئوۋلاشنى توسۇشقا مەسئۇل بولسىمۇ، ئەمما تەبىئىي قوغدىلىدىغان ئارگالى قويى (Aygali sheep )، يۇغان مۈڭگۈزلۈك ياۋايى ئۆچكە، ماركخور ياۋايى ئۆچكە (markhor wild goats ) مۇلۇن، بېغىر رەڭ ئېيىق ۋە تاشقورغان ئەتراپىدا ياشايدىغان قار يىلپىزى قاتارلىقلار پاكىستانغا توشۇلماقتا. تەگرىتاغلىرى بۆرە، كىيىك، ئېيىق ۋە مۇلۇنلارنىڭ ماكانىدۇر. كۆچمەن چارۋىچىلار گۆشخور ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا قەرەللىك ھالدا كېلىدىغان چېكەتكە ئاپىتىگە قارىغاندا ئاز ئۇچرايدۇ. چېكەتكە توپى يېقىنلاشقاندا ئۇلار دەرھال تېز قۇتقۇزۇش مەركىزىگە تېلېفون بېرىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردا توخۇ ۋە ئۆردەكلەر چوڭ يۈك ماشىنىلىرىدا يېزا سىرتىغا يۆتكىلىدۇ. ھەر تەرەپتە پۇشتەك ئاۋازى چېلىنىپ چېكەتكە ئاپىتىگە قارشى سەپەرۋەرلىك دولقۇنى باشلىنىدۇ.

شىنجاڭنى تەمىنلەيدىغان سۇ ئۇنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ، قوغداپ تۇرغان تاش سېپىل (قورغان) لار ئىچىدە ساقلانغان. بۇ ئۆلكىنى تاغلار ۋە كۆچمە مۇزلار ھەممە دۇنيادىكى بەزى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىلىرى قورشاپ تۇرىدۇ. تيانشاننىڭ شەرقىدىكى قۇيرىقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىداش قىسقا ئارىلىقتا قارلىق تاغ چوققىسى 16 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ. ئەڭ يىراقتىكى غەربتە بوغدا چوققىسى ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدا 18 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلار تەكلىماكان قۇملۇقىنى چۆرىدەپ جەنۇب ۋە غەربتە ھالقا شەكلىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان ھالدا پامىر ئېگىزلىكىنى كېسىپ ئۆتكەن كونگور ۋە ”مۇز تاغ ئاتا“ ھەر بىرسىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 28 مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىغاندا ئەڭ ئېگىز بولغىنى دۇنيادىكى ئىككىنچى ئېگىز تاغ (Qiaogolı ۋە يا Godwin Austen ) شەرقىي تەرەپتە يەنە بىر قېتىم كوئېنلۇن تېغىنىڭ قىرغىقىغا ئايلانغان. ئاقسكۆل ۋە چەيدام ئېگىزلىكى تەرەپكە سوزۇلغان ئېگىزلىك 25 مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ.

گەرچە بارغانسېرى ئازىيىۋاتقان بولسىمۇ، كۆچمە مۇزلۇقلارنىڭ ساقلىنىشى 70 مىڭ يىل بۇرۇنقى مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلدى. كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى بىلەن سانائەتنىڭ كەڭرى ئومۇملىشىشى ۋە چاڭقىغان چۆل بوستانلىقلىرىدىكى ئېھتىياجنىڭ ئارتىشى بىرلىشىپ تەبىئەت سىستېمىسىغا (قانۇنىيىتىگە) ئېغىر بېسىم پەيدا قىلدى ۋە بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ يەر شەكلىدە مۇھىم ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

سان ـ ساناقسىز دەريا ئېقىنى بۇندىن ئۇزۇن ۋاقىت ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىغا ئېقىپ كىرگەن سۇ يوللىرىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئەمما بۈگۈن پەقەت 24 دەريالا چۆللۈككە ئاقىدۇ ۋە قاقاس كەڭرىلىكتە ھالسىزلانماقتا، قۇرۇپ كەتمىگەنلەردىن بىرسى ئېرتىش دەرياسى. ئۇ ئالتاي تېغىدىن باشلىنىپ شىمالىي شىنجاڭدىكى يانتۇلۇقتا قىسقا كېسىپ ئۆتۈپ ئوب دەرياسىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، شىمالىي مۇز ئوكيانغا قويۇلىدۇ. 6 ـ ئايدا غەربىي شىنجاڭدىكى ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەركەن دەرياسىدا شەرققە قاراپ ئاقىدۇ ۋە ئاقسۇ بوستانلىقىدىن بىر ئاز ئۇزاقراق يەردە تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. شىنجاڭنىڭ بۇ ئاساسلىق غول تومۇرى بۈگۈنكى زاماندا توغانلار بىلەن تېخىمۇ قاتتىق توسۇلۇپ، ئۆزىنىڭ يوقىلىش ماكانى بولغان ئۇزاقتىكى تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ئاستا ـ ئاستا يۆتكەلمەكتە. كوئېنلۇن تېغىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريالاردىن پەقەت خوتەن، كېرىيە ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ بىر ئاز كۆلىمى بار ۋە ئۇلارنىڭ سۈيىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى تۆت چاقلىق قاتناش ۋاستىلىرىدە يۈرگىلى بولىدىغان خوتەن دەرياسىدۇر. ئۇنىڭ كەڭلىكى بىر ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ. ئۇ ئۆز يۆنىلىشىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ پۈتۈن چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا قويۇلىدۇ. ئەمما ئاز بىر

قسىم كۆللەردە سۇ بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر يىلنىڭ كۆپ ۋاقتىدا ئۇ قۇرۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ غۇۋۋا قىرغاقلىرىنى يېرىمى قۇرۇپ كەتكەن دەل - دەرخلەر ۋە قالايمىقان ئۆسكەن ئۆت - چۆپلەر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ قىرغاقلارغا ناماز شام ۋاقتلىرى بەزىدە تەسادىپى ھالدا سۇ ئىزدەپ كەلگەن بۆكەنلەر چىقىپ قالىدۇ. بۇ دەريا يۆنىلىشىگە پاراللېل ھالدا شەرققە قاراپ 80 ئىنگلىز ملى ئۇزاقلىقتىكىسى تار ئەمما مول سۈيى بار كېرىيە دەرياسىدۇر. بۇ دەريا بويلىرىدا ئاق تېرەك ۋە قۇمۇشتىن كەپىلەر تىكىپ ئولتۇراقلاشقان قويچى ۋە پادىچىلار ياشايدۇ. شىمال تەرەپكە قاراپ جاپالىق ئىلگىرىلەپ 100 ئىنگلىز ملى يۈرگەندىن كېيىن، كېرىيە دەرياسى قۇملۇقلار ئىچىدە غايىب بولىدۇ.

جۇغراپىيە تېخى بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەنمىگەن ۋاقىتتا، جۇڭگولۇقلار تارىم دەرياسى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنى ئىككىسى بىر ھەم ئوخشاش دەريا دەپ ئىشىنەتتى. بۈيۈك خۇاڭخې دەرياسى تىبەت تاغلىرىدىن باشلىنىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئەگىپ يېرىم ھالقا شەكلىدە كېسىپ ئۆتۈپ، تىيەنجىننىڭ جەنۇبىدىكى خۇۋاڭخەي دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بىر كىشى تەكلىماكان چۆللۈكىنى غەربتىن شەرققە قاراپ كېسىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىگە («نۇر» دېگەن سۆز موڭغۇلچە كۆل دېگەنلىك) ئېقىپ كېلىپ، تاغلارنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، نەخ جۇڭگو (جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسى) غا كېلىپ قالغان. بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن بىر قىرغىز مەدداھ كىشىلەرگە لوپنۇردىن كەلگەن بىر ياش يىگىتنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئادەمزاتسىز چۆلدە يىراقتىكى بىر كۆلنى بايقىغانلىقىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

«دەريادا يەتتە كۈن ئاققاندىن كېيىن ئالدى تەرەپتە بىر تاغنى كۆرۈپتۇ. يېقىن كېلىپ قاراپ بۇ دەريانىڭ چوڭ قۇرام تاش ئىچىدىكى قورقۇنچلۇق بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئېقىپ كىرىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ كېمىنى توختىتىشقا قانچە كۈچىگەن بولسىمۇ، ئەمما تېز سۈرئەتلىك ئېقىم ئۇنى ئۆڭكۈر ئىچىگە ئېقىتىپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭ يىراقتىكى قۇيرۇقىدا يىگىت تاغ ئىچىدىكى بىر قارا تۆشۈكنى كۆرۈپتۇ ۋە كېمىسى قاراڭغۇ يولغا سۈرۈلۈپ كىرگەندە كېمىنىڭ تىگىگە چاپلىشىپ يېتىۋېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. كېمىنىڭ ئۈچى سۇ يولىنىڭ ئۆگزىسىگە ئۇرۇلغاندا يىگىتنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق تاشلار چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىپتۇ ۋە كېمىنىڭ تىگىدە چېچىلىپ ياتقان قىممەتلىك ئالتۇنلارنى كۆرۈپتۇ. يىگىت دەريادا بىر قانچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى بېيجىڭدا كۆرۈپتۇ.»(4)

خۇاڭخې دەرياسى ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان بولغان ئەھۋالدا، بىرەر قېتىم بېيجىڭغا يېقىن بىرەر دېڭىزغا قۇيۇلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ تارىم دەرياسىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس. تارىم دەرياسىنىڭ ھەقىقىي چەك - چېگرىسى بىر تېپىشماق بولۇپ، ئۇ 19 - ئەسىردە زور بىر جۇغراپىيىلىك تالاش - تارتىش قوزغىغان ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ تېپىشماق كۈچلۈك ئالقىشقا ئېرىشكەن شىۋىتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن تەرىپىدىن يېشىلدى.

بۇ چېگىش كۆل ھېكايىسى ھېدىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ھەقىقەتەن بىر مۇرەككەپ دەريانىڭ ھېكايىسىدۇر. ئاخىرقى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە تارىم دەرياسى ئىككى قېتىم يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن. تەخمىنەن مىلادى 330 - يىلغا قەدەر ئۇ شەرق تەرەپكە قاراپ ئېقىپ تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر تۇزلۇق كۆلگە قۇيۇلغان. بۇ تۇزلۇق كۆل ئىنتايىن قەدىمي زامانلاردىكى دېڭىزنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ساقلىنىپ قالغان بىر قىسمى ئىدى. كېيىن يەر شارى يەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىشى ياكى ئۇنىڭدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ يىغىلىشى بىلەن، بۇ دەريا جەنۇبقا قاراپ يۆتكىلىپ ئېقىشقا باشلىغان. كۆل تەخمىنەن 60 ئىنگلىز ملى يۆتكەلگەن ياكى كەڭلىك گرادۇسىدىكى ئورنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزگەرگەن. ھالبۇكى، 1921 - يىلى تارىم دەرياسى تېخىمۇ شىمالىي يۆنىلىشكە قايتقان. گەرچە ئىلگىرىكىگە بەك ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇ كۆل ئۇنىڭغا ياندىشقان. ھېدىننىڭ ماختاشقا ئەرزىيدىغان نەتىجىسى شۇكى، ئۇ كۆل ئۆرنىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىشىنى، ئۆزگىرىشتىن 20 يىل ئىلگىرى ئالدىن خەۋەر بەرگەن ۋە ئۆزى ئوتتۇرا ياشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كېلىپ بۇنىڭ دەلىللىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان. 1972 - يىلى ھېدىننىڭ ئۆلۈمىدىن 20 يىل كېيىن بۇ كۆل تارىمنىڭ ئۇزاق يۇقىرى ئېقىمىنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشى تۈپەيلى، قانااللاردا سۇ بۆلۈش، سۇ چىقىرىش (يەنى ئۆركەشلەپ ئېقىش) ۋە سۇ ئامبىرىغا بولغان ئېھتىياجى ھەل بولمىغانلىق سەۋەبىدىن دېگەندەكلا پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى. لوپنۇر چۆلىدىكى غۇۋۋا ۋە بىپايان تۇزلۇق ئويداڭلىقلاردا بۈگۈن ئۇنىڭ پەقەت ئەرۋاھلا ساقلىنىپ قالدى.

لوپنۇرنى ئوراپ تۇرغان كۆلرەك، قاقاس ۋە بوش رايون ئاينىڭ يۈزىگە ئوخشىتىلغان. ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەين ئۆز كارۋىنىنىڭ ياردائىلىقلار، شامالاردا چىرىگەن تاشلىقلار ۋە ئوچۇشۇۋاتقان قۇملار ئارىسىدا جاپالىق ئىلگىرىلەپ ئاجايىپ ۋە سۈنئىي بىر كارىدورغا كەلگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. گەرچە ياردائىلىقلار ئوتتۇرا شەرقتىن ئامېرىكىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چۆللۈكلەرنىڭ ھەممىسىدە بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى شەكىللەر جۇڭگودىكى غەربنىڭ پەرقلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھەر دائىم كېمىچىلىك كەسپى ئاتالغۇلىرى سۆزلۈكلىرى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ.

لوپنۇر چۆلى ئىنتايىن پەرقلىق بولغان ئىككى قاقاسلىق يەنى چۆل چەزىرە بىلەن تەكلىماكان ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل جۇغراپىيىلىك بوشلۇق بىلەن تەمىنلىدى. ماركو پولونىڭ ساياھەت كىتابىغا رەھمەت (ئۇ ئۆزى تەسۋىرلىگەن سەپەرنى ھەقىقەتەن قىلغانمۇ يوق؟ بۇ ھەقتە تالاش - تارتىش بار) چۆل - چەزىرە (گوبى Gobi) دېگەن ئاتالغۇ ھەر بىر مەكتەپ بالىسىغا تونۇشلۇق. بۇ بىر موڭغۇلچە ئىسىم بولۇپ، تۆۋەندە تەسۋىرلەنگەن يەر شەكلىگە مەنىداشتۇر: يەنى قۇم ۋە تاش سېپىلگەن شېغىللىق چۆل. ئاساسلىق رەڭگى كۆلرەك، توپا رەڭ، قارا ۋە توق بېغىر رەڭ، بۇ يەر شەكلىنىڭ خىلمۇ خىل تۈرى بار ۋە بۇ يەردە كىچىك چاتقال، ئوت - چۆپلەر، ياۋايى ھايۋانلار، ھەتتا كۆچمەن چارۋىچىلار پادىلىرى بىلەن بىرلىكتە ياشىيالايدۇ. لوپنۇر چۆلى شەرقتىن غەربكە قەدەر 100 ئىنگلىز ملى ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان. ئۇنىڭ شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتكەن غەربى ئۇچىدىن جەنۇبتا قۇمتاغ چۆلى، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقى شەكىللەنگەن.

جۇڭگودىكى چۆل جەزىرىلەردە ياشاپ ئادەتلەنگەن نادىر جانلىقلاردىن پەقەت بىر يالدىما ساقلىنىپ قالغان. سىبىرىيە يولۋىسى ئائىلىسىگە تەۋە ئەڭ ئاخىرقى شىنجاڭ يولۋىسى 1950 - يىللاردا جۇڭگولۇق كوممۇنىست ئالىملار تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ «يېڭى ئالدىنقى سەپ» نى قىدىرىپ تەكشۈرگەن زامانىغا قەدەر ياشىغان دەپ قارىلىدۇ. تىيانشاندا ياشايدىغان ياۋايى ئاتلار ھايات، ئەمما ھازىر ئۇلار ياۋايى ھايۋان ھېسابلانمايدۇ. ھازىرقى زاماندىكى بارلىق ئاتلارنىڭ ئەجدادى سانالغان سىرتى زىراپىگە ئوخشايدىغان، يايلىسى ئۇزۇن ھايۋاننى كېيىنكى 30 يىلدا پەقەت ھايۋاناتلار باغچىسىدا ۋە سىرتتىكى مەخسۇس تەبىئىي قوغدىلىدىغان جايلاردا كۆرۈش مۇمكىن. موڭغۇلىيەدىكى ئولانباتۇردا ئۇنى قايتىدىن ياۋايىلىق ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ياۋايى پرژېۋالسكى[1] ئېتى 1969 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى جۇڭگولۇق پىشقەدەم ئوۋچى جاۋزىيۇڭ 25 يىل كېيىن ئىنگلىز ئېكسپېدىتسىيىچىلەرگە ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى ماختىغاندا سۆزلىگەن ئىكەن.(6)

جاۋزىيۇڭ قانۇنسىز ئوۋچىدىن ئوۋ ئوۋلاش رايونىنىڭ مۇھاپىزەتچىسىگە ئايلانغان. ئۇ 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھازىرغىچە شىنجاڭدا نەسلى قۇرۇپ كەتمىگەن ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ياۋايى جانلىقلارنى ئىزلەش ۋە قۇتقۇزۇش ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتناشقان. پرژېۋالسكى تونۇشتۇرغان ياۋايى باكتىرىئان تۆگىسى 4000 يىلدىن بويان مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇرۇق - ئەۋلادىنى ئىنسانلار ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سىياقى نورمال تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ. قىزغۇچ تۈكلىرى نورمال تۆگىلەرنىڭكىدىن ئاز، لوكىسى كىچىكرەك، قۇلاقلىرى ۋە ئاغزى - بۇرۇنلىرى قىسقىراق. بىر قانچە يىل ئىلگىرى DNA ئانالىزىغا قەدەر، تەكلىماكان چۆل - جەزىرىلىرىدە كۆرۈنگەن ۋە ئوۋلىنىۋاتقان بۇ جانىۋارلارنىڭ ھەقىقەتەن ياۋايى ئىكەنلىكى ۋە نورمالدا قوللىنىۋاتقان تۆگىلەرنىڭ ئەجدادى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا ھېچ بىر دەلىل يوق ئىدى. 1877 - يىلى پرژېۋالسكى سان پېتىرسبورگقا قايتقاندا يۈك - تاقلىرى ئىچىدىن ئورالغان بىر تۆگىنى چىقىرىپ بۇنىڭ ئۆزى تارىم ئويمانلىقىدا ملتىقىدا ئاتقان ياۋايى تۆگە ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، كىشىلەر يىرگەنگەن ھالدا ئىشەنگەن. ئەمما يېقىنقى لابىراتورىيىلىك ئانالىزلار بۇ رۇس ئادەمنىڭ راست ئېيتقانلىقىنى كۆرسەتتى. ھەقىقەتەن، ئىرسىيەت ھەققىدىكى گېن تەتقىقاتى موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭدىكى تار تاغ تىزمىلىرى ئەتراپىدا ياشايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىنغان 800 ياۋايى باكتىرىئان ئىچىدىكى ياۋايى تۆگىنىڭ ئايرىم بىر جانىۋار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ئىلگىرىلا كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

---

[1] پرژېۋالسكى - تۆرگە ئايرىش ئىلمىدە ئىنتايىن كۆپ ئەسەرلىرى بار. گەرچە تۆگىگە ئۇنىڭ ئىسمى قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاھۇ (كىيىك)، كەرتەنكەلە (پاقا، يىلان، تىمساق قاتارلىق ھايۋانلار تۈرى)، نام پاتمىچۇقى، ئاق تىرەك، كاككۇك گۈلى ۋە ئات قاتارلىقلار بار. ئۇ 70 مىڭ دانە ھايۋانات (زوئولوگىيە) ۋە 16 مىڭ دانە ئۆسۈملۈك (بوتانىكا) ئەۋرىشكىسى توپلىغان.

ھەتتا پرژېۋالسكىنىڭ زامانىدىلا بۇ ياۋايى تۆگىلەر ئازىيىپ كەتكەن. رۇسلارغا يول باشلىغۇچى بولغان چارقىلىقلىق ئۇۋچى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يۈزدىن ئارتۇق ياۋايى تۆگە ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئەمما بۇ يىللاردا ئۇ تۆگىلەردىن بىرسىنىمۇ كۆرەلمىگەنلىكىگە ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتقان. 1895 ـ يىلى سېۋېن ھېدىن تەكلىماكان قۇملۇقىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتكەندە، كېرىيە دەرياسىنىڭ قۇملۇقتا غايىب بولۇش نۇقتىسىدا ئۆزى «ياۋايى تۆگىلەر جەننىتى» دەپ ئاتىغان بىر جاينى كۆرگەن. ئۇ دەسلەپتە تىكەن ۋە بۇدۇشقاقتا يۈگىشىپ قالغان سۇس قىزغۇچ تۆگە يۇڭى كۆرگەن. كېيىن ئۇلارنىڭ يېڭى ئىزلىرىنى كۆرگەن. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىر توپ ياۋايى تۆگىگە يېقىنلاشقان ۋاقىتتا سېۋېن ھېدىننىڭ ئۇۋچىسى قاسىم ئوۋ مىلتىقى بىلەن بىر ئەركىكىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇندىن كېيىن ئىسلام ئىسىملىك ئىككىنچى ئۇۋچى بىر چىشى تۆگىنى ئاتقان. چىشى تۆگە يىقىلغاندا ھېدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى كۆزەتكەن. «چىشى تۆگە بىزگە قارىمىدى» دەپ يازغان ھېدىن: «ئەمما قارىماقتا قۇملۇقتىكى تىنچ خاتىرجەم ھاياتىدىن مەڭگۈلۈككە مەھرۇم بولغىنى ئۈچۈن ئۈمىدسىزلەنگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ جېنى چىقمىغان چاغدا ئاغزىنى ئېچىپ قۇملارنى چىشلىدى. مەن ھازىر ھەر قانداق ئۆلتۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى مەنئى قىلدىم».(7) ھېدىننىڭ كارۋىنىدىكى يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرگۈچى ياش ئەركەك تۆگىلەر يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن چىشى تۆگىگە قاراپ قاتتىق ئازاپلانغان. ھېدىن «ئۇلار كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ (يىغلاپ) غەزەپ بىلەن قورقۇنچلۇق ئاۋازدا بوزلىدى» دەپ يازغان. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئىلگىرى بۇ ھايۋانلارغا ھېچقانداق ئىنسان چېقىلمىغان ئىكەن.

تەبىئىي ۋە سۈنئىي شەرت ـ شارائىتلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياۋايى تۆگىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىشى مۇمكىن. بۇ تۆگىنىڭ بىر تالانتى بولسا ئۇ چۆلدىكى نورمال تۆگىلەر ۋە ھەتتا ئىنسانلار يېقىنمۇ كېلەلمەيدىغان تۇزلۇق سۇلارنى ئىچەلەيدۇ. كېيىن ياۋايى تۆگىلەر ئۆزلىرى ئىلگىرى ياشىغان يەر ـ جۇڭگونىڭ يادرو قورالىرى سىناق رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشىغان چاغدىكىدەك ئاللىقاچان ئۇزاقتا قالغان رايوندا دەرىجىدىن تاشقىرى بىخەتەرلىكىدىن قىسقا بىر مەزگىل بەھرىمەن بولغان ئىدى. دەسلەپتە ھاۋادا كېيىن يەر ئاستىدا بولغان قاتتىق پارتلاش ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلارغا زىيان قىلدى. بوستانلىقلاردا ھاۋا بولغىنىشى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار يادرو سىنىقى تۈپەيلى كېچىك بالىلاردىكى كېسەللىك ۋە غەيرى نورمال تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلاپ كەتكەنلىكىدىن قاخشاپ شىكايەت قىلماقتا. 1996 ـ يىلى جۇڭگو يادرو سىنىقىنى ۋاقىتلىق توختاتقان بولسىمۇ، 45 قېتىملىق زور پارتلاشقا بەرداشلىق بېرىپ ھايات قالغان تۆگىلەر ئەمدىلىكتە ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق بىر قوغداش تەدبىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تاجاۋۇزچىلار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ زور تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە.

جۇڭگولۇق تارىخچىلار بۇ جەلپكار ھايۋاننىڭ قىزىقارلىق قىلىقلىرىدىن زوقلانغان. «تۆگە ھەقىقەتەن كۆندۈرۈلگەن ئاجايىپ ھايۋان» دەپ يازىدۇ مىلادى 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان گاۋيۇ:

«دۈمبىسىدە ئىككى دانە لوكىسى بار،
يۆتكىلىشچان قۇملۇقلاردا كېزەر ئۇچار.
كۆرستەر مەرتلىكىنى ئەڭ خەتەرلىك چاغلاردا،
تاپار بۇلاق سۇلىرىنى قاقاس قۇملۇق تاغلاردا.
ھەقىقەتەن سەزگۈر ئىلىم بار ئۇندا.» (8)

تۆگىلەر توختاش ۋە يەرگە ئىشارەت بەلگىلىرىنى سىزىش ئارقىلىق قەيەردە سۇ بارلىقىنى كۆرستىدۇ. پۇراش ۋە ئاغزى بۇرنىنى قۇمغا پاتۇرۇش ئارقىلىق كېلىش ئالدىدا تۇرغان بوران ـ چاپقۇندىن ئىگىسىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھېدىننىڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاش، تەكلىماكاندىكى قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدا يۈرۈشنى مۇۋەپپىقىيەتلىك تاماملىيالايدىغان ئەڭ ياخشى بىردىنبىر قاتناش قورالى تۆگىدۇر. بۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا توختاپ قالماي يۈرەلەيدىغان ھېچقانداق پىكاپ ياكى يۈك ماشىنىسى يوق. ئەمما بۇ تۆگىلەر ئىگىسىنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىگە بويۇن ئىگىپ ئۆز ئىشىنى يۇۋاشلىق بىلەن ئورۇنلايدۇ. بىر قېتىم شۇنى كۆردۈمكى، ئۇيغۇر تۆگە كۆندۈرگۈچىلەر ياش ۋە «غۇنچە» بىر تۆگىگە تىزلانماق (چۆكمەك) نى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۈچ ـ تۆت ئەر كىشى بىرلىشىپ، تۆگە بىلەن ئېلىشتى، تۆگە ھاسىراپ، ھۆمىدەپ بوزلاپ يەرگە يىقىلدى. تەكلىماكاندىكى قۇم بارخانلىرىدىن كېسىپ ئۆتۈش بىر كۈنلۈك سەپىرى ئاخىرلاشقاندا، مەن كارۋاننىڭ

ئالدىدا ماڭىدىغان ئەركەك تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەر چۈشۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئالدى پاچىقى بىلەن ئىگىسىنى تەپكەنلىكىنى، ئىگىسىنىڭ قۇمغا ئوڭدا چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم. غەزەپلەنگەن تۆگىچى يېقىندا تۇرغان پالتىنى ئېلىپ تۆگىنى تۇتىۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا غالجىرلارچە ئۇردى. تۆگىنىڭ بويۇن قىسمى يارىلاندى.

گەرچە تۆگىلەرنىڭ ئاۋازى ھەر قانچە زېرىكىشلىك، قوپال بولسىمۇ، بەزىدە ئىنسانلارغا ھۇجۇم قىلسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار تۆگىلەرگە ئېغىر يۈك ئارتىشقا ۋە قورسىقىنى ئاچ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. تۆگىلەرنىڭ چىداملىقلىقى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن. لېكىن ئۇلار پەقەت مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇلۇپ، ياخشى بېقىلغاندا، ئاندىن تەڭداشسىز سەۋرچان خىزمەتكار بولالايدۇ. ئىمپېرىيە دەۋرىدە ئىنگلىزلار تۆگىلەرنى ھەربىي ترانسپورتتا ئىشلەتكەندە، تۆگىلەرنىڭ ئوت ئاستىدىمۇ تەمكىن، بىخارامان تۇرالايدىغانلىقىنى بايقىغان. 1908 - يىلى نەشر قىلىنغان بىر ھايۋانات باقمىچىلىقى قوللانمىسىدا، ئۇرۇش قوماندانلىق شتابى مال دوختۇرخانىسى بىر تۆگىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى، قانچىلىك ۋاقىتقا قەدەر كۆتۈرسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆلچەم بېكىتىپ بەرگەن.

«شۇنى ئىسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭكى، ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى، كۆپ چاغلاردا ھېچ خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەستىن ئۇنىڭغا ئېغىر يۈك ئارتىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بار. ئاچلىق، سۇسىزلىق ۋە ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بەرمەك ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان چىداملىق جاسارەتتۇر. بىر تۆگىدىن كۆتىرەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان يۈكنى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلغىنىڭىزدا ئۇنىڭ سىزگە بېرىدىغان بىرىنچى جاۋابى يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلمەكتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇ «ئاجىز، نازۇك»، دېگەن گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ، ياكى ئوڭشالماس دەرىجىدە بۇزۇلغان ماشىنىغا ئوخشاش كاردىن چىقىشى مۇمكىن. توختىغان يېرىدە ئورنىدىن تۇرالماي ئۆلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھەر قانچە رەھىمسىز، ۋەھشى بولسىڭىزمۇ، ئەمما بەلگىلىك قائىدە، تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىشىڭىز لازىم. ئۇيغۇر تۆگىچىلەر تۆگە ئۆلتۈرۈشنىڭ يامان ئاقىۋەت يەنى «چۆل جەزىرىگە ھەيدىلىش جازاسى» غا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. تۆگە بەلكى مۆجىزە كەبى قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ئۇنى ئۆلتۈرسىڭىز ئۇنىڭ ئەرۋاھى كارۋاننى پاراكەندە قىلىشى مۇمكىن.(9) ھەتتا بۇ بىچارىنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قوللانغىلى بولىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ جەسىتى باش سۆڭەكلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆرە تۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى كارۋانلارغا يول كۆرسىتەرمىش.

ئەگەر جەزىرە (Gobi ) ئايغا ئوخشىسا، ئۇنداقتا تەكلىماكان بىر دېڭىزغا ئوخشايدۇ ۋە مەنزىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ قاقاس ۋە مېھرى سوغۇقتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاغلار جۇغراپىيەلىك بىر تەپتىلىكنى شەكىللەندۈرۈپتىكەن ... ئوتاق پىكىردە، تەكلىماكان يەر شارىدىكى ئەڭ خەتەرلىك بوش يەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.[1]

تەكلىماكان ئۈزۈك سىزىقىدا چوقچىيىپ تۇرغان سېرىق بېغىررەڭ قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان بىر ئوكيانغا ئوخشايدىغان ھەقىقىي چۆلدۇر. ئۇچ ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇرغان ئويمانلىقلىرى بار. بۇ يەردە تۆۋەن دەرىجىلىك باكتېرىيەلەردىن باشقا ھېچ بىر جانلىق ياشيالمايدۇ. ئادەتتە جۇڭگولۇق جاھىل ئەربابلار بۇ قۇملۇقنىڭ نامى «تەكلىماكان» ئاتالغۇسىنىڭ «بارسا كەلمەس» دېگەن مەنىدە كەلگەن يامان ئاتىقىدىن ماختانغان ھالدا پەخىرلىنىدۇ. تۈركچە ئىسمىنىڭ تەرجىمىسىنى غەربلىك يازغۇچىلار ئەينەن تەكرارلىسا خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. سۆزنىڭ توغرا مەنىسى ھەققىدە ھەتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. بىر تۈرك تىلشۇناس ماڭا تەكلىماكان دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسىنىڭ «تەكتى ماكان» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. 1987 – 1991 - يىلىدىكى جۇڭگو ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر ئۇيغۇرچە «توغراق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان كۆچمە مەنا دەپ قىياس قىلغان. باشقىلار ئەرەبچىدىن كەلگەن «ھالاكەت ماكانى» دەپ ئىزاھلاش تەرەپتارى. چۈنكى بۇ ئىسىم خوتەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر داندان ئويلۇك ياكى كېرىيە دەرياسى بويىدىكى باشقا بىر قەدىمىي شەھەرگە تەئەللۇق ئىكەن. داڭلىق تۈركولوگ ئالىم گوننار جاررىڭنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق كۆرگىنى بۇ ئىسىمدۇر.(10)

مەيلى قانداق ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر تەكلىماكان بۈگۈنكى قاتناش قوراللىرى تەرەققىي قىلغان، رادىئو، تېلېفون، تىك ئۇچار ئايروپىلان ۋە سۈنئىي ھەمراھ، ئالەم قاتنىشى ھەر تەرەپكە يېيىلغان زاماندىمۇ يەنىلا ئىككى دانە ئۇيغۇر

---

[1] چارلېس بلاكمودى 1992- يىلى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قۇملۇقنى غەربتىن شەرققە قاراپ كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن « يەر شارىدىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك قۇملۇق» ناملىق كىتابىنى يازغان.

ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈشكە تاس ـ تاس قالغان سۋېن ھېدىننىڭ مىڭبىر مۇشەققەتتە كېسىپ ئۆتكەن چىغىدىكىگە ئوپ ـ ئوخشاش قورقۇنۇشلۇق بىر ھالەتتە ئۆزگىرىشسىز تۇرماقتا. ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوتتۇز ياشلىق شۋېتسىيەلىك بىر ئۆمىدۋار ياش 1895 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تەكلىماكاننىڭ غەربىي شىمالىي قىرغىقىدىكى مەكىت ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ بۇ بىپايان قۇملۇقتىن 13 كۈندە ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان:

«بۇ يەردە پەقەت سېرىق قۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. يىراقلاردا كۆزگە قۇم بارخانلىرى كۆرۈنىدۇ. كۆزگە چىلىققۇدەك بىرەر ئۆسۈملۈكمۇ يوق دېيەرلىك. كۆرگەن بۇ مەنزىرىلەردىن ھەيرانۇ ھەس بولۇپ توختاپ قالمىغانلىقىم ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر ئىش بولدى.... مەن تاقابىل تۇرغۇسىز كۈچلۈك بورانلاردا سۈپۈرۈلدۈم. بۇ بورانلار ھەر قانداق توسالغۇلارنى چېقىپ تاشلايدىكەن ۋە مۇمكىنسىزلىكنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدىكەن.»(11)

تەكلىماكان ھەم گۈزەل ھەم خەتەرلىكتۇر. كېچە ئاسمىنىدىكى چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى يەر شارىدىكى باشقا ھەر قانداق جايدىكىگە قارىغاندا يېقىندىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەن ئاز بىر قىسىم ئىنسانلار تەكلىماكاندا ئەتىياز پەسلىدە چىقىدىغان دەھشەتلىك قارا بوراننى، ياز پەسلىدە ئىنساننى كاۋاپتەك پۇشۇرىدىغان كۈچلۈك ھارارەتلىك قۇياشنى، قىش پەسلىدە قۇملۇق ئۈستىنى زىننەتلەپ تۇرغان نىپىز قارلىق يېپىنچىلارنى كۆردى. ئايىغىمىز ئاستىدىكى كىچىك دۆڭلۈكلەردىن تارتىپ ئۇيۇقا تاقاشقان ئېگىز تاغ تىزمىلىرىغىچە ھەر نەرسە ئىلگىرى بۇ يەردە قاينام ـ تاشقىن بىر ھاياتنىڭ ياشانغانلىقىنى، ھەر تەرەپكە يېيىلىپ ئاققان دەريالارنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ بولغانلىقىنى خاتىرىلىتىدۇ. ھازىر ۋە كېيىنمۇ بۇ يەردە قەدىمكى ھاياتنىڭ باشقا ئىزنالىرى بار. قەدىمي دەريانىڭ قىرغاقلىرىدا سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ قاغجىراپ ئوتتۇنغا ئايلانغان توغراقلار بار. قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە باشقا دۇنيالاردىن كەلگەن ئاجايىپ سادالارنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ئەڭ يېقىن ئوكياندىن ئىككى مىڭ ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇق ئۇزاقلىقتىكى قۇملۇقتا قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان دېڭىز قۇلۇلىسى قاپلىرى بولسا، باشقا بىر گېئولوگىيەلىك ئىرادىن قالغان يالدامىلاردۇر. ئىزىلگەن مېتال پارچىلىرى بولسا شەرقتىكى لوپنۇردا ئېلىپ بېرىلغان يادرو سىنىقىدا ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇ ئاتوم دەۋرىنىڭ خاتىرىسىدۇر.

ئۆلۈم قورقۇنچىسى پەيدا بولىشى مۇمكىن. ئەمما قۇملۇقنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ يەر يۈزىدىن ئۇزاق بولمىغان چوڭقۇرلۇقتا سۇلار ساقلانغان. تەجرىبىلىك تۆگىچىلەر قۇم بارخانلىرىنىڭ ئايىغىدىكى ئازراق پەرقلىق رەڭلەرگە قاراپلا سۇ بار ـ يوقلىقىنى بىلەلەيدۇ. بۇنىڭ ئىشارەتلىرى قەدىمي دەريا بويلىرىدىن قېلىپ قالغان سېغىز توپا مونەكچىلىرىدۇر. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىدىكى يەر يۈزىدىن پەقەتلا ئون ئىككى ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى يەردە سۇ بار. ئەمما بىر كۈنلۈك يۈرۈش ئاخىرلاشقاندا بىرەيلەننىڭ ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى قەدەر كولىغانلىقى چاقچاق ئەمەس، ئۇيغۇرلار كەتمەن ئىشلىتىدۇ. ئىككى كىشى بىرلىشىپ بىر ئاخشامدا بىر قۇدۇق كولاپ چىقتى ۋە تۇلۇملارنىڭ يېرىمىغا سۇ قاچىلاندى. تاڭ ئاتقاندا تۆگىلەرنى قۇدۇق يېنىغا يېتىلەپ كەلدى. ھالبۇكى، ئەجرى بىكارغا كەتكەن ئىدى. سۇ تۇزلۇق بولسا كېرەك، ئۇسساپ، چاڭقاپ كەتكەن تۆگىلەر باشلىرىنى چايقاپ سۇنى ئىچمىدى.

چۆلدىكى قۇملارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ھاياتى بار. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەكلىماكاننى «لىيۇشا» «كۆچمە قۇملار» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭ ئېگىز قۇم بارخانلىرى شىمالدىن شەرقىي شىمال شامىلىنىڭ ياردىمى بىلەن جەنۇبىدىكى بوستانلىق تەرەپكە قاراپ ھەر يىلى ئۈچ ئىنگلىزچىسى (3 x 0·9144 مېتىر) لىق سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە. يەنى جەنۇب تەرەپتىكى بوستانلىقلارنى قۇم باسماقتا. قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىدا بولسا ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئۈچ ھەسسە تېز بولماقتا. قۇملارنىڭ كۆچۈش ئۇسۇلى ئاددى. توختىماستىن چىققان كۈچلۈك بورانلار ئاساسلىقى شىمال بورىنى يېنىك قۇملارنى ئۆچۈرۈپ ئۇنى ھەمىشە بىرقانچە قەدەم ئالدىغا سۈرىدۇ. گەرچە قۇملار ئاددى بىر ئۇسۇلدا كۆچسىمۇ، ئەمما بۇ قۇم بارخانلىرى شەكلىنىڭ ئاجايىپ بىر ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ھاسىل بولىشى ماتېماتىكچى، فىزىكا ئالىملىرىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستى بىلەن ئىزاھلاشلىرىنى كۈتمەكتە.(12)

قۇملۇقتىكى ھادىسىلەر ئىچىدە بەلكى ئەڭ يامىنى قارا بوراندۇر. قارا بوراننىڭ ئەڭ چوڭى ئەتىياز پەسلىدە چىقىدۇ. ئالبېرت ۋون لې كوك قۇملۇقتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قارا بوراننى مۇنداق تەسۋىرلەپ يازغان:

«ئاسمان تۇيۇقسىز قارىداشقا باشلىدى. قىلىن چاڭ ـ توزان پەردىسى ئىچىدە تۇرۇپ قارىغاندا قۇياش خۇددى توق قىزىل رەڭلىك ئوت شارىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. قويۇق چاڭ ـ تۇزان گۆركىرىگەن شىددەتلىك بوراندا ئادەمنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتكۈدەك دەھشەت بىلەن كارۋانغا قارشى يۇپۇرۇلۇپ كەلدى. ھەددى ـ ھېسابسىز قۇملار شېغىل ـ تاشلار بىلەن بىرلىكتە پىقىراپ ئۇچۇشۇپ ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئۇرۇلماقتا. ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى. بوراننىڭ ھوۋلىشى بىلەن ئۇچۇشۇپ يۈرگەن يوغان تاشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە سوقۇلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان جاق ـ جۇق غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىشىپ كەتتى. بۇنداق دەھشەتلىك بوران ئىچىدە قالغان ئادەمنىڭ پۈتۈن غېمى ئەتراپىدا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن تاشلارنىڭ ئەسەبىلەرچە يارىلاندۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى يۆگەش ئىدى. ئادەملەر ۋە ئاتلار دۈم يېتىشىپ دەھشەتلىك بورانغا سەبىر قىلىشقا مەجبۇر.....».(13)

قۇملۇق بويلىرىدا چىققان قارا بوران پۈتۈن تارىم ۋە ئۇنىڭ بوستانلىق رايونلىرىدا بىر قانچە كۈن داۋام قىلىدۇ ۋە ھەتتا ئېگىزلىكى 13 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئۆرلەپ تاغلار بىلەن بوي تالىشىدۇ. قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قارىغاندا قىرغاقلىرىدا بوران كۆپ چىقىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە جەنۇب تەرەپتىكى يوللاردا بىر يىل ئىچىدە 202 كۈن چاڭ ـ تۇزان بۇرىنى چىقىدۇ.

پەقەتلا دەريا بويلىرى ۋە دەريا ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردىلا ئىنسانلار دەل ـ دەرخلەر ۋە ھايۋاناتلار ياشىيالايدۇ. قۇملۇق بىلەن بوستانلىق ئارىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەلەيدىغان كارىدورنى ھېدىن «جاڭگال» دەپ ئاتىغان. ھېدىننىڭ تەسۋىرلىشى توغرا. چۈنكى ئاق تېرەك ۋە يۇلغۇنلۇق چاتقاللار، يانتاقلىقلار، توغراقلار، خوخا تىكەنلىكلەر، بۇدۇشقاقلار، قۇمۇشلار ۋە يۆگىمەچ ئوتلار ھەر قانداق جاڭگالدا كەڭرى تېپىلىدۇ. بۇ يەردىكى جاڭگاللاردا يەنە «چۆل ئامگىياسى» (مېھرىگىيا) تېپىلىدۇ. بۇنىڭ شەكلى ياڭيوغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولۇپ، يۇقىرى باھادا سېتىلىدۇ.

بۇ قۇملۇق كارىدورلىرىدىكى چاڭ ـ توزانلار تالك (huashifen ) كەبى سىلىق ۋە چاپلاشقان بولىدۇ. يېنىك شامال ياكى ماشىنا چاقى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلاردا يەردىكى يېپىنجا ئۆسۈملۈكلەر ھاۋاغا ئۆرلەپ تۇمانغا ئوخشاش بىرقانچە مىنۇت ھاۋادا تۇرۇپ قالىدۇ. بىر قۇملۇق تۈلكىسىنىڭ ئارقىسىغا جىددىلىشىپ قارىغاچ ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقىنى كۆرسىگىز، سىز ئۇنى قوغلاپ كەلگەن ئوۋ ئىتىنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلالايسىز. چاتقاللىقلاردىن ئۇزاقراق يەرلەردە ياۋا چوشقا (تۇڭگۇز) ياشايدۇ. بۇ يەردە يەنە موڭغۇلىيەنىڭ تارتىنجاق ئاھۇ (كېيىكلىرى) كۆلچەكلەرگە سۇ ئىچكىلى كەلگەندە پات ـ پات كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ يەردە ھاشارەتخور ئۇزۇن قۇلاق يەرلىك كىرپە يەرلەردە ئۆمىلەپ يۈرىدۇ. چاشقانلار ۋە توشقانلار بار.(14)

ياخشى يوغىنىغان فرات توغرىقى جاڭگالنىڭ پادىشاھى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پلىئوسېن (pliocene) ئىراسىدىكى سۇ بويلىرىدا ئۆسۈدىغان ئورمانلار ئائىلىسىگە تەۋە دەرەختۇر. چىڭ سۇلالىسىدا ياشىغان ئالىم شۇ سۇڭ «تەكلىماكان چۆلىدىكى ئىرماش ـ چىرماش دەريا بويلىرىدا بۈك ـ باراقسان فرات توغراقلىرى ئۆسكەن»(15) دەپ ھاياجانلانغان. چۆلدىكى توغراقلار بوستانلىقلاردىكى ئاق تېرەكلەردىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. خەلقنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ ھەيۋەتلىك دەرەخلەر مىڭ يىل كۆكلەپ، مىڭ يىل قەد كۆتۈرۈپ، يەنە مىڭ يىل ياتارمىش. يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېقىشى تەرتىپسىز بولغانسېرى توغراقلارمۇ شۇنچە شالاڭلاشقان. يېشىللىق كارىدورلاردىن ئۇزاقلاشقانسېرى ئۇلارمۇ شۇنچە كىچىكلىشىپ كەتكەن. نەدە قۇم بارخانلىرى ئېگىزلەشكە باشلىسا، شۇ يەردىكى توغراقلار خۇددى ئونۇتۇلغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەردەك بوينىنى قىسىپ يېگانە قالغان. قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى توغراقلار غايىب بولدى. ھازىر بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر ئۆسۈملۈك يۇلغۇندۇر. يۇلغۇنلارنىڭ ئەۋرىشىم، يېنىك پۇتاقلىرى ۋە ئىنچىكە، ئۇزۇن قىزغۇچ گۈللىرى قۇم دۆۋىسىدىن بىر مىل ئېگىزلىكتە خۇددى ماياك كەبى چاقناپ تۇرىدۇ. يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەزىدە 50 سىلسىيە گىرادۇستىن يۇقىرى بولغان چەكسىز قۇملۇقتا يۇلغۇن تۈگۈل، باشقا ھېچبىر ئۇچار قانات ۋە جانلىق يوق. پەقەت ئاندا ساندا شامالدا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن توغراق قوۋزاقلىرى بار.

ھاسىلكالام، ھەر قانداق بىر جانلىقنىڭ بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىنىڭ سىرتىدىكى ھادىسىلەر ھەممىسى غەيرى نورمال (ئاجايىب) ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. مېۋىلىك دەرەخ شاخلىرىنىڭ قۇرۇپ چۈرۈپ كەتكەن تۈزاندىلىرى قۇملۇقتا كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرسەك، ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرى، قېتىپ كەتكەن ئۈزۈنچاق لىملەر بار. بۇ يەردە ئىشكېپشى ۋە

دەرۋازا بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يوللار بار. ھەتتا گىلەمچىنىڭ ياپىلاق دەستىسىنىڭ ئىزىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. تۇتقۇچىسى سۇنۇپ كەتكەن يوغان ساپال چەينەك قۇملۇقتا يېتىغلىق. ئىلگىرى بۇ يەردە ئىنسانلار ياشىغان. ئەمما زادى كىملەر ياشىغان؟

ئىزاھلار

(1) بۇلدېردا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا مەملىكەتلىك گېئوفىزىكىلىق سانلىق مەلۇماتلار مەركىزىنىڭ خەرىتە سىزىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ھەربىي سۈنئىي ھەمراھى. كولورادۇ 1990- يىللارنىڭ ئاخىرى.
(2) لي كوك: «كۆمۈلگەن بايلىقلار» 2 - ۋە 55 - بەتلەر.
(3) شياۋ: «ئاققىكۆل ئويمانلىقىدىكى ئېچىنىشلىق ھالاكەت»
(4) ت دوكلاس فورسېۋىس پرېژېۋالسكىدىن نەقىل ئالغان «غۇلجىدا»6 - ۋە 25 - بەتلەر.
(5) ماركوپولونىڭ بوستانلىقنى كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش پىكىرى: «ماركوپولو جۇڭگوغا بارغانمۇ؟»
(6) ھارى: «شەرقىي تۈركىستاندىكى غايىب بولغان تۆگىلەر» يازغۇچى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سابىق مەمۇرى ئەمەلدارى بولۇپ، غەربىي جەزىرەدىكى ياۋايى تۆگىلەرنىڭ ئوۋلىنىشىنى تەكشۈرۈش ئىلمى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئۈچ قېتىم قاتناشقان.
(7) ھېدىن: « ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم» 4 - ۋە 154- بەتلەر.
(8) «تەيپىنىڭ يۈلەن» 901 - 7 - جىلد سكافېر نەقىل ئالغان: «جۇڭگودا يۈەن سۇلالىسىگىچە بولغان ئارىلىقىدىكى تۆگىلەر»
(9) مائېللارت: «چەكلەنگەن سەپەر».
(10) جاررىڭ: «تەكلىماكان ئاتالغۇسى» بۇ ئىسىم 19 – ئەسىرگە قەدەر تەكرار تىلغا ئېلىنمىغان دەيدۇ ۋە ئەرەبچە «تەك» بىلەن تۈركچە كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار» نىڭ قوشۇلىشى بىلەن «خاراب بولغان ئەگمە» گە ئەرەبچە «ماكان» يەنى ياشايدىغان يەر، جاي مەنىسىدىكى «ماكان» سۆزىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ياسالغان ئىسىم دەيدۇ.
(11) ھېدىن: « ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم» 118- بەت.
(12) ئاندېرسۇن «قۇم بارخانلىرىنىڭ جەلپكارلىقى» 4 - بەتتىكى مىسالغا قارالسۇن.
(13) لى كوق: «كۆمۈلگەن بايلىقلار» 36- بەت.
(14) قۇملۇقتىكى 14 يىللىق گېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تېپىلغان ئەينى زاماندىكى شۇ ئىقلىمدا ياشىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قىستۇرما سۈرەتلىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 1993- يىلقى دوكلادى «سىرلىق تەكلىماكاندا» بار.
(15) جۇڭگو پەنلەر ئاكادىمىيىسى: «سىرلىق تەكلىماكان» 99 - بەت.

## ئىككىنچى باب پادىشاھلار، خانلار ۋە خوجىلار

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇندىن تۆت مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان. كىرورەن گۈزىلىنىڭ يۈزلىرىنى زامانلار قارىداتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەتراپىدىكى باشقا جەسەتلەردىن پەرقلىق ھالدا، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۆز سالاپىتىنى قىلچىلىك يوقاتمىغان. ئۇ تۆت مىڭ يىلدىن بېرى لەۋلىرىدە سۇس كۈلۈمسىرەپ يېتىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى ئىچىگە چوڭقۇر كىرىپ كەتكەن. بۇرنى قاڭشارلىق ۋە ئاغزى چىڭ يۇمۇلغان ئىدى. ئۇ چىرايلىق كەتكەن گۆشرەڭ يۇڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، كىيىمگە ئاققۇ پېيى تۈگمە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. پۇتىغا قۇپال تىكىلگەن پەس پاشنىلىق خۇرۇم ئاياغ كىيىكلىك ئىدى.

تەكلىماكان چۆلىدىكى قورغاق قۇملار ئارىسىدىن قېزىۋېلىنغان 500 جەسەتنىڭ بىرى كىرورەن گۈزىلى يېشىغا قارىغاندا، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ياخشى ساقلانغان. ئۇنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1800 - يىللار ئارىسىدا ئۆلگەنلىكى دەلىللەندى. ئۇ شۈبھىسىزكى مۇمىيالار ئىچىدىكى خانىش ئىدى. ئۇنى «مىللەتنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتىغان ئۇيغۇرلار ئۇنى ئىرقنىڭ مۇقەددەس ئوبرازى سالاھىيىتىدە تەرىپلەشتى. ئۇنىڭ جەستىگە چىرىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان ماددىلار ئىشلىتىلمىگەن. مىسىردىكى مۇمىيالارغا ئوخشاشمىغان ھالدا، تەكلىماكاندىكى جەسەتلەر توغراق ياغىچىدا ياسالغان ئاددىي ساندۇقلارغا سېلىنىپ، تار كولانغان قەبرىلەر ئىچىگە قويۇلغان ۋە تەبىئەتكە تاشلىۋېتىلگەن. بۇنى قەبرە ئوغرىلىرى ۋە ئارخېئولوگلارغا تاشلاپ بەرگەن.

بۇنىڭغا ئوخشاش بايقاشلار ياۋروپادىمۇ بولدى. 1991 - يىلى ئاۋستىرىيە بىلەن ئىتالىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالپىس تېغىنىڭ يۈتكىلىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن قار - مۇزلارنىڭ مىسلىسىز ئېرىشىدە ئوتزى ئىسىملىك مۇز ئادەم بايقالدى. گەرچە ئازراق شەكلى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ساقلانغان ئىدى. دەسلەپتە كىشىلەر ئۇنى بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تاغقا چىققۇچىلاردىن غايىپ بولغانلارنىڭ بىرسىنىڭ جەستى بولۇشى مۇمكىن، دەپ خاتا پەرەز قىلغان ئىدى. كېيىن ئوتزىنىڭ بەش مىڭ ئۈچ يۈز ياشقا كىرگەنلىكى ئىسپاتلاندى. دانىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى پاتقاقلىق پات - پات قورقۇنچلۇق ھالەتكە كېلىشى ۋە ئىچىدە پەي سىڭىر ۋە تىرە خالتىسىغا ئايلانغان جەسەتلەرنىڭ سۈزۈۋېلىنىشى بىلەن دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.(1)

جەنۇبتىكى بوستانلىق چەرچەندىن قېزىۋېلىنغان جەسەت چەرچەن ئادىمى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مۇزېيىدە كىرورەن گۈزىلىنىڭ يېنىدا ياتقۇزۇلغان. ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن ئالتە ئىنگلىز چىسى (185 سانتىمېتىر) كېلىدۇ. جىگەررەڭ ئۇزۇن چاچان، پۇتىغا گۈللۈك كىگىز پىيما، ئۈستىدىن بۇغا تېرىسىدە تىكىلگەن يارىشىملىق خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن، چاچلىرى قوڭۇر رەڭلىك ۋە قىسقا ساقال - بۇرۇتى بار، ئۇنىڭ يېنىدا ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا قوشۇپ بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان ئۈچ ئايالنىڭ جەستى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان ھالەتتە ياتماقتا. تاقىر باش بىر ئايالنىڭ يۈزىگە ئاغزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىنى توسماق ئۈچۈن مىتال زەنجىرلەر تاقالغان. يەنە ئىككى ئايالنىڭ يۈزىگە رەڭلىك گۈل چېكىلگەن. ئۇلارغا يېقىن يەردە يەنە بىر ئايلىق بولغان بىر ئوغۇل بۇۋاق بالىنىڭ جەستى بار.

بۇ مۇمىيالارنىڭ ساقلىنىشىدىن بەكرەك مۇھىم بولغىنى ئۇلارنىڭ دىققەتكە سازاۋەر يۈز ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى بولۇپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ھېچبىر يېرى خەنزۇلارغا قىلچىلىك ئوخشىمايدۇ. ئېگىز، زىلۋا، قاڭشارلىق، سۇس قوڭۇررەڭ ۋە قىزىل چاچلىق، قويۇق ساقال - بۇرۇتلۇق بۇ ئىنسانلار ناھايىتى ئېنىقكى غەربتىن كەلگەن. قۇمۇل بوستانلىقىدىن تېپىلغان قوڭۇر - قىزغۇچ رەڭ ئۇزۇن چاچلىق ياش ئايالنىڭ جەستى سېلىنغان ئەينەك ساندۇقنىڭ يېنىدىكى چۈشەندۈرۈشكە: «بۇ جەسەت ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ» دەپ يېزىلغان. چۈشەندۈرۈشتە كۆرسىتىلگەندەك بۇ مۇمىيالارنىڭ كىيىملىرى قوپال يۇڭدا ياكى گۈل كەشتىلەنگەن يىپەكتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى غەرب مەنبەلىكتۇر. شوتلاندىيەلىكلەرنىڭ رەختىگە ئوخشايدىغان كاتەكچە گۈللۈك كىيىم كىيگەن مۇمىيالارنى كۆرگەن بەزى مۇتخەسسىسلەر شوتلاندىيە ۋە جۇڭگو كاتەكچە رەختلىرىنىڭ مەلۇم مەزگىل رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدا ئورتاق ئەجدادى بولغان دېگەننى ئوتتۇرىغا

قويدى.(2) باشقىلار تارىمدىن تېپىلغان كاتاكچە رەختلەرنىڭ ئاۋستىرىيە ھاللاستاتتىكى سەلتىك (celtic) كاتەكچە گۈللۈك رەختلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئىنتايىن بەك يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆردى.(3)

غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىششى ياكى توقۇنۇشى ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە تارىمدىن قېزىۋېلىنغان ئىككى «پادىشاھ» نىڭ كېيىمىدە ئەڭ يارقىن خاتىرىلەنگەن. بىرى تەكلىماكاننىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى لوپنۇردىن يەنە بىرى نىيىنىڭ جەنۇبىدىن تېپىلغان. ھەر ئىككى جەسەت مىلادىدىن كېيىنكى 3 - ئەسىردىن باشلانغان بولۇپ، يېقىنكى زامانغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپ، كىرورەن گۈزىلىنىڭ زامانىدىن كېيىن پەن - تېخنىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. لوپنۇر پادىشاھى ئالتۇن تاجى ئاستىغا ئاق رەڭلىك ماسكا تاقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ھەرگىز كۆرگىلى بولمايدۇ. بويى 1 مېتىر 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا دەپ چۈشەندۈرۈشتە يېزىلغان. ئۇنىڭ قىزىل رەڭلىك چاپىنىغا سېرىق گۈللەر، ئانار دەرىخى ۋە خەنزۇلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بەزى نەقىش گۈللەر چېكىلگەن. تولغان گەۋدىسى باشتىن - ئاياققا قەدەر يىپېنچا بىلەن ئورالغان ۋە ئىككى يېنىغا بىر - بىرىگە قارىتىپ خەنجەرلەر قويۇلغان. نىيا پادىشاھى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇلغاندا، ئۇ تۈرك پاسۇنى ئۇزۇن چاپان كىيگەن بولۇپ، بۇ يىپەك چاپاننىڭ جىيەكلىرى كۆڭۈل قويۇپ كەشتىلەنگەن ئەجدىھا، يولۋاس، چەۋەنداز ۋە قۇشلارنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن.

تارىخ سىياسىيدۇر، بولۇپمۇ جۇڭگو تارىخى ھەممىدىن بەك سىياسىيدۇر. تارىم ئويمانلىقىنىڭ خەنزۇ مىللىتىدىن ئىلگىرى «ياۋروپالىقلار» نىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇمىيالاردىكى ئىرقىي زىچ مۇناسىۋەتنى كۆرسەتكەن پاكىتلار خەنزۇ مىللەتچىلەرنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋەتتى. 20 - ئەسىردە بەزى خەنزۇ ئالىملار خەنزۇ مىللىتىنىڭ خۇاشىيا ئەپسانىلىرىدە رىۋايەت قىلىنغان ئاق تەنلىك كاۋكازلارنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ساپ ئىرقىنىڭ ياۋايى «قىزىل تەنلىكلەر» تەرىپىدىن شالغۇتلاشتۇرۇلىشى نەتىجىسىدە سېرىق ئىرقلىق خەنزۇلار شەكىللەنگەنلىكىدەك سەپسەتىلەرنى يېڭى ئويدۇرۇشقا تىرىشتى.(4) 1933 - يىلى بېيجىڭ ئادىمىنىڭ بايقىلىشى كىشىلەرنى «ئىنسانلارنىڭ كۆچۈشى نەزەرىيىسى خاتا ۋە شۇنداقلا خەنزۇ مىللىتى يەر شارىدىكى ھەر قانداق دۆلەتتىكى: «ئەڭ قەدىمى ئولتۇراقلاشقان مىللەت» دېگەن يەكۈنگە باشلاپ كەلدى.(5)

خەنزۇلار ئۆزلىرىنى ئوتتۇرا شەرق ياكى ئاق دېڭىز ئەتراپى رايونلىرى (Mediterranean ) دىكى قەدىمي مەدەنىيەتلىك خەلقلەرگە ئوخشاش «بىز دۇنيانىڭ مەركىزىنى ئىگەللىگەن» دەپ قارايدۇ. ئەمما قەدىمكى گېرىكلەر ياۋايىلىقتىن قۇتۇلغان چاغدا خەنزۇلاردا بۇنداق ئىلگىرىلەش تېخى يوق ئىدى. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كىيىمسىز يالىڭاچ، ياۋايى ئىدى. سىز ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرەلەيتتىڭىز. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەپسانىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئىنسانلار ئومۇمەن قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۈچ باشلىق، ئۈچ كۆزلۈك يېرىمى ئىنسان قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «خام» ياۋايىلار بولسا پۇشۇرۇلمىغان گۆشلەرنى چاينىماي يۇتىدىغان ۋە بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى تۈك بېسىپ كەتكەن مەخلۇقلاردۇر. «پۇشۇرۇلغان» ياۋايىلار بولسا بەدىنىدىكى تۈكلىرى ئازراق ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئاڭغا ئىگە بولغان ياۋايىلاردۇر.(6) ئەڭ ئىچكىرىدىكى ياۋايىلارنى تەلۋە چاچلىرى ۋە كىيىمىنىڭ تۈگمىسىنى خاتا ئېتىشتەك ئاجايىپ قىلىقلىرىدىن تونىۋالغىلى بولاتتى.(7) جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالىملىرى يەنىلا 1920 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنساننىڭ ھايۋاندىن ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدىكى تەلىماتنى قوللاپ قۇۋۋەتلىمەكتە: يەنى تىبەتلىكلەر مۇتلەق ھالدا قوينىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. خەنزۇ تىلىدىكى مۇسۇلمان دېگەن سۆز «خوي» (Hui) «ئىت» دېگەنگە ئىشارەت قىلىنغان، تاكى 1930 - يىلىغا قەدەر ھۆكۈمەت تەشۋىقاتلىرىدا ياپونلار «پاكار قۇللار» (wonu) دەپ تەسۋىرلەنگەن. خەنزۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرى قىزىل تەنلىكلەر ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاز.

بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ سارىيى (Forbidden City) ئاھالىسى ئۆتمۈش پادىشاھلىقلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ماختىنىپ يازغان رىساللىرىدىن غەم - ئەندىشە قىلماقتا. ئىلگىرىكى زامانلاردا بۇ ئىش قولايچە بېجىرىلگەن. يېڭى بىر ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشى دېمەك، يېڭى تارىخي كىتابلار يېزىلىدۇ، دېمەكتۇر. يەنى ئىلگىرىكى توم - توم كىتابلارنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈلۈپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى ماختىغان، ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى دەستەكلىگەن كىتابلار ۋە كەچمىش تارىخ

قايتىدىن مۇبالىغە قىلىنىپ يېڭىۋاشتىن باشقا يېزىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى «تىوغرا بولمىغان» كىتابلار چەكلىنىدۇ ۋە يوقىتىلىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي تارىخنى بىلىپ قېلىشىنىڭ ئۆزى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئىپتىخارلىنىپ، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە نىسبەتەن قارىغۇلارچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى قايناپ ـ تېشىپ تۇرغان خەنزۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. ئەپسۇسكى، ئالىملار شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى تارىخى ھەققىدىكى ئۈچۇرلارنى ئىگەللەشتە خەن سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىدىكى خاتىرىلەرگە كۆپرەك تايىنىشقا مەجبۇر بولدى.

خەنزۇلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى تەسىرىنى ئىنتايىن تەكىتلەيدۇ. زامان، ماكان ۋە تارىخى شەخس ۋە ھادىسىلەرنى خاتىرىلەشتە جۇڭگولۇقلارنىڭ سۇلالە يىلى كالىندارىغا ئاساسلىنىدۇ. ئۆتكەن يۈز يىلدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارنى دەسلەپتە ياۋروپالىقلار، ئۇندىن كېيىن ئامېرىكىلىقلار ۋە ياپونىيەلىكلەر، ئاخىردا كۆپ ساندىكى خەنزۇلار ئۆزلىرى قىلدى ۋە شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ھەققىدىكى سىرلىق تۇماننى ئېزاھلاشقا ياردەملەشتى. بىرىنچى باپنىڭ ئاخىرىدا سورىغان سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىشارەتلىدىم. يەنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىنسانلىرى ۋە بىپايان قۇملۇقنىڭ ئاھالىسى خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى ھىندى ـ ياۋروپالىقلار. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى كاۋكاز ۋە ئاناتولىيەدىن كۆچۈپ كېلىپ شىمالدىكى يايلاقلارنى ئىگەللىگەن. بۇ يەردىن برونزى دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىلدىن 900 ـ يىلىغا قەدەر) دە تارىم ئويمانلىقىغا تارقالغان. ئۇلار تۆت چاقلىق ئات ھارۋىلىرى ۋە ئات ئۆزەڭگىسىنى ئىجات قىلغان ئاتلىق پالۋانلار ۋە چوپانلار ئىدى.(8) ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تارىمدا قوللانغان ھىندى ـ ياۋروپا تىلىنى ھازىرقى زامان ئالىملىرى تۇچارىئان (Tocharian) دەپ ئاتايدۇ. پەقەتلا تاشلاندۇق قول ـ يازمىلاردا بايقالغان تۇچارىئاننىڭ پەرقلىق ۋارىيانتلىرى تۇرپان ۋە كۇچادا قوللىنىلغان.

بۇ ھىندى ـ ياۋروپالىقلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىلى ھازىرقى ئىراندىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى قۇملۇقنىڭ جەنۇبى ۋە غەربى تەرەپلىرىگە يەرلەشكەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىكى ئارىئان ئىرقىغا مەنسۇپ ئاھالىلەر ھازىرقى زامان ساياھەتچىلىرىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بۇ يەرگە كەلگەن ئەنگىلىيەلىك بىر ساياھەتچى يەركەنتتىكى (يەكەن) بىركەنتتە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ كېلىشكەن، قەددى ـ قامەتلىك، ئاق يۈزلۈك، قوڭۇر كۆزلۈك ۋە چاچ ساقاللىرى قىزىلغا مايىل سېرىق رەڭلىك ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ: «ساپ ئارىئان ئىرقىنى كۆردۈم. بۇلارغا پەقەت پەلتۇ ۋە شىم ـ كاستۇم كىيدۈرۈپ قويۇپ، كۆرۈنۈشىگە باقسىڭىزلا، بۇلار ئەسلى ئىنگلىزلار دەپ ئويلايسىز» دېگەن.(9)

پەقەت كېيىن سېرىق موڭغۇللار شەرقتىن كەلگەن. يېقىنقى كۈنلەردە جەسەت ئىسكىلىتلىرىنى تەتقىق قىلغان جۇڭگولۇق بىرئالىم «غەربلىكلەرنىڭ ئىرقى ئېلمىنتلىرى» نىڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشىنىڭ شەرقىي ئاق دېڭىز تىپىغا ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىر قانچە ئەسىرغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرققە كۆچكەن غەربلىكلەر (ئاق تەنلىكلەر) ئىرقىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، غەربكە كۆچكەن موڭغۇللارنىڭ كېلىشىدىن تېخىمۇ تېز ھەم كۆپ بولغان».(10) جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىرسىيەت ئىلمى تەتقىقاتى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ كاۋكاز نەسلىدىن ئىكەنلىكى يەكۈننى چىقاردى: «شىنجاڭ مۇمياىلىرىدىكى قان بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ تومۇرلىرىدا ھېلىھەم ئاقماقتا».[1]

تۇچارىئانلار جۇڭگولۇقلار يۈجى دەپ ئاتىغان ئۆزلىرىنىڭ غەربتىكى ئەڭ يېقىن خوشنىسى بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىنغان. ھەر ئىككىسى كۈچلۈك كۆچمەن قەبىلە ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان. ھۇنلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىللاردا جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى چېگرا رايونلىرىنى ھەر دائىم بوزەك قىلىپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ھۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى مىلادى 4 ـ ۋە 5 ـ ئەسىرلەردە مەركىزى ئاسىيادىن سۈرۈلۈپ، رۇسىيە يايلاقلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى فرانسىيە تەۋەسىگىچە كېلىپ رۇم ئىمپېراتورلۇقىنى قالايمىقان قىلغان.(12) خەنزۇلارنىڭ كالىندارىغا ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن مىلادى 170 ـ يىلى ھۇنلار يۈجىلارنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ جەنۇب ۋە غەربكە قاراپ تاكى

---

[1] قازاقلارنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمى كاۋكاز نەسلى: ھازىرقى نىڭشيا ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلاشقان خۇيزۇلار (جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار) نىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقى كاۋكاز نەسلى.

تەگرتاغ ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە سىڭىپ كەتكەنگە قەدەر يۆرۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا يۈجىلار باكترىيەنىڭ گىرىك - ھىندى خانلىقى (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ جەنۇبى) دا يەرلەشكەن.

قىستۇرما رەسىمدىكى مەلىكە ۋېن جىنىڭ ھېكايىسىدە سۆزلەنگەندەك، ھۇنلار تۈگمەس پاراكەندىچىلىكنىڭ مەنبەسى ئىدى. مىلادى 200 - يىلىدا ھۇنلار مەلىكە ۋېن جىنى خېنەن ئۆلكىسىدىكى دادىسىنىڭ ئۆيىدىن بۇلاپ ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ۋە قەبىلە باشلىقى بىلەن مەجبۇرى توي قىلغان. ئۇنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش يىغىسى ۋە قەۋم - قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇھەببىتى ئەسىرلەردىن بېرى خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاتقان «سەرسانلىقتىكى 18 نەي نەغمىسى» ناملىق شېئىر - قوشاقلار توپلىمىنىڭ ئەسلى نوسخىسىنى مىلادى 1130 - يىلى جەنۇبى سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى گاۋزۇڭ يازدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن 14 - ئەسىردە يېزىلغان بىر يۈرۈش شېئىر ۋە رەسىم توپلاملىرى ھازىر نيۇيوركتىكى مېتروپولىتان سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا.(13)

جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم گەنسۇ كارىدورىدىن ئۆتۈپ، يىراق ۋە قاقاس غەربكە، يەنى تىبەت ئېگىزلىكى بىلەن چۆل - جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن ۋادىغا ھۇجۇم قىلىشىدىكى سەۋەب ھۇنلار ئىدى. شۇنداق قىلىپ خەنزۇلار ياۋايىلار يۇرتىغا يېقىنلىشىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى خەن ۋۇدى ئەلچىسى جاڭ چيەننى، ھۇنلارغا بىرلىشىپ ئامبۇر شەكلىدە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈجىلارغا نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. جاڭ چيەن ھۇنلارغا ئەسىرگە چۈشتى. ئۇنىڭ يۈجىلارغا ئەلچىلىككە بېرىشى مەغلۇپ بولدى. ئۇ ئون ئىككى يىلدىن كېيىن قۇتۇلۇپ، جۇڭگوغا قايتقىنىدا ئوردىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ مەركىزى ئاسىيادا كۆرگەن - بىلگەنلىرى، بولۇپمۇ ئۇ پەرغانە ئويمانلىقىدا (ھازىرقى ئۆزبېكىستاندا) كۆرگەن «دۇلدۇل» نىڭ نەقەدەر باتۇر، ئىشچان ۋە ھارماسلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇلار ئاتقا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. جۇڭگودا ئات يوق ئىدى. چۈنكى ئىچكىرى جۇڭگونىڭ تۇپراقلىرىدا ئاتلارنى بېقىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان مىنېراللار كەم ئىدى. ھۇنلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئالدىدا چېكىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، جۇڭگولۇقلار ئاتلار بىلەن قوراللىنىشقا ئىنتايىن مۇھتاج ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن جۇڭگولۇق ئات سېتىۋېلىش ئۆمىكى پەرغانە ۋادىسىدا قايتا پەيدا بولدى ياكى ئىككى قېتىم ئاتلارنى مەجبۇرى ئېلىپ كەتتى. كېيىنكى ئەسىرلەردە گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە غەربتىكى باشقا ئۆلكىلەردە ئات يېتىشتۈرۈش فىرمىلىرى قۇرۇلدى. ئەمما بۇ يەردە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ئىنتايىن تەس بولدى. نەتىجىدە يىپەككە ئات تېگىشىش سودىسى، جۇڭگونىڭ تىجارەت ۋە ئولپان تاپشۇرۇش، سوۋغا - سالام ئىشلىرىدا ھەر زامان كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئادەتكە ئايلاندى. بۇنىڭدا خانلىق خەزىنىسىدىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ئېقىپ چىقىپ كەتكەنلىكىدە گەپ يوق.

خەن ۋۇدى مەركىزى ئاسىيادىكى دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتتىن خۇش بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز - ئۆزىنى ئالدىدى. ئەسكەر چىقارماق ھەقىقەتەن قولاي، لېكىن يىراق غەربتە زور قوشۇننى باقماق ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلماق بىلەن باراۋەر ھەتتا بالايىئاپەت ئىدى.(14) خەن سۇلالىسى يىلنامىسىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى دۇنخۇاڭدىن باشلاپ پەرغانە ۋادىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بوستانلىقلارنى كونترول ئاستىغا ئالماق ئۈچۈن يولغا چىققان زور قوشۇندا 60 مىڭ ئەسكەر، ئەشيالارنى توشۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان نەچچە ئون مىڭ ئات، تۆگە، قېچىر ۋە ئېشەكلەر ھەمدە 100 مىڭدىن ئاز بولمىغان بۇقىلار بار ئىدى. ئەمما بۇ قوشۇندىن پەقەتلا 10 مىڭ كىشى قايتىپ كېلەلىگەن.(15) كېيىن يەنە تۇرپان، قارا شەھەر (ھازىرقى كورلىغا يېقىن) كىرورەن ۋە يەركەنتكە ئەسكەر تارتىپ چىققان بولسىمۇ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 23 - يىلدىن مىلادى 9 - يىلىغىچە) ۋاڭ مىڭدىن تەخت تالىشىش دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە تەكرار مەغلۇپ بولغان.

مۇساپە ئىنتايىن ئۇزاق ۋە يەرشارائىتى پەۋقۇلئاددە جاپالىق بولغانلىقى ئۈچۈن غەربنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان 2000 يىلدىن بۇيانقى ئۇرۇشلاردا پەقەت ئۈچ خەنزۇ قوماندان غەلىبە قىلالىغان. بۇلار خەنزۇلارنىڭ مىللىي قەھرىمانى دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسىنىڭ گېنېرالى بەن چاۋ بۇ ئۈچ شەخس ئىچىدىكى بىرىنچى كىشى ئىدى.

بەن چاۋ تارىمغا دىققەت قىلىشتىن ئىلگىرى موڭغۇلىيەدە ھۇنلارنى تۇنجى قېتىم مەغلۇب قىلدى. 30 يىل جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاخىرىدا مىلادى 94 - يىلى قەشقەرنى ئىگەللىدى. غەربى ئاسىيادىكى بۈيۈك ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە ئوخشاش، بەن

چاۋ ئۆزىنىڭ ئاز ساندىكى خىللانغان ئەسكەرلىرى بىلەن كۆپ ساندىكى يەرلىك سېپىلما ئەسكەرلەرنى قوللانغان. يەنە ئىسكەندەرگە ئوخشاش ھۆكۈمرانلىق تەختىنى يەرلىك ئەمەلدارلارغا بېرىپ، ئۆزى ئۇلار ئۈستىدىن نازارەت قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى غەلبىلىك ھالدا تاماملىغان.

بەن چاۋنىڭ داڭلىق بىر ئەقلىيە سۆزى «ياۋايىلارنى ئىشلىتىپ ياۋايىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش» تاكتىكىسىنى بېيجىڭ ھازىرغا قەدەر پايدىلىق بىر دىپلوماتىيە يولىيورۇقى سۈپىتىدە قوللانماقتا.

1877 - يىلى تۇنجى قېتىم فېردىنان ۋون رىچتوفېن تەرىپىدىن ئاتالغان يىپەك يولى دېگەن بۇ ئىسىم جۇڭگونىڭ پايتەختى بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان سودا يولىنىڭ ئومۇمى نامى ئىدى. بۇ يولدىكى قاتناشنىڭ بىر ئۇچى لوياڭ بىلەن چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن) دە، يەنە بىر ئۇچى ئانتئوك بىلەن كونىستانتىنىپول (بۈگۈنكى ئىستانبۇل) دا ئىدى. بۈگۈنكى شىنجاڭدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئۈچ دانە يول بار ئىدى. تۆۋەنكى يول دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ تەكلىماكان چۆلىنىڭ جەنۇبى قىرغاقلىرىنى بويلاپ، يەركەندىن باشلانغان يەنە بىر تارمىقى بىلەن ئېگىز قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ لەھ (leh) ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىغا قەدەر ئۇزاقلىقتىكى يول بولۇپ، شارائىتى جاپالىق، ئەمما ئەڭ بىخەتەر يول ئىدى. يەنە بىر تارماق يول قەشقەردە داۋام قىلىپ، بۇ يەردىن مېڭىپ پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ باكترىيە ۋە ترانكوكسئانا (ھازىرقى ئۆزبېكىستان) غا تۇتاشقان ئىدى. دۇنخۇاڭدىن باشلانغان يەنە بىر يول شىمال ۋە غەربتىن يولچىلارنى ئېلىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدا تەڭرىتېغىنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ يۈرۈپ، تۆۋەندىكى يول قەشقەرگە تۇتىشاتتى. بۈگۈنكى ئۈرۈمچىگە يېقىن تاغلاردىن غەربكە بۇرۇلماستىن يايلاقلارنى بويلاپ كېسىپ ئۆتۈپ كەلگەن يول ئەڭ تېز ۋە ئەڭ خەتەرلىك يول ئىدى. بۇ يوللاردا يالغۇز يىپەك توشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى قىممەت باھالىق تاشلار، دورا - دەرمان، قىممەتلىك تېرە، كەھرىۋا ۋە سېرىق موم قاتارلىق ھەر خىل ھەشەمەتلىك بۇيۇملار ۋە يەنە مودا كىيىملەر، ھۈنەر - سەنئەت ئەسەرلىرى، تېخنىكا ۋە دىن - ئېتىقادمۇ توشۇلاتتى.

15 - ئەسىردە دېڭىز يولى يېڭى ئېچىلغاندىن باشلاپ يىپەك يولى ھاياتى كۈچىنى يوقاتتى. يىپەك يولىدا ئاز كىشىلەر سەپەر قىلدى. ماللار ئادەتتە ئات ھارۋىلىرىدا توشۇلاتتى. يول ۋە تىل پەرقى قىيىنچىلىقى سودا يولىنىڭ مەخسۇسلىشىشىغا سەۋەب بولدى. مىلادىدىن ئىلگىرى 2 - ئەسىردە جۇڭگولۇقلار تۇنجى قېتىم تاجاۋۇز قىلغاندا، پارسىئانلار (ھازىرقى تۈركمەنىستاندا) ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئىمپېرىيە ئوتتۇرسىدىكى سېتراتېگىيەلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، يولدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن پۇل تاپتى. كېيىنكى چاغلاردا، سودا ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ترانسوكسئانا (ئۆزبېكىستان) دىن كەلگەن يېڭى ئىدىيە ساھىبى سوغدىئان سودىگەرلىرى قىلىدىغان بولدى.

يىپەك يولىنىڭ ئۇزاقتىكى بىر ئۇچىدا، ھەتتا كونىستانتىنىپول (ئىستانبۇل) دىنمۇ ئۇزاقتا جۇڭگولۇقلار داچىن دەپ ئاتايدىغان يەر رۇم بار ئىدى. غەربتىكى بۇ بۈيۈك ئىمپېرىيە ھەققىدە ئۇلارنىڭ قانچىلىك بىر نەرسە بىلىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. چاڭئەندىكى خان ئوردىسى بىلەن رۇمدىكى كېڭەش پالاتاسى ھەققەتەن بىر - بىرسىنى بىلىشەتتى. چۈنكى يىپەك سودىسى ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلىغان ئىدى. ھەشەمەتلىك ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان رۇملۇقلارنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئاسىيا بىلەن قىلغان سودىسىدا بۈيۈك قىزىل رەقەم كۆرۈنگەن ۋە ئۇلار يىپەك يولىنىڭ ئۇزاق بىر ئۇچىدىكى ھەر قانداق بىر سىياسى ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىپ تۇراتتى.

مىلادى 94 - يىلى گېنېرال بەن چاۋنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن پامىر تاغلىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ كاسپىي دېڭىزىغا يەنى تىنچ ئوكيانغا تەخمىنەن 4000 ئىنگلىز ملى قالغان ئارىلىققا كەلدى. بۇ جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان يېتىپ بارالىغان ئەڭ ئۇزاق نۇقتىسى ئىدى. قارىماققا گېنېرالنىڭ رۇم تەرەپكە ئىلگىرىلەش خىيالى باردەك قىلاتتى. ئۇ بىر ئەلچىگە يول خەرىتىسى سىزىشقا بۇيرۇق بەرگەن. يىلنامە خاتىرىسگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئەلچى بوغازغا كېلىپ بىر قىيىققا ئولتۇرغاندا، پارسىئانلار ئۆزلىرىنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرسىدىكى مونوپولىيىسىنى قوغداش غېمىدىن، بۇ يولىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان.(16)

ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا، گېنېرال بەن چاۋ بەزى رۇملۇقلار بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشكەن بولاتتى. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى هومېردۇبنىڭ پەرقلىق پىكرىگە ئاساسلانغاندا، گېنېرالنىڭ باشلىغان نۇقتىسىدىن يىراق ئەمەس هالدا جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان رۇم مۇهاجىرلىرى بار ئىكەن.(17)

گەنسۇ كارىدورىدا، هازىرقى زامانىۋى شەهەر يوڭچاڭغا يېقىن يەردە لىجيەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر ناهىيە بار. لىجىن سۆزىنىڭ كلاسسىك خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسى رۇملار ۋە رۇم ئىمپېرىيىسى دېمەكتۇر. ئاق دېڭىزدىن 4000 ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇق ئۇزاقلىقتىكى جۇڭگونىڭ بىر ناهىيىسىگە قانداقسىگە بۇ ئىسىم قويۇلۇپ قالسۇن؟ لىجىن تۇنجى قېتىم مىلادى 5 - ئەسىردىكى خەن يىلنامىسىدە خاتىرىلەنگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 23 - يىلىدىن مىلادى 9 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاڭ مىڭنىڭ تەخت تالىشىش مەزگىلىدە يەر - جاي ناملىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىغا ماس كېلىدىغان ئىسىملارغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ ناهىيىگە يېڭىۋاشتىن جىيى لو دېگەن ئىسىم قويۇلغان. مەنىسى «(شەهەرگە) هۇجۇم قىلغاندا ئەسىرگە (چۈشكەنلەر)» ياكى «ئەسىرگە ئېلىنغانلار» دېمەكتۇر. بۇ ئەسىرلەر زادى كىملەر؟

هومېردۇبنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلار پارسىيلار تەرىپىدىن هەيران قالارلىق دەرىجىدە مەغلۇپ قىلىنغان ماركوس لىسىنئوس كراسسۇسنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمى بولۇپ، ئۇرۇشتىن 50 يىل كېيىن هايات قالغانلار ئىكەن. بۇ ئۇرۇش مىلادىدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى كارفائى (هازىرقى تۈركىيە - سۈرىيە چېگرىسى) دا يۈز بەرگەن. نورمال هالدا پارسىيلار سۈلھىنى رەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئوقياچىلىرى دۈشمەن سېپىگە ئۇچقاندەك كىرىپ هۇجۇم قىلغان. تەرتىپلىك رۇم قوشۇنلىرى ئادەتلەنگەن تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ ئوقيالىرىنىڭ ئېتىلىپ توگىشىنى كۈتۈپ تۇرغان، ئوقيا يامغۇرى پۈتۈن كۈن ياققان، گەرچە رۇملۇقلار تاشپاقا شەكلىدە توگۈلۈۋېلىپ قوغدانغان بولسىمۇ، ئالاهىدە ياخشى هازىرلانغان پارسىيلارنىڭ ئوقيالىرى ئالدىدا بېشىنى ۋە ئاياغلىرىنى ساقلاپ بولالماي ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. كىچىسى كراسسئوس بىلەن بىرلىكتە 20 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە 10 مىڭى ئەسىرگە ئېلىنغان.

ئون سەككىز يىلدىن كېيىن جۇڭگولۇقلار تالاس دەرياسى (تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، هازىرقى قازاقىستاندا) بويىدىكى بىر ناهىيىگە قورشاپ هۇجۇم قىلغان. مۇداپىئەچىلەر ئارىسىدىكى يۈزچە كىشى شەهەر دەرۋازىسىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدە تۇرۇپ «بېلىق قاسرىقى شەكلى» دە مۇرەككەپ بىر مانېۋىر ئۆتكۈزىۋاتاتتى. پروفېسسور هومېردۇبنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، شەك - شۈبهىسىزكى، بېلىق قاسرىقى شەكلى ئەسكەرلەر قالقانلىرىنى تاشپاقا شەكلىدە بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ قويغاندا هاسىل بولىدۇ. قەدىمكى زاماندا دۇنيادا ئاتلىق قوشۇنلىرى بۇ تاشپاقا شەكلى ئۇرۇش تاكتىكىسى قوللانغان قوشۇن يالغۇز رۇم ئارمىيىسىدۇر. جۇڭگولۇق هۇجۇمچىلار تېپىك رۇم ئۇسلۇبىدىكى قوش رىشاتكىنى بۆسۈپ ئۆتكەن. بۇ يەرنى ئالغاندىن كېيىن 1 مىڭ 518 كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 145 كىشىنى ئەسىر ئالغان. ئەسىرلەر ئىچىدە مانېۋىردا كۆرۈنگەن كىشىلەر بار ئىدى: «ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغداشقا تەييار هالەتتە، هەيۋەتلىك بويلىرى بىلەن ئىنتايىن رەتلىك سەپ ئىچىدە تۇراتتى. بۇنى پەقەت مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن كەسپىي ئەسكەرلەرلا قىلالايدۇ».(18)

بۇ رۇم ئەسكەرلىرى قانداق قىلىپ تالاس دەرياسى بويىغا كېلىپ قالدى؟ پىلىسىنى ئىزاهلاپ ئېيتىدۇكى، كاررخائېدا ئەسىرگە چۈشكەن رۇم ئەسكەرلىرى پارسىيلارنىڭ شەرقىي ئالدىنقى سېپىدە خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. «شەرققە 1500 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە» دەيدۇ رۇم شائىرى هوراس: «ئۇلار بەلكىم يەرلىك (ياۋايى) ئاياللار بىلەن ئۆيلەنگەن. بۇ يەردە ئۇلار تالاس دەرياسى بويىدىن يىراقتا ئەمەس ئىدى. ئۇلار پارسىيلاردىن قاچقان بولسىمۇ، ئەمما ئىتالىيەگە قايتىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا ياللانما ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلغان. كېيىن جۇڭگولۇقلارغا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، ناهايىتى تېزلا مەرھەمەتكە ئېرىشىپ، ئۇلار جۇڭگو ئىچىدە پادىشاھ ياخشى كۆرىدىغان بىر ناهىيىگە ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان.» جۇڭگو ئىچىدىكى رۇم مۇهاجىرلىرى يەنى لىجيەن، كېيىنكى 400 يىلدا يىلنامە خاتىرىسىدە پەيدا بولغان ۋە بەلكى مىلادى 746 - يىلى تىبەتلىكلەر بۇ يەرگە هۇجۇم قىلىپ، ۋەيران قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا داۋام قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

جۇڭگونىڭ يىپەك يولىنى كونترول قىلىشى، ئۇنىڭ رۇم ۋە غەرب بىلەن سودا قىلىشىغا پايدىلىق بولغان. ئەمما سودا يولىنى كېسىپ ئۆتكەن بوستانلىقلاردىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۆيلىمىغان يەردىن تەسىر كۆرسەتكەن. تارىمغا

كېلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك تەسىرنىڭ بىرى تىبەت، جۇڭگو ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى باشقا نىشانلاردىكى يوللاردىن كېلەتتى.

مىلادى 1 ـ ئەسىردە بۇددا دىنىنى قارا قۇرۇم تاغلىرىغا ھىندى سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلدى. كېيىن دىن تارقاتقۇچى راھىبلار ئېلىپ كەلدى. تارىم ئويمانلىقىدا بۇتخانىلار، مۇقەددەس غار ـ ئۆڭكۈرلەر قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. خەنزۇلار بۇددا دىنىغا كىرىشكە باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ دانىشمەنلىرى لاۋزى يالغان ـ ياۋىداقلارنى سۆزلىگەن.(19) بۇددا دىنى جۇڭگودا 9 ـ ئەسىرگە قەدەر راۋاجلانغان. ئۇ ھۆكۈمەتكە تەھدىت بولغاندا، ئىبادەتخانىلار تاقىلىپ مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، مىڭلىغان راھىب ۋە راھىبەلەر ئاۋام ئارىسىدىكى نورمال ھاياتقا قايتۇرۇلغان.

1901 ـ يىلى ئاۋرېل ستەين تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر خارابىسىنى قازغاندا، نىيىدىكى بىر خارابىدىن چالمىلاردا بەلگە قىلىنغان كۆپ ساندىكى ياغاچ تاختايلارنى، ئۆز پىتى ساقلانغان پاللاس ئاسېن، ھېرۇس، ھېركولېس ھەيكەللىرىنى بايقاپ ھەيرانۇ ھەس قالغان. ھېركولىس ماكېدونىيە تەڭگە پۇللىرىدىكى ھېركولىس شۇ ئىدى. بۇلارنىڭ قايسىنى يەرلىك خەلق ياسىغان، قايسىنى سىرتتىن ئىمپورت قىلغان؟ بۇنىسى نامەلۇم، ئەمما بۇ يەردىكى مۇقىم نەرسىلەرنىڭ يەرلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ستەين «غەربى ياۋرۇپا بىلەن بېيجىڭ ئارىسىدىكى يېرىم يول» يىراق شەرقتىن گېرىك ئۇسلۇبىدىكى نەرسىلەرنىڭ تېپىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.(20)

بۈيۈك ئىسكەندەر 329 ـ يىلى باكتىرىيەنى بويسۇندۇرغان. ئەمما بۇ ئۆلكىگە 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت گېرىك ۋالىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان، گەرچە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ھىندۇس (Indus) ۋە ھازىرقى تاشكەنتكە قەدەر كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭغا كەلمىگەن. (مىلادى 100 ـ يىلىدا ماكېدونىيە سودىگەرلىرى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن) ئەمما ئىسكەندەر زولقەرنەيننىڭ داڭقى ھەر يەرگە تارالغان. جۇڭگودىكى پامىردا ياشايدىغان بەزى كىشىلەرنى ئىسكەندەرنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلار بار. ھەتتا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار ئوغۇل بالىلىرىغا ئىسكەندەر دەپ ئات قويۇشقان.

تۇچارئىان مۇمىيالىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى غەرب (ياۋرۇپا) ئىرقى مەنبەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك، بۇددا ھەيكەللىرى ۋە تام رەسىملىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرمۇ ھىندى ۋە گېرىك ئارقا كۆرۈنۈشىنى نامايەن قىلدى. بۇنىڭ ئىزنالىرىنى كۇچاغا يېقىن قىزىل مىڭئۆي غارىدا، تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بىزەكلىكتە، دۇنخۇاڭغا يېقىن موگاۋ غارىدا كۆرگىلى بولىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قۇملۇقنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى ئەڭ مۇھىم يەرلەردە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئالبېرت ۋون لېكوك مۇنداق دەيدۇ: «بىناكارلىق، رەسساملىق ياكى ھەيكەلتاراشلىق قاتارلىقلاردا قىلچىلىك جۇڭگوچە (خەنزۇ) تەسىرنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلارمۇ قىلچىلىك ئوخشىمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەكلى ھىندىستان ياكى ئىران ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلغان». بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگودىكى كۈچلۈك سۇلالىلەر ھەربىي كۈچلىرىنى قوللانغان مەزگىللەردە بار ئىدى.

گېرىك ۋە غەرب مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ جۇڭگودا بايقىلىشى ئەلۋەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر ئىش. بۇ ئىزنالار، ئۇسلۇبلارنىڭ شەرقتە قانچە يىراققا كەتكەنسىرى، شۇنچە جۇڭگوچە بولۇپ ئۆزلەشكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئەمما ئارخېئولوگىيە ئىلمى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ نۇقتىدا شىنجاڭ ئۆز تارىخىدا شەرققە قارىغاندا غەربنىڭ تەسىرلىرىنى ئۆزىدەھەقىقەتەن كۆپ مۇجەسسەم قىلغان.

ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، بەن چاۋنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇزاق غەربتە خەنزۇ ھاكىمىيىتىنى تىكلىيەلمىدى. مىلادى 200 ـ يىلى خەن سۇلالىسى ئوردا ئىچىدە ئەمەلدارلار ۋە ھەرەم خادىملىرىنىڭ قەست قىلىشى، تاشقىرىدا بولسا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلىشى بىلەن يىقىلدى. ھەتتا مىلادى 304 ـ يىلى ھۇنلار توپلىنىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلدى. غەربىي قۇملۇقلاردىكى خەلقلەر يەنە بىر قېتىم جۇڭگودىن قۇتۇلۇپ، ھاكىمىيەت ئۆزلىرىگە ئۆتكىچە قالدى.

ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كۆتۈلمىگەن ھادىسە تۇيەيلى دەز كەتتى. مىلادى 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەلىرى قۇرۇشقا باشلىدى. كۆچمە مۇزلار يىگىلەپ، ئېرىگەن قار ـ مۇزلاردىن كېلىدىغان يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئازىيىپ كەتتى. يالغۇز تارىم ئويمانلىقىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جۇڭگو قۇرغاقچىلىق ئازاۋىدا جان تالىشىپ كەتتىكى، ھەتتا

خۇاڭخې دەرياسى ۋە ياڭزىجياڭ دەرياسىنىڭ بەزى يەرلىرىدە كىشىلەر دەريادا ئاياق بىلەن دەسسەپ ماڭىدىغان ھالەتكە كەلدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى بەزى دەريالار ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتتى. دەريا دېلتىسىدىكى ئاھالىلەر سۇسىز قالدى. باشقا جايلاردا ئورمانلارنىڭ قالايمىقان كېسىلىشى كىشىلەرنىڭ سۇسىز قېلىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ھەممە يەردە ئىنسانلارنىڭ سۇغۇرۇش قانالللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا بولغان ئېھتىياجى، تەشنالىقنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلكى خەن سۇلالىسىنىڭ غۇلىشىغا ئەگىشىپ كەلگەن قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن بولغان بولىشى مۇمكىن.(21)

قانداق سەۋەبتىن بولىشىدىن قەتئىينەزەر، تەكلىماكاندىكى باغۋارانلىق شەھەرلەر خارابىلىشىشقا ۋە يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئاۋرېل ستەين بۇلارغا قاراپ، ئىمان ئېيتمىغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن كېچىسى قۇم بوراندا ھالاك قىلىنغان لوت قەۋمى ۋە Gomorrah قەۋمى ھېكايىسىنى خاتىرىلىدى. 1901 - يىلى ستەين 4 - ئەسىردە كۆچۈپ كەتكەن قارادۆڭ خارابىسىنى قازدى. بۇ شەھەر قارىماققا ئىلگىرى قۇملۇقنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن شىمال تەرىپى ئارىسىدىكى قاتناشنىڭ ئوتتۇرا يول بېكىتى بولغاندەك قىلاتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى دەريا بويىدىكى ئاۋات بىر شەھەر بۈگۈن قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان بىرقاقاس لىگەنگە ئوخشايدۇ. بۈگۈن قۇملار ئارىسىدا غايىب بولغان كېرىيە دەرياسى، بىر زامانلاردا مۇھىم دىنىي مەركەز كۇچا شەھىرىگە ئېقىپ باراتتى. بۇ دەريا بىلەن قارا دۆڭنىڭ ئارىلىقى بىر قانچە ئىنگلىز مىللا كېلەتتى. (يېقىندا قارا دۆڭنىڭ شىمالىدىن بىر قانچە ئىنگلىز ملى يىراقلىقتا كىچىكرەك بىر ئولتۇراق رايونى يېڭىدىن بايقالدى) ستەين بايقىغان باشقا شەھەرلەر، مەسىلەن: كېرىيە بىلەن خوتەن دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى داندان ئۆيلۈك 8 - ئەسىرگىچە گۈللەپ ياشنىغان. بەزى ھۆكۈملەرگە ئاساسلانغاندا، ھەممىسى بولۇپ جەمئى 300 دىن ئارتۇق شەھەر قۇم ئاستىدا غايىب بولغان. تۇنجى قېتىم 17 - ئەسىردە باشلانغان ۋە تەكرارلىنىۋاتقان قۇملىشىپ كېتىش ھادىسىسى ھازىرقى زامانىدىمۇ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماقتا. ئەمما بۇ 20 - ئەسىردە تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە قۇملاشماقتا. بۈگۈن بۇ يەردە ياشاشقا مۇۋاپىق پەقەت بىر قۇملۇق دېلتىسى قالدى.

خەن سۇلالىسى غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىن، جۇڭگو ئوخشىمىغان مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇششاق خانلىقلارغا پارچىلاندى. ھاكىمىيەت Hepthalites ياكى تارىم بوستانلىقىنى 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە كونترول قىلغان ئاق ھۇنلار قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. تاكى 618 - يىلى تاڭ سۇلالىسى مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر جۇڭگو قايتا بىرلىككە كېلەلمىدى. يېڭى خاقان لى شىمىن قولدىن كەتكەن تۇپراقلارنى قايتا ئىشغال قىلدى. قىرىق يىلدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا قەدەر كەلدى. ئەمدى ئۇلار جەنۇبتا تىبەتلىكلەر، شىمالدا تۈركلەردىن ئىبارەت ئىككى «ياۋايى» دۈشمىنىگە دۈچ كەلگەن ئىدى.

تەخمىنەن مىلادى 600 - يىللاردا بىرلىككە كەلگەن تىبەتلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەر تەرەپتە قەلئە قۇردى. مىلادى 662 - يىلى ئۇلار چەيدام ئېگىزلىكىدىكى كوكونوردا جۇڭگو قوشۇنلىرىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. تىبەتلىكلەرنىڭ ئەسلى بىر پالۋان مىللەت ئىكەنلىكىنى بۈگۈن تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. ئەمما ئىككى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۇلار جۇڭگو ئەسكەرلىرى بىلەن ئاجايىپ شىددەتلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قارلىق ئېگىزلىكلىرىدىن پەسكە چۈشۈپ شىمالدىكى قۇملۇقلارنىڭ كونترول ھوقۇقىنى قولغا ئالغان. مىلادى 790 - يىلى تىبەت قوشۇنلىرى مازار تاغدىكى بىر تاڭ قورغىنىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن خوتەن دەرياسى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن، ھالبۇكى مازار تاغ ھازىر تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇپ كەتكەن بىر دەريا قېنىدا قاغجىراپ يېگانە يېتىمسىراپ تۇرماقتا. بىر يىلدىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۈرۈمچىگە يېقىن بەشبالىقتا خەنزۇ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ تۈرك ئىتتىپاقداشلىرىنى يەڭدى. تىبەتلىكلەر بۇ رايوننى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قەدەر تۇتۇپ تۇردى. ئۇلار بۇ تارىخنى بۈگۈنگە قەدەر خاتىرىلەپ كەلمەكتە. 7 - ئەسىردە تىبەت خانى سۇڭزەنگەنبۇنىڭ بىر خەنزۇ مەلىكە بىلەن توي قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى تىبەتلىك بىر يازغۇچى خاتىرىلىگەن.(22)

5 - ئەسىردىن باشلاپ شىمالدىن كەلگەن ھۇنلار ۋە تۈركلەر، مەركىزى ئاسىيادىن كەلگەن ئاۋارلار كۆچۈش يولىدا ھەممىسى غەربكە يۈزلەنگەن ۋە بىر - بىرى بىلەن يول تالاشقان ئىدى. كۆچۈش دولقۇنىدىكى مۇساپىر قەبىلىلەر ئىچىدە قارا دېڭىزدىن قوغلىنىپ، بالقان ۋە ئىتالىيىگە ھەيدەلگەن گوتلار (Goths )، ۋانداللار، كائۇل (فرانسىيەنىڭ غەربىدىكى

قەدىمىي دۆلەت) تىن سقىپ چىقىرىلىپ، ئىسپانىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىغا يول ئالغانلار ۋە دېڭىز يولى بىلەن قايتىپ كېلىپ رۇملارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلار بار ئىدى.

بىزنىڭ تۇرغۇن جەمئىيىتىمىزگە نىسبەتەن ئۆتمۈشتىكى بۇ كۆچۈشلەر بىر خىل چۈشىنىكسىز تۇيۇلىدۇ. گەرچە تەڭرى تېغىدىكى قازاقلار بىلەن پامىر تېغىدىكى قىرغىزلار پەسىل ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كۆچۈپ چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقى كۆچمەن چارۋىچى ياۋرۇ - ئاسىيادا بۈگۈن يوق. ياۋرۇ - ئاسىيانىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىگە قارايدىغان بولساق 46 گرادوس ياكى 48 گرادوس پاراللېلىنىڭ ئۈستىدە شىمالىي تەرەپتىكى قۇملۇق بەلۋىغى تاغلار ۋە دېڭىزلار يايلاق يولى موڭغۇلىيىدىن، فرانسىيىنىڭ شىمالىغا قاراپ كەڭرى ئېچىلغان. ھەر كۈنى 40 ئىنگلىز ملى يۈرەلەيدىغان بىر ئاتلىق كىشى بۇ مۇساپىنى ئۈچ ئايدا تاماملىيالايدۇ. يەنى ئۆلانباتۇردىن بېرلىنغىچە بارالايدۇ. ھازىرقى كۆچمەن چارۋىچىلار ئاۋۋال رۇسىيەدىن، ئاندىن جۇڭگودىن ھېچبىر مىلتىق، زەمبىرەك ۋە بومبا بىلەن ئۇچراشمايلا راۋان كېتىۋېرىدىغان، ئەسىرلەردىن بېرى قوللىنىپ كۆنۈپ كەتكەن زومىگەرلىك تاكتىكىسىنى يوقىتىپ قويدى.

مىلادى 540 - يىللىرى ئەتراپىدا كېلىپ جۇڭگو چېگرىسىنى نىشانغا ئالغان، دۇنيانى لەرزىگە سالغان يېڭى ماھىيەت ئىلگىرى تونۇلمىغان ئىدى.(28) خىلمۇ خىل قىياپەتلەردىكى تۈركلەر كېيىنكى مىڭ يىلدا يالغۇز شەرقىي ۋە غەربىي «تۈركىستان» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزى ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى كاۋكاز ۋە ئاناتولىيەدە ھۆكۈمران مىللەت بولدى. ئىستانبولنى فەتھى قىلىپ، ھۆكۈمرانلىقنى بالقان ۋە شەرقىي ياۋرۇپاغا قەدەر كېڭەيتتى. تۈركلەر ئىلگىرى ئوۋچىلىق ۋە يېزا - قىشلاقلاردىكى چارۋىچىلارغا ئوخشاش بىلىقچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيەدىن كەلگەنلىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە سەلتەنەت قازانغان موڭغۇللار بىلەن ئىرقى جەھەتتىن تۇققان كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى «دۇبۇلغا» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلار مېتاللورگىيە (تۆمۈرچىلىك) نى ئاساسلىق كەسىپ قىلغان. ھازىرقى موڭغۇلىيەدىكى ئۇلانباتۇرنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ ئېقىپ بايقال كۆلىنىڭ شىمالىغا قۇيۇلىدىغان ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىن تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئويۇپ يېزىپ، خاتىرىلەپ قويغان رۇنىك يېزىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇسۇلمان تۈرك تارىخشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسكە باغلايدۇ. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى ئارارات تېغى (ھازىرقى تۈركىيە بىلەن ئەرمىنىيەنىڭ چېگرىسىدا) يېنىدا توختىغاندا، دادىسى يافەسنى بىر دانە قاشتېشى بىلەن شەرققە يولغا سالغان. يافەسنىڭ بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى تۈرك ئىكەن. بىر قانچە ئەۋلادتىن كېيىن، رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، تۈرككە مىراس قالغان بۇ زېمىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى تاتار بىلەن موڭغۇل ئارىسىدا بۆلۈشۈلگەن ئىكەن.

يەھۇدىيلارغا ئوخشاش، تۈركلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى دەپ قارايدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى، 11 - ئەسىردىكى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، تۈرك دېگەن بۇ ئىسمنى ئاللاھ ئۆزى قويغان، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خاس ئارمىيىسى قىلىپ، «شەرقتىكى بۇزغۇنچىلار» يەنى خەنزۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قويغان. ئومۇمەن باش بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئۇلار «مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر» دېگەن. ئاللاھ ئۇلارغا ياشىشى ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئىسسىل يەرلەرنى، نەپەسلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ساپ ھاۋانى ئىنئام قىلغان. «ئۇندىن باشقا، دىققەت قىلسىڭىز ئۇلاردىكى گۈزەللىك، مەرھەمەت، ياخشى ئەخلاق، دوستلۇق، ساداقەت، تەقۋادارلىق، ۋاپادارلىق، خۇش پېئىللىق، ئالىجانابلىق، قەھرىمانلىق قاتارلىق ماختالغان خىسلەتلەرنى كۆرەلەيسىز».(24) مەھمۇد كاشغەرى پامىر تېغىدا تۇرۇپ نەزەر سالغاندا كۆرگىلى بولىدىغان گۈزەل بوستانلىق قەشقەردىكى ئۇپالغا دەپنە قىلىنغان. خەلق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسىل مەقبەرە قاتۇرغان.

تۇنجى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىككى ئوغۇل بىر تۇغقان تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى ھەققى تارىخقا يېقىن ھالدا ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇپ يېزىلىپ خاتىرىلەنگەن. «ئۈستىمىزدە ئېگىز كۆك ئاسمان ۋە ئاستىمىزدا بېغىررەڭ تۇپراق يارىتىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككىسى ئارىسىدا ئىنسان ئوغلى يارىتىلغان. پۈتۈن ئادەم ئوغۇللىرىنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ ئاتا - بوۋام بۇمىن خان بىلەن ئىستەمى خان بار».(25) ئۇلار يېتىپ بارالغانلىكى يەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇشنى نىيەت

قىلغان ۋە 552 - يىلىدىن 744 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا دائىرىسى موڭغۇلىيەدىن باشلاپ «غەربىي دېڭىز» (كاسپىي دېڭىزى) غىچە ۋە جۇڭگو چېگرىسىدىن باشلاپ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگىچە بولغان كەڭرى تېررىتورىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىمپېرىيە قۇردى.

ھالبۇكى، 581 - يىلى بىر ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت تۈپەيلى شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ئۆمرى قىسقا سۈي سۇلالىسىدە ياشىغان بىر تارىخچى قانائەت بىلەن «تۈركلەر بىر - بىرى بىلەن چىقىشىپ بىرلىكتە ياشاشقا قارىغاندا، بىر - بىرىنى ۋەيران قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلاردا بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشىپ ئۆزئارا ئۆلتۈرۈشىدىغان مىڭ، ياق ئون مىڭ قەبىلە بار، ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قاتتىق قارىلىق تۇتىدۇ ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەمياد قىلىدۇ» دەپ ئالاھىدە خاتىرىلىگەن.(26)

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان دان ۋىلخېلىم تومسېن ئىزاھلاپ ئېيتىدۇكى، ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ ئاپتورى بۇلارنىڭ تۈركلەرنىڭ سەۋەنلىكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ چۈشەندۈرىدۇكى، بۇ يەردە بىر مەزگىل نادان ھۆكۈمدارلار ۋە قابىلىيەتسىز ئەمەلدارلارنى قۇرۇق ماقاملار بىلەن ئېزىقتۇرىدىغان ھىلىگەر ۋە ئالدامچى خەنزۇلارنىڭ يۈلىشى ۋە قۇترىتىشى بىلەن قالايمىقانچىلىقلار بولغان. «ئىسىلزادىلەرنىڭ ئوغۇللىرى قۇل، ئەتىۋا قىزلىرى چۆرە بولغان».(27)

جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتلەر ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ھەر زامان يېپەككە ئات تېگىشىش، ئولپان تاپشۇرۇش ۋە ئۇرۇش توختىتىپ خان جەمەتى بىلەن سىرلىق ھالدا قۇدىلىشىشتىن كېيىن، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ھەرىكەتلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ تۈركلەرگە ھېچ كۈچى يەتمىگەن چاغدا يېقىندىكى شەرقىي تۈركلەرنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىش ئۈچۈن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇزاقتىكى غەربىي تۈركلەرگە دوستلۇق قولىنى ئۇزىتىشتىن ئىبارەت ئەڭ ياخشى دىپلوماتىيە ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. بۇ خەن سۇلالىسى زامانىسىدىكى تاكتىكىنىڭ تەكرارلىنىشى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار يېقىندىكى ھۇنلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، يىراقتىكى يۈەجىلارنى ئالداپ كەلتۈرۈۋالغان ئىدى. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تاڭ سۇلالىسى كۈچلەنگەن چاغدا، جۇڭگولۇقلار 630 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنى مەغلۇب قىلالىدى ۋە ئوتتۇز يىلدىن كېيىن تارىمنى غەربىي تۈركلەردىن تارتىۋالدى. شىنجاڭ بەش ياكى ئالتە مەمۇرى رايونغا بۆلۈندى. كۇچادا تەسىس قىلىنغان تۇتۇق مەھكىمىسى يەرلىك ئەمەلدارلارنى تەپتىش قىلاتتى ۋە ستراتېگىيەلىك جايلارغا مۇداپىئە قوشۇنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. جۇڭگولۇقلار بۇ يەرنى ئەنشى، يەنى «تىنجىتىلغان غەرب» دەپ ئاتايتتى. ئەمما، ئادەتتە بۇ غەرب ئۇزاق ۋاقىت ھېچ تىنجىمىدى.

مىلادى 680 - يىلى تۈركلەر قايتا قوزغالدى. ئىلتىرىش ئىسىملىك باشلىقى ئۇلارنىڭ مەنىۋى ساپاسىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك يېڭىلىنىشلار پەيدا قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدە تونيۇقۇق ئاتلىق داڭلىق بىر ۋەزىرى بولۇپ، بۇ ۋەزىر: «بۇددا دىنى ۋە داۋجىياۋ دىنى قورقۇنچاقلارنىڭ دىنى، بىزگە ئوخشاش پالۋانلارنىڭ ئەمەس، تۈركلەر پەقەت «سۇ ۋە يېشىللىقنى بويلاپ» كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش ئارقىلىقلا ياشاپ قالالايدۇ» دەيدىغان پراگماتىست مىللەتچى ئىدى. ئىلتىرىشنىڭ ئوغلى بىلگا دادىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«خاقان دادام ئون يەتتە كىشى بىلەن قوزغالدى. بۇ گەپ تارقىلىش بىلەن دادام قوشۇن تارتىدىغانلىقنى جاكارلىدى. يايلاقتىكىلەر تاغقا چىقتى ۋە تاغدىكىلەر پەسكە چۈشتى. ھەممەيلەن توپلاندى. ئۇلار يەتمىش يەتتە كىشى ئىدى. تەڭرى ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دادامنىڭ بىلەكلىرى بۆرىنىڭكىدەك ئىدى. ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولسا قويدەك ياۋاش ئىدى. شەرققە (مانجۇرىيەگە) ۋە غەربكە (ئۆزبېكىستان ۋە ئۇيغۇرىستانغا (Transoxiana and Tocharistan) قوشۇن تارتتى. دادام خەلقنى توپلاپ، ئۇلارنى جاسارەتلەندۈردى. يىغىلغان كىشىلەرنىڭ سانى يەتتە يۈز ئىدى..... ئۇ 47 قېتىملىق يۈرۈشكە باشچىلىق قىلدى. يىگىرمە قېتىم غەلىبە قىلدى».(28)

ھەر قانچە باتۇر بولسىمۇ تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ رەقىبى ئەمەس ئىدى. ئەمما ھازىر شاخمات تاختىسىنىڭ مەركىزى ئاسىيا تەرىپىگە ياردەم ئۈچۈن بىر دامكا كېلىپ قوشۇلدى. بۇ ئەرەبلەر ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ كېلىشى غەربتە جۇڭگونىڭ تارىخى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتە كاتالىزاتور بولدى. پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە پەيدا بولغان ئەرەبلەرنىڭ يولباشچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە «قۇرئان كەرىم» ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇندىن 100 يىل بۇرۇن، يەنى

632 - يىلى ۋاپات بولدى. ئەرەبلەر قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ قوماندانلىقىدا ئاللىقاچان غەربىي تۈركىستاننى فەتھى قىلىپ بولغان ئىدى. بۇخارا 712 - يىلى، پەرغانە 713 - يىلى فەتھى قىلىندى.[1]

750 - يىلى جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئامبىلى گاۋشيەنجى پەرغانە بىلەن تاشكەنتنىڭ خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلگە ئۈيلىمايلا ئارىلىشىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدى. ئامبال گاۋ تاغلارنى كېسىپ ئۆتۈپ بېرىپ، تاشكەنت شەھرىنى ئالدى ۋە شەھەر باشلىقىنى ئۆلتۈردى. شەھەر باشلىقىنىڭ ئوغلى سەمەرقەنتكە قېچىپ بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. گاۋ ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلاشتى. 800 يىل بۇرۇن «رۇم ئەسكەرلىرى» ئەسىر ئېلىنغان يەر تالاس دەرياسى بويىدا (تاشكەنتنىڭ شىمالىدا ھازىرقى قازاقىستاندا) ئامبال گاۋ تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەرەب قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇردى. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلەر ئەرەبلەر تەرەپكە ئۆتتى ۋە جۇڭگو قوشۇنلىرى مەغلۇب بولدى.

گەرچە تالاس ئۇرۇشى چوڭ بىر ئۇرۇش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ جۇڭگونىڭ غەربنى ئىگەللەش قارا نىيىتىنى بىتچىت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى كېيىنكى مىڭ يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئالقىنىدىن قۇتۇلدۇردى. بەزى تارىخچىلار مۇنازىرە قىلىپ ئېيتىدۇكى، گاۋ شيەنجىنىڭ غەربىي تۈرك قاراخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن ھەپىلىشىشى تۈپەيلى ئىسلام ۋە ئەرەبلەر بىلەن قارشىلاشقان جىددى ئۇرۇش كېلىپ چىققان. (29) ئەگەر بۇ توغرا بولسا، ئۇنداقتا بۇگۈن بېيجىڭنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان «مۇسۇلمانلار مەسىلىسى» نى دەل جۇڭگولۇق ئەمەلدارلار ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تالاس ئۇرۇشى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەجابى تۆھپە قوشقان. ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا قەغەز ياسىغۇچىلار بار ئىدى. قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلار ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىغا ۋە ياۋروپاغا تارقالغان.

نەتىجىدە ئەرەبلەرنىڭ غەلىبىسىنىڭ ھەربىي جەھەتكە قارىغاندا مەدەنىيەت جەھەتتىن كۆپرەك بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇلار بىر تۈرك سۇلالىسى يەنى قەشقەر ۋە ئالتە شەھەر (تارىمدىكى ئالتىشەھەر) نىڭ ھۆكۈمرانى قاراخانلار تەرىپىدىن كەينىگە ياندۇرۇلدى. قەشقەر ۋە ئالتە شەھەردە ھازىرمۇ «بۇغرا» (ئەركەك تۆگە) ۋە «ئارسلان» (شىر) ئىسمىنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قوللانماقتا.

غەربلىكلەر «تۈرك» ئاتالغۇسىنى «ياۋايى» دېگەن سۆز بىلەن بىللە تىلغا ئېلىشقا مايىل. ئەمما ئاسىيادا تۈرك دېمەك ئۆم ـ ئىتتىپاق ۋە بىر ئورتاق تىلى بار مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئالاھىدە مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ مەركىزى ئاسىيا تارىخىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بىرەيلەن قوشۇمچە قىلىپ، ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە (تۈركلەردىن باشقا) بۈگۈنگە قەدەر نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمرانلار بار ئىدى دېسە، بۇنىڭ ھەر ھالدا ئازراق سەۋەبى بار، يەنى بۇنى پانتۈركىزمنىڭ قايتا تىرىلىشىدىن قورققانلار دەيدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇ قورقىۋاتقانلاردىن بىرىدۇر.

ھەر قايسى تۈرك ئايماقلىرى ئىچىدە بىز بۇ كىتابىمىزدا ئاساسلىق بايان قىلماقچى بولغان ئۇيغۇرلار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مىلادى 744 - يىلى ئۇيغۇر قەبىلىسى ئون گۇرۇپپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، توققۇز قەبىلىنىڭ بىرلەشمىسى بولغان شەرقىي تۈركلەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. ئۇلار ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بالاساغۇننى يېڭى پايتەخت قىلىپ بېكىتىپ، مۇقىم ۋە مەدەنىي بىر ھاياتقا يەرلەشتى. ئۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلار ئىسمىنىڭ مەنىسى «بىرلەشكۈچى»، «ئەگەشكۈچى» ياكى «قوللىغۇچى» دېيىلگەن بىر ئالاھىدە گۇرۇپ ئىدى. بۈگۈنكى زاماندا بولسا ئۇيغۇر دېگەنلىك تارىمدا ياشايدىغان موڭغۇل، قازاق، قىرغىز، تاجىك ۋە (ئەلۋەتتە ) خەنزۇ ئەمەس بارلىق ئاھالىنى كۆرسىتىدۇ.

قاراخانلار سۇلالىسىنىڭ ئون ئۈچ خانى ئىچىدە يەتتىسى خەنزۇ مەلىكىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالغان. ئۇيغۇر خانلار خۇددى خەنزۇ خاقانلارغا ئوخشاشلا، ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بىر ھوقۇقى بارلىقىغا ئىشەنگەن ۋە ئۆزلىرىنى «تەڭرىخان» دەپ ئاتىغان. جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى خوشنىلىرىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلالمىغانلىقىدىن كۆڭلى خوش.[2] خەنزۇلار

---

[1] قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكى مۇبالىغىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مەرۋەگە كەلگەنلىكى ۋە 716- يىلى بىر سۇيىقەستتە شەھىد قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

[2] ئۇزاق تارىختا خەنزۇلار ئۇلارغا ھەقىقى ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان. ئەمما ۋېي، جىن، يۈەن (موڭغۇل) ۋە چىڭ (مانجۇ) قاتارلىق يات سۇلالىلەر جۇڭگونى سورىغان. بەزىدە ئۇلار باشقىلارغا ئولپان تاپشۇرۇشقا زورلانغان.

ئەمەلىيەتتە سودا ئىشلىرىدا خوشنىلىرىغا بېقىنغان ۋە بەزىدە ئۇلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما يۈزى چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، خوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە «ئۇلپان» تاپشۇرغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

ھەدىيە ئالماشتۇرۇش (خەنزۇ مەلىكىلىرىنىڭ ماھىيىتى) تا سودا بىلەن دىپلوماتىيە ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرىنى تەسۋىرلەش قىيىن. «دۇنيادا بۇندىن باشقا شۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپ خوشنىلىرىغا سوۋغا تەقدىم قىلىپ، سوغىنى سىياسىي قورالغا ئايلاندۇرغان بۇنداق بىر دۆلەت تېخى بولمىسا كېرەك» دەپ يازغان بىر تارىخشۇناس.(30) ياۋايىلارغا بۇنچە كۆپ مىقداردا ھەدىيە بېرىشتە، جۇڭگولۇقلارنىڭ مەقستى ئۇلارنى ئەيشى - ئىشرەت ۋە كەيىپ - ساپادا چىرىتىش ئارقىلىق قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقنى بۇزۇش ئىدى. كۆچمەن چارۋىچىلار خاقان ئالدىدا قولغا ئوخشاش باش چۆكۈرۈپ تەزىم قىلىشتىن يىراق ھالدا، پەقەت دانالىق بىلەن ئەلچى ئەۋەتەتتى. بۇ ئىش كۆپ بولغانسېرى، جۇڭگولۇقلار كۆپ چىقىمدار بولدى ۋە ئەلچىلەرنى مېھمان قىلىشقا تاقىتى قالماي، باشقا بىر چارە ئويلاشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇرلار ئالاھىدە چىداملىق ئىدى.(31) ئاتلارغا يىپەك، يۇڭ، كىيىم - كېچەك، قورال ۋە چاي تېگىشەتتى. ئۇلار تاڭ دۆلىتىدىن ۋاقىراپ يۈرۈپ تارتىپ ئالاتتى. بۇنى جۇڭگولۇق تارىخچىلارنىڭ «ئۇلپان» دەپ ئاتىغىنى ھەقىقەتەن بىر ۋايىغا يەتكەن سەنئەت (ئويدۇرما) دۇر.(32) سىياسىي قۇدىلىشىشقا كەلسەك، بۇ مانجۇلار زامانىسىغىچە كەڭرى ئومۇملاشقان بولۇپ، خوتەن پادىشاھى ئۈچۈن توقاللىققا ئەۋەتىلگەن جۇڭگولۇق مەلىكىنىڭ چېچى ئارىسىغا يوشۇرۇپ ئالغان پىلە قۇرتى بىلەن ئۈژمە يۇپۇرمىقىنى ئوغۇرلۇقچە توشۇپ، زامانلاردىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق مەخپىيەتلىكىنى سىرتقا ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ھەققىدىكى (بەلكى يالغان) ھېكايىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ.

بەزىدە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلاردىن ياردەم سورىغان. ئۇلار ئىككى قېتىم تاڭ خانىغا ياردەملىشىپ پايتەختىنى تىبەتلىكلەردىن قايتۇرۇۋېلىشىپ بەرگەن. 762 - يىلى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر جۇڭگونىڭ پايتەختىدە ئورۇنلىشىپ، بىر زور ئىچكى توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ياردەملەشكەن. ئۇلار پۈتۈن بىر قىش ئۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ، دۇكانلارنى بۇلىغان ۋە يەرلىك پۇقرالارغا چېقىلغانلىقى ئۈچۈن ئەسكى نام ئالغان.

پايتەخت زىيارىتىدىكى ئۇيغۇرخان غەربتىن كەلگەن بىر مانى دىنى تارقاتقۇچىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ دىنغا كىرگەن. دىن جەھەتتىكى ئۆزگىرىش كۆز قاراش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنى ئېلىپ كەلدى.(33) خاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى يىلنامىگە پۈتۈلدى: «كىشلەرگە نۇر دىنىنى قوبۇل قىلدۇرايلى... ئادەملەر ئۆلتۈرۈۋاتقان بۇ مەملىكەت ياخشى ئىشلار قىلىنىۋاتقان بىر پادىشاھلىققا ئايلانسۇن.»(34) ھازىر ھەممىيلەن ياكى ھېچ بولمىغاندا پايتەختتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار خاندىن ئۆرنەك ئالدى. خەلق مۆتىۋەرلەرنى ئەسەبىيلەرچە تەقلىد قىلدى. گۆش يەيدىغان ئادىتىنى تاشلاپ كۆكتات يەيدىغان بولدى. ئەسكەر باشلىقلىرى خالىمىغان بولسىمۇ، ئەمما سېھرىگەر پالچىلاردىن تەلىم ئېلىشنى ۋە پال تاشلىرى بىلەن پال ئېچىشنى قىزغىن داۋاملاشتۇردى.

مانى دىنى سوغدىيانا (ھازىرقى ئۆزبېكىستان) دىن مۇساپىرلىرى بىلەن بىللە كەلدى. بۇ دىننى مىلادى 216 - يىلى مېسوپوتامىيەلىك رەسسام مانى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ دىن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق باراۋەر ۋە قارىمۇ قارشى كۈچلەر بولۇپ، ياخشىلىق روھ ۋە نۇرغا، يامانلىق بولسا ماددا بىلەن قاراڭغۇلۇققا باراۋەر. ئۇ غەربتە بىدئەت دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئەمما شەرقتە بۇددا دىنى تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاسان ھالدا قوبۇل قىلىنغان.(35)

779 - يىلى تاڭ سۇلالىسى خاقانى تاڭ تەيزۇڭ ئۆلگەندە، سوغدىيانلار ئۇيغۇر خاننى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندىگەن. خاننىڭ نەۋرە ئاكىسى تۇن باغا خاننى ئۆلتۈرۈپ تەختىنى تارتىۋالدى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۇرۇشلاردا يېڭىلىشكە باشلىدى. تۇن باغا ئۆلگەندىن كېيىن نائىپ پادىشاھ مۇھىم ئالدىنقى بازا بەشبالىق (ھازىرقى ئۈرۈمچىگە يېقىن شەھەر، بۇ يەردە جۇڭگونىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى بار) نى تىبەتلىكلەردىن قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇپ، يۈزى چۈشۈپ كەتتى. 839 - يىلىدىكى قاتتىق سوغۇق بىر قىش پەسلىدە، بالا - قازانىڭ بىشارىتى دېگەننى سەۋەب قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيدە باققان قۇش - ھايۋانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. كېيىنكى يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى خانغا ئاسىيلىق قىلىپ، خوشنا قىرغىزلارنى چاقىردى.

قىرغىزلار ھازىر نەسلى تۈگىگەن چوڭ پىل تىرىسى ۋە دېڭىز پىل چىشى سودىسى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانى بۈگۈن ياشاۋاتقان پامىردىن ئۇزاقتىكى ئالتاي تاغلىرى ئىدى. ئۇلار خاننى ئۆلتۈرۈپ، پايتەختكە ھۇجۇم قىلىپ، ھۆكۈمەتنى يوق قىلىپ، شىمالدىكى ئۇيغۇر خانلىقىغا خاتىمە بەردى.(36) بۇ خانلىقنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىدە تىنچلىقپەرۋەر مانى دىنى رول ئوينىدى. يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار. يېڭى مەدەنىيەتكە ماسلىشالماسلىق، يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرق ئوردىدىكى كەيىپ ـ ساپا ۋە تىبەتلىكلەرگە ئوخشاش پاراكەندىچى دۈشمەنلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقى قاتارلىق.(37)

ئۇيغۇرلار ئۇنداق ئاسان يوق بولمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا ئەڭ مۇھىم تەسىرلىرى بار ئىدى. موڭغۇلىيەدىن قوغلانغاندىن كېيىن ئۇلار جەنۇبقا يۆتكىلىپ گەنسۇ بىلەن تۇرپانغا كەلدى. گەنسۇ ۋە تۇرپان 760 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ كونترولى ئاستىدا بولدى. ئۇلار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قۇچۇدا يېڭى پايتەخت بىنا قىلدى. يەرلىك ھىندى ـ ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ۋە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. گەرچە بىزنىڭ كۆرگىنىمىزدەك ئۇلارنىڭ باشلىقى مانى دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن ئىشلاردا، بولۇپمۇ بېشىنى قاتۇرغان مەسىلىلەردە ئۇلار نىستورىئان خرىستىئانلىقنى تاللىدى. خرىستىئان دىنىنىڭ بۇ مەزھىپى 5 ـ ئەسىردىكى كونستانتىنىپولنىڭ پاترىئاخى بولغان سۈرىيەلىك ئېپىسكوپىنىڭ «خرىستوسنىڭ بىرى ئىنسانى، بىرى ئىلاھى ئىككى تەبىئىتى بار» دېگەن تەلىماتىنى ئاساس قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ كىسفون (ھازىرقى باغداتقا يېقىن) دىكى چېركاۋلىرىدىن بىدئەتچى ئاتىلىپ قوغلانغان. بۇ خرىستىئان مەزھىپى ئىرانلىقلار ۋە مانى دىنىنى ئېلىپ كەلگەن سوغدىيانا سودىگەرلىرى ئارقىلىق يىپەك يولىنى بويلاپ جۇڭگوغا تارقالغان. قۇچۇ دىنى رەسىم ۋە يېزىقچىلىقنىڭ مەركىزى بولغان. 1904 ـ يىلىدىن 1905 ـ يىلغىچە قۇچۇدا قېزىش ئېلىپ بارغان ئالبېرت ۋون لېكوك «خرىستىئان قولىيازمىلىرىنىڭ ئەڭ ئىسىل نۇسخىلىرى» نى بايقىغانلىقىنى ۋە تۇرپانلىقلارنىڭ «ئەجدادلىرىغا ئوخشاش پۈتۈنلەي غەربچە مەدەنىيەتكە ئىشەنگەنلىكلىرى» نى تەسۋىرلىگەن.(38)

10 ـ ئەسىردىكى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى جوڭگو سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ دى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ ئادەتلىرىنىڭ يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق چېغىدىكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى يازغان ۋە مۇنداق دېگەن:

«باشقا پۇقرالار قوي گۆشى، ئۆدەك گۆشى ۋە غاز گۆشى يېگەندە، ئىسىلزادىلەر ئات گۆشى يەيدۇ. مۇزىكا جەھەتتە ئۇلار ماندالىن (mandolin) نىڭ بىر تۈرى بولغان تەمبۇر ۋە دۇتتار چالىدۇ. ئاتقا مىنىشنى ۋە ئوقيا ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ.... ئۇزاق سەپەرگە چىققانلار ساز ـ چالغۇلىرىنى بىرگە ئېلىۋېلىشنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ.... بۇ پادىشاھلىقتا ئاچ ـ يالىڭاچ كىشى يوق. ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالالمايدىغانلار ئۈچۈن ئىجتىمائى پاراۋانلىق ئىشلىرى بار. بۇ يەردە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر جىق».(39)

ۋاڭ دى يەنە بۇ يەردە تەخمىنەن ئەللىك بۇتخانا ۋە بىر پارس راھىبىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى «مەرۋايىت ئىبادەتخانىسى» نامىدىكى بىر مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ بارلىقىنى قىستۇرۇپ يازغان.

يەرلىك توچارىئان تىلى پەيدىنپەي يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تۈرك تىلى ئالدى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ رۇنىك يېزىقىنى تاشلاپ، يېڭى سوغدى يېزىقىغا يۈزلەندى. بۈگۈن قۇجۇنىڭ ئاز بىر يەرلىرىدە لايدىن قوپۇرۇلغان تاملار ساقلىنىپ قالغان. ئاستانە يېزىسىدىكى ئۈزۈمچى دېھقانلار ئەسىرلەردىن بىرى ئۇنىڭ توپىسىدىن، سېغىزىدىن پايدىلانغان ئىدى. بۇ ئىشنى تېخى بىر قانچە يىل ئىلگىرى بىلىملىك بىر يېزا باشلىقى توختاتتى. قۇجۇ خانلىقى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن زامان تىنچ دەۋر سۈرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەتكە چېلىقىدۇ. بۇ دەۋردىن قالغان مۇزىكىغا ھېرىسمەنلىك ئادىتى ھېلىھەم داۋام قىلماقتا.

ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ يېڭى دىن پامىرنىڭ غەربىدە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەممە ئېتىقادنى سۈپۈرۈپ تاشلىدىكى، شەرقىي تۈركىستاندا جاھىلىيەتنىڭ ئەسىرى قالمىدى. ئەمما رۇۋېزىئونىست (شيۇجىڭجۇيىچى) كۆرۈنگەن مۇسۇلمان تارىخچىلار ۋە جۇڭگولۇق يىلنامە يازغۇچى ئالدىراڭغۇ تارىخچىلار ئەڭ دەسلەپكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇلار قەشقەرىيەنىڭ ئىمان ئېيتىشنى يالغۇز بىر كىشىگە، يەنى بىرىنچى بولۇپ ئىمان ئېيتقان كىشىگە باغلاپ چۈشەنگەن.

بۇ كىشى بولسا ساتۇق بۇغراخان، تارىخ 957 ـ يىلى ئىدى. مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ۋاپات بولغان دادىسىنىڭ قەشقەردىكى تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ساقلاپ تۇرغان 12 ياشلىق ساتۇقنىڭ پېشانىسىگە ئۇلۇغ ئىشلار

پۈتۈلگەن. ئۇ ھەممىنى بىسىپ چۈشكۈدەك ئەقىللىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ تۇغۇلغان كۈنى شۇ يەردە يەر قاتتىق تەۋرىگەن. ھەتتا ئۇ كۈنى قىش پەسلى بولسىمۇ، ئەمما گۈللەر ئېچىلىپ باھار مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن.

ئوخشاشلا شۇ كۈنى، پامىرنىڭ باشقا بىر تەرىپىدە، ئەبۇ نەسر سامانى ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ چۈشىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئون ئىككى يىل دىنى تەربىيىلىنىشنى ۋە كېيىن تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئالاھىدە بىر ۋەزىپە ئۈچۈن يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئەمر قىلغان. ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ كېلىشى يېقىنلاشقان بىر كۈنى ساتۇق قەشقەرگە يېقىن بىر يەرگە ئوۋغا چىققان. توساتتىن تىكەنلىك چاتقاللىقلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ياۋا تۇشقان سەكرەپ چىقىپ قاچقان. ئوقياسىنى بەللىگەن ساتۇق ياۋا توشقاننى قوغلاش ئۈچۈن ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. تويۇقسىز بۇ ياۋا توشقان بىر ئىنسان سۈرىتىگە كىرىپ، بۇ يىگىتكە سۆزلىگەن. بۇ خىزىر ياكى پەرىشتە يىگىتنى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت ئەتمىسە دوزاختا ئازاپلىنىدىغانلىقى، ئۇ يەردە يىلان، چايانلار ۋە باشقا قورقۇنچلۇق جازالارنىڭ بارلىقى، ئەگەر ئىمان ئېيتسا، جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، گۈزەل ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ ھەمراھ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ساتۇق ئەبۇ نەسر بىلەن كۆرۈشكەن ۋە قىسقا سۆھبەتتىن كېيىن ساتۇق ئىمان ئېيتقان.

ئۇ كۈنى ساتۇقنىڭ تاغىسى نائىب (ۋاقىتلىق) خان ھارۇن چۈشىدە يولۋاسنىڭ بالىسى شەكلىدە كۆزىگە كۆرۈنگەن جىيەنى ساتۇقنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ بۇ ئوغۇلنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان. ساتۇقنىڭ ئالاقزادە بولغان ئانىسى ئۇنىڭدىن ئوغلىنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتكەن ياكى ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىر ئاز تەخىر قىلىشنى ۋە ئاۋۋال بۇتخانىدا بىر دىنى پائالىيەت ھازىرلاپ ساتۇقنىڭ بۇتخانىدىكى دىنىي ئىبادەتكە قاتنىشىدىغان ياكى قاتناشمايدىغانلىقىغا قاراشنى ئۆتۈنگەن. تەبىئىكى، تەقۋادار بىر مۇسۇلمان بولغان ساتۇق بۇددا دىنى مۇراسىملىرىغا قاتناشمايدىغان بولغان ئىدى. ئەمما ئەبۇ نەسر ئۇنى بىرىشقا ئۈندىگەن. ئۇستازى ئۇنىڭغا: پەقەت مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتىمەن دېگەن نىيەت بىلەن قاتناشسا، ئاللاھنىڭ ئۇنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ساتۇقنىڭ بۇتخانىغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھارۇن، ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەن. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ ئىشتىن كېيىنلا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەت كۆرگەن. ساتۇق قەتئىي باش ئەگمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ساتۇق كاپىرلارغا قارشى جىھادتا ئۇلارغا ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، مىسران قېلىچى 40 گەز ئۇزىرايتتى ۋە ئاغزىدىن ئوت يالقۇنى چىقاتتى. بۇ ياش غازى ئۇخلاۋاتقان تاغىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنى ئويغىتىپ ئىمانغا دەۋەت قىلغان. تاغىسى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، دەرۋازىدىن سىرتتىكى قىغ دۆۋىسى ئۈستىگە تاشلىۋەتكەن. ئورىدىن چىقىپ، ئۆزىنى خان، ئىسلام دىنىنى قەشقەرىيەنىڭ دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان.

ئىسلام دىنىنى تۇرپانغىچە ئېلىپ كەلگەن فەتھىدىن كېيىن، ساتۇق ئاغرىپ يېتىپ قالغان. ئۆلۈم ئالدىدا ئۇ تەشتەكتىن بىر ئەتىر گۈلنى ئېلىپ پۇرىغان، بىر ئالما يېگەن، بىر پىيالە شەربەت ئىچكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قىرائەت قىلغان. ئۈچ قېتىم چۆگىلەپ پارىسچە بۇ شېئىرنى ئوقىغان:

«ئوكيان سۈيى ئازلاپ قالماس،
بىر تامچە سۇ يوق بولغاندا.
جەسەت كېپەن ئىچىدە قالار،
روھ بەدەندىن ئايرىلغاندا.»

ئۇ ھىجرىيە 430 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1037 ـ يىلى ۋاپات بولغان.(40)

ساتۇقنىڭ ھېكايىسىدە سۆزلەنگەندەك ئىسلام دىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تېز سۈرئەت بىلەن يېقىن ـ يىراققا تارقالغان. يىللاردىن بۇيان بۇددىست تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا، مۇسۇلمان تۈركلەر (قاراخانىيلار) شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا ئىدى. قارا قىتاي ۋە موڭغۇل ئىستېلاسى خۇددى بوستانلىقتىكى خەلقلەرنىڭ كونا دىنىغا ئوخشاش ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇن بولدى. ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى خوتەن ھەققىدىكى تۈركچە ئەپسانىلەردىن ئاڭلاش مۇمكىن: شەھەر خەلقىنى ئىمان ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن بىر ئىمامنىڭ مەككىدىن قانداق ئۇچۇپ كەلگەنلىكى، قەشقەردىن

كەلگەن تۆت ئىمامنى يەرلىك ئەپسۇنچى داخانلار شەھەرنى كۆرۈنمەس قىلىپ قويۇپ، مەغلۇپ قىلغانلىقى، ئۇچات يېزىسىدىكى كىشلەرنىڭ ئىتقا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىمامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئاتلىق مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى يەپ كەتكەنلىكى قاتارلىق.

كونا دىنىنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ھېچقانداق بىر يېڭى دىن يوق. خۇددى ئەنگلىيەدىكى دىنسىزلار مەھەللىسىگە بىنا قىلىنغان چىركاۋلار كەبى شەرقىي تۈركىستاندا بۇددا مەبۇدلىرى ئۈچۈن توقۇلغان بەزى ئەپسانىلەر ئەمدىلىكتە مۇسۇلمان ئەۋلىيالار ئۈچۈن سۆزلەندى. ھەتتا بەزى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى ئۇلار ئۆزلىرى قۇراشتۇرغان. ئۇچار ئىمام ھېكايىسى مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىلگىرى بۇتساتىۋانىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاش ئۈچۈن ھىندىستاندىن ئۇچۇپ كەلگەن پالۋان ھېكايىسىگە بىر ئاز ئوخشايدۇ. ئۇچات يېزىسىدىكى ئىگەر ـ جابدۇق يېگەن كىشلەر ھەققىدىكى ھېكايە خوتەن پادىشاھلىقىنى ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتقۇزغان كىرپىدەك چوڭلۇقتىكى ئالتۇن چاشقانلارنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشايدۇ. چاشقان شاھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلار «بىر كېچە ئىچىدىلا تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى ۋە ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى ئاسانلا بىچارە قوغدانغۇچىلارغا (يىڭىلگۈچىلەرگە) ئايلاندۇرۇپ قويغانمىش».(41)

تاڭ سۇلالىسى 907 ـ يىلى يوق بولدى ۋە غەربتىكى ھۆكۈمرانلىقنى تۇتۇپ تۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن بىر مەزگىللىك مالىمانچىلىقتا شىنجاڭدىكى ئىتتىپاق تۈزۈش، ئاسىيلىق قىلىش، ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەش بەلكىم زېرىكىشلىك بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى 300 يىلدا بۇ رايون ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قاراقىتانلارنىڭ ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى گۇرخان رەھبەرلىكىدىكى ئاق قىتانلار ھاكىمىيتى، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى (ھازىرقى نىڭشىيا ئۆلكىسى) دە قۇرۇلغان غەربىي شىيا سۇلالىسى نايمان موڭغۇللىرى، چوغلۇق باشچىلىغىدىكى نىستورىيان خرىستىئانلىرى ھاكىمىيتى ئاستىدا قالدى. نىستورىيان خرىستىئانلىرى يېڭى ئىمان ئېتقان مۇسۇلمانلارنى خارلاپ، ئىماملارنى ئىماندىنياندۇرۇش ئۈچۈن مەسجىد سىرتىدىكى دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇپ قىيناپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغان. كۈچلۈكخانىنىڭ ھاكىمىيتى ئۆزىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلاردىن بىرسىنىڭ ئوغلىنىڭ قۇدەرتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىشى تۈرتكىسىدە يوق بولدى. بۇ يەردىكى «قۇدرەتلىك كۈچ» دېگەن سۆز سىلىق ـ سىپايە ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ئەسلى مەنىسى ئەڭ ئاچكۆز، ئەڭ ئۇرۇشخۇمار ۋە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن قورقۇنچلۇق ھاكىمىيەت دېگەنلىك.

12 ـ ئەسىر ئاخىرلىشاي دېگەندە يىراقتىكى ياپ ـ يېشىل يايلاقلاردا، موڭغۇللار ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار 13 ياشلىق باشلىقى تېمۇرچىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يايلاقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. 1206 ـ يىلى ھازىرقى ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئونون دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى يېنىدا بارلىق قەبىلىلەر توپلىنىپ قۇرۇلتاي ئېچىپ تېمۇرچىننى ھەممە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلاپ، چىڭگىزخان نامىدا ئاتىدى.

بەش يىل ئىچىدە چىڭگىزخان جۇڭگو سۇلالىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مانجۇرىيە بىلەن بېيجىڭنى 1215 ـ يىلى قولغا ئالدى. ئۇ كۈچلۈكخاننى قوغلاپ ئۇنى قەشقەردە مەغلۇپ قىلىپ، خوتەندە تۇتتۇۋېلىپ كاللىسىنى ئالدى. موڭغۇللارنىڭ ۋەھشىيانە تاكتىكىسى ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، بۇ مەزگىلدە ياشىغان بىر شاھىت «ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن سۆڭەكلىرى بىلەن ئاپپاق قاردا قاپلانغاندەك كۆرۈنگەن» بىر تاغنى بويلاپ ئۈچ كۈن يۈرگەنلىكىنى ئېيتقان. يەر يۈزى «ئۆيۈپ قالغان قانلاردا بولغىنىپ قارىداپ كەتكەن. بۇلارنىڭ بەتبۇي پۇرىقى بەزىلەرنى ئۆلتۈرسە، كۆپىنچىلەرنى زەھەرلەيتتى. شەھەردىكى بىر مۇنار ئاستىدا بىر دۆۋە سۆڭەكلەرنى كۆرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ موڭغۇل ئەسكەرلەرنىڭ ۋەھشىلىكىدىن قاچقاندا تۇتۇلغان يىگىرمە مىڭ مەسۇم قىزنىڭ سۆڭەكلىرى ئىكەن».(42)

بۇ يەردە موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچى توپىنىڭ يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ۋېنگرىيە بىلەن ئاۋستىرىيەگىچە ئۇزاقلىقتا بارالىغانلىقىدا قوللىنىپ كۆنۈپ كەتكەن مېتودلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر قىزىقارلىق ئىشقا دىققەت قىلىش كېرەككى، مەيلى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆلۈم ـ يېتىملەرنىڭ ھەممىسى قەتلىئام تۈپەيلى بولغان ئەمەس. موڭغۇللار چۇما كېسەللىنى ياۋرۇپاغا توشۇپ بارغان. يايلاق سۇغۇرىسىنىڭ تېرىسى ئىچىدىكى بۈرگىلەر ئارقىلىق توشۇلغان ۋابا كېسەللى، كۆچمەن چارۋىچى (موڭغۇللار) نىڭ يەرلىك كېسەللى ئىدى. ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە

موڭغۇللار كىرىمېئا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قارا دېڭىزدىكى بىر ئارال) دىكى كاففا شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ۋابا كېسىلىدە ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى شەھەر سېپىلى ئۈستىگە تاشلاپ قويغان. قورشاۋ ئىچىدە قالغان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنى كېيىن پاراخوت بىلەن ئىتالىيەگە قاچقاندا ۋابا كېسىلىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن تارقالغان ۋابا كېسىلى ياۋروپا ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا يۇققان.

شەرقىي تۈركىستان 1218 - يىلى بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما موڭغۇللارنىڭ ۋەھشىلىكىدىن ئامان قالغان ئۇيغۇر خانلار تېزلا ئەل بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ نۇرغۇنى موڭغۇل قوشۇنلىرىغا قېتىلغان. ئۇيغۇرلارنى موڭغۇللارغا تەسلىم بولدى دېگەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ مەدەنىيلىششىگە بۈيۈك تۆھپە قوشتى دېگەن تۈزۈك. موڭغۇللار ساۋاتسىز ئىدى. چىڭگىزخان ئۆز خەلقىنىڭ ئادەت ۋە قانۇنلىرى (ياسا - يۇسۇن) لىرىنى يازماقچى بولغاندا ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ سوغدى يېزىقى ئېلىپبەسىنى ئۆگەتكەن. ئوردىدا كۆپىنچە مەمۇرى ئەمەلدارلىق ۋە كاتىباتلىق خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ خۇددى ھازىرقى زاماندا پەلەستىنلىكلەرنىڭ قولتۇقتىكى ساۋاتسىز بەدىۋى قەبىلە باشلىقلىرىغا ياللىنىپ ئىشلىگەنلىكىگە ئوخشايدۇ. ئاسايىشلىق چاغلاردا موڭغۇللار سەۋر - تاقەتچان ۋە ماسلىششچان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار دىن ھەققىدە قالايمىقان بىلجىرلىمىدى. ھەمىشە دىنى ئېتىقاد پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلغاچقا غەربىي جۇڭگودىكى بۇددىستلار ۋە خرىستىئانلار ئىسلامنىڭ ساغلام ھالدا 14 - ئەسىرگە قەدەم قويىشىغا ھېچبىر پاسسىپ تەسىر كۆرسەتەلمىدى.

1271 - يىلى موڭغۇللار يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان ۋاقىتتا ئىچكىرى جۇڭگو تېخى تولۇق بويسۇندۇرۇلمىغان، يېڭى پايتەخت بېيجىڭنىڭ قۇرۇلىشى پۈتمىگەن ۋە چىڭگىزخان ئۆلگىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى. چىڭگىزخان 1227 - يىلى ئۆلدى. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى مەملىكەتنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. شەرقىي تۈركىستان بۆلىكى چاغاتايغا تەقسىملەندى. 19 - ئەسىردىكى ۋېنگىرىيەلىك ساياھەتچى ۋە ئالىم ئارمىنئوس ۋامبېرى چاغاتايىنى جاھىل بۇددىست ۋە ئۇچىغا چىققان هاراقكەش دەپ تەسۋىرلىگەن.(43) ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى تىنچلىقتا ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇ پايتەختى ئىلى ۋادىسىدىكى ئالمىلىق (ھازىرقى غۇلجىغا يېقىن) دىن تارتىپ تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى، موڭغۇلىيە، ترانسوكسىئانا (ئۆزبېكىستان) ۋە سابىق (ئىلگىرىكى) باكترىيەنى سورىغان.

چاغاتايىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈردى. 1368 - يىلى موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا چىققان يەرلىك مىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى ھاكىمىيىتىنى ئوتتۇرا جۇڭگو ئىچىدىلا چەكلەپ، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا سىرتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششقا مادارى يەتمىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ رايون ئىلى ۋادىسىدا بارگاھ قۇرۇپ، چاغاتايىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلغان، سەمەرقەنتتىن كەلگەن تۆمۈرلەڭنىڭ كونترولى ئاستىغا ئۆتتى.

يۈەن سۇلالىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى زاماندىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپى ھەققىدە قولىمىزدا كۆپ ماتېرىيال يوق. ئەمما غەربىي قەشقەرىيە ھەققىدىكى تۈركچە تارىخلار بىزگە شۇنى ئېيتتىكى، كېيىنكى 400 يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا بوستانلىقتىكى دېھقانلار شاھزادىلەرنىڭ ئۆز ئارا تەخت تالىششى تۈپەيلى كېلىپ چىققان جېدەل - ماجىرالىرىدا ئېچىنىشلىق كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان. ۋارىسلار تەخت تالىشىپ ئۇرۇشقان، خوتۇن - قىزلار سوۋغات قىلىنغان. ئىتتىپاق تۈزۈش بىلەن ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاشلا كاللا كېسىش بىلەن ئاخىرلاشقان. تۇنجى ھۆكۈمرانلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن موڭغۇل خانىنىڭ ۋارىسلىرى ئىدى. كېيىن غەربىي تۈركىستاندىن ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىغان غوجىلار كەلگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى مۇھەممەدخان (1418 - 1408) ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سەللە يۆگىشىگە شۇ قەدەر ئۆچ ئىكەنكى، دېھقانلارنىڭ يۆگىشنى چەكلىگەن. خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ بېشىغا تەلپەكنى ئاتىنىڭ تاقىسى بىلەن قوشۇپ مىخلاپ قويغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ھەر زامان نەشە چېكىپ سەرخۇش يۈرگەنلىكى ئۈچۈن «بەڭگى» لەقىمىنى ئالغان پىر مۇھەممەد. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ۋەھشىسى 1460- يىلى قەشقەرنى ئالغان، ئەمما يەركەنتنى پايتەخت قىلغان ئەبۇ بەكرى، ئۇ گەرچە تەقۋادار قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما بىر ئائىلە ئىچىدىكى بىرەيلەن گۇناھ قىلسا، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پۇتىنى كېسەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ مىڭلارچە كىشىنىڭ پۇتىنى كەسكەن. ئۇنىڭ ۋەھشىلىكىگە شاھىت بولغان گېنېراللىرىدىن بىرى مىرزا ھەيدەرنىڭ ئائىلىسىنى زىندانغا تاشلىغان. بىر ئۆكسىنى 15 يېشىغا كىرگۈچە ھەرەمگە

قامغاندىن كېيىن «ھۆجرىسىنىڭ تېمىغا نىقتاپ، قورسىقىغا تۆمۈر بادرا تىقىپ، ئۆلۈپ سېسىپ كەتكۈچە تاشلاپ قويغان» لىقىنى مىرزا ھەيدەر سۆزلىگەن.(44) ۋەھشى ۋە ئاچكۆز ئەبۇ بەكرى زەنجىر ـ كىشەنلەردە بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ئەر ـ ئايال مەھبۇسلاردىن قۇملۇقتىكى شەھەر خارابىسىدىن كۆمۈلۈپ قالغان بايلىقلارنى قازدۇرۇپ پايدىلانغان. ئۇ تىبەت ئېگىزلىكىدە كېتىۋاتقاندا يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ ئۆتكەن. مەنسۇرخان (ئۆلۈمى 1542- يىل) ئاز ئۇچرايدىغان ئىخلاسمەن ۋە تەقۋادار مۇسۇلمان پادىشاھ ئىدى. مەنسۇرخان قۇرئان قىرائىتى ئۈچۈن بىر ئاخۇنۇم چاقىرغان. بۇ ئاخۇنۇمنىڭ گەرچە ئاۋازى سۈزۈك، تەلەپپۇزى توغرا ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يۈكسەك بولسىمۇ، ئەمما «كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز، خۇيى ناچار ۋە يىرگىنىشلىك ئادىتى بار» ئىدى. ياساۋۇللار ئۇنىڭ «بىر كالا بىلەن ناشايان ئىش قىلغان» لىقىنى شىكايەت قىلىپ، ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغاندا، خان ئۇنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ كىشىنى ئېلىپ قېلىپ قۇرئان ئوقۇشنى ۋە كالىغا يېقىنلاشماسلىقنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان.(45)

1560 ـ يىلىدىن باشلاپ قەشقەرىيەدە ئاسايىشلىق بولدى. شەرقتە قۇمۇلدىن باشلاپ پەرغانە ئويمانلىقىدىكى ئەنجانغا قەدەر ئۇزۇنلۇقتىكى يوللاردا يولچىلار مەھرەمسىز سەپەر قىلالايتتى ۋە «يولدىكى ھەر دوقمۇشتا مېھمانساراي تاپالايتتى». ئەمما چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتايخان ئۆلگەندىن كېيىنكى تەخت ۋارىسلىرى كۆپ پاراكەندىچىلىك چىقاردى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق غوجىلار ئۇرۇشى باشلاندى. بۇلارنىڭ جېدىلىنىڭ تۈگۈنى شۇكى، ھەر ئىككى مەزھەپتىكىلەر ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ ئاتايتتى. ھەقىقەتەن بىر ئادەمنىڭ بالىلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئانىسى باشقا ـ باشقا ئىدى.[1] يۈز يىلغا يېقىن سوزۇلغان جەڭگى ـ جېدەل داۋام قىلغان. بۇ جېدەلنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شۇ قەدەر قانلىق بەدەل تۆلەندىكى، قەشقەرىيە خەلقى يولقۇنۇپ چىقىشقا ھېچ كۈچى يەتمەيدىغان دەرىجىدە ياتلارغا مەھكۇم بولدى.

بۇندىن مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاقىت، يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان سەھنىسىدە تەلتۆكۈس يوقالغان جۇڭگولۇقلار چاقىرىپ كېلىندى. گەرچە بۇ يەردە جۇڭگولۇقلارغا قارشى توختىماستىن قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇلار تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يىراق غەربتە قايتا دەسسەپ تۇرماقتا.

يېڭى خاقانلار جۇڭگولۇق خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى مانجۇلار تۇنجى قېتىم بويسۇندۇرغان ۋە كېيىن مانجۇرىيە دەپ ئاتالغان جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى بىر ئۆلكىدىن كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەت مانجۇلاردىن ئىدى. بىر قېتىم پۈتۈن شەرقىي شىمالنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن 1644 ـ يىلى مانجۇلار بېيجىڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە يېڭى سۇلالە — چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. كېيىنكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەكسىچە، مانجۇلار ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇر قوشۇنىنىڭ بايراقدارلىرى ھاياتى كۈچى تولۇپ تاشقان، يىراقلارغا نەزەر سالىدىغان كېڭەيمىچى ۋە ئۆزىدىن 400 يىل بۇرۇن جۇڭگونى بويسۇندۇرغان موڭغۇل قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ۋەھشى، رەھىمسىز ئىدى.

كاڭشى خان بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇب ۋە غەربتىكى ئوردا ـ سارايلىرىنى ئاساسلىقى موڭغۇل رىقابەتچىلىرىگە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك سالدۇردى. بۇ رىقابەتچىلىرى ئىچىدە 1676 ـ يىلى غالداننىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان جۇڭغارلار ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا ياشايدىغان بۇددىستلار بار ئىدى. غالدان يالغۇز تارىم ئويمانلىقى بىلەن موڭغۇلىيەنى بويسۇندۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جۇڭگونى بېسىۋېلىشنى نىيەت قىلغان كۈندىن باشلاپ، بىر توقۇنۇشنىڭ بولىشى مۇقەررەرلەشكەن ئىدى.

غالدان قوشۇنلىرى شەرققە قاراپ ئۇرۇش ئېچىپ ماڭغاندا، مانجۇ قوشۇنلىرى ياردەمگە مۇھتاج بولدى. كاڭشى خان ئەسكەرلىرىنى بايقال كۆلىنىڭ قىرغاقلىرىغا قەدەر ئەۋەتتى. بۇ يەردە ئۇلار غالدان قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشتى ۋە 1690 ـ يىلى ئۇنى سۈيقەستچىلەر تەييارلىغان زەمبىرەك ياردىمىدە مەغلۇپ قىلدى. غالداننىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشقا مانجۇرىيە خانى يوڭجېڭنىڭ تەختىگە ئىزباسار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، شەنشى ۋە سىچۈەننىڭ ھەربىي ئەمەلدارى گېنېرال يۆجۇڭچى قوماندانلىق قىلدى. گەرچە گېنېرال يۆجۇڭچى تۇرپانلىق ئۇيغۇر ۋاڭى (پادىشاھى) نى ئەل

[1] بەلكى باشقا ـ باشقا ئوغۇللار بولىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بۇۋىسى مەختۇم ئەزەم 15- ئەسىردە بۇخارادىن قەشقەرگە كەلگەن نەقشىبەندى تەرىقىتىگە تەۋە سوپى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمران چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرى ئۇنى قىزغىن كۈتىۋېلىپ ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتكەن.

بولۇشقا قايىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇرۇشتا ئېغىر تالاپەت كۆردى. ئۇرۇش چىقىمى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ئۆلكىلەر خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئېغىر يۈك بولۇپ چۈشتى.[1] ئېغىر باج - سېلىق تۈپەيلى ئاياللار پاھىشە قىلىشقا مەجبۇرلاندى، ئاچارچىلىق تۈپەيلى، ئۇلار تاغلارنى ماكان قىلىپ قاراقچى - باندىت بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋەھشى ۋە كۈچلۈكلۈكتە داڭقى چىققان يۈنۋ (قاشتېشى ئايال) زىيۈن (سۇسۇنرەڭ بولۇت) ئىسىملىك ئاياللار بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلار پۇتلىرى تېڭىغلىق بولسىمۇ چوڭقۇر ھاڭلاردىن سەكرەپ ئۆتەلەيدىغان ۋە چېپىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىگە چاققانلىق بىلەن مىنەلەيدىغان چامباشچى باندىتلار ئىكەن.(46)

غالداننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن 1715 - يىلى ئۇنىڭ جىيەنى جۇڭگو بىلەن چېگرىداش قومۇل بوستانلىقىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇندى. مانجۇلارمۇ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. جۇڭغار ئويمانلىقىغا ئەۋەتىلگەن قوشۇن بۈگۈنكى ئۈرۈمچىگە يېقىن يەردە موڭغۇللارنى يەڭدى. 1724 - يىلى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. ئەمما بۇ كېلىشىم ساقلانغىلى بولمايدىغان ھوقۇق تالىشىش ماجىراسى تۈپەيلى بۇزۇلدى. ئامۇرسانا ئىسىملىك بىر مۇھىم رىقابەتچى جۇڭگولۇق مانجۇلارغا ئەگەر ئۇلار غالداننىڭ تەختىنى ئۆزىگە بېرىشكە ماقۇل بولسا، جۇڭغارىيەنىڭ مانجۇلارغا بويسۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. چيەنلۇڭ خان ئامۇرسانانىڭ تەلىۋىنى ئۇرۇنلاش ئۈچۈن سەر خىل قوشۇنلىرىنى ھەممە تەرەپتىن ئىلى ۋادىسىدىكى غۇلجىغا يولغا سالدى. مەككار ئامۇرسانا تەختكە ئولتۇرىۋالغاندىن كېيىنلا بەگلىك ئورنىدىن قانائەت ھاسىل قىلماي، خانغا قارشى چىقتى ۋە تۇتۇلۇپ بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ ماڭغاندا قېچىپ جۇڭغارىيەگە قايتىپ كەلدى ۋە 1757 - يىلى قوزغىلاڭ باشلىدى.

مانجۇلار ئىنتايىن ۋەھشى ئىنتىقام ئالدى. تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، جۇڭغارلار تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. تارىخشۇناسلارنىڭ ھېسابلىشىچە، بىر مىليون كىشى قەتلى قىلىنغان ۋە يەرلەر ئادەمسىز چۆلدەرەپ قاقاسلىشىپ كەتكەن. مانجۇ قوشۇنى تەڭرى تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاق تاغلىق غوجىلار بىلەن قارا تاغلىق غوجىلار كەسكىن ئۇرۇش قىلىۋاتقان تارىمغا كېلىپ، 1759 - يىلى بۇ يەرنى كونترول ئاستىغا ئالغان.

شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو ھاكىمىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ غەلىبىسى مەركىزى ئاسىيادىكى بارلىق مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش ساداسى بەردى. بۇ ھۆكۈمدارلار ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ قالغان جۇڭگونى خاتىرجەمسىزلىك بىلەن ئېتىراپ قىلدى. ھەتتا قەشقەرنىڭ ئۈستىدىكى تاغلاردا ياشايدىغان ئۇرۇشقاق قىرغىزلارمۇ قورقۇپ ئەل بولدى. تالاس ئۇرۇشىدا تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارنى بۇ يەردىن قوغلاپ يۇغۇشتۇرىۋەتكەنلىكىگە پەقەتلا مىڭ يىل ۋاقىت بولغان ئىدى.

گەرچە قۇدرەتلىك بىر دۆلەت بولۇش ئۈچۈن 200 يىل ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، جۇڭگو ھەر ھالدا چيەنلۇڭ خاننىڭ زامانىدا بۇ ھالەتكە كېلەلىدى. زېمىنى تارىختىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىن بەك كېڭەيدى. بەلكى كەلگۈسىدىمۇ بۇنچىلىك بولالماس. (47) بەزىدە تەئەججۈپ بىلەن شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ، ئەگەر غالدان ئازراق ئاچكۆزلۈك قىلغان، قەشقەردىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشمىغان بولسا، يىراق غەربتىكى خەلقلەر مۇستەقىللىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنى بۈگۈنگە قەدەر ساقلاپ قالالىغان بولاتتى. ئاقىۋەتتە ئىلگىرى جۇڭگولۇقلار خۇيجياڭ (مۇسۇلمان توپرىقى) دەپ ئاتىغان بۇ زېمىن ئەھۋالىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھالدا شىنجاڭ، يەنى مەنىسى «يېڭى زېمىن»، «يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر» دېگەن نامدا ئاتالماقتا.

ئىزاھاتلار

(1) گلوپ: «ساسلىق خەلقى»
(2) تۇقۇلما كىيىم - كېچەك توغرىسىدىكى مۇنازىرە ھەققىدە باربەر يازغان «ئۈرۈمچىنىڭ مومىيالىرى» غا قاراڭ.
(3) ماللورىي ۋە مائىر: «تارىمدىكى مومىيالار»
(4) جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى قانداق تاپقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن ۋېي جۇشيەن 1933 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بىر نەزەرىيە. دىكۆتتېر: «ئىرق ھەققىدە بايان» 132 - بەت.
(5) دىكۆتتېر: «ئىرق ھەققىدە بايان» 134 - بەت.

[1] كومپارتىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇر خاننىڭ جۇڭگوغا سادىقلىقىنى تۈرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارىغا تۆھپىسىنى خاتىرىلەپ يېزىپ قويغان.

(6) دىكۆتتېر: «ئىرق ھەققىدە بايان» 6 - بەت.
(7) سپېنس: «ئاسىيلىق» 169 - بەت.
(8) بائۇمېر: «يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى» 28 - بەت.
(9) فورسىس: «يەركەنتتىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتىدىن دوكلات» 61 - بەت.
(10) خان: «شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمىي ئادەم ئىسكىلىتلىرى ھەققىدە تەتقىقات»
(11) ماللورىي ۋە مائىر: «تارىمدىكى موميالار» 251 - بەت.
(12) سىنور: «تۈرك ئىمپىرىيىسى»
(13) روبېرت ئا. رورەكس بىلەن ۋېن فۇڭنىڭ تەرجىمىلىرى. نيۇيۇرك شەھەرلىك مۇزېيىدا ساقلانغان.
(14) ئەبەر ھارد: «جۇڭگو تارىخى» 85 - 100 - بەتلەر.
(15) سچافېر: «جۇڭگودا موڭغۇل سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۆگىلەر» 176 - بەت. «شى چى»: 1230268
مىرسكىي: «ئاۋرېل ستەين ئەپەندى» 369 - بەت.
(16) بائۇمېر: «يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى» 37 - بەت.
(17) ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگوشۇناس پروفېسسورى دىيۇبس 1955 - يىلى جۇڭگوغا بېرىپ سۆزلىگەن نۇتقىدا ئۆزىنىڭ نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ پىكرىچە، لى جىيەن «ئالېكساندىرىيە» نىڭ بىر خارابىسىدۇر. جۇڭگولۇقلار بۇ ئىسمىنى ئالېكساندىرىيەلىك سېھىرگەرلەردىن ئالغان. سېھىرگەرلەرگە ئۇنى پارسىيانلار بەرگەن. بۇ سېھىرگەرلەر رۇم ئىمپېرىيىسى ئىچىدىن كەلگەن. ئەمما ئۇلار بۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر ئىسىم قويمىغان.
(18) دىيۇبس: «بىر رۇم شەھىرى» 15 - بەت.
(19) سمارت: «دۇنيا دىنلىرى» 124 - بەت.
(20) ستەين: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» 7- 396 - بەتلەر.
(21) بائۇمېر: «يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى» 3 – 4 - بەتلەر.
(22) تسېرىنگ : «Spang rgyan me tog»
(23) سىنور: «تۈرك ئىمپېرىيىسى» 285 - بەت.
(24) سوئۇسەك: «ئىچكىرى ئاسىيا تارىخى» 91 - بەت.
(25) سىنور: «تۈرك ئىمپېرىيىسى» 297 - بەت.
(26) سىنور: «تۈرك ئىمپېرىيىسى»307- بەت.
(27) سىنور: «تۈرك ئىمپېرىيىسى» 310 - بەت.
(28) سوئۇسەك: «ئىچكىرى ئاسىيا تارىخى» 55- بەت.
(29) مىسال ئۈچۈن پېتېرب. گولدېن «قاراخانىلار»، «دەسلەپكى دەۋردىكى ئىچكى ئاسىيا تارىخى» كامبېرىج.
(30) جېرنېت: «جۇڭگو مەدەنىيىتى تارىخى» 132 - بەت.
(31) مورىياسۇ: «دۇنخۇاڭ ئۇيغۇرلىرى» 39 - بەت.
(32) گلادنېي: «ئۇيغۇر ئىرقى» 7 - بەت.
(33) ماككېرراس: «ئۇيغۇرلار» 330 - بەتلەر.
(34) ماككېرراس: «ئۇيغۇرلار» 335 - بەت.
(35) مانى دىنى ۋە نېستورىيان دىنى ھەققىدىكى بايانلار ئۈچۈن فولتز يازغان «يىپەك يولىدىكى دىنلەر» گە قاراڭ.
(36) ماككېرراس: «ئۇيغۇرلار» 20 – 319 – بەتلەر.
(37) ماككېرراس: «ئۇيغۇرلار» 342 - بەت.
(38) لى كوك: «قۇمغا كۆمۈلگەن بايلىقلار» 21 - بەت.
(39) ژولئەن: «بىر قېتىملىق سەپەر مۇناسىۋىتى» 50 – 66 - بەت.
(40) ساتۇق بۇغرا خان ھەققىدىكى ھېكايىنى تاكىر بۇغراخان سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئاندىن 1873 - يىلى قەشقەرىيەگە سەپەر قىلغان بىر ئىنگلىز ھەربىي دوختۇر ھېنرىي ۋالتېر تەرىپىدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان.
(41) ستەين: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» 195 - بەت. بۇ چاشقانلار سۇغۇر بولىشى مۇمكىن.
(42) بېللېۋ: «قەشقەرىيە تارىخى» 5 – 34 - بەتلەر. «Tabcati Nasiri» نىڭ يازغۇچىسى گۇۋاچىنى بىلىدىكەن.

(43) ۋامبېري: «بۇخارا تارىخى» 142 - بەت.
(44) بېللېۋ: «قەشقەرىيە تارىخى» 63 - بەت.
(45) بېللېۋ: «قەشقەرىيە تارىخى» 59 - بەت.
(46) سېپېنس : «ئاسىيا» دا غەربىي يۇرتتىكىلەر چېداپ سەۋر قىلغان مۇشكۇلاتلارنى تەسۋىرلىگەن. بۇ 1720 - يىلى پادىشاھ يوڭجىڭغا قەست قىلىش ۋەقەسىنى بايان قىلغان بىر ھېكايە ئىدى.
(47) جېرنېت: «جۇڭگو مەدەنىيىتى تارىخى» 482 - بەت. 9 مىليون 740 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىر زېمىنى بار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا جۇڭگو مانجۇ پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىنىڭ 13 مىليون كۇۋادرات كىلومېتىر بولغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

# ئۈچىنچى باب توقال ئىپارخان

چيەنلۇڭ خان شىنجاڭنى بويسۇندۇرغاندا ئالغان غەنىمەتلەر ئارىسىدا ئىپارخان ئىسىملىك بىر قىز بار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھېچقانداق ئۇپىيا، ئەتىر ئىشلەتمىسىمۇ بەدىنى خۇشبۇي پۇراپ تۇرىدىغان بىر قەشقەر گۈزىلى ئىكەن. چيەنلۇڭ ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدىكى داڭقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ خاس ھەرىمىگە ئەكېلىش ئۈچۈن گېنېرالىغا بۇيرۇق بەرگەن. ئۇ چيەنلۇڭ قوشۇنىغا قارشى چىققان قەشقەردىكى بىر مۇسۇلمان باشلىق ئېرى (ياكى دادىسى بولۇشى مۇمكىن) دىن ئوغۇرلىنىپ، قىممەتلىك بىر فارفۇر بۇيۇم كەبى يۆگىلىپ، تەخترىۋاۋانغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئۇزاق يول يۈرۈپ بېيجىڭغا كەلگەن. يولدا ئۇنىڭ خۇشبۇي بەدىنى ھەر كۈنى تۆگە سۈتى بىلەن يۇيۇلۇپ، سېرىق ماي سۈرتۈلگەن. ئۇ پايتەختكە كەلگەندە خان ئۇنى كۆرۈپ ئەقىل - ھۇشىنى يوقاتقان. ئۇنىڭغا شياڭ فېي دەپ ئىسىم قويۇلغان. بۇنىڭدىن «توقال ئىپارخان» ھېكايىسى ئەتراپقا تارقالغان.

ئىپارخان ھېكايىسى جۇڭگودا كۆپ كىشىلەرگە تونۇشلۇق. رىستورانلارغا ئۇنىڭ ئىسمى بېرىلگەن. ئۇنىڭ ھەققىدە سىنارىيەلەر، فىلىملەر ۋە كىتابلار يېزىلغان. ئۇنىڭ نامى 1989 - يىلىدىكى تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسىنىڭ رەھبىرى، مەركىزى ئاسىيانىڭ سىرتىدىكى ئەڭ تونۇلغان ئۇيغۇر ئۆركەشنىڭ ئىسمىدىن كېيىن تۇرىدۇ.(1) ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ مانجۇچە ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيىپ 18 - ئەسىردە بېيجىڭدا رەسمى سىزىلغان بىر ياش ئايال ئىكەن. يەرلىك ئۇيغۇر رەسساملار بۇ رەسىمنى كۆچۈرۈپ سىزىپ، قەشقەردىكى ئاپپاق غوجا (بۇ كىشى بەلكىم ئىپارخاننىڭ چوڭ دادىسىنىڭ بىر تۇققىنى بولۇشى مۇمكىن) مازىرىدا ساتماقتا. ئىپارخان بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان دېگەن گەپ تارقالغاندىن كېيىن بۇ مازارلىق كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان يەرگە ئايلانغان. ھازىر بۇنىڭ يالغانلىقى ئىسپاتلاندى.

ئىپارخان ئايال قەھرىمانغا ئوخشايدىغان بىر سىمۋولغا ئايلانغان. ئەمما خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئۇ بىر نەرسىنىڭ سىمۋولى، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بولسا باشقا بىر نەرسىنىڭ ئىپارخان بىلەن چيەنلۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى، يەنى كېنىزەك بىلەن خوجايىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئائىت ئاشكارىلانغان قارىمۇ قارشى بايانلار ھازىر قىزغىن بەس - مۇنازىرە ئۈستىدىدۇر. بۇ بىزگە شىنجاڭ بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەنگلىيەلىك دىن تارقاتقۇچى مىلىرېدكابلې 1930 - يىلى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن بايانغا ئاساسلانغاندا، چيەنلۇڭ خان ئوردىدا ئىپارخانغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئۆي ۋە سەيلى قىلىشى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك بىر باغچا ئىنئام قىلغان. ئەمما ئىپارخان ئائىلىسىنى ئىنتايىن بەك سېغىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەشەمەتلىك نەرسىلەر بىلەن خۇشى يوق ھالدا كۆڭلىرى يىغلاش، قاخشاش بىلەن ئۆتكەن. خان ئۇنىڭغا مەھەللىسىنى خاتىرىلىتىدىغان كىچىك تېپتىكى بوستانلىق بىنا قىلىپ بەرگەن. ئەمما ئۇنىڭ يىغىسى توختىمىغان. خان ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ ھىدىنى ئېلىشى ئۈچۈن ئىپارخاننىڭ ھۇجرىسىنىڭ دەرىزىسىدىن قاراپ مۇنارىنى كۆرگىلى بىر مەسجىد ۋە سېپىل تېشىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان بىر مۇسۇلمانلار بازىرىنى ئېھيا قىلغان. ئۇ يەنىلا تىنچلانمىغان. خان ئىپارخاننىڭ باغچىسىدا مۇنارغا چىقىپ غەربكە نەزەر سېلىشى ئۈچۈن بىر راۋاق ياساتقان. ئەمما پايدىسى بولمىغان. خان: «ئەمدى نېمە قىلاي؟» دەپ سورىغان. ئىپارخان: «مەن ياپراقلىرى كۈمۈش، مېۋىسى ئالتۇن بىر دەرەخنىڭ خۇش ھىدىگە تەشنا» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەرنى قەشقەرگە بېرىپ غازىڭى كۈمۈشرەك، مېۋىسى ئالتۇنرەك جىگدە دەرىخىنى تېپىپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا خاننىڭ بۇ توقلى غەلىۋە قىلمايدىغان بولغان.(2)

ۋىكتورىيە ئىپارخاننىڭ ھېكايىسىنى جورجى كارتېر ستېنت يازغان «ئەسىرگە چۈشكەن غۇنچە قىز»ناملىق شېئىرنى ئوقىغاندىن كېيىن بىلگەن[1].

ئامېرىكىلىق مۇخبىر هاررسون سالىس بورى «گۇگۇڭ سارىيى» نىڭ جەنۇب دوقمۇشىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان سېغىنىش مۇنارى يېنىدىكى ئىپارخاننىڭ ھوجرىسىنى ئىزلىگەن. مۇنارغا كىرگىلى بولىدىغان بىردىنبىر ئىشىك ئۆز پېتى

---

(1) 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگوغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن ستېنت خاننىڭ ھەرەم خادىملىرى (ئاغۋات) لىرىنى تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىس دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ ماقالىسىدا ئەينى چاغدا ئوردىدا 2000 نەپەر ئاختا قىلىنغان ئاغۋات بارلىقى ۋە جۇڭگولۇق تارىخچىلار ئاشكارىلاشقا خىجىل بولىدىغان ئوبېكتىپ تەپسىلاتلار يېزىلغان.

ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا جۇمھۇرىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى جۇڭگو ئىشىكى دەپ باشقا ئىسىم قويۇلغان. 1972 - يىلى سالىس بورى ئىككى نەپەر ئەسكەرنىڭ ئىشىك يېنىدا پوستا تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلغان ۋە بۇ ئىشىك ئارقىلىق جۇڭنەنخەيگە تۇتاش ماۋزېدۇڭنىڭ شەخسىي قورۇسىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى، غەيرى مەدەنىيەت ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەر، كۆلچەكلەرنىڭ «گۇگۇڭ سارىيى» يېنىدا ئىكەنلىكى، بۇ يەردە جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى بىلگەن. بۇ ئىشىك ئارقىلىق 1989 - يىلى ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلغاندا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنغان ئىشىكتىن چىققىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھېكايىنىڭ يەنە باشقا بىر تەرىپىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئىپارخاننىڭ «گۇگۇڭ سارىيى»دىكى ھۇجرىسىدا مەڭگۈ تۇرغانلىقىنى، كىيىمىنىڭ يېڭى ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان كىچىك خەنجىرى بىلەن خاننى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرمىغانلىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ. بىر قېتىم قىش پەسلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چيەنلۇڭ بۇتخانىدىكى مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ خانىش ئانىسى ئىپارخاننى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر ئۇ بويسۇنمىسا ئۇنى «ئۆلۈمنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرىدىغان» لىقىنى ئېيتىپ، ئىپارخاننى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇرلىغان. ئىپارخان شەرەپسىز ھاياتنى ئەمەس، ئۆلۈمنى تاللىغان، ھالقىلىق پەيتتە تېز يۈرۈپ ئوردىغا كەلگەن خان ھۇجرا ئىشىكىنىڭ قولۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى، ھاياتىدىكى سۆيگىنىنىڭ ئىككى نەپەر كېنىزەك تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن.(3)

ئىپارخان ھېكايىسىنىڭ چۈشىنىكسىز يېرى شۇكى، خاننىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر توقلىنىڭ غەربتىن كەلگەنلىكى راست، ئىپارخان (رۇڭ فېي) ئاتىلىپ يۈكسەك ماقامغا يەتكەندە، 1760 - يىل ھەرەمگە تاللانغاندا، ئۇ 35 ياش ئىمىش. جېسۇيت كاستىگلىئون رەسىمىنى سىزغان ئايال ئۇ ياكى باشقىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ رەسىم 1914 - يىلى خان ئوردىسىنىڭ يودى تاڭ كىيىم ئالماشتۇرۇش زالىدا كۆرگەزمە قىلىنىپ زىلزىلە قوزغىغان ۋە ئىپارخان ھېكايىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭرى تارقىلىشىغا تۈرتكە بولغان. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى ئەربابلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىپارخان كېسەل سەۋەبى بىلەن 1788 - يىلى 55 يېشىدا ئۆلگەن ۋە بېيجىڭنىڭ جەنۇبىدىكى خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

ئىپارخاننىڭ خان ئوردىسىغا كەلتۈرۈلۈشى جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزلىرى ئىلگىرى خەن ۋە تاڭ سۇلالىسى زامانىدا ئىككى قېتىم بويسۇندۇرغان، ئەمما ھېچقاچان ھەقىقى كونترول قىلىپ باقمىغان غەربىي رايون بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ سىمۋولى. ئىپارخان چېگرا سىرتى غەربىي رايوندىكى ياۋايى، سىرلىق غەربلىكلەر، يەنى ئاخىردا يۈكسەك مەدەنىيەتكە لايىق بولغان قالاق كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى. بۇ ھېكايە پەقەت 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭ سۇلالىسى ئاخىرلىشىپ، جۇڭگو ئۆزىنىڭ غەربتىكى مۇتلەق ھوقۇقىنى ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىپارخاننى ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللانغان چاغدا ئاندىن ئاۋامنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. سۇلالە يىقىلغاندا، ئىپارخان (ياكى روڭ فېي) چىرىك فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئېكسپىلاتاتسىيەگە ئۇچراپ، ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان ئاتىلىپ يېڭى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەلۋەتتە بۇ 1949 - يىلىدىن كېيىن كومپارتىيەنىڭ سىياسىي تەشۋىقاتچىلىرى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئىدى.(4)

بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ھېكايىسى خىلمۇ خىل مەنالارنى چۈشەندۈرمەكتە. ئەمما ئىپارخاننىڭ قانداق تەسۋىرلەنگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزگە نىسبەتەن ئىپارخان بېيجىڭ بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەتەرلىك ئىككى بىسلىق مۇناسىۋەتنى گۈزەل ھالدا شەرھلەپ بەردى. چۈنكى بۇ ئۆلكە جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگوچە ئەمەس، «ئاپتونوم رايون» دا ئاپتونومىيە يوق. بۇ يۇرتنىڭ خەلقلىرى جۇڭگولۇق دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز مۇسۇلمان تۈرك يەنى ئۇيغۇر دەيدۇ.

1759 - يىلى چيەنلۇڭ يالغۇز جۇڭغارىيە ۋە تارىم ئويمانلىقىنىلا ئىگەللەپ قالماستىن، بەلكى تىبەت، بۈگۈنكى موڭغۇلىيە ۋە تەيۋەنگىمۇ خوجايىن بولدى. ئۇ ئەجدادى كاڭشى خاننىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ جۇڭگو چېگرىسىنى يايلاقلاردىن ھالقىتىپ، غەربىي شىمالدا بالقاش كۆلى قىرغاقلىرىغا كېلىپ، ئوتتۇرىدا بايقال كۆلىگە يېقىنلاشتى. شەرقىي شىمالدا ئامۇر دەرياسى تەرەپكىچە كەلدى. 1769 - يىلى بىرما بويسۇندۇرۇلدى. تىبەتكە ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن 1790 - يىلى نېپال ئىشغال قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە قوشۇنى بىلەن يۈزمۇ يۈز قارشىپ تۇردى.

چىڭ ئىستىبلاسىنىڭ مەنتىقىسى ئاساسەن ستراتىگىيەلىك پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىشتەك كۆرۈنەتتى. ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى مانجۇرىيەنى قوغداش ئۈچۈن چىيەنلۇڭ مانجۇلارنى باستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شەرقتىكى موڭغۇللارنى زۇڭغار چىقارغۇزماسلىق ئۈچۈن، غەربتىكى موڭغۇللارنى جايلاش كېرەك. بۇ دېگەنلىك جۇڭغارىيە بىلەن تارىمنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن تىبەت بويسۇندۇرۇلىشى لازىم. بۇ ئۇرۇش ماددى مەقسەت ئۈچۈن قىلىنمىغان. ئەينى زاماندا شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرى تېخى بايقالمىغان. جۇڭگو بىلەنمۇ ئىنتايىن ئاز سودا قىلاتتى. سودا - سېتىق ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان ۋە رۇسىيە بىلەن قىلاتتى. شىنجاڭنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسلىق پايدىسى شۇكى، جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان تاجاۋۇزچى بۇ بىپايان قاقاس زېمىندىن كېسىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى ۋە بۇ يەرگە ئەسكەرلەرگە قوشۇمچە ياردەم يەتكۈزۈپ بېرىش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. ئۇنداق بولمايدىكەن، دۈشمەن ئۇدۇل جۇڭگوغا كېلىدۇ.(5) يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ يەنە بىر قېتىم مۇتەئەسسىپ ئاسارەتنىڭ قۇللۇقىغا چۈشتى. ئەمما بۇ قېتىم بۇ نادانلىق ئاسارىتى جۇڭگولۇق ئىجارىكەشلەرنىڭ تۈرتكىسىدە بولدى. تارىخىي مەۋقەدە تۇرۇپ ئېيتقاندا، «جۇڭگو» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى تازا ئېنىق ئەمەس. غەربىي رايون ۋە باشقا چېگرا رايونلارنى بويسۇندۇرغان مانجۇ ئىستىبلاسى، چىڭ خاندانلىقىدىن ئۆزگەرگەن خەنزۇ مىللىي دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.(6)

جۇڭغارىيە بىلەن تارىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەجبۇرى بويسۇندۇرۇلغان بۇ زېمىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئىككىگە ئايرىلىپ بېيلۇ (شىمالىي يول)، نەنلۇ (جەنۇبىي يول) دەپ يېڭى ئىسىم قويۇلدى. ھالبۇكى، ئەسىرلەردىن بىرى شىنجاڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە خۇيجياڭ، يەنى (مۇسۇلمانلار يۇرتى) دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە مۇستەملىكىلىكىنى خاتىرىلاتقانلارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ تۈركىي خەلقلەرنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك ئۈچۈن دېيىلگەن گەپ بولۇشى مۇمكىن. 1884 - يىلى بۇ رايون جۇڭگوغا قوشۇۋېتىلىپ ئۆلكە قىلىنغاندا ئاندىن كونا ئىسمى چۈشۈپ قالغان.

ھۆكۈمەت ئەسكىرىي ئىشلارغا ئارىلاشقان، ئەمما مانجۇلارنىڭ سىياسىتىگە ئاساسلىنىپ، بۇ رايون جۇڭگوغا پۈتۈنلەي قوشۇۋېتىلمىگەن ۋە خەنزۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان ئىدى. مانجۇلارنىڭ باشقا مۇستەملىكىلىرىگە ئوخشاش، بۇ «يېڭى زېمىن» مۇ ئالاھىدە چوڭ ئاپتونومىيەدىن بەھرىمەن بولغان ئىدى. باش ئەمەلدار غۇلجىغا ئورۇنلاشقان. موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان يېقىنقى رايونلارغا، ئۈرۈمچى بىلەن يەكەنگە مۇئاۋىن ئەمەلدار تەيىنلەنگەن. قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىدىغانلار قالمىدى ۋە زور كۆپ ساندىكى يەرلىك ھۆكۈمەتتە ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن يەرلىك بەگلەر ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ يىلىكىنى شوراش بەدىلىگە بايلىق توپلىدى. نارازى چېرىكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەر يەرگە تەكرار - تەكرار ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇجايىن مىللەتلىك ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈردى. خۇددى كېيىن كومپارتىيە ئۆزىگە نىسبەتەن سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك، ئەمما تېخنىكا جەھەتتىن قابىلىيەتسىز كومىسسارلىرىنى ھەر خىل زاۋۇت، كان - كارخانا، ھەربىي قىسىم ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندەكلا، پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىدە، مانجۇلار ئۆز ئادەملىرىنى ياخشى تەربىيە كۆرگەن خەنزۇ مەمۇرلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى.

ئىلى ۋادىسىدا بىنا قىلىنغان قورغان ئىچىدە قىلىپ قالغان يەتتە مىڭ مۇسۇلمان ئائىلە ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ ھەقىقى يانچىلىق تۈزۈمگە چۈشۈرۈلدى. جۇڭغارىيەدىكى قاقاسلىققا ئايلانغان يەرلەرگە گەنسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن ئاققۇنلار يەرلەشتۈرۈلدى. ئىلگىرى بۇ يەردە ياشىغان، ئەمما كېيىن ۋولگا رايونىغا كۆچۈپ كەتكەن موڭغۇللار قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىندى. ئۇلار قايتىپ كەلمەكچى بولغاندا، نۇرغۇننى رۇسلار ۋە قازاقلار ئۆلتۈرىۋەتكەن، ئەمما 70 مىڭغا يېقىن كىشى ئىلىغا قايتىپ كەلگەن.

گەرچە مانجۇلار ئۆزلىرىنى خۇجايىن مىللەت دەپ قارىسىمۇ، ئەمما خەنزۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىسىز ياۋايى سانىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرىگە يالىنىپ ئىشلىگەن خەنزۇلارغا قارىغاندا بىلىم جەھەتتىن تۆۋەن ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ «ياۋايى» مۇسۇلمانلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنتايىن مۇلايىم ۋە سىلىق - سىپايە ئىدى. چۈنكى مانجۇلار ئاسسىمىلياتسىيە قىلغىلى بولمايدىغان بۇ چەتئەللىك مۇسۇلمانلارنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا جۇڭگو

مەدەنىيىتىنى يۇقتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن ئىدى. 1772 - يىلى يېزىلغان «خويجىياڭ جى» (شىنجاڭ تارىخى) دىكى بىر ئابزاستا مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق تونۇيدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى تۆۋەندىكىچە يېزىلغان:

«بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئى خاراكتېرى گۇمانخۇر، تۇراقسىز، ھىلىگەر ۋە ساختىپەز. ئۇلار شاراپ ئىچىشكە ۋە جىنسىي تۇرمۇشقا ئىنتايىن بېرىلگەن، قاچان قۇرسىقى تويىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار تەۋبە قىلىش ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئۇقمايدۇ، ھاياسىز سۆزلەرنى جاراستاندا سۆزلەيدۇ، ئۇلار ئاچكۆز ھەم پىخسىق، ئەگەر ئېرىدە، خوتۇنىدا، دادىسىدا ياكى ئوغلىدا پۇل بارلىقىنى بىلىپ قالسا، ھەر بىرى ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ يوشۇرىۋالىدۇ. ھەتتا بىر تەڭگە يۈندە كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇلار تاكى تەڭگىنى سۈزۈپ ئالغۇچە شۇ يۈندە بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ئۇلار ماختانچاق ۋە ھاكاۋۇر بولۇپ، ئۆزىنى مۇبالىغە قىلىپ ماختاپ ئۇچۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار دەم ئېلىش ۋە قانغۇدەك ئۇخلاش، شۇنداقلا ئاخشامدىن باشلاپ ئەتىگەنگە قەدەر ھاراقنى چىلاشقۇدەك ئىچىپ مەست بولۇشقا پۇرسەت تېپىشنى ئويلىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ ئاسانلىرىنى خىللايدۇ. ئۇلار غەپلەت ئىچىدە قالغان بولۇپ، غايىسىز ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى يوق. ئۇلار ئاشلىق، دانلارنى ساڭدا ساقلاش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر تېخنىكا ئۆگىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ياشاش ئۈچۈن باشقىلارغا بېقىنىشقا مەجبۇر بولغان، ھەر ھالدا ئۇلارنىڭمۇ ياخشى تەرەپلىرى بار. ئۇلار ئاچلىق بىلەن سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ھاقارەتكە چىدىيالايدۇ، ئىنتايىن قىسىنچىلىق (نامراتچىلىق) تىمۇ خۇشال - خورام ياشىيالايدۇ».

مانجۇلارغا نىسبەتەن «ياۋايىلار» دېگەن بۇ لەقەم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۇراقلىق بولماستىن، ئۇلارنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئادەم كاتىگورىيەسىدىكى ئورنى ناھايىتى تۇيۇقسىز يۈكسەلدى. 1760 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىكى خوي سۆزىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن «ئىت» سۆزىنى قوللىنىشنى توختىتىش پەرمانى چىقىرىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن تۈركلەر «ياۋايىلار» (يى) دەپ ئاتالمايدىغان بولدى. چيەنلۇڭ خان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى جيايۈگۈەن قوۋۇقىنى مەدەنىي رايون بىلەن قالاق رايون ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرا ئەمەس، بەلكى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى پەرقلىق قەۋملەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا دەپ قارايدىغان بولدى. ھازىر تۈركلەرمۇ خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل ۋە تىبەتلىكلەر بىلەن بىر قاتاردا «ئالەمدىكى بەش مىللەت» نىڭ بىرى بولدى.(7)

ئىجارىكەش بولۇش سۈپىتى بىلەن مانجۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن سۆز - ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار تۈركلەرنى پىشانىسىنىڭ ئۈستىدىكى چاچلىرىنى چۈشۈرۈشكە، ئۇزۇن ئۆرمە چاچ قويۇشقا زورلىمىدى. ئۇلار «چاچقا، ئاياللارغا ۋە پۇل - مالغا چېقىلىش» گۇناھ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركلەرنىڭ چىشىغا تەگمىدى. جازانىخورلۇق مىللىي توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەرلىك پۇقرالارنىڭ قىزلىرى بىلەن چەت - ياقا يېزىلاردا مۇھەببەتلەشكەن ۋە تۈركلەرنىڭ پاھىشە خانىلىرىغا پات - پات بارغان چېرىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچى چېرىكلىرىنى قەدىمىي شەھەرلەردىن تارتىش ئۈچۈن مەخسۇس «مانجۇ كەنتى» (مەنچېڭ) ياكى «يېڭى كەنت» (شىنچېڭ) بىنا قىلىندى. (ھازىرقى خەنزۇ تارىخچىلار ئەسلىدىكى بۇ ئاتالغۇنى «خەنچېڭ» دەپ ئۆزگەرتكەن.) گەرچە مانجۇلار خەنزۇلارنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ياساۋۇل بولۇشىغا يول قويمىدى ۋە يەرلىك پۇقرالار بىلەن دۈشمەنلىشىپ قېلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن خەنزۇلارنى تۈركلەر يۇرتىغا قەتئىي يەرلەشتۈرمىدى. جۇڭگولۇق سودىگەرلەر ئۆزلىرى كۆزەتچىلىك قىلالايدىغان ھەربىي پوستلارغا يېقىن جايلاردا ياشاشنى تەلەپ قىلدى ۋە 1765 - يىلىدىكى توپىلاڭدىن كېيىن مىللىي ئايرىمچىلىق پەيدا بولدى. (ئىككى يىل ئىلگىرى بىرىتانىيە پادىشاھلىقى ئامېرىكىدىكى بىر ماتېرىيالدىن ئەنگلىيەلىك كۆچمەنلەرنىڭ ئاپپالاكئان تېغىنىڭ غەربىگە يەرلىشىشىنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى قولغا چۈشۈردى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ.)

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۈچلۈك چيەنلۇڭمۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئوردا خەزىنىسىدە چۈشۈش يۈز بېرىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، 1765- يىلى ئاقسۇغا يېقىن ئۇچتۇرپاندا كۆتۈرۈلمىگەن بىر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ بىر خەتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. مانجۇلار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن يەرلىك ئامباللارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىدىن نارازى بولغان ۋە قول - چوماقچىلىرىنىڭ يەرلىك بىر ئايالغا يوخۇرلۇق قىلىشىغا يول قويغان مانجۇ ئەمەلدارىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن

ئۇچتۇرپان خەلقى قوزغالدى. قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە چىيەنلۇڭنىڭ ئىپارخان ئۈچۈن جەڭدە كۆچىتىنى بىيجىڭغا ئېلىپ بېرىشتا ھاشارغا تۇتۇلغان ۋە بېرىشنى قەتئىي رەت قىلغانلار بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار شەھەردە مانجۇلارنىڭ ھەربىي مۇھاپىزەت چېرىكلىرىنى يوغۇشتۇرغاندىن كېيىن، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ يېزىسىغا چىقتى ۋە بۇ يەردە يېزا خەلقى زالىم بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارغا قوشۇلدى. كېيىن مانجۇ چېرىكلەر شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ۋە قورشاۋ ئىچىدە قالغان ئايالالار، بالىلار ۋە ياشانغان كىشىلەر ئىلى ۋادىسىغا سۈرگۈن قىلىندى. بۇ قوزغىلاڭ ئالتە ئايدا باستۇرۇلدى ۋە يېڭى مۇستەملىكچىلەرنى قاتتىق تەۋرەتتى. شۇندىن تارتىپ، مانجۇلار جۇڭگولۇقلار بىلەن تۈركلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئايرىم تۇتۇشقا تىرىشتى.

بەزى تارىخچىلار 1774 - يىلىدىن ئىلگىرىكى چېرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى قوزغىلاڭ داۋامىدىلا يۈز بەرگەن خېنەن قوزغىلىڭىنى خاتىرىلىگەن. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشقان ۋە مەخپى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشقا باشلىغان، يۇقىرى تەبىقە ئىچىدە ئەيشى - ئىشرەت، كەيىپ - ساپا ئەۋج ئالغان، قېرىپ قالغان خان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قابىلىيەتسىز ۋە خۇشامەتچى ۋەزىر خې شېننىڭ تەسىرى بىلەن قانۇن ئىشلىرى ئىجرا قىلىنىدىغان دەۋا مەھكىمىلىرىدىمۇ چىرىكلىك يامراپ كەتكەن. شۈبھىسىزكى، گەرچە كۆپلىگەن يەرلىك ئەمەلدارلار سەممىي كىشىلەر بولسىمۇ، ئەمما يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن بيوروكراتچىلىق ئۇلارنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ دەرت - شىكايەت، ئۈۋالچىلىقلىرىغا ھەمدەم بولۇشتىن توسۇپ قويىدى. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ پۈت - قوللىرى «قانۇن ئىجرا قىلىشتا زور كۆپ ساندىكى مۇستەبىتلەر» تەرىپىدىن چۈشەپ قويۇلدى.(8)

خاننىڭ يېڭى ئىشغال قىلغان زېمىنلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان چىقىملار، ئەيشى - ئىشرەت، كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇش ۋە ھەشەمەتلىك ئوردا - سارايلىرى ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق خىراجەتلەرنى قامدىيالىغۇدەك كۈچى بار ئىدى. ئەمما خان شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان نوپۇسىنى تىزگىنلەشكە ئامال قىلالمىدى. 1578 - يىلىدىكى 60 مىليون نوپۇس، 1850 - يىلىغا كەلگەندە 400 مىليوندىن ئاشتى. ھەر ئائىلە جان بېقىش ئۈچۈن 70 مو يەرگە ئېھتىياجلىق ئىدى، ئەمما بىكار يەرلەرنى تاپماق ئىنتايىن تەسلەشتى ۋە دېھقانلارنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشتا ھېچقانداق تېخنىكىلىق ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئىلگىرىكى سۇلالىلەردىن خەن سۇلالىسى جەنۇبقا بېرىپ، بوز يەر ئاچقان ئىدى. ئەمما ھازىر جەنۇبمۇ لىق توشۇپ كەتتى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «خۇجايىن مىللەت» قاتتىق بېسىم ئىچىدە قالدى ۋە جۇڭگولۇق كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى. بىر قانچە ئون يىل ئىچىدە 25 مىليون كىشى كۆچكەن بولۇپ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ كۆچمەنلىك تارىخىدىكى ئەڭ كۆپ ساندىكى كۆچۈش ھېسابلىنىدۇ.(9)

1850 - يىلىدىن 1864 - يىلىغىچە داۋام قىلغان تەيپىڭ تىيەنگو قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەڭ ياخشى ئىسپاتلاپ بەردى. قوزغىلاڭنىڭ باشچىسى ئۆزىنى جۇڭگونى مانجۇ «ئالۋاستىلار» دىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مەسىھنىڭ قېرىندىشى دەپ ئاتىدى. 14 يىل داۋام قىلغان توپىلاڭدا 20 مىليون كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى قالايمىقانچىلىقلار بىرلەشتى. ئىلگىرى ھەمىشە جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى (نەنخەي) دىكى دېڭىز قاراقچىلىرى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇراتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، جۇڭگو بازارلىرىنى ئىگەللەشنى مەقسەت قىلغان غەربلىك كۈچلەر كەلدى. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدىكىسى ئەنگلىيە ئىدى.

17 - ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى كەڭرى يەرلەرگە ئەپيۇن تېرىغان بولۇپ، بۇ ئەپيۇنلارنى جۇڭگونىڭ چاي ۋە يىپەكلىرى بىلەن ئالماشتۇراتتى. 1793 - يىلى بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى چىڭ خاننى ئەنگلىيەنىڭ سودا پائالىيەتلىرىنى رەسمىي قانۇنى ئىزغا سېلىپ ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن، لورد ماكارتنىنى باشچىلىقىدا كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئەشيالىرىنى كۆتۈرگەن بىر دىپلوماتىيە ھەيئىتىنى جۇڭگوغا ئەۋەتتى. خان گەپ قىلماي تۇرىۋالدى. چاتاق يېرىم ئەسىردىن كېيىن جۇڭگو ئەنگلىيەدىن ئەپيۇن كىرگۈزۈشنى مەنئى قىلغاندا چىقتى ۋە ئەنگلىيە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بىر قانچە پورتنى بومباردىمان قىلىپ ئالغاندىن كېيىن ئەنگلىيە جۇڭگونى دېڭىز بويى شەھەرلىرىنى

تاشقى سودا ئۈچۈن ئېچىۋېتىشكە، شىياڭگاڭنى بېرىشكە، چەتئەللىك سودىگەرلەرگە ئىمتىياز ھوقۇقى بېرىشكە ۋە كۆپ مىقتاردا تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇرلىدى.[1]

باشقا غەرب كۈچلىرىمۇ ئەگىشىپ كېلىشكە باشلىدى. جۇڭگوغا زورلاپ تېڭىلغان ۋە 20 - ئەسىرگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن سودا جەھەتتە يول قويۇش، زېمىننى ئىجارىگە بېرىش توغرىسىدىكى بىر قاتار كېلىشىملەرنى جۇڭگولۇقلار ھازىرغىچە «تەڭسىز شەرتنامىلەر» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. جۇڭگولۇقلار مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ھاقارەتكە ئۇچرىدى ۋە بۇ بۈگۈنگىچە بېيجىڭنىڭ تاشقى سىياسىتىگە تەسىر قىلىۋاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسىدا رۇسىيەلىكلەر ئۆزىگە تەۋە ئاسىيا ئىمپېرىيىسىنى بىنا قىلىۋاتقان ئىدى. رۇسىيەلىك كارخانىچىلار چار پادىشاھ تەرىپىدىن ئالاقاچان ئېچىلغان سىبىرىيەدە ئەركىن - ئازادە ھالدا كارخانا ئاچقان ۋە 1630 - يىللاردا يىراق شەرقتىكى ياقۇتىستان زېمىنىغىچە ئىلگىرىلەپ كەلگەن ئىدى. تاتارلار سودىگەر ۋە ۋاستىچى بولۇپ يالىنىپ ئىشلەپ رۇسىيەلىك دېھقانلارنىڭ يەر ئىگەللىشى ئۈچۈن يولنى راۋانلاشتۇرۇپ بەردى. بىر ئەسىردىن كېيىن قازاقىستاننىڭ شىمالىغا رۇسلارنىڭ يەرلىشىشى باشلاندى. يۈز يىل بۇرۇن كاۋكاز رايونى ئىشغال قىلىندى ۋە 1850 - يىللاردا رۇسلار غەربىي تۈركىستانغا قاراپ يۆتكىلىشكە باشلىدى. ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدىكى ۋېرنوئې قورغىنى، يەنى بۈگۈنكى ئالماتا شەھىرى 1853 - يىلى بىنا قىلىنغان. گېنېرال چېرنائېۋ 20 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىگە مىلتىق ئۇقى تەككەنلىكىنى كۆرۈپلا قاچقانلىقىغا تىكىلىپ تۇرغان چاغدا يەنى 1865 - يىلى تاشكەنت رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشتى. پەرغانە ۋادىسىدىكى قوقەنت دۆلىتى كېيىنكى يىلى، سەمەرقەنت 1868 - يىلى ئىشغال قىلىندى. ھەققى قارشىلىق كۆرسەتكەن ئاز بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ بىرى كۆك تەپەدىكى تۈركمەنلەرنىڭ 1881 - يىلى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن رۇس ئىستېلاسى تاماملاندى. رۇسلارنىڭ مەركىزى ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى ياۋرۇپالىقلار ئافرىقىنى تالىشىۋاتقان چاغدىكى ئامېرىكىنىڭ غەربتىكى غەلىبىسىگە بەك ئوخشايدۇ.

مانجۇ سۇلالىسى ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا قالغاندا، بەزىلەرنىڭ ئۆز كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بىر پۇرسەت كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قەشقەردىن مانجۇلار قوغلاپ چىقارغان غوجىلار قوقەنتتە پىلان تۈزدى. (بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا رۇسلار تېخى شىنجاڭغا يېتىپ كەلمىگەن ئىدى) بۇ غوجىلارنىڭ تارىمنىڭ غەربىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئاچچىقى بار ئىدى ۋە جۇڭگو باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا چېقىلغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلەندى. قۇملۇقنىڭ غەربىدىكى پۇقرالار بېيجىڭغا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادى ياردەم ۋە شەرىئەت ئىشلىرىدا شۇ غوجىلارغا بويسۇناتتى. دەل بۇ چاغدا چىيەنلۇڭ ۋاقتىدا تەسىس قىلىنغان غەربتىكى مۇھاپىزەتچى چېرىك قوشۇنى قالايمىقانلاشقان، ئاجىزلاشقان ۋە تەربىيەسىز قالغانلىقتىن جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان ۋە دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئاشلىق تەمىناتىغا زارىقىپ، تاقىتى تاق بولۇپ، ئاچلىقتىن تېڭىرقاپ قالغان ئىدى.(10)

پەرغانىدىكى قوقەنت دۆلىتى پاناھلىق تىلەپ بارغان غوجىلارنى ئېلىپ قالغان ۋە تارىمدىكى بوستانلىقلاردا ئالاھىدە سودا ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولغان. بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن چىڭ خانىغا ھەدىيە ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمدى ئۇلار تېخىمۇ ياخشى ئىلتىپاتقا ئېرىشىشنى خىيال قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. چىڭ خانى تەلىۋىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، قوقەنت ھۆكۈمدارى غوجىلارنى نەزەربەنتتىن خالاس قىلىپ ئۇلارنى جۇڭگولۇق كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

1825 - يىلى ئۇلارنىڭ شىرىن سۆزلىرى نەتىجىسىدە ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقتى. جاھانگىر غوجا دەپ ئاتالغان بىر «ئاق تاغلىق» غوجا غازاتچى پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەپ تاغلىق بىر يېزىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار چارلاشقا چىققان بىر توپ چېرىكلەرنى مۆكۈنۈپ پايلاپ تۇرۇپ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇجۇقتۇردى. جاھانگىر غوجىنىڭ بايرىقى ئاستىدا يەرلىك پۇقرالار، ئۆزبېكلەر، قازاقلار ۋە قىرغىزلار سەپكە تىزىلىپ قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. شەھەرگە 7 ئىنگلىز ملى (10 كىلومېتىر) قالغاندا چېرىكلەرنىڭ مۇداپىئەلەنگۈدەك ھالى قالمىدى. جاھانگىر غوجا مانجۇ

[1] ئۇلار يەنە ئوردىغا كىرگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ خانغا يېقىنلاشقان ۋاقتىدا ئۈچ قېتىم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، توققۇز قېتىم بېشىنى يەرگە تەككۈزۈپ ھۆرمەت تازىم قىلىش ئادىتىنى ئەنگلىيەلىكلەر ئۈچۈن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇرلىغان.

ھۆكۈمتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن قەشقەرنىڭ تۈرك ئامبىلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ جاكارلىدى ۋە جۇڭگوچە قالپاق كىيىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا سەللە يۆگەشكە پەرمان قىلدى.(11) بۇ جەنۇبىي ئۆتەڭدىكى يېڭىسار، يەركەنت ۋە خوتەن قاتارلىق ھەممە تەرەپ ئۈچۈن قوزغىلاڭ سىگنالى بولدى ۋە جۇڭگولۇق پۇقرالار قورغان سىرتىدىكى ئۇچرىغانلىكى يەردە قوغلاپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلدى. 1826 - يىلى 17 كۈنلۈك قورشاۋ ھۇجۇمىدىن كېيىن جاھانگىر غوجا قەشقەر قورغىنىنى ئالدى. جۇڭگولۇق ئامبال ۋە ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا 8 مىڭ چېرىك ئۆلتۈرۈلگەن، 400 چېرىك نەق مەيداندا ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئامان قالغان.

كېيىنكى يىلى ئىلىدىكى مانجۇ باش ئەمەلدار تۇڭگانلار (ئەجدادى خەنزۇ مۇسۇلمانلار) ۋە شەرق بىلەن شىمالدىن كەلگەن كۆچمەن چارۋىچىلاردىن بولۇپ، 80 مىڭ كىشىلىك زور بىر قوشۇن توپلىدى. جاھانگىر غوجا 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بۇگۈنكى مارالبېشىدا ئۇلارغا قارشى قوشۇن تارتتى. ئۇلار ئۇچراشقاندا بۇ ئىككى دۈشمەن قوماندان ئەسكەرلىرىنى بىر - بىرىگە قارشى گىرەلەشمە جېڭگە سېلىشنىڭ ئورنىغا ھەر ئىككى تەرەپتىن بىردىن پالۋان چىقىپ يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى قارار قىلدى. بۇ بىر قەدىمىي ئادەت بولۇپ، ئەلۋەتتە پىرسىيەدە ئىنتايىن ئەۋج ئالغان ۋە دادا - بالا دۇئېلغا چۈشكەن سوھراب بىلەن رۇستەمنىڭ ھېكايىسى ماتسېۋ ئارنولدنىڭ بىر شېئىرى ئەسرىدە تىلغا ئېلىنغان. تارىمنىڭ 1870 - يىللاردىكى تارىخنى تەتقىق قىلغۇچى W·H بېللېۋ بۇ ئىككى پالۋاننىڭ تەسىرلىك ئېلىشىشنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«جوڭگو تەرەپ ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكىنى غەزەپلەنگەن بىر ئەژدەرھاغا ئوخشاش كىيىنگەن ئېگىز بويلۇق بىر قالماق ئوقياچى ئىدى. جاھانگىر غوجا تەرەپتىن مەيدانغا چۈشكىنى بولسا سىدام يىپەكتە كىيىم كىيىپ ئۈستىگە زەنجىرلىك ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيگەن قىلىچۋازلىق بىلەن مىلتىق ئېتىشقا ماھىر قوقەنتلىك بىر پالۋان ئىدى. بۇ ئىككى رەقىپ ئوچۇق يايلاقتا ئۆزلىرىگە مەدەت بەرگۈچى ھۆرمەتلىك ھامىيلىرىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ جەڭگە چۈشتى. ئەمما قوقەنتلىك پالۋان مىلتىقى بىلەن رەقىبىنى قارىغا ئېلىۋاتقان شۇ پەيتتە، قالماق ئاتقان ئوقيا ئۇنىڭ كۆكسىنى تېشىپ ئۆتۈپ مۆرىسىدىن چىقتى ۋە نەخ مەيداندا ئۆلدى. ئىككى قوشۇن ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى. لېكىن جەڭنىڭ كۆڭۈلسىز باشلىنىشى تۈپەيلى روھى چۈشۈپ كەتكەن قەشقەر قوشۇنى تېزلا سېپى بۇزۇلۇپ، قالايمىقانلىشىپ قاچتى. جوڭگو قوشۇنى ئۇلارنى قوغلاپ، زور بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى...»(12)

قەشقەرگە توققۇز ئاي سۇلتان بولۇپ ھۆكۈم سۈرگەن جاھانگىر غوجا پامىر تاغلىرىغا قاچتى. بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئىتتىپاقدىشى قىرغىزلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن تۇتۇلۇپ، «قىيىن - قىستاق ئىچىدە» دارغا ئېسىلىشى ئۈچۈن بېيجىڭغا يوللاندى. ئادەتلەنگىنى بويىچە ئىنتىقام ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مانجۇلار 12 مىڭ تۈرك ئائىلىسىنى جۇڭغارىيە (ئالدىنقى بۆلەكتە 1750 - يىللاردىكى مانجۇ ئىشغالىدا بۇ يەردە مىليون كىشىنىڭ قىرغىن قىلىنغانلىقى تۈپەيلى ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدۇق) گە مەجبۇرى كۆچۈردى. بۇ يېڭى كۆچمەنلەر تارانچىلار ياكى ئوتاقچىلار دەپ ئاتالدى.

بىر قانچە يىلدىن كېيىن، يەنى 1830 - يىلى جاھانگىر غوجىنىڭ بۇخارادىن كەلگەن بىر تۇغقان ئاكىسى يۈسۈپ غوجا ئۇنىڭ ئىزىنى باستى. يۈسۈپ غوجىنىڭ تارىمغا كېلىشتىكى مەقستى شۈكى، ئۇ چىڭ ھۆكۈمىتىدىن سودا ئىمبارگوسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يۈسۈپ غوجىنىڭ كېلىشى مانجۇ ياساۋۇللىرىنىڭ كېيىن مۇسۇلمانلاردىن ئالغان ئىنتىقاملىرىنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىشتا ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇردى.

يۈسۈپ غوجا قەشقەر قورغىنىغا ھۇجۇم باشلىغان چاغدا، بىر توپ جۇڭگولۇق سودىگەر ئۆزى بىلەن بىللە پاناھلىنىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى سىرتتىكى قوشۇننىڭ ئىتتىپاقدىشى دەپ قاراپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. كېچىسى بىر توپ جۇڭگولۇق (خەنزۇ ياكى مانجۇ) سىرتقا چىقىپ نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى شال دۆۋىسى ئىچىدىن سۆرەپ چىقىپ، يەر ئاستى مۇزخانىلارغا تاشلىۋەتكەن، 200 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، قورۇ - جايلارغا ئوت قويىۋەتكەن. غوجىلار چېكىنگەندىن كېيىن، ھېچبىر ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بىر توپ تۈرك جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالدىغا تۇتۇپ كېلىندى. ئۇلار قورغانغا كەلتۈرۈلگىچە سازايى قىلىندى ۋە

قەلئە ئۈستىدە بىر ـ بىرلەپ كاللىسى ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ مانجۇ ئامبال قەتلىئامنى توختاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا 70 ـ 80 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. تەھلىلچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنسانىيلىققا زىت بۇ ۋەھشىلىك، ئىلگىرى جاھانگىر غوجا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغانىدا ئۆلگەن خەنزۇ ۋە تۇڭگانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان. تۈركلەرنى ئۆلتۈرگەن خەنزۇ سودىگەرلەر، غوجىلارغا قارشى جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىنغان.(13)

يۈسۈپ غوجىنىڭ مۇسۇلمان شەھىرىنى فەتھى قىلىپ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئاران 3 ئاي داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ رايوندىكى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. چىن خانى قوقەنتنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، قوقەنت تەرەپنىڭ زاكات يىغىش ۋە مۇھىم شەھەرلەردىكى ئەنجانلىق سودىگەرلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كونسۇل ۋە تەيىنىش ئەۋەتىشكە قوشۇلدى. بۇنىڭغا جاۋابەن قوقەنت غوجىلارنى نەزەربەنت قىلىشقا ۋەدە بەردى.

جۇڭگو تەرەپ كونترولىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشتىن ئىلگىرى ئىككىدىن ئارتۇق قوزغىلاڭ پارتلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بىرىنچىسى، 1846 ـ يىلى پارتلىغان مەشھۇر يەتتە غوجا توپىلىڭى 75 كۈن داۋام قىلغان. بۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن يانتاياق بولۇپ خىزمەت قىلغان غالچا مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى گۆرەگە ئېلىشتا كۆرۈلگەن. ئاقىۋەتتە، مانجۇ ھۆكۈمىتى بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇپ، غوجىلارغا ياردەم قىلغان ئۈچ مىڭ كىشىنىڭ سول ئىگىكىنى تاتۇق قىلىپ جىنايەتچى دەپ يۈزىگە مۆھۈر سالغان. غوجىلار ئۆزىنىڭ دىن قېرىنداشلىرىدىن باشپاناھلىق تىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما رەت قىلىنغاچقا، تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ قوقەنتكە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئىككىنچى قوزغىلاڭ 1857 ـ يىلى پارتلىغان بولۇپ، بۇنىڭغا نەشىكەش ۋەلىخان يېتەكچىلىك قىلغان. ۋەلىخان ئۈچچىغا چىققان باغرى تاش، رەھىمسىز بىر كىشى ئىدى. بېللىۋ ئۇنى «ئىنتايىن تەلۋە، زالىم، قانخور، ئەسەبى جاللات ھۆكۈمران» دېگەن. ئۇنىڭ ۋەھشىلىكىدىن ھەتتا ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان «قەتلىئام ۋە قىيىن ـ قىستاقلارنىڭ ئەڭ شىددەتلىكىگە» ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشىلەرمۇ قورقۇپ تىترىشەتتى. ۋەلىخاننىڭ تەۋەككۈلچىلىكى بىر ئەتىگىنى قەدىمىي قەشقەرنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىغا ئوت قويۇش بىلەن باشلانغان. بۇ شەھەر ئۇرۇشسىز تەسلىم بولغان ۋە شەھەر پۇقرالىرى يەنە بىر قېتىم جۇڭگولۇقلارنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. شەھەرنىڭ تۈرك ئامبىلىنىڭ قول ئاستىدىكى بەگ ـ ياساۋۇللىرى دارغا ئېسىلغان ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئامبال مانجۇ قورغىنىغا مۆكۈنىۋالغان.

ۋەلىخان ئەسكىلىكتە داڭقى چىققان. ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار ئىچىدە زامانىۋى ياۋروپادىن (بەلكى) تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەن ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ بىر تۇغقان نېمىس ئالىمىنىڭ بىرى ئادولف سكلاگىنتۋېت ئىدى. ياۋروپالىق تەۋەككۈلچى ۋە لاداقنىڭ كېيىنكى ۋالىيسى روبېرت شاۋ 1868 ـ يىلى يەركەنگە كەلگەن ۋە سكلاگىنتۋېتنىڭ يەنى «ياۋروپالىق بىر ئاق تەنلىك» نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن نومۇس قىلغانلىقىنى، قاتتىق ھار كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. سكلاگىنتۋېت خىزمەتچىلىرى بىلەن يۈك ـ تاقلىرىنى يۈدۈپ يەركەن قوۋۇقى تەرەپكە قاراپ ماڭغانىدا ئۇنى كۆرگەن يەرلىك قاراۋۇل ئۇنى توختىتىپ، «ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن» قەشقەرگە باشلاپ ماڭغان، ئەمما ساراڭ ۋەلىخان چەتئەللىككە مەرھەمەت كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا، ئەسەبىي ھالدا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ئەمر قىلغان. بۇ بىچارە ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ بېشى دەريا بويىدا قىزىل كۆۋرۈك ئۈستىدىكى خادىغا بىر قانچە ھەپتە ئېسىغلىق قالغان. شاۋنىڭ ئېيتىشىچە، ۋەلىخان ئۇلارنى ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى ۋەيران قىلىدىغان جىن ياكى ئالۋاستى دەپ ئويلاپ قالغان. ۋەلىخان بىر قېتىم نامازغا چاقىرىپ ئەزان ئېيتقان بىر مۇئەززىننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن.(14)

ۋەلىخان باشقا غوجىلارچىلىكمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. يەتمىش يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى 12 مىڭ كىشىلىك جۇڭگو قوشۇنى مەغلۇپ قىلدى. ۋەلىخاننىڭ قىلىقلىرىدىن بىزار بولغان ۋە ئۇنىڭ تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىر مەغلۇبىيەت بىلەنلا ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بىر زوراۋانلىق يەنە بىر زوراۋانلىقنىڭ توغۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. مانجۇلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىشى ئىلگىرى ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەندىكىدىن ئادالەتلىكراق بولمىدى. ۋەلىخاننىڭ قېيىن ئاتىسى ساتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ كۈزەتچىسى ئىدى. چېرىكلەر ئۇنى

ماكرىل بىلىقىغا ئوخشاش قاتلاپ، ئۆچەي باغرىنى سوغۇرۇپ، گۆپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىنى ئېلىپ ئىتلارغا تاشلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، قەپەزگە سېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، جەددى - جەمەتىنىڭ كاللىسى بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە كىرىدىغان چوڭ يولغا ئېسىپ قويدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىمۇ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولدى. ئەمما باشقا ئۈچ ئوغلى (بۇلار 1826 - يىلى توپىلاڭ قىلغان) هايات قېلىپ بۇ ۋەقەنى ئەنگلىيەلىك بىلىبۇغا سۆزلەپ بەرگەن.

بىلىبۇ ئۆزىنىڭ باشلىقىغا بۇ ماكاندىكى قالايمىقانچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى ئىزاهلاشقا تىرىشقان. بۇ غوجا ئەۋلادلىرى دەيدۇ ئۇ، ئاللىقاچان ئۆز ئىچىلىرىدە پارچىلىنىپ كېتىشكەن. ئۇلارنىڭ قارشىلىقى ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك هاكىمىيەتكە بېقىندىلىقى، يەنى دەسلەپتە جۇڭغارىيىدىكى كۆچمەن خانغا، كېيىن بېيجىڭدىكى مانجۇ خانغا بېقىندى بولۇشى تۈپەيلى كۈچەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىك هۆكۈمەتمۇ ماهىيەتتە تۇراقسىز ئىدى. ئوخشاشمىغان يۇقرالار ئوخشاش بولمىغان سىستېمىدىكى قانۇنلارغا بويسۇناتتى. زور كۆپچىلىكى ئىشەنچىسىز ئىدى. مۇسۇلمانلار شەرىئەت قانۇنىغا بويسۇناتتى، جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر ۋە سودىگەرلەر جۇڭگو قانۇنىغا، ئەنجانلىق سودىگەر تىجارەتچىلەر قوقەنت هاكىمىيىتىگە بويسۇناتتى. جۇڭگوچە ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى، يەنى تورسىمان هەربىي مۇهاپىزەت قىلىش قوشۇنىدىكى چېرىكلەر مۇقىملىقنى ساقلاش، باج يىغىش ۋە سودا - سېتىقنى قوغداشقا مەسئۇل بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان يەرلىك يۇقرالاردىن ئۇزاقتا تۇرغانلىقى (ئايرىلىق ساقلىغانلىقى) ئوخشاشلا بۆلگۈنچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغۇلۇشىنىڭ سەۋەبى بولدى. بۇ چېرىكلەر بوستانلىق شەهەرلەردىن ئۇزاقتىكى قورغانلاردا تۇراتتى. جۇڭگولۇق يۇقرالار ئاساسلىقى قورغان بىلەن شەهەر ئارىسىدا ياشايتتى ۋە ئىشلەيتتى. شۇنداق قىلىپ چېرىكلەر سودىگەرلەر ياكى دېهقانلار بىلەن ئارىلىشالمايتتى ۋە ئالاقە قىلالمايتتى. مۇستەملىكچى بىلەن مۇستەملىكە قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئىجتىمائى بۆلۈنۈش هەمىشە قاتتىق تەكىتلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پرىنسىپ هەرگىزمۇ ئۇلارنى ئۆز رايىغا قويۇۋېتىش ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى كېيىن كۆرگىنىمىزدەك بولدى.

ۋەلىخانغا كەلسەك، ئۇ قوقەنتكە كەلگەندە ئۆزى ئىلگىرى ئۆلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قازىخانىغا ئاپارغان. ئۇ سەييد، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىنغان. ئۇنى شىكايەت قىلغۇچى جازالانغان. ئەمما بۇ ۋەهشى غوجا ئاخىرى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جاجىسىنى يېگەن. يەنى بىر قانچە يىلدىن كېيىن قەشقەردە ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ياقۇپ بەگ مانجۇ هاكىمىيىتىگە نىسبەتەن ئىلگىرى ۋە ئاخىرى ئەڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك ئۇرۇش ئېلان قىلالىغان، مۇستەقىل بىرلىككە كەلگەن شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئۇنى داۋام قىلىپ ۋارىسلىق قىلغان مۇسۇلمان ئىدى.

يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر ياقۇپ بەگنى سەهنىگە چىقاردى. بىرىتانىيە مەركىزى ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈپ تېز ئىلگىرىلەۋاتقان رۇسىيەلىكلەردىن قاتتىق چۆچۈدى ۋە چار پادىشاهنىڭ ياكى هېچ بولمىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ بەزى گېنېراللىرىنىڭ ئۆزلىرىنى هىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشىدىن ئەندىشە قىلدى. بىرىتانىيە قوشۇنلىرى پەنجاپقا سۈرۈلۈپ كەلگەندە، ئىلگىرىلەۋاتقان ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ ئورنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ يېقىن كەلدى. ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتى بۇ ئىككەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. «چوڭ ئويۇن» باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. مانا بۇلار نېمە ئۈچۈن 1873 - يىلى بىرىتانىيەنىڭ ئالاهىدە ئەلچىسى دوگلاس فورسىس ئەپەندىنىڭ قارا قۇرۇم تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قەشقەردىن 5 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى يېڭىسار ناهىيىسىگە كېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى قەشقەرىيەنىڭ پادىشاهى دەپ ئاتىغان ياقۇپ بەگ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دوگلاس ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى بىر غوجىدارنىڭ يول باشلىشى بىلەن «كۆركەم كىيىنگەن ئەسكەرلەر» بار بىر قانچە تاشقىرى هويلىدىن ئىچىگە كىرگەن.

«بىز بىر ئايۋانغا كىردۇق، بۇ يەر ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. ئايۋاننىڭ نېرىدىكى بىر ئۆچچىدا بىر قانچە ئىشىك - دەرىزىلىرى بار ئۇزۇن كارىدور بار ئىدى. ئەهرارخان (غوجىدار) كېيىن بىزنى يالغۇزدىن باشلاپ ماڭدى. يېنىك دەسسەپ بىر قانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يۇتنىڭ ئۆچچىدا دەسسەپ ئىچىگە قارىدى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېنى كىلىشكە ئىشارەت قىلدى. ئىشىككە يېقىنلاشقان چېغىمدا ئىچىگە كىرىشىمگە ئىشارەت قىلىپلا ئۆزى ئارقىغا چېكىندى.

مەن نورمال بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كەلدىم. ئۆيدە تۆزۈككىنە بىر ياسداق جاھازمۇ يوق، يەرگە ئادەتتىكىچە بىر گىلەم سېلىنغىلىق ئىدى. مەن ئۆيگە سەپسېلىپ قاراپ قارشى تەرەپتىكى ئىشىك يېنىدا تۇرغان ئاددى - ساددا كىيىنگەن بەستلىك ئېگىز ئادەمنى كۆردۈم، ئۇ ماڭا قول ئىشارىتى قىلدى. مەن ئالدىمغا ماڭغاچ بۇ كىشى بەلكىم مېنى «كۆرۈشۈشكە» باشلاپ كىرىدىغان غۇجدار بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئەمما مەن يېقىنلاشقان ۋاقتىمدا تەبىئى ھالدا، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تازىم قىلدىم. ئۇ مەن بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، ماڭا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى. مەن ئۆزەمنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى بىلدىم.

بىر قانچە ئېغىز قارشى ئېلىش سۆزىدىن كېيىن ئاتىلىق غازى (ياقۇپ بەگ) مېنى باشلاپ بۇ ئۆيدىن ئۆتۈپ، مېنى دەرىزە يېنىدا ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا 15 دانە ھۆرمەت ساليوتى (توپى) ئېتىلدى. ياقۇپ بەگ ھەزرەتلىرى قىزغىن ھالدا خانىش ۋىكتورىيە ئالىيلىرىنىڭ ۋە جانابى باش ۋالىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدى. ئاندىن پەس ئاۋازدا ئەھرارخانىنى چاقىرىپ باشقا ئەمەلدارلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇلار بىر - بىرلەپ كەلدى ۋە ھەر بىرى ياقۇپ بەگ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇلدى. كېيىن بۇ يەردە بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ ئارىدا ئاتىلىق غازى ھەر بىرىمىزگە قىزغىن نەزەردە سەپسېلىپ چىقتى. ماڭا تۇنجى يۈز كۆرۈشكەندە مېھمان تەرەپنىڭ كۆپ گەپ قىلسا بولمايدىغانلىقى، يەرگە قاراپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەدەپ ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى.

شەرقچە ئۇسلۇپتا زىيارەتچىلەر يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئىلگىرى بۇنداق ئولتۇرۇپ ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن يۈكۈنۈپ يېرىم سائەت ئولتۇرماق ھەقىقەتەن چوڭ ئىش».(15)

فورسىس كېلىشتىن ئىلگىرى باشقا بىر ئىنگلىز كەلگەن، يەنى 1868 - يىلى روبېرت شاۋ ياقۇپ بەگنى غەيرى رەسمىي زىيارەت قىلغان. ئۇمۇ ئوخشاشلا شۇ ھويلىدىن ئۆتكەن ۋە «مىڭلارچە كىشىلىك قوشۇن» ئىچىدىكى موگۇل ئوقياچىلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەنگەن، گەرچە بۇ ئىنگلىزنىڭ قولىدا دۆلەت خېتى بولمىسىمۇ، ئەمما ياقۇپ بەگ ئىنتايىن دوستانە مۇئامىلە قىلغان. ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى جۈپلەپ بۇ ئىككەيلەننىڭ قانچىلىك يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، ئۇ تىنچ ئامانلىق سورىغان ۋە ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ ئايال پادىشاھىغا مەلۇمات بەرگەنلىكىدىن خەۋەردار بولغانلىقىنى ئۇچۇق ئېيتقان.

شاۋ ياقۇپ بەگ بىلەن ئىككىنچى قېتىم كىچە ۋاقتىدا جۇڭگوچە پانۇستا يورۇتۇلغان بىر چېدىردا كۆرۈشكەن. ياقۇپ بەگ دىپلوماتچە تەمكىنلىك بىلەن سۆھبەتلەشكەن. بۇ قېتىم ئۇ بارمىقىنىڭ ئۈچچىنى كۆرسىتىپ، مەلىكە پادىشاھ، يەنى خانىش ۋىكتورىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنى قانچىلىك كىچىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ «ئەنگلىيە مەلىكىسى نۇرى چېچىلغانلىقى ھەر يەرگە ھارارەت بەرگۈچى بىر قۇياشقا ئوخشايدۇ. مەن سوغۇقتا ئۈششۈۋاتىمەن ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن ئىسسىنىشقا تەشنامەن» دېگەن. ياش تەۋەككۈلچى شاۋغا تەسىر قىلغان بۇ ياغلىما سۆزلەرنىڭ ئارقىسىدا ئاۋايلاپ سوقۇلغان بىر چوت بار ئىدى. ياقۇپ بەگ جۇڭگولۇقلاردىن ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىلەۋاتقان رۇسىيەلىكلەردىن قورقاتتى. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىغا مۇھتاج ئىدى. ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىگە قورال - ياراق كېرەك ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق ئېيتتى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ ھۆكۈمدارى «ئىنگلىز» سىكلاگىنتۋېتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئەپۇ سورىغان. شاۋ جاۋابەن بۇ ئىشتا ياقۇپ بەگنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ يوقلىقىنى، چۈنكى ئەينى چاغدا ئۇنىڭ تېخى ھوقۇقىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆلتۈرۈلگەن نېمىسنىڭ ھىندىستاندا ئەنگلىيەنىڭ بىر مېھمىنى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ياقۇپ بەگ «شۇنداق» دېگەن ۋە ئالتە بارمىقىنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك يېقىندا تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرسەتكەن. شاۋ ئەپچىللىك بىلەن ئۇنى مەدھىيلەش ئاھاڭىدا: «تەختنى تۇغۇلغان چاغدىلا مىراس قىلىپ ئالغان پادىشاھلارنىڭ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى يوق، ئەمما ئەمىر تۆمۈر ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن كەبى ئەجىر سەرپ قىلىپ، بۈيۈك پادىشاھلىق قۇرالىغانلار ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە لايىق نوچى ئىنسانلاردۇر» دېگەن.(16)

شاۋ ياقۇپ بەگنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىز باسارى دەپ خىيال قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ياقۇپ بەگ ئۇنىڭغا يىپەك تون كىيدۈرۈپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش تولدۇرۇلغان ھەميانلارنى ئىنئام قىلغاندا ئۇ ھەيران قالمىدى. ئۇ كېيىن بۇلارنىڭ ھازىرقى باھادا 690 ياكى 32 مىڭ فوند ستېرلىڭ پۇلغا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ھېسابلىغان.

ياقۇپ بەگكە «ئاتىلىق غازى» ۋە «بە دۆلەت» دەپ نام بېرىلگەن بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەملى ئۆستۈرۈلۈپ، ئوسمانلى خەلىپىسى ئىستانبۇل سۇلتانى ئۇنىڭغا «قەشقەرىيە پادىشاھى ئەمىر مۇھەممەد ياقۇپ خان» ئۇنۋانىنى بەردى. بۇ شەرەپلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ياقۇپ بەگ خانىش ۋىكتورىيەنىڭ تاپشۇرمىلىرىغا رەسمى ياكى غەيرى رەسمى بولىشىدىن قەتئىينەزەر تولۇق ساداقەتمەن بولۇپ كېتەلمىدى. ئۇ ئۆزىگە ھۆرمەت ـ ئىكراملار بىلەن كېلىپ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ۋە پاراخۇت مودىلىنى سوۋغا قىلىپ، سودا كېلىشىمى ئىمزالاشنى تەلەپ قىلغان ئەنگلىيەلىكلەرنى ۋاقتى كەلگەندە بىر كۈنى ئۆزىنى تەختتىن چۈشۈرىدىغان جاسۇس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئازراق ئويلاپمۇ قالاتتى.

ئۆزىنى ئۆزى پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن ياقۇپ بەگ قەشقەرلىكمۇ ئەمەس ۋە ھەتتا مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلاب قىلغان كىشىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت قوقەنت ئەمىرىنىڭ يېقىنى ۋە بىر نەۋكىرى ئىدى. ئىلگىرىكى يىللاردىكى قوقەنتلىكلەردىن پەرقلىق ھالدا 1864 ـ يىلى قەشقەردە پەيدا بولدى. ئۇ تەكلىپ قىلىنغان بولماستىن بەلكى، قوقەنت ئەمىرى تەرىپىدىن ياردەمچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن ئىدى. گەرچە ئۇ باشقا كىشىلەرنىڭ قارا نىيىتىدىكى بىر قورال بولسىمۇ، ئەمما ياقۇپ بەگ ئۆزىگە بېرىلگەن ھەر قانداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى، شۇنداقلا بۆيۈك غايىسىنى نامايەن قىلدى. قىسقىسى بۇ پۇرسەت ئۆز نۆۋىتىدە ئىككى يىل بۇرۇنقى جۇڭگو ئىمپېرىيىسى ئىچىدىكى غايەت كۈچلۈك توپىلاڭ ئىدى.

بۇ قوزغىلاڭچى مۇسۇلمانلار تارىم بوستانلىقىدىكى مۇسۇلمان تۈرك دېھقانلار ئەمەس، بەلكى ئاساسلىقى گەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىسىدە ياشايدىغان تۇڭگانلار يەنى جۇڭگو نەسلى مۇسۇلمانلار ئىدى. گەرچە تۇڭگانلار بىلەن تۈركلەر ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن پەرقلىق ئىدى. جۇڭگو تۈركىستانىغا ئىلگىرى بارغان ياۋروپالىق زىيارەتچىلەر مۇسۇلمان تۈركلەر (بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار) نىڭ تاغدىكى قىرغىزلار ۋە يايلاقلاردىكى قازاقلار بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا ئومۇمەن تىنچلىقپەرۋەر، ياۋاش ۋە مۇلايىم كىشىلەر ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. 1920 ـ يىلقى ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى كلارمونت سكرىن، غەيلەت ئىچىدىكى ئاجىز تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) نى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ئۇلار گەرچە مۇھەممەدنىڭ دىنىدا بولسىمۇ، ئەمما باشقا دىنداش مىللەتلەردىكى كۈچلۈك ئېتىقاد (ئاشقىلىق) ئۇلاردا يوق. ھەر دائىم سىرتتىن كەلگەنلەر يېتەكچىلىك قىلغان ئۇششاق ـ چۈششەك غەليانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا رازى.»(17) ئۇ جەنۇبىي قۇملۇق يولىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىت تالاشتۇرۇش مەنزىرىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارقاق، ئويۇشقاقسىز قىياپىتىنى نەقەدەر تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئەسلەپ قۇشۇمچە قىلىپ ئېيتىدۇكى: «جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر ئوچۇملا قەغەز ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەرىيەنىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇقىملىقنى ئىنتايىن ياخشى ساقلىيالىغانلىقىنىڭ ھېچ ئەجەپلىنەرلىكى يوق.»(18)

تۇڭگانلار (ھازىر خۇيزۇ دەپ ئاتىلىدۇ) بولسا باشقا بىر تىپ بولۇپ، ئۇلار چۈشەنگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىك بىر خەلقتۇر. تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلارنى پاكىز ئەمەس مۇسۇلمان ۋە خەنزۇلارنىڭ گۆماشتىسى دەپ ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. خەنزۇلار بولسا ئۇلارنى مۇھتقا ماسلاشمايدىغان خەق دەپ مادارا قىلىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. تۇڭگانلار ھەمىشە ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قىلىنغان ئازراق كەمسىتىش ياكى ھاقارەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، بۇنىڭغا زورلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ.

ئەينى چاغدىكى كىشىلەر تۇڭگانلارنىڭ ئىنقىلابلىرىنى ھەر قانداق شەكىلدىكى زامانىۋىلىشىشقا ئەسەبىيلەرچە قارشى تۇرۇشتىن كېلىپ چىققان ئىسلامىي گۈللىنىش ھەرىكىتى دەپ قارىغان. ئەلۋەتتە، بەزى شەھەرلەردىكى جىھادنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە پەتىۋالار بېرىلگەن. چىڭ ئوردىسىدىكى مەلۇماتلاردا ئۈرۈمچىدىكى قوزغىلاڭنىڭ پىلانلانغانلىقىغا بىر يىلدىن ئاشقانلىقى ۋە قورااللارنىڭ مەسجىدتە ساقلانغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما مەيلى تۇڭگان ياكى تۈرك بولسۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ماددى ئەشيا قىسىنچىلىقى يوق ئىدى. چىڭ خاندانى جۇڭغارىيەنى تىنجىتىش ئۈچۈن قوشۇن تارتقان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تۇڭگانلار ئىقتىسادى ۋە ھەربىي جەھەتتىكى شىددەتلىك زۇلۇملارغا چىداپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ نارازىلىقى باشقىلارنىمۇ ئويغاتتى. تۈركلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىقلىرىنى تۆلەپ بولالماي ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى. سېتىۋېلىش بېجى، خان بېجى، كان قېزىش ۋە ئۆستەڭ

چېپىش ھاشارلىرىغا ھەيدىلىش قاتارلىقلار خەلقنى قىڭغىر قاخشاتقان ئىدى. ھاشار دېگەندە كىشىنىڭ ئېسىگە 1765 - يىلى مانجۇ ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇنجى قوزغىلاڭ ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولغان جىگدە كۆچىتى يۆتكەش ھاشىرى كېلىدۇ. (بۇ ھاشار تۇرۇمى بۇگۈنگىچە داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، توپ - توپ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەر (ھاشارچىلار) نىڭ ئۆزلىرىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ) خەلق جۇڭگولۇق تىجارەتچىلەرنىڭ ئېكسپىلاتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدى. ئېتىشلارغا قارىغاندا، بىر قانچە قەرزدار قەرزىنى قايتۇرالمىغانلىقى سەۋەبلىك ھەر كۈنى خوتەن دەرياسىدا سۇغا پىشلىغان (چىلانغان). خەلق چىڭ ئوردىسىدىن رۇخسەت ئالغان قوقەنت كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ سۈيقەست، ھىلە - مىكىرلىرىدىن جاق تويۇپ كەتكەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ 1862 - يىلى گەنسۇدىكى تۇڭگانلار يەڭلىرىنى شىمايلاپ چىقتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەر ئۇلارنى قوللاش تەرىپىدە تۇردى. بۇ نارازىلىقنىڭ خەۋىرى كۇچادىن باشلاپ كېيىن ئىلىدىكى مانجۇ قوماندانىغا، ھەتتا بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا قەدەر يەتتى. بېيجىڭدىن مۇسۇلمانلارنى قىرىپ تۈگىتىش ھەققىدە پەرمان كەلدى. مىللىي قىرغىن ھەققىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ پەرماننىڭ ئۆزلىكىدىن جاكارلانغانلىقى ياكى شىنجاڭغا كۆچلۈك ئىلھام، مەدەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان گەنسۇدىكى ئىنقىلاب ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولدى.(20)

غەزەپكە كەلگەن يەرلىك پۇقرالار زەئىپ چېرىكلەرنى يوغۇشتۇردى. ئىلى ۋادىسىدىكى ھەربىي باش شتاپتا ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر مانجۇ قاچقۇن چىڭ ئوردىسىنىڭ بۇ ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۆۋەندىكى بايانىنى قالدۇرغان:

«يۈز نەچچە يىللاردىن بۇيان شەھەرلەردە جىمجىت ياشاپ كۆنۈپ كەتكەن چېرىكلەر جەڭگىۋارلىق روھىنى يوقاتقان ۋە جىسمانىي جەھەتتە شۇ قەدەر ئاجىزلىشىپ كەتكەنكى ئۇلار ھەتتا ئوقياسىنىمۇ بەللىيەلمەيتتى. ئاتقان ئوقى يىراققا كەتمەيتتى ۋە تارانچىلار (يەرلىك مۇسۇلمانلار) نىڭ قېلىن پاختىلىق كىيىملىرىنى تېشىپ ئۆتەلمەيتتى. خېنىم مىجەز مانجۇ قوماندانلار چېرىكلەرگە ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىتىشكە سەل قارىغان ئىدى. ئۇلار مودا ۋە قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ، ئەيشى - ئىشرەت ئىچىدە ياشاش ئۈلگىسى ئىدى. تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا چېرىكلەرنىڭ سۆرەم كىيىملىرى ئۇلارنىڭ چاققانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ھەممىدىن يامىنى ئاشلىق تۈگەپ، چېرىكلەر ئاچ قالدى... يەم - خەشەك تېپىلمىغاچقا چېرىكلەرنىڭ ئاتلىرى ئاچلىقتىن ئورۇقلاپ كەتكەن بولۇپ، قېلىن قار بىلەن قاپلانغان چوڭقۇر ئويمانلىقلاردىن ئاتلاپ ئۆتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار ۋە تارانچىلار مانجۇلارنى قارلىقلاردا قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈردى.

مانجۇ ياساۋۇللار چېرىكلەرگە كۆيۈنمىگەچكە، چېرىكلەرمۇ ئۇلارغا بويۇنتاۋلۇق قىلدى. ئىنقىلاب پارتلىغاندا ياساۋۇللار يۈرەكلىك ھالدا قوشۇن تارتىپ كېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇرمىدى. ئەكسىچە، نەق قوزغىلاڭ مەيدانىدا ئۇلار قاچتى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاشنىلا ئويلىغان بولۇپ، ئۇلار ھەممە جەھەتتىن ھالاك بولسا، ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. بۇلار نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار - ھە!»(21)

قوزغىلاڭچىلار گەنسۇ كارىدورىدا توسۇپ، چېرىكلەرنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغاندىن باشلاپ، چېرىكلەر ئاسانلىقچە ماغدۇرىغا كېلەلمىدى. ئۇلار بۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن تىبەتلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزىدا مەغلۇپ بولۇپ، قۇۋۋىتى تاقاپ ئىچىگە بىكىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ھالدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئوخشاش قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەين جەنۇبىي قۇملۇق يولى ئەندىردىن جۇڭگولۇق ئەسكەرلەرنىڭ مىلادى 781 - يىلى مەركەز بىلەن ئالاقىسىنىڭ كېسىلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار پۈتۈلگەن تارشا (پۈتۈك) يازمىلارنى تاپقان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇلار بىر ئامالارنى قىلىپ خان ئوردىسىغا ئۆزلىرىنىڭ ياردەمگە مۇھتاج بىچارە ھالىنى خەۋەر قىلغان. ئەمما ئوردىدىن ياردەم كەلمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ روھىغا مەدھىيىلەر ئوقۇلۇپ، ئالىي تىلەكلەر بىلەن خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغانلىقى مەلۇم بولغان.»(22) 1862 - يىلى بېيجىڭدىن

ياردەم كېلىش ئېھتىمالدىن ئىنتايىن يىراق ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدا چوڭ قۇرۇقلۇق تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتىنى باستۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

گەنسۇدىن باشلانغان تۇڭگان قوزغىلىڭى ھەر تەرەپكە يېيىلدى. 1864 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كۇچادا قوزغىلاڭ پارتلىدى. ئارقىدىنلا ئۈرۈمچى، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە قەشقەردە بۇنىڭ ساداسى ياڭرىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەندە ئۇنىڭ ئىنكاسى مۇنداق بولغان: يەنى جۇڭگولۇق ئەمەلدارنىڭ پەيتۇنچىسىغا بىر قوزغىلاڭنىڭ پىلانلىنىۋاتقانلىقىنى ماختىنىپ تۇرۇپ ئېيتقان بىر قانچە نەپەر مەست مۇسۇلمان ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان. يەركەندە ئاجىز ئىشغالچىلار ۋەھشىلەرچە سازايى قىلىنغان. خەنزۇ ۋە تۇڭگان قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر كېلىشىمدىن كېيىنلا خەنزۇ ئامبال تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇشنى قارار قىلغان. بۇ پىلان ئاشكارىلىنىش بىلەنلا، سىرتتىكى تۇڭگانلار بۇنى سۆز - چۆچەك قىلىنىۋاتقان قىرىپ تۈگىتىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىپ، دەرھال خەنزۇ ئىتتىپاقداشلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلاردىن ئىككى مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرگەن. ئارقىدىنلا ئۇلار شەھەرگە يۈرۈش قىلىپ، خەنزۇلارنى قەتلى قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ بىر 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولغان كۈن ئىدى. «بىر توپ قىمارۋاز، لۈكچەك، ھاراقكەشلەر ۋە خەنزۇ تىجارەتچىلەرگە ئازدۇر - كۆپتۇر قەرزى بار باشقا كىشىلەر پىچاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە چېپىپ يۈرۈپ، قولى يەتكەنلىكى خەنزۇنى ئەر - ئايال، قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك ھەممىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئۆي - ۋاقىلىرىنى غەنىمەت ئالغان» دەپ يازغان بېللېۋ. «ئۇلارنىڭ چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئېلىپ بارغان قەتلىئام ھەرىكىتى شۇ قەدەر تېز بولدىكى شەھەردە مۇسۇلمان دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە مۆكۈنىۋالغان بىر قانچە نەپەر جۇڭگولۇقتىن باشقا بىرمۇ خەنزۇ تىرىك قالمىغان».(23) كۇچىلاردا يەتتە مىڭ دانە جەسەت يېتىغلىق ئىدى.

قەتلىئام خەۋىرى تارىمغا چاقماقتەك تارقالدى. جۇڭگولۇقلار ياشىغانلىكى ھەر يەردە قان تۆكۈلۈشلەر داۋاملاشتى. يەركەن قورغىنى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىچكىرى قورغان بىر قانچە ئاي تىركەشتى. قورغان يىقىلغاندا، ئامبال ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى شۇنداقلا باش ياساۋۇللىرى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى قارار قىلىشتى. ئۇلار يامۇل ئىچىگە توپلاندى. ئامبال ئۆزىنىڭ نېيىنىڭ ئىچىگە پارتلاتقۇچ دورا قاچىلاپ پۈتتىغا تېگىپ يوگۇرۇپ چىقىپ، قورغاننىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىكى دۇكانلارغا قەدەر پارتلىتىپ باردى. قالدۇق چېرىكلەر پارتلاشتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئادەملەرنىڭ پارتلاشتا پارچىلانغان پۇت - قول ۋە باشلىرى ئۈچ كۈنگىچە ھاۋادا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن.

1864 - يىلى قەشقەردە قىرغىز يولباشچى سىدىق بەگ مۇستەقىللىق بايرىقىنى لەپىلدەتتى. سىدىق بەگنى ۋىلايەتنىڭ باشلىقى يېڭىۋاشتىن تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇلاڭچىلىققا قاتناشقان. (بۇ قىرغىزنىڭ كىم جىقراق ئىنئام بەرسە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيدىغان قاراقچى دېگەن نامى بار ئىدى.) سىدىق بەگ ئۆزىنىڭ ئورنىنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قوقەنت ئەمىرىدىن قەشقەرگە پادىشاھلىققا بىر غوجا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. رۇسلارنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئىشىكى يېنىدا تۇيۇپ تۇرىۋاتقان ئەمىر 1825 - يىلى مەغلۇپ بولغان قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى «ئاق تاغلىق» جاھانگىر غوجىنىڭ ئاخىرقى ھايات قالغان ئوغلى بۇزرۇك خان غوجىنى تاللىغان. 1864 - يىلى 11 - ئايدا بۇزرۇك خان غوجا تاشكەنتتىن ئايرىلىپ يولغا چىققان. ئۇنىڭ مۇلازىملىرى ئارىسىدا يېقىن مەھرىمى ۋە ئارمىيە كوماندىرى ياقۇپ بەگ بار ئىدى.

ئەنگلىيەلىك دىن تارقاتقۇچىلاردىن مىلدرېدكابلى ۋە فراسېسكا فرانسۇز: «بۇزرۇك خان غوجىنىڭ قوشۇنىدىكى ياساۋۇللار ئارىسىدا ئىلگىرى ئۇسسۇلچى بولغان ئەقىللىق ۋە تەۋەككۈلچى بىر يىگىت بار ئىدى» دەپ مەلۇمات بەرگەن. (24)

ئەمەلىيەتتە، تەڭرى تېغىدىن ھالقىپ ئۆتكەن چاغدا ياقۇپ بەگ ئاللىقاچان ئەللىك ياشقا يېقىنلاشقان ۋە ھىلە - مىكىرگە توشقان ئىدى. ئۇ ھازىرغىچە تازا بەك ئامىتى كەلمىگەن بىر ئەسكەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلچىلىق قىلغانلىقىغا كەلسەك، ئەپسۇس، بۇ قارىماققا بىر ئويدۇرما بولۇشى مۇمكىن.

ياقۇپ بەگ 1810 - ۋە 1815 - يىللىرى ئارىسىدا قوقەنتنىڭ ئەنجان شەھىرىگە يېقىن كاپادا تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا «ئۇسسۇلچى بالا» مەنىسىدە «بەچچە» دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى بۇ ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ لەقىمى ئىدى. بىر قازىنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ ئۇسسۇلچىلىقنى كەسىپ قىلىپ پۇل تېپىشىغا يول قويۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ھەم بۇ رايوندىكى ئۇسسۇلچى

باللارنىڭ رەسمى بۇ ھېكايىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. 1890 - يىللار ئەتراپىدا ل. س. بارشېۋسكي بۇخارادا تارتقان فوتوگرافتا ئاق تىرەك ئاستىدىكى گىلەم ئۈستىدە يالىڭاياق، ئايالچە ئۇزۇن كۆينەك كىيىپ نازلىق قىياپەتتە تۇرغان قوش جىنسلىق (ئەركەك چىشى) بىر يىگىت بار. بۇ يىگىتنىڭ كەينىدە سەللىلىك، ساقاللىق ۋە ھەققى ئەركەك چىراي كىشلەر بار. ياقۇپ بەگ ئۈچۈن ئىشتىلگەن «بەچچە» سۆزىنىڭ ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئۇنىڭ يۇرتىدىكى چىرايلىق چايچى غۇلام ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.(25)

ياقۇپ بەگ توقۇمچىلىق كەسپىنى تاشلاپ دادىسىنىڭ يۇرتى پىشكەنتتىن چىقىپ، ئامانلىق قوغدىغۇچى ( civil servant) بولدى. سىڭلىسى تاشكەنتكە يېقىن بىر يەرنىڭ ھاكىمى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئامتى كېلىپ، ئەملى ئۆستى. 35 ياشلىق ياقۇپ بەگ (Jaxartes) دەرياسىدىكى ئاق مەسجىد قورغىنىغا مەسئۇل قىلىنىپ، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەن كارۋانلاردىن يول بېجى ئېلىپ يانچۇقىنى توملايدىغان بىر ھوقۇققا ئېرىشتى.

بۇ چاغلاردىلا ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى، پۇرسەتپەرەسلىكىنى نامايەن قىلىشقا باشلىغان. ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى ئاسىيادىكى زېمىنىنى كېڭەيتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن رۇسلارغا يېقىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن ياقۇپ بەگ ئۆزىنى ئەيىبلىگۈچىلەرگە پارا بېرىپ ئاغزىنى تۇۋاقلىغان. كېيىن ئۇنىڭ تۇنجى ھەربىي ئۇرۇشى ئاق مەسجىد قورغىنىنى قەھرىمانلارچە قوغداش دەپ تەسۋىرلەنگەن. ھازىرقى تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، رۇسلار قورغانغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ مەيداندا يوق ئىكەن. ياقۇپ بەگنىڭ مىڭ (1000) كىشىلىك قوشۇنىنى ياخشى قوراللانغان 100 كىشىلىك رۇس قوشۇنى قوغلاپ قامال قىلىپ قويغان. بۇ سەۋەبتىن ياقۇپ بەگ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ھەقىقىتىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمرىنىڭ ياقۇپ بەگنى قەشقەرگە ئەۋەتىش پەرمانى ئۇنىڭ ئامتى كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. يىراق مەركىزى ئاسىيا دۆلەتىدىكى بۇ كىچىك خان دۇنيا سەھنىسىدە كىچىك بىر رول ئالدى. ئىستانبۇلدىكى سۇلتان ئۇنى ئېتىراپ قىلدى. ياۋرۇپادىكى گېزىت ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى ۋە ھەتتا ئەنگلىيەدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، بۈگۈنگىچە ئۇيغۇر مىللەتچىلەر ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بولسا چۆچۈپ خاتىرلەپ كەلمەكتە.

ياقۇپ بەگنى ياللاپ ئىشلەتكۈچى ئەمىر بولسۇن ياكى ئۇنىڭ يېڭى خوجايىنى بۇزرۇك خان غوجا بولسۇن، ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىر تەھدىت ھېس قىلمىدى. 1864 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇزرۇك خانغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە كەلگەن ياقۇپ بەگ ئىتائەتچان بىر مۇلازىم سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلدى. بۇ قەدىمي شەھەرنى قىرغىز سىدىقبەگ باشقۇرۇپ تۇرغان بولۇپ، ھازىر ياقۇپ بەگ جۇڭگولۇقلار تېخىچە تىركىشىۋاتقان خوشنا قورغانلارنى ئېلىشقا باشلىدى. قورغانلار ئېلىنىپ بولغاندا 1865 - يىلى ئەمرگە ھەدىيە : توققۇز دانە جۇڭگوچە زەمبىرەك، توققۇز قىز، (9 x 9) سەكسەن بىر دانە موڭغۇل ئارغىمقى ۋە ئوخشاش ساندا كۆمۈش تەڭگە ئەۋەتتى. ئەپسۇس ئەمىر بۇ سوۋغاتلارنى كۆرەلمىدى. چۈنكى ئۇ تاشكەنتتە رۇس ئوقى تېگىپ ئۆلگەن ئىدى.

كېيىنكى يىلى كوچادىن 26 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن قوقەنتلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن باستۇرۇپ كەلگەندە بۇ ياقۇپ بەگ ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئۇرۇش بولدى. گەرچە ئۇنىڭ ئارانلا ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بولسمۇ، ئەمما ئۇلار مۇنتىزىم قازاق ئەسكەرلەر تايانچ بولغان تاغلىق كۈچلۈك جەڭچىلەر بولغاچقا، ئۇ ئۇرۇشتا يەڭدى. ياقۇپ بەگنىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇردى. نۇرغۇن كىشلەر ئۇنىڭ سېپىگە قېتىلدى. ھازىر ياقۇپ بەگ ئۆزىگە پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەمىر ۋە بۇزرۇك خان غوجىغا سادىقەتمەن بولۇش ھەققىدىكى ۋەسىيىتىنى بۇزۇپ، 1866 - يىلى ئۆزىنى «بە دۆلەت» نامى بىلەن پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. ئاقكۆڭۈل بۇزرۇك خان غوجىنى بولسا بىر ھېكايىگە قارىغاندا، مەككىگە ھەج قىلىشقا يولغا سېلىپ كۆزدىن يوقاتقان. يەنە بىر ھېكايىگە ئاساسلانغاندا، تىبەتكە سۈرگۈن قىلغانمىش.

1867 - يىلى جەنۇبىي قۇملۇق يولغا ئەسكەر تارتقان بە دۆلەت خوتەن پادىشاھىنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ، قاپقانقا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ ھىلە - مىكىرلىرى يەنە شۇ يىلى ستراتېگىيەلىك شەھەر كۇچانى ئېلىشىدا ئەسقاتقان. يەرلىك غوجىلار بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ پارچىلىنىپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ ۋەزىرلىرى غوجىلاردىن يۈز ئۆرۈپ بە دۆلەت تەرەپكە ئۆتكەن.

تۇڭگانلارنىڭ ئۇۋىسى تۇرپان ئالتە ئاي ئىركەشكەندىن كېيىن 1870 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قورشاۋغا ئېلىنغان. جۇڭگولۇق پارتىزانلار (تۇڭگانلار) ياردىمىدە ياقۇپ بەگ تەگرى تېغىدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىنى ئالغان. ئۈرۈمچى ئىككى قېتىم قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگنىڭ قولغا چۈشكەن. ھازىر ئەنجانلىق بۇ تەۋەككۈلچى ۋە ئۇنىڭ توڭگان ئىتتىپاقداشلىرى پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىنى، تۇرپان ۋە پايتەخت (ئۈرۈمچى) نى تىزگىنى ئاستىغا ئالغان.

بۇ مەزگىلدە، قوزغىلاڭلار ۋە تۇڭگانلار بىلەن تارانچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق ئۇرۇشلار تۈپەيلى قاقاسلىشىپ كەتكەن مۇنبەت ئىلى ۋادىسىنى رۇسىيەلىك گېنېرال كولپاكوۋسكىي ئىگەللەپ تۇراتتى. ئۇ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى قۇرۇتۇپ، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ، قورغانلارنى بۇزغان ئىدى. 1876 - يىلى رۇسىيەلىكلەر ستاتېستىكا قىلغان نوپۇس تەكشۈرۈشتە غۇلجا شەھىرىدە 132 مىڭ نوپۇس بارلىقى ئېنىقلانغان. ھالبۇكى توپىلاڭدىن ئىلگىرى غۇلجىنىڭ نوپۇسى 350 مىڭ ئىدى. مانجۇ ۋە خەنزۇ شەھىرى ئۈرۈمچىدە 24 مىڭ ئائىلە بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى كېمىيىپ كەتكەن. جۇڭغارىيەدە بۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى قەتلىئام تەكرالانغان. ئەمما ھازىر پالاكەتكە يولۇقۋاتقانلار بولسا جۇڭگولۇقلار ئىدى.

ياقۇپ بەگ ھۆكۈمىتى ۋەھشىلىكتە ئۇچچىغا چىققان. ئەمما چەتئەللىكلەر، بولۇپمۇ ئەنگلىيەلىكلەر ئۇنىڭغا قول قويغان. روبېرت شاۋ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھىندىستاندىن ياخشى ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ «Eldorado نىڭ بىرى زامانىۋىلاشقان، ئاۋات، پاراۋان مەملىكەت، سودا گۈللەنگەن ۋە ئەنئەنە جەھەتتە تاشقى دۇنياغا يۈزلەنگەن، ياۋرۇپاغا بىر ئاز ئوخشايدۇ»(26) دېگەن. لوندوندىكى «تايمىس» («زامان») گېزىتىدە دوگلاس فورسىسنىڭ خۇلاسىلانمىغان زىيارىتى ئېلان قىلىنىپ: «بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ باي ۋە زۇلۇمغا چىدامىلىق ئىكەنلىكى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھازىرقى يېڭى خۇجايىنىنىڭ دانىشمەن ۋە ئادىل ئىكەنلىكى» بېسىلغان.(27) بۇ رايوننىڭ مۇھىم رولى بارلىقى قوشۇمچە قىلىنغان. لوندوندىكى ھىندىستان ئىش بېجىرىش ئورنى سودىنى كېڭەيتىش تەقەززالىقىدا ھالاك بولىۋاتاتتى. لوندون ۋە كالكوتتادىكى بەزى ئەنگلىيەلىك ئوفىتسىرلەر «قەستەن جىم تۇرىۋېلىش» مودا بولىۋاتقان بۇ كۈنلەردە ھىمالايانىڭ شىمالىنى ھەربىي جەھەتتە ئىگەللەشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھالبۇكى ياقۇپ بەگ بىلەن سودا قىلىشنىڭ ھەم ئىمپېرىيە ئۈچۈن ھەم ئەنگلىيەنىڭ رۇسىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىگە يېقىندا تۇرۇپ نەزەر سالالىشى ئۈچۈن ياردىمى بار ئىدى. پەقەت جۇڭگو ئاجىز بولسىلا ياقۇپ بەگدىن پايدىلانغىلى بولاتتى.

گەرچە رۇسىيە ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيەدەك قىزغىن مۇئامىلىدە بولمىغان. 1875 - يىلى ياقۇپ بەگ بىلەن كۆرۈشكەن ئېكسپېدىتسىيىچى نىكولاي پېرژېۋالسكىي ئۇنى تەسۋىرلەپ «بىر سىياسىي ئالدامچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن. ئاكىسىغا يازغان مەكتۇپىتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ: «بارلىق كارغا كەلمەس ئاسىيالىقلارغا ئوخشاش ياقۇپ بەگمۇ بىر زەمبىل پوق. قەشقەرىيە دۆلىتى بىر كوپەك (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پۇل بىرلىكى، بىر روبلى يۈز كوپەككە تەڭ) كىمۇ يارىمايدۇ» دەپ يازغان.(28)

پېرژېۋالسكىينىڭ باھاسى ھەقىقەتەن قوپال ۋە ناچار بولغان. ئەمما بۇ بەلكى پۈتۈنلەي ياقۇپ بەگكە ئەمەس، بەلكى ئۆزى تىلىنى بىلمەيدىغان تۈركىي خەلقلەرگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. نورمالدا جىمجىت ھالەتتە تىنچ ياشاپ كۆنگەن بوستانلىق خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن زار - زار قاقشىغانلىقى راست. بۇ يېڭى خان دېھقانلار ۋە سودىگەرلەردىن ئىلگىرىكى مانجۇ ھۆكۈمىتىدىكىدىنمۇ ئېغىر باج - سېلىق ئالدى. خەلق تاغلاردىن ئېشىپ كەلگەن چەتئەل قوشۇنلىرىغا نەپرەت بىلەن قاراپ، ئۇلارنى تۈركىي تىلدا بىر توپ «ئەبلەخ، لۈكچەك، ئوغرى، قىماۋاز، بۇزۇق (ھارىمى)، كەپتەۋاز (ئالدامچى)» دەپ تەسۋىرلىدى.(29)

ھالبۇكى، فورسىس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ياقۇپ بەگ ئوردىسىنىڭ سەيناسىدا كۆرسىتىلگەن تۈرلۈك ھەربىي مەشىق ماھارەتلىرىدىن كۆچلۈك تەسىرلەنگەن ئىدى. «بۇ يەردە خورما رەڭ يۈزلۈك، پارقىراق قارا ساقاللىق، گەۋدىلىك ئافغانلار، ئۇ يەردە ياپىلاق يۈزلۈك، پاناق بۇرۇن، قىسىق كۆز قالماق (موڭغۇل) لار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا يۈزى سۈزۈك ۋە يۇملاق، بۇرۇتلىرى قىسقا ۋە پاكىز قىرقىلغان ئەنجانلىق بىلەن ئۈچ بۈرجەك كۆزلۈك، يۈزىنىڭ ئەتراپىدا قىسقا، ئىنچىكە ساقال قويغان ئولتۇرغان ھالەتتىكى قىرغىزلار بار ئىدى. بىزگە تونۇشلۇق بولغان تىرىسى قارا رەڭلىك ۋە مايلىق يۈزلۈك ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇرۇتلىرى كۆزلىرىدەك پاقىرايتتى ۋە ئۇلار خۇشامەتگۈي ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. رەڭگى تۇتۇق

جۇدەڭگۇ، ئەپيۇن چىكەر خىتايلار (جۇڭگولۇقلار) نىڭ يىرگىنىشلىك تەلەتى ئۇلارنىڭ قورقۇپ كەتكەن روھى ھالىتى قۇللۇقتا مەجبۇرلانغان تۇرقىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ساقاللىق ۋە ئىسىل سۆپەت، كېلىشكەن بەدەخشانلىقلار كەڭ پىشانىسى، ئىلپەتەك تۈز بۇرنى ۋە تۇخۇمدەك يۈزى بىلەن ساپ ئارىيان نەسلىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى».(30)

قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۈركىيەدىن كەلگەن ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن ۋە ئىستانبۇلدىن كەلتۈرۈلگەن Lee Enfield مىلتىقى بىلەن قوراللاندۇرۇلغان. رۇسىيەلىكلەر مىلتىقنى ئەنگلىيە بەرگەن دەيدۇ[1]. ھەددىدىن ئارتۇق، ھەتتا جۇڭگولۇقلار (مانجۇلار) زامانىدىكىدىنمۇ بەتتەر ئېغىر ئالۋاڭ - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇرلانغان دېھقانلار، بار - يوق ھەممە نەرسىنى، قازان - قۇمۇشلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ باج يىققۇچىلارنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنداشقا تىرىشتى. باجنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار بەدۆلەتكە بىر يىلدا ئىككى قېتىم سوۋغا سالام، ھەدىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. خوتەن ھاكىمى نىياز بەگ بىر قېتىم ئۇنىڭغا يەتمىش تۆگىگە يۈكلەنگەن ھەدىيە ۋە ئىككى ئاتقا يۈكلەنگەن كۈمۈش سوغا ئەۋەتكەن ئىكەن.

ياقۇپ بەگ تەرتىپ بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. شەھەرلەردە ئىگەر - جابدۇق، قورال - ياراق ۋە كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ زاۋۇتلارنى قۇردى. يوللاردا مۇساپە كۆرسەتكۈچى ۋە بېكەتلەر قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت ئومۇمى ئالتۇن مىقدارىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى خوتەندىن يىغىۋېلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر جۇڭگودىن كېلىدىغان چاي توختاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەمىشە قۇملۇق ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىن چاي خىشلىرى قېزىۋېلىشقا باراتتى. 1872 - يىلى رۇسىيە بىلەن، 1873 - يىلى ئەنگلىيە بىلەن سودا توختاملىرى ئىمزالاندى.

ئامانلىق ئىشلىرى چىڭ تۇتۇلدى. قىرغىز بۇلاڭچىلار يوغۇشتۇرۇلدى. بىگۇناھ يولۇچىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان ئالدامچى كۆچمەن چارۋىچىلار بىر تەرەپ قىلىندى. فورسىس ئەينى چاغدىكى بىر ئامباپ سۆزىنى نەقىل قىلغان: «ئەگەر بىر كىشىنىڭ قامچىسى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۈشۈپ قالغان بولسا، بىر يىلدىن كېيىن كېلىپ ئىزدىسىمۇ، ئۇنى جايىدىن تېپىپ ئالالايدۇ.» گەرچە بۇ يەردە ياقۇپ بەگنىڭ ئالاھىدە دىندار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ يولىغا توسقۇن بولغان ھەر قانداق غوجىنى ئۆلتۈرۈشتە قىلچىلىك ئىككىلىنىپ قالمىغان. فورسىسنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، ياقۇپ بەگ ئاددى - ساددا ياشىغان. مۇسۇلمان ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرىنى ياساتقان. شەرىئەت قانۇنىنى ئىجرا قىلغان ۋە بىر توپ شەرىئەت ساقچىلىرى ئەخلاقى بۇزۇقلۇق سادىر قىلغانلارنى قامچىلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ھەر يەردە ئەدەپلىگەن. بىر يەركەنلىك كىشى فورسىسنىڭ ئۆمكىدىكىلەرگە جۇڭگوچە بازار كۈنىنىڭ بەكلا «قىزىقارلىق» بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. بىر كىشى جۇڭگوچە بازار كۈنىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«بۇ يەردە ناماز ئوقۇمىغان كىشىلەرنى ۋە كوچىغا چىققان ئاياللارنى ھەيدەپ قامچىلايدىغان... قازى رەئىس يوق. ھېچكىم ھاراق ئىچكەنلىكى ۋە ھارام گۆش يېگەنلىكى ئۈچۈن پاچاقچا توقماق بىلەن ئۇرۇلمايدۇ. بۇ يەردە جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ تاماشا قىلىدىغان سازچىلار، دارۋازلار، پالچىلار ۋە مەدداھلار بار. بۇ يەردە دۇكانلارنىڭ ئالدىدا خىلمۇ خىل توغلار، بايراقلار لەپىلدەپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يۈزلىرىگە گىرىم قىلىپ، يىپەك شايى، نىپىز كىيىملەر بىلەن ياسىنىپ خېرىدارلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان «جالاپ» بار... ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئوغرى - قىماۋازلارمۇ بار. كىشىلەر مەست بولۇپ قالغان ھامان، يانچۇقلىرى قۇرۇقدىلىدۇ. ھازىر ئۇلار ئوچۇق - ئاشكارا ئىش قىلالمايدىغان بولدى. چۈنكى بىز ھازىر ئىسلام ئاستىدا ياشاۋاتىمىز، شەرىئەت قاتتىق ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ.»(32)

ياقۇپ بەگ يېڭى چەتئەللىك دوستلىرىنىڭ ئىززەت - ئىكرامى ۋە ئالقىشلىرى ئىچىدە راھەتلىنىپ قالغان بىر ۋەزىيەتتە ئۇيۇقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى كۈچلۈك دۈشمىنى گېنېرال زوزۇڭتاڭ پۇرسەت كۈتىۋاتاتتى.

---

[1] ئەنگلىيە رەسمىي بىر نەرسە بەرمىگەن. ئەمما ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىر قېتىم شەخسىي زاۋۇتتىن ئېلىنغان 200 ساندۇق تاپانچىنىڭ توشۇلۇش يول كىراسىنى بەرگەن.

قەشقەرنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ بەختەر بولغانلىقىنى خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن مەسلىھەتچىلىرىمۇ جۇڭگونىڭ ھازىر ئۇنى تەختتىن غۇلىتىشقا ئاجىز ئىكەنلىكىنى سۆزلەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ياقۇپ بەگنىڭ ئەھۋالى ئۆزىنىڭ پەرەز قىلغىنىدىكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. 1865 - يىلىدىن باشلاپ مانجۇ ئوردىسىدا شىنجاڭنى قايتۇرۇپ كېلىش ياكى تاشلىۋېتىش توغرۇلۇق بېيجىڭنىڭ قارارىنى بەلگىلەيدىغان قاتتىق بەس - مۇنازىرە باشلاندى. سوئال شۇ ئىدى: يەنى شىنجاڭ ئاۋارە بولۇشقا ئەرزىمدۇ - يوق؟ بىر تەرەپتە لى خۇڭجاڭ باشچىلىقىدىكى دېڭىزچىلىق تەرەپدارلىرى: غەرب ئۇرۇشى پەقەت پۇل ئىسراپچىلىقىدىن ئىبارەت. ھازىرقى مۇھىم ئىش چەتئەل قاراقچىلىرىغا قارشى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىنى مۇداپىئە قىلىش، دېدى. يەنە بىر تەرەپتىكى «يايلاق تەرەپدارلىرى» بولسا شىمال ۋە غەربنى قوغداشنى ئوخشاشلا چىڭ تۇتۇش كېرەك دېدى.

گەرچە گېنېرال زوزۇڭتاڭ دېڭىز مۇداپىئەسىدە ۋە كىمە ياساش زاۋۇتلىرىدا ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما يايلاقچىلىق پىكرىدە قەتئىي چىڭ تۇردى. ئۇ غەربىي رايوننى چىڭ تۇتۇپ تۇرغاندا، قاراقچىلارنى تىنجىتقاندا موڭغۇلىيەنى قوغدىغىلى بولىدۇ. موڭغۇلىيە تىنچ بولسا پايتەختكە خەۋپ كەلمەيدۇ، دەپ قارىدى. گۇاڭشۇخاننىڭ دادىسى شاھزادە يىخۇەن ئۇنىڭ كۈچلۈك مەدەتچىسى ئىدى. زوزۇڭتاڭ ئىلگىرى تەيپىڭ تيەنگو ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ شۆھرەت قازانغان ئىدى. قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا چۈشەلەيدىغان يالغۇز كىشى ئۇ ئىدى.

زوزۇڭتاڭ خۇنەن ئۆلكىسىدىن بولۇپ، ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدا ئىككىنچى بولغان. تەيپىڭ تيەنگونى غەلىبىلىك باستۇرغاندىن كېيىن، 1865 - يىلى شەنشى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى بولغان. گەنسۇدىكى تۇڭگانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان. خان ئۇنىڭدىن شىنجاڭ ھەققىدە قانداق قىلىشنى سورىغاندا، زوزۇڭتاڭ جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى ئېغىر خەتەردە ئەمەس، چۈنكى غەربلىكلەر پەقەت سودىغا قىزىقىدۇ. ئەمما غەربىي رايوندىن چېكىنىپ چىقىپ گەنسۇ كارىدورىدىكى يۈمىنگۇەن قوۋۇقىنىڭ ئارقىسىدىن چېگرا سىزىقى سىزىش تولىمۇ ئەخمەقلىق دەپ مەسلىھەت بەرگەن. 1875 - يىلغا قەدەر ئۇ مۇنازىرىدە گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەن. ئەمما بۇ ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ تەييارلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قىلىنىپ بولغان. خان ئوردىسى ئۇنىڭ پۇختا ئىش قىلىدىغان ھەربىي كوماندىر ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى ئەمىن بولۇپ، 6 يىل مۆھلەت بەرگەن.

بىرىنچى مەسىلە 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ تەمىنات مەسىلىسى ئىدى. ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئىلگىرىكى تىنچ چاغلىرىدىمۇ، چېگرا رايونلار بۇنى قامداپ كېتەلمەيتتى. ئەمما ھازىر بۇ رايونلار كۆمپەيكۈم بولدى. ھالبۇكى، زوزۇڭتاڭ رۇسىيەدە دۈشمەننىڭ كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىش تاكتىكىسىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ناپالېئونغا ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلسا بولمايتتى. ئۇ جۇڭگو «چوڭ قۇرۇقلۇقى» ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى 6000 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇققا قەدەر سوزۇلغان تەمىنلەش سىستېمىسى تورى بەرپا قىلىشقا باشلىدى. ئاشلىق ۋە قورال - ياراق دېڭىز بويىدىكى شاڭخەي بىلەن تيەنجىن، ئۇرۇش رايونىغا يېقىن شەنشى ۋە گەنسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش ئاساسلىق ھەربىي تەمىنات بازىسىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ يەردىن ۋاگون ۋە تۆگىلەرگە يۈكلىنىپ قۇملۇقتىكى ئاخىرقى 600 ئىنگلىز مىلى مۇساپىنى بېسىپ ياقۇپ بەگنىڭ پادىشاھلىقىدىكى ئالدىنقى سەپكە قەدەر توشۇلىدۇ. زوزۇڭتاڭ يەنە خەن سۇلالىسى تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتتىكى قاقاسلىقلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە قوللانغان تاكتىكىنى ئارىيەت ئېلىپ، چېرىكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي بازىسى ئەتراپىغا زىرائەت تېرىشنى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىشنى، يول ياساشنى ۋە ئورمان ئىنيا قىلىشنى ئۆگەتتى.(33) ئاجايىپ بولغىنى شۇكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يولنى بويلاپ كۆچەت تىكىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ كېيىن يۇرتىغا قايتىدىغان يولنى تېپىشىدا پايدىسى بولارمىش. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەييارلىق قىلىپ، ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە يەرلىك جامائەتتىن پايدىلىنىشنى پىلانلىدى. خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ تۈركلەردىن ۋە قۇملۇقتىن قورقىدىغانلىقىنى، يەرلىك تائامlarنى يېمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، رۇسىيەدىن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا تۇتۇش قىلدى. رۇسلارغا 1871 - يىلى ئۇلار تارتىۋالغان ئىلى ۋادىسىغا قارىتا ھېچقانداق ھەربىي پىلانىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتتى. 1875 - يىلى سودىگەر I·O . كامېنسكى ئۇنىڭغا بەش مىليون جىڭ (يەنى 670 مىڭ Pound)، كېيىنكى يىلى ئون مىليون جىڭ ئاشلىق

ساتتى. كامېنسكىي غايەت پايدا قازانغان. يەنى غۇلجا تەۋەسىدىكى 10 كۆپەكتىن 15 كۆپەككە قەدەر سېتىلىدىغان ئۇن گەنسۇ چېگرىسىدىكى گۇچېڭدا سەككىز روبلىغا (60 ھەسسە قىممەت) سېتىلغان.

زوزۇڭتاڭ قوشۇنىنىڭ ئەقلىيە سۆزى: «ئاستا يۆتكىلىپ، تېز تېگىش (ئۇرۇش)» ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك بارلىق ماتېرىياللارنى ھۇجۇم قىلىدىغان نىشان ۋە زامانىنى بېكىتىشتىن ئىلگىرى تەييارلاپ تەق قىلىپ قويغان ئىدى. قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقى ۋە قىممەت توختىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ قورغاننى ئېلىش ئۇسۇلى بولسا قاراڭغۇ چۈشكەندە زەمبىرەكلەرنى نىشانغا كىرگۈزۈش ۋە تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى بومباردىمان قىلىپ، ئارقىدىنلا پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى تېز ئىلگىرىلەپ ئىز بېسىپ كىرىش ئىدى.(35)

ئىككىنچى مەسىلە ئۇزۇن سەپەرنىڭ مالىيە مەسىلىسى ئىدى. زوزۇڭتاڭ مۇھتاج بولغان بېيجىڭدىن بېرىلىدىغان ئۆلكىلىك ياردەم توققۇز مىليون فوند سېتىرلىڭ ئارقىغا سوزۇلۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنى مائاشقا ساقلاپ قالدى. ھەل قىلىش چارىسىنى قارىماقتا ياقۇپ بەگنىڭ ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇپ قېلىشىنى بەكرەك ئارزۇ قىلغاندەك كۆرۈنگەن كىشىلەر، يەنى ئەنگلىيەلىكلەر بەردى. ياق بۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دېگەنلىك ئەمەس. ئەينى چاغدا گەپ پۇلغا كەلگەندە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىتەرەپ بولۇپ تۇرىۋالدى. ئەمما شياڭگاڭ بانكىسى بىلەن شاڭخەي بانكىسى مۇلازىمەت قىلدى.

خاقانلىق قائىدىسى بويىچە، خاننىڭ پۇل قەرز ئالماقچى بولۇپ، كۆزگە چېلىقىشى مەنئى قىلىنغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ خىزمەتچىسى زوزۇڭتاڭغا بۇنداق قىلىشقا ئىجازەت بېرىلدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئۈچۈن پۇل لازىم - دە. 1868 - يىلدىن كېيىن ھەر ھالدا ئوردا تەدبىرلەرنى تەستىقلىدى. ھۆكۈمەتنىڭ قول تىقىپ ئارىلىششى بانكا بىلەن ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنى تەڭلىكتە قالدۇرۇپ دىپلوماتىيە جەھەتتە مالىيە قىيىنچىلىقىنى ئىپادىلىدى. 1867 - يىلى ۋە 1868 - يىلدىكى ئىككى قېتىملىق قەرزنى زوزۇڭتاڭنىڭ ۋاكالەتچىسى خۇ گۇاڭيوڭ ئىسىملىك سودىگەر بانكىر تەييارلىغان. ئەمما بۇ يەردە «شياڭگاڭ بانكىسىنىڭ قاتناشقانلىقىغا دائىر بىرەر ئالامەت يوق.» ئۈچىنچى قېتىملىق قەرز كېيىنكى يىلى مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا بانكىنىڭ بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئۆلۈش ئېلىشى دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچنەرسە كەلمىگەن. ئەمما بۇ بانكىنىڭ شاڭخەيدىكى شۆبىسىنىڭ «گەنسۇ قەرزى» دەپ ئاتالغان مۇئامىلىگە ئارىلاشقانلىقى راست، بۇنىڭدا بىرىنچى قېتىم بەش مىليون سەر كۈمۈش (1.6 مىليون فوند سېتىرلىڭ) بېرىلگەن ۋە 1877 - يىلى زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن كۆپەيتىپ بېرىلگەن.(36)

زوزۇڭتاڭنىڭ ئارمىيىسى كۇچادىن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىۋاتقان شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا كەلگەن تېلېگراممىدا كېلىشىمنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكى ۋە «غەربىي شىمالدا ئۇتۇقلۇق يۈرۈشلەرنىڭ بولىشى ئۈچۈن» ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. يازغۇچى خۇق فراسېر قۇشۇمچە قىلىپ: «بۇ يەردە مەن شۇنى ئېيتىشنى خالايمەنكى، نۆۋەتتە ئىشتا ئازراق قىيىنچىلىق بار. خاننىڭ پەرمانى بويىچە تەستىقلانغان قەرز پىلانى بانكا مەمنۇن بولىدىغان قەرەلدە تۈزۈلمىدى»(37) دېگەن. ئەمەلىيەتتە زوزۇڭتاڭنىڭ ۋاكالەتچىسى فۇ ئەپەندى بىلەن بانكىدىكى كامېرون ئەپەندى ئوتتۇرىسىدا 7 - ئايدا تۈزۈلگەن قەرز توختىمى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز تەسىرىنى ئىشلىتىپ چات كىرىشى بىلەن بىرىنچى مۇدەتتىكىسى ناھايىتى تېزلا تۆلىنىپ بولغان. كېيىنكى يىلى بىر مىليون 750 مىڭ سەر كۈمۈش ۋە 1881 - يىلى 4 مىليون سەر كۈمۈش قەرز ئېلىنغان.

ئەنگلىيە دىپلوماتلىرى زوزۇڭتاڭ قوشۇنىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا ۋاستىلىق ھالدا ئارىلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياقۇپ بەگنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ رۇسىيەنىڭ ھىندىستانغا تۇتقان قارا نىيىتىگە بولغان قورقۇنچىسى ئۇلارنى يا قەشقەرىيەنىڭ ئەنگلىيەگە بېقىندى بىر مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇش ۋە يا ئۇنى گېنېرال زوزۇڭتاڭ ئىشغال قىلىپ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ كېلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئېھتىمال نەتىجىسىدە ئارقىغا يېنىشقا مەجبۇرلايتتى.

يوللانغان ھۆكۈمەت تېلېگراممىلىرى ئەنگلىيەنىڭ بۇ ئىشقا نەقەدەر يېقىندىن ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. بېيجىڭدىكى باش ئەلچى توماس ۋاد «ۋاقىتلىق ھەل قىلىش چارىسى» تېپىشقا زىيادە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىسى بار ئىدى. ئۇ دېھلىدىكى دوگلاس فورسىسقا لى خوڭجاڭنىڭ ئۇنىڭدىن ياقۇپ بەگكە تەسلىم بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مەكتۇپ يېزىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى

ئاشكارىلىندى. ئەمما 1876 - يىلى 7 - ئايدا فورسىس تىيەنجىندە لى خۇڭجاڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، لى خۇڭجاڭ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتتى:

ــــ ئەگەر ياقۇپ بەگ قوراللىنى تاشلاپ، ئامانلىق تىلىسە، خان ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيەنى جۇڭگونىڭ بېقىندىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

ــــ ياقۇپ بەگ تازىم قىلىپ ئولپان تۆلىشى كېرەكمۇ؟

ــــ ئەلۋەتتە. دېدى لى خۇڭجاڭ.

- ئەمما ياقۇپ بەگ ھەرگىز بۇنداق قىلمايدۇ. دېدى فورسىس.

- ئۇنداقتا، دېدى لى خۇڭجاڭ، ئۇنى پەقەت مەغلۇپ قىلىشتىن باشقا چارە يوق».(38)

لوندۇندىكى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى لورد دېربې ئۆزىنىڭ ئۈچ نۇقتىلىق فورمۇلاسىنى (تەكلىپ لايىھىسىنى) ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى: ئەگەر ياقۇپ بەگ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ بېشى دەپ ئېتىراپ قىلسا، ئەملىنى ساقلاپ قالسۇن. ئىككىنچى: «قەشقەرىيە» بىلەن جۇڭگونىڭ چەك - چېگرىسى ئېنىق ئايرىلسۇن. ئۈچىنچى: ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ياردەملىشىش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىسۇن.

1875 - يىلى سۈيقەستلەر داۋاملىشىۋاتاتتى. گېنېرال زوزۇڭتاڭ غەربكە يۈرۈشنى تەگرىتېغىنىڭ شىمالىدىن بارىكۆل ۋە گۇچېڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلىپ باشلىدى. تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ياقۇپ بەگ ئورنىغا بەگقۇلى بەگنى قويۇپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا 30 مىڭدىن 40 مىڭغا يېقىن ئەسكەر بار ئىدى. 1876 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچى جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا ئۇ لوندۇنغا جۇڭگونىڭ باش ئەلچىسى گۇسۇڭتاۋ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. جاۋاب كەلدى. يەنى ياقۇپ بەگ پەقەت جۇڭگو بەرگەن ھەر قانداق ئەمەلنى قوبۇل قىلسىلا ئاندىن ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ياقۇپ بەگ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئارمىيە بىلەن جەڭ قىلىشنى خالىمايتتى. قارشىلىق كۆرسەتكۈچى مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئۆز قورغانلىرى ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن ئىلگىرىلا قېچىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. 1876 - يىلى قىش پەسلىدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى كۆپ قىسىم يەرلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىغا چۈشتى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى كورلىغا يوشۇرۇنىۋالغان ياقۇپ بەگ ئەسكەرلىرىگە دۈشمەنگە قارشى ئوق ئاتماسلىقنى ھەتتا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ قەتئىي ئوق چىقارماسلىقنى ئەمر قىلىپ بىر بىمەنە تاكتىكىنى قوللاندى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى چۈشۈرۈپ، ئىنتايىن ناچار تەسىر پەيدا قىلدى.(39) ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قېچىشقا ھازىرلاندى. بەلكى ياقۇپ بەگ سۆھبەت ئېلىپ بېرىش نىيىتىنىڭ ھەقىقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولىشى مۇمكىن. ئېھتىمال ئۇ شىمال ۋە شەرقتىكى ۋىلايەتلىرىنى بېرىش بەدىلىگە قەشقەر ۋە تارىمنى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولىشى مۇمكىن. ئەمما زوزۇڭتاڭ قوشۇنى قانچە يىراققا ئىلگىرىلىگەنسېرى مۇئامىلىسى شۇنچە قاتتىقلاشتى. ياقۇپ بەگ كېچىككەن ئىدى.

1877 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپاننى ئالغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، قەشقەرىيەنىڭ ئۆزگە قاراپ ماڭدى. ئويلىمىغان يەردىن ياقۇپ بەگ تۇيۇقسىز ئۆلدى.

مۇسۇلمانلار ئۇنى زەھەرلەنگەن دەپ قارايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەن ۋە قول ئاستىدىكى كامالدىن ئىسىملىك خىزمەتچىسىنى ئۇرۇپ ھاسىراپ كەتكەندە ئىچكەن سوغۇق چاي بەك سوغۇق كېلىپ يىقىلغانمىش. ئۇ چاينى ئىچكەندىن كېيىن يەرگە يىقىلغان ۋە «بەدىنى قېتىپ، كۆكىرىپ، يېرىلىشقا باشلىغان».(40) يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا چاي بەرگەن خوتەن ھاكىمى دۈشمەنگە سېتىلغان نىياز بەگ ئىكەن. ئەمما نىياز بەگ كېيىن جۇڭگولۇق گېنېرالغا يازغان مەكتۇپىدا ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالغانلىقىنى، ئەگەر بەدۆلەتنى زەھەرلىگەنلىك مەسئۇلىيىتى نىياز بەگدە بولسا، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ خۇشاللىق بىلەن ئىنئام ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى يازغان.

نەق مەيداندىكى بىر ئوفىتسېرنىڭ ئېيتىشىچە ياقۇپ بەگ جۇڭگولۇقلارنىڭ «نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز خەلقىنىڭمۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقىۋاتقانلىقىنى» سۆزلەپ يازغان مەكتۇبىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئۇ مەكتۇپ ئەكەلگۈچىنى ئۆلتۈرگەن. خەتنى ئوقۇپ بەرگەن كىشىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغاندىن

كېيىن زەھەر ئىچكەن. ياقۇپ بەگنىڭ قوشۇنىدىكى بىر تۈرك ئوفىتسىرنىڭ بىر قەدەر راستقا ئوخشايدىغان چۈشەندۈرۈشىگە قارىغاندا 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ئەتراپىدا كاتالىدىننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، يەنە باشقا بىر خىزمەتچىسىنى سەت گەپلەر بىلەن تىللىغان ۋە «قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغانلىق تۈپەيلى زۇۋانى تۇتۇلۇپ ئىسنى يوقاتقان.» باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. بۇ ھالەتتە ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 2 دە ئۆلۈپ قالغۇچە ياتقان. جۇڭگولۇقلارنىڭ «ياقۇپ بەگ ئويۇنى ئاخىرلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى» دېيىشى تەبئىي.

زوزۇڭتاڭنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلىشى ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كەتمىدى. ئاقسۇ 1877 - يىلى 10 - ئايدا، قەشقەر 12 - ئايدا، خوتەن بولسا 1878 - يىلى 1 – ئايدا قولغا چۈشتى. غەلىبە خەۋىرى 1877 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى «بېيجىڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى: «ئارمىيىمىز زىمىستان قىش پەسلىدە چەكسىز قۇملۇقتا پەقەت بىر ئاي ئىچىدىلا مىڭ ئىنگلىز مىلى ئۇزاققا سوزۇلغان ھەربىي يۈرۈشنى غەلىبىلىك تاماملىدى.» ئەنگلىيە ياقۇپ بەگنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىكىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاززاق دىققەت قىلدى. ئەمما تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن بىر جانسىز ئىزاھات كەلدى. رەسمىي ئاخباراتنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن خاق فرانسىر تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە ئەگەر بۇ خەۋەر راست بولسا جۇڭگولۇقلارنىڭ «غەلىبىسىدىن پەخىرلىنىشى ھەقلىق» دېدى.(41)

زوزۇڭتاڭنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان بىر ۋەقە بولۇپ، ئۇنى مۇتەئەسسىپلەر، مىللەتچىلەر ۋە ماركسىزمچىلار ھەممىسى ئالقىشلىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇپ كېلىشى ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىش بولدى. ئەمما بۇ شۆھرەتنى تۇتۇقلاشتۇرغان نەرسە شۇكى، ياقۇپ بەگ ئۆز خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى ھەم ئۇ ئۆزىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن خانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشمىدى. بەزىلەر ئېيتقاندەك، ئەگەر ياقۇپ بەگ  نېرۋىسىدىن ئاداشمىغان بولسا ۋە ھاكىمىيەت سۈرگەندە خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ نارازىلىق قوزغىمىغان بولسا، ئۇ چاغدا جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈرۈشى «ھازىرقى زامان جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ھەربىي دەپىنە مۇراسىمىنىڭ بىرسى» بولۇپ، ئاخىرلاشقان بولاتتى دېمەك ئاسان.(42)

جۇڭگونىڭ ئاجىزلىقى ۋە رەھىمسىزلىكى تۈپەيلى، ياقۇپ بەگ باشقىلار قورالمىغان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا قورالىدى. گەرچە ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئاران ئون ئۈچ يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ پىسخىكىسىدا ئۈچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىز قالدۇردى. خەلق غايەت زور زىيانغا ئۇچرىدى. يۈز يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ ئۈچ قېتىم قولدىن  - قولغا ئۆتتى. ھەرقېتىملىق ئۆزگىرىشكە قەتلىئام ۋە ۋەيرانچىلىق مۆھۈرىنى باستى. چىيەنلۇڭ خان بىرلەشتۈرگەن زېمىننى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئەمدىلىكتە ئەنگلىيەنىڭ قەرز پۇلى بېرىشى ۋە رۇسىيەنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشى، ياردىمى ئاستىدا ئۇ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ كېلىندى.

نورمال بىر چۈشلۈك تاماق ئولتۇرۇشى قان بىلەن بويالغان چاغدا، بىز يېقىندىلا ئۇنىڭ يەنە قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.


ئىزاھاتلار

(1) مىللۋارد: «چىيەنلۇڭ سارىيىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان» 58 -  427 - بەتلەر.
(2) كابلى ۋە فرەنچ: «قاقاس چۆل» 8 – 67 - بەتلەر.
(3) ئارلىنگتون ۋەلېۋسخن: «قەدىمىي بېيجىڭنى ئىزلەش» 5 – 94 - بەتلەر.
(4) مىللۋارد: «چىيەنلۇڭ سارىيىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان» 447 - بەت.
(5) ئەبەر ھارد: «جۇڭگو تارىخى» 303 - بەت.
(6) مىللۋارد: «تاغ يولىنىڭ نېرىسى» 18 – 19 - بەتلەر.
(7) مىللۋارد: «تاغ يولىنىڭ نېرىسى» 197 -201 - بەتلەر.
(8) خېرنېر: «جۇڭگو مەدەنىيىتى تارىخى» 494 - بەت.
(9) ئەبەر ھارد: «جۇڭگو تارىخى» 300 - بەت.
(10) ۋالەي كوھېن: «جۇڭگو چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا زامانىدىكى سۈرگۈنلۈك» 172- بەت.
(11) بېللېۋ: «قەشقەرىيە تارىخى» 77 - بەت.

(12) بېللېۋ: «قەشقەرىيە تارىخى» 78 - بەت. سانلىق مەلۇماتلارنى مۇبالىغە قىلغىلى ئاران تۇرىدىغان تۈركىي ھېسابلاردىن ئېلىنىدى. فائىربەنك: «جۇڭگو يېڭى تارىخى» دا «مانجۇلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنىدا 22 مىڭ چېرىك بار ئىدى» دېيىلگەن.
(13) مىللۋارد: «تاغ يولىنىڭ نېرىسى» 216 - بەتلەر.
(14) شاۋ: «HighTartary، يەركەنت ۋە قەشقەرنى زىيارەت» 43 - بەتلەر.
(15) «يەركەنتتىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتى ھەققىدە دوكىلات» 10 - بەت. فورسىيس 1870 - يىلى ئاۋۋال ۋەزىپە بىلەن بارغان. ئەمما ياقۇپبەگ يوقكەن.
(16) شاۋ: «HighTartary، يەركەنت ۋە قەشقەرنى زىيارەت» 354 - بەتلەر.
(17) سكرىنى ۋە نايتىنگېيىل: «ماكارتنېي قەشقەردە» 18 - بەت.
سكرىنى: «جۇڭگوچە مەركىزى ئاسىيا» 115 - بەت.
(19) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 50 - بەت.
(20) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 5 – 44 - بەتلەر. «تارىخى ئەمنىيە» دىن ئېلىنغان نەقىل.
(21) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 42 - بەت. ئا. دىئاكوۋدىن.
(22) ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» 418 - بەت.
(23) بېللېۋ: «قەشقەرىيە تارىخى» 97 - بەت.
(24) كابلې ۋە فرەنچ: «قاقاس چۆل» 216 - بەت.
(25) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 101 - بەت.
(26) ھېنز: «قەشقەرىيەدىكى چوڭ مۇسابىقە» 71 - بەت.
(27) «تايمىس» 1871 - يىلى 31 - ئاۋغۇست. فورسىسنىڭ ئۆز تەسراتىدا قەشقەر خانلىقىدىكى دېھقانلار ئاسىيادا ئەڭ ئاز زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئىكەن. «يەركەنتتىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتىدىن دوكلات» 13 - بەت.
(28) مېيېر ۋە برىساك: «كۆلەڭگىلەرنىڭ كۈچ سىنىششى» 233 - بەت. دونالد رايفىئىلد: «لاسا چۈشى» (1976- لوندون.)
(29) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 148- بەت. «تارىخى ئەمنىيە» دىن نەقىل (پانتۇسوۋ تەھرىرلىگەن) 233 - بەت.
(30) فورسىس: «يەركەنتتىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتىدىن دوكلات» 41 - بەت.
(31) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 222 - بەت.
(32) فورسىس: «يەركەنتتىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتىدىن دوكلات» 36 - بەت.
(33) تىيەن: «جۇڭگو ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» 3 – 102 - بەتلەر.
(34) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 248- بەت.
(35) تىيەن: «جۇڭگو ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» 104- بەت.
(36) كىڭ: «شياڭگاڭنىڭ تارىخى ۋە شاڭخەيدىكى بانكىلار ھەمكارلىقى» 48 – 536 - بەتلەر.
(37) Public Record Office (PRO) kew
(38) PRO FO17 825-7 بەتلەر.
(39) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 9 – 268 - بەتلەر.
(40) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 255 - بەت.
(41) PRO FO17 7 – 825 - بەتلەر.
(42) كىم: «مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ۋە قەشقەر دۆلىتى» 269 - بەت.

ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىدا ئىتلار توختىماستىن قاۋىدى. كېيىن ئۇنىڭ مىنىستىرلىرىدىن بىرسى: «زىياپەتتە ئۆلتۈرگەن، زىياپەتتە ئۆلتۈرۈلدۇ» دېگەن قەدىمىي ماقال ـ تەمسىلنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىت قاۋاشىنىڭ ھەقىقەتەن بىر بېشارەت ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى.

ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن قىرىق يىل كېيىن شىنجاڭ يەنە بىر قېتىم دىكتاتورنىڭ ئاستىدا قالدى. ئەمما بۇ قېتىمقىسى ئىچكىرى جۇڭگودىن كەلگەن ئىدى. ئېكسپېدىتسىيىچى سېۋېن ھېدىن ياڭ زېڭشىننىڭ يەر شارىدىكى ئەڭ مۇستەبىت ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ۋەھشىيانە ۋە ھىلە ـ مىكىر نەيرەڭۋازلىق بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ ۋەھشىلىكىنىڭ بىر مىسالى 1916 ـ يىلى ئۇ ھوقۇققا ئولتۇرغىلى بەش يىل بولغاندا مەلۇم بولغان. بىر سابىق مىنىستىر كېلىپ ياڭ زېڭشىننى ئۇنىڭ بەزى مىنىستىرلىرىنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇ كىشىنى مۇكاپاتلاشنىڭ ئورنىغا ئۇ نەق مەيداندىلا ئۇنى تۆھمەتخورلۇقتا ئەيىبلەپ ھويلىدىلا ئېتىپ تاشلىغان. ئاندىن مىنىستىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئىشىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ساداقەتسىز مەمۇرلارنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆچلۈك ھالدا تەكىتلىگەن.

15 ـ يانۋار (يۈەنشياۋ) كەچلىك بايرىمى كەلگەندە ياڭ زېڭشىن مىنىستىرلىرىنى زىياپەتكە چاقىرغان. ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىدىن بېيجىڭدىن كەلگەن مائارىپ مۇپەتتىشى ۋە شىنجاڭنىڭ مالىيە مىنىستىرى بار ئىدى. بۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى نەق مەيداندا كۆرگەنلەردىن بىرىدىن ئاڭلىغان ئەيچىن ۋۇ (ياڭ زېڭشىننىڭ ئىز باسارىنىڭ مەسلىھەتچىسى) تەسۋىرلىگەن:

«قەدەھلەر بىر قانچە نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن دوبەن توساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ زالدىن چىقىپ كەتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ ھاراقنى كۆپ ئىچمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. ئەمما بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئۇزۇن قىلىچ كۆتۈرگەن بىر ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. دوبەن ئۆزىگە نارازى بولغۇچىلاردىن بىرى شىياتىڭنىڭ ئارقىسىدا توختاپ سوغۇق ۋە بۇغۇق ئاۋازدا ساپ يۇننەن شىۋىسىدە «شىياتىڭنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن!» دەپ ۋاقىرىدى.

چاقماق تېزلىكىدە شىياتىڭنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى. ئۇنىڭ قېنى يېنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئېتەكلىرىگە چاچرىدى. ھەممەيلەن قورقۇپ تۆگۈلۈپ كەتتى. ھېچكىم مىدىرلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمما دوبەن تەمكىن ئاۋازدا تەسەللى قىلىپ: «— بۇ ئىشنىڭ سىلەر بىلەن ئالاقىسى يوق. قېنى مېھمانلىرىمغا يەنە كۆپرەك ھاراق كەلتۈرۈلسۇن!» دېدى.

قەدەھلەر ئايلىنىشقا باشلىغاندا دوبەن يەنە زالدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما دەرھال قايتىپ كىردى. يېنىدا باشقا بىر ئەسكەر بار ئىدى. ئۇلار مېڭىپ لى يىننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. مېھمانلار يەنە بىر قېتىم قورقۇنچلۇق بۇيرۇقنى ئاڭلىدى. ئەمما لى يىن ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ قالغان بولسا كېرەك. قىلىچ تەگمەستىن سەكرەپ قاچقاندا يارىلاندى. ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغۇچى يېقىندىن ئەگەشتى. ئۇ يىراققا كېتەلمىدى. بىر قانچە دەقىقە ئىچىدە زالنىڭ سىرتىدىن ئاڭلانغان چىرقىرىغان ئاۋاز مېھمانلارغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئاڭلاتتى.

زىياپەت ئۈستىلى قالايمىقانلاشتى. ھەممە يەر قان ئىدى. ياندا قاراپ تۇرغان بېيجىڭدىن كەلگەن مۇپەتتىشنىڭ قورقۇپ زۇۋانى تۇتۇلدى...

دوبەن تەمكىنلىك بىلەن قايتا ئولتۇرۇپ كۆپرەك ھاراق كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. سوغۇق گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، بىر ئاز ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا قويۇلغان تاماقلارنى قايتا

ئەكەلدۇرۇپ، ئەتراپىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىككى قاچا گاڭپەننى ئىشتىھا بىلەن يەپ تۈگەتتى.(1)

رەھىمسىزلىك ياڭ زېڭشىنغا زوزۇڭتاڭدىن مىراس قالغان بىر ئەنئەنە ئىدى. ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى بولغان زوزۇڭتاڭ 1884 - يىلى شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولغانلىقىنى ئېپادىلەپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى.

ئاپتونومىيە ئاخىرلاشتى. ھازىر تۈركلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە كوڭزىچى جۇڭگولۇق قىلىپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈچۈن تېز تۈتۈش قىلىندى. يىراقتىن كونترول قىلىشنىڭ ئورنىغا بىۋاستە كونترول قىلىش دەسستىلىپ مەقسەتلىك ھالدا مۇستەملىكە ئېچىش باشلاندى. خەنزۇ ئەمەلدارلار مانجۇلارنىڭ مەمۇرىيەت سىستېمىسى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىردى. خەنزۇ كۆچمەنلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. زوزۇڭتاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاسان قازانغان غەلبىسىدىن كېيىن قايتىپ كەتمەي قېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن لوڭگە، كاناپ رەختلىك كىيىملەر، موي قەلەم ۋە سوپۇن قاتارلىق ماللارنى كۆتۈرۈپ بىيجىڭ ۋە تيەنجىندىن تىجارەتچىلەر كەلدى. بۇ كارخانىچىلار بۇلاڭچىلار ۋە قاتىللارغا يولۇقۇش خەۋپىگە تەۋەككۇل قىلىپ كەلدى. ئۇلار غەربىي رايوندا قانچە يىراققا كەتكەنسېرى ماللىرىنىڭ باھاسىنى شۇنچە يۇقىرىلىتىپ ساتالىدى. تيەنجىنلىك سودىگەرلەر بەك بېيىپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىسپىرت (ھاراق) يۆتكەيتتى. قىستاڭ ئۆلكىلەردىن ئۇلارغا ئەگىشىپ چىققان نامرات مۇساپىرلار ھەمىشە ئەپيۇن بالاسىدا ئۆلەتتى.

خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەربىي رايوندىكى ھاكىملىق تەقدىرى ھەققىدە بەكرەك سەزگۈر بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېخىمۇ «شەرقشۇناس» بولۇشقا باشلىدى، شەھۋانىيلىق بىلەن چەتئەل ئادەتلىرى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ يېڭى ئىلىم ساھەسىدىكى غالجىرلىقنى پەسكويغا چۈشۈردى. (خۇددى ئىپارخاننىڭ ھېكايىسىدە كۆرگىنىمىزدەك) تۈرك خەلق قوشاقلىرىدا تەسۋىرلەنگەن «يۇغان، تاتلىق تاۋۇزلار» ئۈچۈن كالپۇكىنى يالاپ، سۇمبۇل چاچلىق، شەھلا كۆزلۈك قىزلارغا مەستانە بولۇپ كەتكەن خەنزۇ مىليونېرلارنىڭ كېلىپ، ئۇلار بىلەن توي قىلىشى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا مودا بولدى.(2)

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى توماس جېففېرسون قىزىل ئىندىئانلار ھەقىقى ئامېرىكىلىق بولۇش ئۈچۈن تىلىنى ئۆزگەرتىشى لازىم دېگەندەك، زوزۇڭتاڭمۇ تۈركلەر راۋرۇس كوڭزىچى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم خەنزۇچە ئۆگىنىش كېرەك دەپ پەرمان چىقاردى. ئۇ خەنزۇچە ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئۆگىتىدىغان خەير - ساخاۋەت مەكتەپلىرىنى قۇردى. ئەمەلدارلار بۇ مەكتەپتە ئوقۇشقا ئىلھام بېرىپ قوللاش ئۈچۈن تۈركچە ھەقسىز قوللانمىلارنى تارقاتتى. «قارىلىق» مەكتەپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باللىرىنى «قارىلىق» قا بەرگەن ئاتا - ئانىلاردىن جەرىمانە ئالدى. ئەمما «سەلللىك كىشىلەر» مەكتەپكە دەۋەت قىلىنسا بۇ كىشلەر قېچىپ كېتىپ يوشۇرنىۋالاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە كېلىپ، يەرلىك يۇقرالارغا مىڭ خەت، يۈز ئىسىمنىڭ ئابزاستا قانداق بىرىككەنلىكى ھەققىدە تەلىم بەردى. زاماندىكى بىرەيلەن: «ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالغان مۇسۇلمانلار نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى» دېدى. «ئوقۇغۇچىلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنى سىنىپقا سولاپ، تۆمۈر زەنجىردە باغلاپ قويغان».(3) بۇ باللار يەنە كوڭزىنىڭ ھەيكىلىگە ساداقەتمەن بولۇش ھەققىدە قەسەم بېرىشى كېرەك ئىدى. نورمالدا، بۇنداق قىلغانلارنى ئۆز خەلقى كەمسىتىپ، يېتىم قالدۇرۇپ ئارىغا ئالمايتتى. ئۇيغۇر مىللەتچى مۇساپىر ئىيسا ئالىپتېكىن بوۋىسىنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ ئورنىغا بىر نامراتنىڭ بالىسىنى كوڭزىچى مەكتەپكە بەرگەنلىكىنى، ئۆز ئوغلىنى يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى، ھىلىسى پاش بولۇپ قالغاندا بۇ دادىنىڭ بىر قانچە ئاي زىنداندا ياتقانلىقىنى، ئوغلىنىڭ مەكتەپكە ئەۋەتىلىپ، خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ، خەنزۇچە كېيىنىپ ۋە ئۆرمە چاچ كىيگەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ئوغلىنىڭ چىچىنى كۆرۈپ چىدىيالمىغانلىقىنى، دادىسىنىڭ ئوغلۇڭغا ئامراق بولما دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

بالاغەتكە يەتكەن تۈركلەر جۇڭگوچە توي قىلىش ۋە بۇتخانىدا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرىغا تازىم قىلىپ «دەرىجىدىن تاشقىرى ھۆرمەت» كۆرسىتىشكە مەجبۇرلانغان. ئەگەر بىر ئەمەلدار بۇتخانىغا ماڭغان بولسا ئۇلار (تۈركلەر) بۇتخانا ئىشىكىدە قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تازىم قىلىش كېرەك. زوزۇڭتاڭ خاندىن

قوراللىق ياكى قوراللىق تۈركلەرنى ئۆلتۈرۈشكە پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا ئىجازەت ئالغان. ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇق ئەمەلدارلارغا خالىغانچە تۇتۇش، جازالاش ۋە ئۆلتۈرۈش هوقۇقى بېرىلگەن.(4)

1885 - يىلى گەنسۇدا كۆتۈرۈلگەن يېڭى تۇڭگان قوزغىلىڭى قىرغىنچىلىق بىلەن تىنچىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلكىنىڭ شەرقىي جېگرىسىدىكى لوپنۇرغىچە بولغان جايلاردا ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. رۇسلارنىڭ كېلىپ تەرتىپ ئورنىتىش تەھدىتى بار ئىدى. كېيىن 1894 - يىلى ياپونىيە جۇڭگوغا هۇجۇم قىلدى ۋە سەككىز ئاي ئۇرۇش بولدى. تۆت يىلدىن كېيىن كەلكۈن ۋە ئاچارچىلىق ئاپىتى ئاستىدا قالغان شەرقىي شىمالدىكى شەندۇڭ ئۆلكىسىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى (مۇشتلاشچىلار قوزغىلىڭى دەپ ئاتالغان) پارتلىدى. بىر قانچە يىل ئىچىدە چىرىك چىڭ سۇلالىسى ئاخىرلاشتى. ئۆلكىلەردە قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۇستەقىللىقنى جاكارلاشتى. 1912 - يىلى 1 - ئايدا نەنجىڭدا جۇمهۇرىيەت قۇرۇلۇپ ئىنقىلابى داهى سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭ بولدى. 3 - ئايدا خان تەختتىن چۈشۈپ، يۈەن شىكەي زۇڭتۇڭ بولدى. جۇڭگو پارچىلىنىپ بىر قانچە سۈيۈرغال قىلىنغان يەرگە بۆلۈندى. مەيلى جۇمهۇرىيەت بولسۇن ياكى 1928 - يىلى قوماندان جياڭ جىشى رەهبەرلىكىدە هاكىمىيەتنى قولغا ئالغان گومىنداڭ پىرقىسىدىكى مىللەتچىلەر بولسۇن هېچكىم ئىچكىرى جۇڭگونى قايتا بىرلىككە كەلتۈرەلمىدى. يىراق غەربىي رايون ئۆز هالىغا قويۇپ بېرىلدى. بىر تارىخچى 1919 - يىلدىن كومپارتىيە غەلىبە قىلغان 1949 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقنى: «بۇ پاراكەندە دۆلەتتە هېچقانداق ئۈمىد قالمىغان، بىچارىلىق بىلەن ئادالەتنىڭ بىر مەنىسى يوق، هەر يەردە قورقۇنچ نورمال ئىشقا ئايلانغان» دەپ تەسۋىرلىگەن.(5) بۇ مىلىتارىستلار ۋاقتى ئىدى. بەزىلىرى ئاتلىق باندىتلار، ئەمما جىقراق ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ۋە قانۇننى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان هەربىي ئەمەلدارلار ئىدى. كېيىنكى يېرىم ئەسىر ئىچىدە شىنجاڭ يا خەلققە ياكى دۆلەتكە تەۋە بولمىدى. ئۆز هالى بىلەن قالدى. رۇسلار ئۇنىڭغا يېقىندىن ئەگىشىپ ماڭدى.

بۇنداق بىر زاماندا هوقۇق تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالاهىدە تالانت كېرەك. ئېهتىياتچان، سەگەك ياڭ زېڭشىن 1867 - يىلى يۈننەن ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. غەربتىكى ئۆلكىلەردە ئىشلىگەندىن كېيىن، 1908 - يىلى تۇنجى قېتىم ئاقسۇغا، 1911 - يىلى ئۈرۈمچىگە دوتەي بولۇپ تەيىنلەنگەن. يۈەن شىكەي جۇمهۇرىيەتكە زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا شىنجاڭنىڭ هوقۇقىنى قولغا ئالغان. كلاسسىك ئەنئەنىدىن ياخشى تەلىم ئالغان ياڭ زېڭشىن ئاخشاملىرى ئۆيىدە قەدىمىي پەيلاسوپ لاۋزىنىڭ ئەسەرلىرىنى دىكلىماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى ئادەت قىلغان. يۈەن شىكەي ئۇنى «جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇلۇغ كاللىغا ئىگە» دېگەن.

ياڭ زېڭشىن ماختىنىپ: «يىراق رايوندا يەر يۈزى جەننىتى» بەرپا قىلغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ دوتەينىڭ قارىماققا سىرلىق سېھرى كۈچى باردەك قىلىدۇ. ئۇ ئەنگلىيەلىك دىن تارقاتقۇچى مىلدرېد كابلې خانىمدا تەسىر قالدۇرغان. كابلې خانىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن تەسۋىرلەپ: «ئۇنىڭدا مەلۇم بىر كۈچ بارلىقىنى سەزدىم. ئۇ قەدىمكى دەستۇرلارنى ئوقىغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، بويى ئېگىز، هەيۋەتلىك، كۆلرەڭ يىپەكتىن ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن. ئۇنىڭ سەزگۈر، يىراقلارنى كۆرەلەيدىغان چىرايىدىن ئەهۋالنى تېز بايقاپ تەمتىرىمەستىن چاققان بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ» دەپ يازغان.(6)

بارلىق مۇستەبىتلەرگە ئوخشاش ياڭ زېڭشىن يەڭ ئىچىدە ئىش قىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ تېلېگرامما ئىشخانىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگىمۇ بەرمەيدىكەن. هەمىشە گۇمانلانغاچقا، ئەتراپىدىكى خىزمەتچىلىرىنىڭ هەممىسىگە ئۆزىنىڭ يۇرتلۇقلىرىنى تاللىغان. ئەمما پەيدىنپەي هەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىهەتچىسىنىڭمۇ ساداقىتىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان. پادىشاهلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغان يۈەن شىكەينىڭ پىلانىنى يۈننەندىكى نارازى كىشىلەر سۇيىقەست پىلانلاپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتقاندىن كېيىن ئىشلار چېكىگە يەتكەن. سۇيىقەستچىلەر دوست تارتىپ ئۈرۈمچىدىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان. ياڭ زېڭشىننىڭ بەلكى بىر ئاز خەۋىرى بولسا كېرەك، شۇڭا بايرام زىياپىتى شۇنداق بولغان. يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىنغا شىنجاڭنىڭ هوقۇقىنى بېرىپ، پەقەت پايتەختكە سادىق بولسىلا شىنجاڭدا شەخسىي پادىشاهلىق قۇرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى تەستىقلىغان. ئەمدى ياڭ زېڭشىن كۈتىۋاتقان ئىش ئۇنىڭ بېشىدىكى رىياسەتچىسىنىڭ يوق بولۇشى ئىدى.

ئۇنىڭغا جۇغراپىيەنىڭ ياردىمى بولدى. ئۈرۈمچىنى جۇڭگودىن ئايرىپ تۇرغان بىپايان يايلاق ۋە چۆل - باياۋانلار شىنجاڭنى پاراكەندە يېڭى جۇمھۇرىيەتتىن ئايرىپ تۇراتتى ۋە ياڭ زېڭشىن بۇ يەردە ئۆزى خالىغانچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلەيتتى. ئۇنىڭ تىنچلىق سىياستى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى ئايرىپ تۇتۇش ۋە چېگرىلارنى چىڭ تاقاش ئىدى. پەقەت بىردىنبىر چەتئەللىككە، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئۆمەكلىرىگە ئىلاجسىزلىقتىن ئىلى ۋادىسى ۋە تارباغاتايدىكى چېگرا يەرلىرىدە سودا قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن. گەرچە بۇرۇندىن تارتىپ ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى يەرلىك بەگلەرنىڭ ئاۋامغا زۇلۇم سېلىشىغا يول قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ياڭ زېڭشىن پاراكەندىچىلىك چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان دەرىجىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيەگە قەتئىي يول قويمىغان ۋە ئۆزى مادارا قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىغا مەخپىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى قويۇپ يىراقلارغىچە يولغا سالغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ «يەر يۈزى» جەننىتىنىڭ راھىتىنى ئاساسلىقى ياڭ ئۆزى كۆرگەن. كابىلې خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن فرانسىسكا بىلەن ئېۋانگېلىن فرانسوز 1926 - يىلى سوۋېت چېگرىسىدا قىممەت باھا بۇيۇملارنى چوڭ ماشىنىغا يۈكلەپ ئۇنى ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق تېز يۆتكىمەكچى بولىۋاتقان ياڭ زېڭشىننىڭ ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇلار قەھرىمان ياڭ زېڭشىننىڭ خاراكتېرىگە ئوبدان كۆز يۈگۈرتكەن. ئۇلارنىڭ ئىگەللىشىچە ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ۋاقتى توشۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ ئائىلىسى ۋە مال - دۇنيالىرىنى رۇسىيە ئارقىلىق تيەنجىندىكى ئەنگلىيە كونسىسيەسى (ئىجارە يەر)گە يۆتكەشنى پىلانلىغان. ئەمەلىيەتتە ياڭ زېڭشىن بۇ ئۆلكىنى خانىۋەيران قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمەس قەغەز پۇللىرىنى بېسىپ چىقىرىپ ئۇنى تىجارەتچىلەرگە زورلاپ ئىچكىرى جۇڭگونىڭ مۇقىم پۇلى بىلەن ئالماشتۇردى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسولى كلارمونت سكرىننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، پەقەت ئىككى يىل ئىچىدە پۇل ئوبورتى ئۆلكىنىڭ يىللىق كىرىمىدىن ئالتە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. زور سوممىدىكى پۇللار مەخپىي ھالدا چەتئەلدە يىغىپ ساقلانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياڭ زېڭشىن مانىلادا ئامېرىكا مۇھاپىزىتىدە بىخەتەر بىر بانكا ھېساباتى ئاچقان.

شىنجاڭغا كەلگەن زىيارەتچىلەر ياڭ زېڭشىننىڭ ماختانغان «جەننىتى» نى چۈشىنىشكە خۇشتار. ئۇلار ياڭ زېڭشىننى قاتتىق قول دەۋر سۈرۈپ، يەرلىكلەرگە بىر قەدەر ئادىل مۇئامىلە قىلغان ئىسلاھاتچى دەپ قارايدۇ. ھازىرقى ئالىملار ئۇنداق قارىمايدۇ. ئۇلار ئۇنى چىرىك پادىشاھلىقنى ئون يەتتە يىل داۋام قىلغان بىر مۇتئەسسىپ دەپ قارايدۇ.(7)

گەرچە جىددى مۇداپىئە تەدبىرلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ياڭ زېڭشىن ئۆزى ھېچقاچان ئىشەنمەيدىغان قارام ئەمەلدار، ياپونىيەدە ئوقىغان مۇدېرنىزمچى فەن ياۋنەن تەرىپىدىن پالاكەتكە يولۇقتى.

1928 - يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭ ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ بېيجىڭغا كىرگەندە، ھەر ئۆلكىدە «دېموكراتىك» تەكلىپ بېرىش مىللىي كېڭىشى قۇرۇش لازىملىقىنى بېكىتتى. ياڭ زېڭشىن بۇنى قوللايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە ئاكتىپ مىللەتچى فەن ياۋنەنگە قارىماستىن بۇنى رەت قىلدى. (يەنى ئاتالمىش شىنجاڭ مىللىي كېڭىشىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى ئېتىراپ قىلمىدى) ئۇ ماختىنىپ: «مەن فەن ياۋنەننى باغلانغان يولۋاستەك ساقلايمەن» دېدى. بىر خىزمەتدىشىنىڭ ئېيتىشىچە ياڭ زېڭشىننىڭ رەت قىلىشى بىلەن فەن ياۋنەننىڭ سەۋر قاچىسى توشقان، ئۇ دوبەن ئۆزىنى ئۆزى يوقۇشتۇرۇپ بولغۇچە ئاۋۋال قول سېلىپ دوبەننى يوقۇشتۇرۇشنى قارار قىلغان. بۇ ياخشى يىگىت ۋەقەلىكلىرىدە تىراگدىيە ماسلاشقان ھەيۋەتلىك بىر ئوپىراغا ئوخشايدىغان بىر پىلان تۈزگەن.

دوبەن 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى رۇس تىلى گىمنازىيىسىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىغا قاتناشقان. مەكتەپ مۇدىرى فەن ياۋنەننىڭ ئاغىنىسى ئىدى. فەن ياۋنەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن ئون نەچچە كىشىنى ئوقۇغۇچى قىياپەتتە ياساپ يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە تاپانچا يوشۇرغان ھالدا تۆۋەندە ئولتۇرغان يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدا ئولتۇرغۇزۇشنى تاپىلىغان. نۇتۇق سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە دوبەننىڭ كەيپىياتى ياخشى ئىدى. ھالبۇكى ئۇ نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ مەھرەملىرىنىڭ ئىچىدىكى سەزگۈر بىرەيلەن دۇ فامىلىلىك جوڭۋې تاماشىبىنلار ئارىسىدا ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىغا دىققەت قىلغان. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق چاتاق يوق دەپ خاتىرجەم قىلغان. يىغىن شاراپ زىياپىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋاقىتلىق توختىغان. ياڭ زېڭشىننىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلىرى ئايرىم بىر ئۆيدە تاماققا تەكلىپ قىلىنىپ، تېزلىكتە قورالسىزلاندۇرۇلغان.

مېھمانلار ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىلمىلىك سانائەت مىنىستىرى بار ئىدى. بۇ كىشى كېيىن دوستى ئەيچىن ۋۇغا ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن: «دوبەننىڭ ھەربىي مەكتەپتە ئىشى بولغاچقا ئۇ ئىمكانقەدەر بالدۇرراق كېتىشكە ئالدىرىدى. شۇڭا ئۇ تاماقنىڭ تېز كەلتۈرۈلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەلىۋىگە قارشى بۇ يەردە بىر كىچىككىش بولىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ياڭ دوبەن قاتتىق سەزگۈر ھالەتتىن بىرقانچە دەقىقە ئىچىدىلا نورمالسىز ئۆزگىرىپ يېنىدا ئولتۇرغانلار بىلەن «بارماق ئويۇنى» ئويناشقا پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. تۇيۇقسىز... مەكتەپ مۇدىرى قولىدا بىر قانچە شىشە ھاراقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنى ئۈستەلگە زەردە بىلەن قويدىكى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى. دوبەننىڭ ئالدىدا قوپال ھەرىكەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىزا ئاڭلىدى.

بۇ چاغدا فەن ياۋنەن:

— ھاراقلار ھەممىسى تەييار بولدىمۇ؟ - دېدى.

— ھەممىسى ھازىر، دېدى مۇدىر. فەن ياۋنەن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىغا قاراپ قەدەھ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچتى. قەدەھلەر سوقۇشتۇرۇلۇش بىلەن تەڭلا ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن دوبەنگە قارىدى. ئېتىلغان يەتتە پاي ئوقنىڭ ھەممىسى نىشانغا تەككەن ئىدى. ئېغىر يارىلانغان  ياڭ زېڭشىن جان تالاشقاچ ئاچچىقى بىلەن دۈشمەنلىرىگە قاراپ:

— بۇنداق قىلىشقا كىم پېتىندى؟ دېدى.

ئۇلار بولىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ تۇرغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. سوۋېت كونسۇلى ئەر - خوتۇن قول يۇيۇش ئۆيىدە پاناھلاندى. دۇجۇڭۋېيغا ئوق تەككەن ئىدى. يەن مۆرىسىدىن يارىلانغان بولۇپ، پەقەت يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغاچقا ئامان قالدى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۈستەلنىڭ ئاستىدا ياتقان يەن فەن ياۋنەننىڭ قولىدا تاپانچا تۇتۇپ، ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ تېخىچە نەپەستىن توختىمىغان دوبەننىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن. يەنە ئىككى پاي ئوق بۇ جىنايەتنى ئاخىرلاشتۇردى».

ياڭ زېڭشىن 17 يىل تىنچلىقتا ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ھەر قانداق چاغدىكىدىن ئالاھىدە بولدى. ئۇ ھەتتا جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدا قالايمىقانچىلىق بولىۋاتقان، رۇسىيەدە ئىنقىلاپ بولىۋاتقان، دۇنيادا بولسا 1914 - يىلدىن 1918 - يىلىغىچە سوقۇش بولىۋاتقان چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ئالاھىدە بولدى.

ئەمما ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمى ئەيچىن ۋۇنى بىئارام قىلغان: «ياۋروپادىكى سەپىرىمدە شىنجاڭ ھەققىدە كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم» دەپ يازغان ئۇ: «مەملىكىتىم توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ قىلغان تەنقىدلىرى ھەقىقەتەن توغرا، تەكەللۇپ قىلماي ئېيتسام، ئۇرۇمچىنىڭ يېقىنقى تارىخىدا بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلار جىق بولدى. مەن جۇڭگو زېمىنىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىسىنىڭ رۇسىيەدىكى تازىلاش ھەرىكىتى، (Dolfuss) دولفۇسنىڭ قەستكە ئۇچرىشى ۋە سېپىسق نامى پۇر كەتكەن گېتلېرنىڭ 30 - ئىيۇل تازىلاش ھەرىكىتى كەبى بولغانلىقىدىن قاتتىق خىجىل بولىمەن».(9)

ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن زىياپەتكە داخىل بولمىغان بىر مۇھىم ئەرباپ — ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ۋە مۇئاۋىن كوماندىر جىن شۇرېن دوتەيىنىڭ نۇتقىدىن كېيىن، خىزمەت بېسىمىنى باھانە قىلىپ ئەپۇ سورىغاچ كېتىپ قالغان. گۇمانخورلار بەلكى جىن شورېن بىر ئىشلارنى بىلىشى مۇمكىن، باش سۇيىقەستچى فەن ياۋنەن ئەمەس جىن شۇرېن دېگەندەك خىياللاردا بولدى. ئۇ كۈنكى سۇيىقەستكە قاتناشمىغان مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى كېلىپ، تېزلىكتە فەن ياۋنەننى دوتەيىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان يېرىدىن قولغا ئالدى ۋە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى.(10)

نەنجىڭدىكى ئاجىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاراشقا چۈلىسىمۇ تەگمىگەن ھالدا جىن شۇرېننى قوللاپ قويدى. جىن شۇرېن جاسارەتتە ياڭ زېڭشىننىڭ يېرىمىغا توغرا كەلمىسىمۇ، ئەمما ئاچكۆزلۈكتە ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئىدى. كابلې خانىم مۇنداق دەپ يازغان: «جىن شۇرېن ئاجىز، تۇترۇقسىز بىر ئەپيۇنكەش بولۇپ، بايلارغا يالاقچىلىق قىلىپ، نامراتلارنى بوزەك قىلاتتى. پۈتۈن روھىنى قورقۇنچ چىرماپ تۇرغان بولۇپ، بەزىدە ماغدۇرسىز سالپىيىپ يۈرسە، بەزىدە ئىنتايىن قاتتىق قول بولۇپ كېتەتتى. زالىملىق بىلەن ھاڭۋاقتىلىقنىڭ بىرلەشمىسى بىر مۇستەبىت ھۆكۈمداردىكى ئەڭ ئەجەللىك خاراكتېردۇر.»

ھەتتا ئۇنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى ئەيچېن ۋۇمۇ جىن شۇرېننىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلغان.

ياڭ زېڭشىن تۇپلىغان يۈننەنلىك خىزمەتچىلەرنىڭ ئورنىغا جىن شۇرېننىڭ ئۆلكىسى گەنسۇدىن كەلگەنلەر ئالماشتى. پۇل بېسىش ماشىنىسى تېخىمۇ تېز ھالدا قەغەز پۇللارنى بېسىپ چىقىرىشقا باشلىدى. مەملىكەت ئىچىدە قوللىنىش ئۈچۈن پاسپورت ئېلىش بەلگىلەندى. ساقچىلارنىڭ نازارىتى ۋە تەكشۈرۈشى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلۇپ، مەككىگە ھەجگە بېرىش مەنئى قىلىندى. بۇ جىن شۇرېننىڭ دىنغا نىسبەتەن قاتتىق ئېھتىياتچان بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تەڭگە پۇل (مۇقىم پۇل) نىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن قورققانلىقىدىندۇر. شىنجاڭنىڭ تەبىئى بايلىقلىرى، يەنى كېرىيەدىن چىققان ئالتۇن، خوتەندىن چىققان قاشتېشى ۋە تاغلاردىن چىققان تېرە ۋە قوي يۇڭى قاتارلىقلارنى يىغىۋېلىپ، جىن شۇرېن كونتروللىقىدىكى ھۆكۈمەت مونوپول قىلىۋالدى. جىن شۇرېننىڭ ھارام پايدا ئالغانلىقىنى گېرمان ئېنژېنېرى ۋە ناتسېست ئىشپىيۇنى گېئورگ ۋاسىل ئىسپاتلىدى[1]. ۋاسىل ئۆزى بىلەن سۇجۇدا كۆرۈشكەن گېرمانىيەلىك ئۇچقۇچى راتىخىژنىڭ جىن شۇرېنغا ياللىنىپ ئۇنىڭ مىليون دوللەر قىممىتىدىكى نۆكچە ئالتۇننى ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا ئايروپىلاندا ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىمۇ تەھدىتكە ئۇچرىدى. 1930 - يىلى بىر ئىمام مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇشنى پىلانلىغان تىنجىق ئىسسىق بوستانلىق تۇرپاندىن تۇپىلاڭنىڭ دەسلەپكى شاماللىرى كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئىمام گەنسۇ چېگرىسىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى بىر تۇڭگان ئوفىتسېردىن ياردەم تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇ تۇڭگان ئوفىتسېر ئۆزىنىڭ كوماندىرىدىن رۇخسەت ئالمايلا يۈزچە ئادەم بىلەن ئاتلىق يولغا چىقتى ۋە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتتى. ئەمما ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ توسقۇنلۇقى، پاراكەندە قىلىشى نەتىجىسىدە تۇرپانغا ئاران 27 نەپەر ئەسكىرى بىلەن كېلەلىدى. بۇ تۇپىلاڭ مەغلۇپ بولدى. «جىن شۇرېن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا دىققەت قىلىشى كېرەك ئىدى» دەيدۇ ئەيچېن ۋۇ. بىراق بۇ تىنجىماس مۇسۇلمانلارنى ھېچقانداق قىلىپ تىنجىتالمىدى: «ياڭ زېڭشىن ياۋاش قىياپەتتە كۆرۈنگەن يولۋاسنى ئېھتىياتسىز ھالدا قەپەزدىن قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ھالاك بولدى. ئۇنىڭ ۋارىسى بۇنىڭدىن بەك ئېبرەت ئالماي، ئالدىدا تۇرغان بىر توپ ياتلارنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن قىيناۋاتىدۇ».(12)

گەنسۇ چېگرىسىغا يېقىن بىپايان قۇمۇل بوستانلىقىغا (يەنى ئادەتتە جۇڭگولۇقلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ئېغىزىغا) بوش قويۇۋېتىلگەن بىر يولۋاس بۆسۈپ كىردى. 1930 - يىلى بۇ بوستانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى مەخسۇت شاھ (ۋاڭ) ئۆلدى. مەخسۇت شاھ مىڭ يىل بۇرۇن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇيغۇر خانلارنىڭ داۋامى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ئىشغالىدا ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئاز بىر قىسىملارغا خۇددى ھىندىستاندا ئەنگلىيە قۇرۇپ بەرگەن «يەرلىك دۆلەتلەر» گە ئوخشاش يېرىم ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنغان.(13) مەخسۇت شاھ پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان بولۇپ، خەنزۇچە ئاھاڭدا ئۇيغۇرچە (تۈركچە) سۆزلەيتتى ۋە جۇڭگوچە ئۇزۇن كۆينەك كىيگەن ئىدى. ئېكسپېدىتسىيىچى ئالبېرت ۋون لىكوك ئۇنىڭ ئوردىسىنىڭ جۇڭگو ۋە خوتەننىڭ گىلەملىرى بىلەن زىننەتلەنگەنلىكى، نەقىشلىرىنىڭ جۇڭگو ۋە بۇخارا ئۇسلۇبىدا ئىكەنلىكى، خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن قاشتېشى ھەيكەل بىلەن جۇڭگونىڭ فارفۇر بۇيۇملىرى، بىر دانە فرانسىيە سائىتى، رۇسىيەنىڭ كىرسىن لامپىسى ۋە بىر دانە كاككۇك سائەت قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان. لىكوك: «بىر مۇسۇلمان پادىشاھنىڭ ئۆيىدە رۇسىيەنىڭ ھارىقى بىلەن فرانسىيەنىڭ شامپانلىرىنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم. ئۇ توختىماستىن بىزنىڭ سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈپ ئىچتى. قارىماققا ئىسپىرتنىڭ زېيىنىغا قارشى قاتتىق چېنىقىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ رەسمىگە تارتىلىشنى رەت قىلدى»(14) دېگەن. مەخسۇت شاھنىڭ باش ۋەزىرى يولۋاسخان خەنزۇ تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى ۋە تېز ئۆزگىرەلەيدىغان ئارتىستقا ئوخشايتتى. ئۇ كېلەچەكتىكى تۇپىلاڭدا قوش

---

[1] ۋاسىل جۇڭگودا ئايرىدۇرۇم قۇرۇۋاتاتتى. ئۇچقۇچى راتىخىژ بىر ئاخشام بىر كەپىدە بىللە ياتقاندا، ئۇنىڭغا ئۆزى يۆتكەۋاتقان نۆكچە ئالتۇننىڭ سىرىنى ئېيتقان. ئەتىسى ئەتىگەن بۇ ئىككەيلەن ئايروپىلاننى قوزغاتماقچى بولىۋاتقاندا قوراللىق تۇڭگان ئەسكەرلەر پەيدا بولۇپ، ئاختۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. راتىخىژ بىلەن سىمسىز تېلگىراف مەشغۇلاتچىسى ئالتۇن قاچىلانغان ساندۇق ئۈستىدە ئولتۇرىۋېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ تەكشۈرۈشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ چامىدانلىرىنى تىزى ئۈستىدە قويۇپ تەق بولۇپ تۇرغان.

بسلىق رول ئوينىدى. شا مەخسۇت قوشۇندىكى ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق يەنە بىر شەخس بولسا خوجىنىياز ھاجى. ئۇ كېيىنكى كۈرەشلەردە مۆلچەرلىگۈسىز رول ئوينىغان.

شا مەخسۇت ئۆلگەندە يەرلىك ئەمەلدارلار جىن شۇرېننى قۇمۇلنى قولغا ئېلىشقا، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشقا، شا مەخسۇتنىڭ 36 مىڭ مۇ يېرىنى پارچىلاپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا دەۋەت قىلغان. ۋەزىر يولۋاسخان ۋە شا مەخسۇتنىڭ ۋارىسى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ دوتەيگە سادىق بولۇشقا قەسەمىيات قىلىشقا زورلانغان. گەرچە شا مەخسۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئېزىلىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دەھشەتلىك زۇلۇمدىن كۆپ يىراق ئىدى. ئەمما جىن شۇرېننىڭ قۇمۇلدىكى ئادەملىرى تۈركلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگەللىۋېلىشقا كەلگەندە ئۆزىگە ئۆزى ئالاھىدە مەرتلىك قىلدى. «يەر ئىسلاھاتى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: تۈركلەرنىڭ يېرىنى تارتىپ ئېلىپ ئۇنى گەنسۇدىن چىققان يۈزلەرچە خەنزۇ ئاققۇنغا بېرىش، يەر ئىگىسى تۈركلەرگە ئۇنىڭ ئورنىغا قوملۇق ئەتراپىدىكى كەگرى قاقاس يەرلەرنى بېرىش دېگەننى ئىپادىلىدى. ئەيىبىن ۋۇ بۇنى: «مۇتلەق بۇلاڭچىلىق پەقەت قانۇن قىياپىتىدە ياسىنىپ كەلگەن» دەپ ئاتىغان. مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۈرۈمچىگە ئەرز قىلىپ تېلېگىراممىا يوللىغان. ئەمما ئۇچۇر كەلمىگەن ياكى ئۈرۈمچى پەرۋا قىلمىغان.

1931 - يىلىنىڭ باشلىرىدا جىن شۇرېننىڭ باج يىغقۇچىلىرىدىن بىر ئەخمەق ھەققەتەن يولۋاسنى قەپەزدىن چىقاردى. جاڭ مۇ ئىسىملىك بىر يىگىت قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك يېزىدا باجگىر ئىدى. بۇ يەردە ئۇ بىر مۇسۇلمان قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، قاتتىق نارازىلىقلارغا پىسەنت قىلماي ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلۋى قويىدى. ھېكايىنىڭ بىر ۋارىيانتىدا دېيىلىشىچە، توي ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن قىزنىڭ دادىسى ئۇنى كەچلىك تاماققا ئۆيىگە چاقىرغان. ئۇ كەلگەندە ئۇنى ۋە ئۇنىڭ 32 نەپەر قوغدىغۇچىسىنى تۈركلەر تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرگەن. ھېكايىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا دېيىلىشىچە، تويغا رازىلىق بېرىلگەن. ئەمما بۇ يىگىت بىلەن قىز توي كېچىسى ئۆلتۈرۈلگەن. قايسىنىڭ راست بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ قاتىللىق ئومۇمىيۈزلۈك بىر قوزغىلاڭنىڭ پىلانلانغانلىقىنىڭ سىگنالى ئىدى. غەنىمەت ئالغان بىر قانچە دانە مىلتىقى بىلەن تۈركلەر قەدىمىي شەھەر قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. دەسلەپتە پالاكەتكە يولۇققانلارنىڭ ئىچىدە گەنسۇدىن كېلىپ تۈركلەرنىڭ زېمىنىغا يەرلەشكەن خەنزۇلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ باشلىرى كېسىلىپ ئۆزلىرى ھەقسىز ئىگەللىۋالغان ئېتىزلىقلارغا كۆمۈلدى.

گەرچە جىن شۇرېن تۈركلەرنىڭ ناھەقچىلىقىغا قارشى شىكايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ ھاقارەتنىڭ قۇمۇلدىكى شاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى تۈپەيلى كېلىپ چىققانلىقى (گۇناھىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكى) نى چۈشەنمەي، ئەڭ قاتتىق ئىنتىقام ئېلىشقا قارار قىلدى. ئۇ مۇسۇلمان يېتەكچىلەرگە قىلچىلىك كەچۈرۈم قىلماي ئۇلارنى باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار شۇنداق قىلدى. ئۇلار تاپقان ياردەمچىلەر ئارىسىدىكى بىرەيلەن گەرچە يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما باتۇرلۇقىنى ئاللىقاچان نامايەن قىلغان. كەسكىن، رەھبەرلىك تالانتى بار ۋە خەتەرلىك بىر رەقىپ ئىدى.

گەنسۇدىن كەلگەن ھەربىي قوماندان ماجۇڭيىڭ تەخمىنەن 1910 - يىلى كاتتىۋاشلىرى بەش ما نامى بىلەن مەشھۇر بىر مىلتارىستلار جەمەتىدە تۇغۇلغان. قۇمۇل قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئەمدىلا 21 ياش بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇ تەجرىبىلىك، 14 يېشىدىن باشلاپ ئارمىيىگە قاتناشقان ۋە 15 يېشىدا كوماندىر بولغان جەڭگە ماھىر بىرەيلەن ئىدى. ئۇ گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىدا قىرغىنچىلىق بىلەن شەھەرلەرنى، بۇلاڭچىلىق بىلەن يېزىنى قورقۇتقان. نەنجىڭدىكى ھەربىي مەكتەپتە بىر مەزگىل قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەردە ئۇ جاڭ كەيشى (جياڭ جېيشى) دە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىكەن. ئەمدى ئۇ گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىنى كونترول قىلىپ تۇراتتى. نامى مەشھۇر ئىدى. «ما» دېمەك «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنىڭ قىسقارتىلمىسى بولغاچقا، جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۇنى فامىلە قىلىپ قوللانغان. بۇ سۆز خەنزۇچىدىكى «ئات» دېگەن سۆزگە ئىنتايىن ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ماجۇڭيىڭنىڭ «يوغان ئات» دېگەن لەقىمىنى سېۋىن ھېدىن ۋە باشقىلار قوللانغان. ئەمما ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى كىشىلەر بۇ كىچىك گېنېرال ياكى بۇۋاق گېنېرالغا ئىنتايىن ئىتائەت قىلاتتى ۋە ئۇنى تەڭدىشى يوق دەپ بىلەتتى.

ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ياقۇپ بەگكە ئوخشاش ماجۇڭيىڭمۇ شىنجاڭنىڭ سىرتىدىن كېلىپ ئالللقاچان باشلانغان قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغان. ئۇنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇرغان كىشى قۇمۇللۇق يولۋاسخان. يولۋاسخاننىڭ مەقسىتى: ئۆرۈمچىدىكى دوتەيىنى قايىل قىلىپ، قۇمۇلدىكى خانلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. يولۋاسخاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئەسلى ماجۇڭيىڭغا ئارىلىشىپ قېلىش نىيىتى يوق ئىكەن. ئۇ گومىنداڭ مىللىي ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا ماڭغاندا سۇجۇدا يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالغان ماجۇڭيىڭغا گەپتىن - گەپ چىقىپ ئۆزىنىڭ مەخپى ۋەزىپىسىنى دەپ سالغان. ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭغا «مۇسۇلمان قېرىنداشلىقنىڭ يۈزى ئۈچۈن» ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ تېخىمۇ بۈيۈك پىلانلىرى بار ئىدى.

ئۆلكىنىڭ دوتيىگە قارشى قوزغىلاڭ قىلىۋاتقان تۈركلەرنىڭ گومىنداڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە بولغان ساداقىتى پەقەت ئاغزىدىكى قۇرۇق گەپ ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆزىنى نەنجىڭدىكى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقى ۋەكىلى ھېسابلايدىغان جاڭ كەيشىنى بىلىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان بىر مۇسۇلمان (تۇڭگان) قوماندانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركلەر بىلەن تۇڭگانلار گەرچە ئوخشاشلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، ئەمما تەبىئى ئىتتىپاقداشلىقتىن يىراق ئىدى.

بۇۋاق گېنېرال ماجۇڭيىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ 1931 - يىلى 6 - ئايدا دەشت باياۋان (Gobi) دىن كېسىپ ئۆتۈپ 500 ئاتلىق قوراللىق ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى. بۇ چاغدا قۇمۇلدا مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان بىر ئەترەت ياۋروپاچە مۇتۇرلۇق يۈك ماشىنىلىرى توختاپ قالغان ئىدى. بۇلار فرانسىيەنىڭ قارا قۇرۇمنى جاپالىق ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن بېيجىڭغا كېتىۋاتقان Citroeh – Haardt ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ماشىنىلىرى ئىدى. ئۇلار كېيىن تېزلا كەتتى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ كەينىدە قەپ قالغان بىر ئېنژېنېرنىڭ ئېيتىشىچە، ماجۇڭيىڭ ئالدى بىلەن جۇڭگولۇق مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ كوماندىرىغا ئىككى ئەلچىسىنى ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلغان. بىر نەپەر ئەلچى ھەمراھىنىڭ كاللىسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ماجۇڭيىڭ ئارمىيىسى دۇمباق، كاناي چېلىپ ھۆركىرىگەن ھالدا شەھەر قورغىنىغا زەمبىرەك ئېتىپ ھۇجۇم قىلغان. ئارقىدىنلا بىر توپ كىشى ئېچىلغان يولدىن ئەگەشكەن. ئوغاق كۆتۈرۈۋالغان تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قوغلانغان خەنزۇ دېھقانلار شوتىلارغا يامىشىپ قاچقان. قورغان ئۈستىگە چىققان تۇڭگانلار نەيزە ۋە پالتا، تاش ۋە گىرانات بىلەن قارشىلانغان. ئارقىدىنلا پىلىمۇت سايراپ كەتكەن.(15)

قۇمۇلغا قۇرشاپ ھۇجۇم قىلىش 11 - ئايغا قەدەر داۋام قىلغان. بۇ چاغدا جۇڭگولۇق مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ئاخىرقى تۆگە، ئات ۋە ئېشەكلەرنى يەپ بولغان بولۇپ، ئۇن ۋە ئەپيۇنلىرى ئاز قالغان ئىدى. قوراللىرىدىن پەقەتلا بۇنىدىن 60 يىل بۇرۇن گېنېرال زوزۇڭتاڭ قالدۇرۇپ قويغان مەخپى ئامبارلاردىن تېپىلغان قىلىچ بىلەن (ئۇچىدا ئوت بار) ئوقياسى بار ئىدى. جىن شورېن ئىلى ۋىلايىتىدىن يېڭى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلغان 250 نەپەر ئاق ئورۇس باشچىلىقىدا ياردەمچى قوشۇن كەلدى. بۇ ئاق ئورۇسلارنىڭ مول ئۇرۇش تەجرىبىسى بار بولۇپ، ئۇلار رۇسىيە ئىچكى ئۇرۇشىدىكى بولشېۋىك غەلىبىسىدىن كېيىن ئىلىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ئىدى. ماجۇڭيىڭ ئۇرۇشنى توختاتقاندا ئېغىر يارىلانغان، ئىككىلا پاچىقىغا ئوق تەككەن ئىدى. قۇمۇل ۋاقىتلىق تىنجىدى. ئەمما جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىشى شۇ قەدەر دەھشەتلىك بولدىكى، تۈركلەرنىڭ يېزىلىرى خاراپ بولدى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆلتۈرۈلدى. ۋەھشى ئىنتىقام پەقەت قوزغىلاڭ ئۇچقۇنىنى تېخىمۇ كۈچلۈك يالقۇنلاتتى خالاس.

بۇۋاق گېنېرال چېكىنىپ يارىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن گەنسۇدىكى ئەنشىغا كەتتى. بۇ يەردە ئۇ ئۈچ نەپەر ئىنگلىز دىن تارقاتقۇچىنى ئۆزىنى زىيارەت قىلىشقا چاقىردى.

مىلدرېد كابلې، فرانسېسكا فرانسۇز ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى ئېۋانگېلىن ئەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دۇنخۇاڭدا ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن قولغا ئېلىنغان. ئۇلار بۇ بۇۋاق گېنېرالنىڭ ھەممە ئىشلىرى ۋە تاكتىكىسىدىن خەۋەر تاپقان. بۇ قورقماس ئايالالار تۇڭگان قوشۇنلىرى كونتروللۇقىدىكى رايونلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدە پەيدا قىلغان ۋەھىملىرىگە شاھىت بولغان. بېزا ئاياللىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە كاڭ (ياغاچ ياكى لايدىن ياسالغان، ئاستى ئوت بار سۇپا بولۇپ، ھازىرمۇ شىمالى جۇڭگو يېزىلىرىدا قوللىنىلماقتا) ئۈستىدە

بوغچىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ جاۋ ئۇرۇلغان هامان قىچىشقا تەق بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئۈچ نەپەر دىن تارقاتقۇچىمۇ تەڭ كېچە ۋاقتىدا بىر ئاتلىق يېزىغا كېلىپ سىگنال بەرگەندە قېچىپ كەتكەن.

بىر قېتىم بۇ ئاياللار ئۆتەڭدىن چىققاندىن كېيىن يولدا بىر توپ ئاتلىقلار تەرىپىدىن توختىتىلغان ۋە پەقەت ئۆزىنى تونۇيدىغان بىر ئوفىتسېرنىڭ پەيدا بولىشى بىلەنلا قۇتۇلغان. باندىتلار كەتكەچ كىشلەرگە ئوق چىقارغان. يەنە بىر قېتىم بۇ ئاياللار بىر دېھقان ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ گىردە يەۋاتقاندا ئىشىك يېنىدا توختىغان بىر ئات تۇيىقى ئاۋازىنى ئاڭلىغان. ئاتلىق تۇڭگان ئوفىتسېر دېھقاندىن بۇغداي تەلەپ قىلغان. دېھقان ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە بار ـ يوق ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، هازىر بۇغداي يوقلۇقىنى ئېيتقاندا قامچىلانغان. بۇ دېھقان قوناق قويىدىغان ئۇلاقنىڭ تېگىدە قەپقالغان قۇناقلارنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ تۇڭگان ئوفىتسېرغا بەرگەن. ئوفىتسېر كەتكەندىن كېيىن، «بىز ساهىپخانىمىز قىلچىلىك قاخشاپ غۇدىرىماستىن، پاختىلىق چاپىنىنى سېلىۋېتىپ بوينى ۋە مۈرىسىدە قالغان قامچا ئىزلىرىنى سىلىغان پېتى تونۇر بېشىغا كېلىپ ئارىمىزغا كىرىپ ئولتۇردى. بۇ پەقەت ھاياتىدا ھېچقانداق ئىنسانى هوقۇقىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان كىشلەردىلا بولىدىغان سەۋر تاقەتتۇر» دەيدۇ كابلى خانىم.(16)

تۇڭگانلارنىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىقلىرى شۇنچىلىك ئېغىرلاشقانكى، دۇنخۇاڭدىكى كىشلەر قەلەندەرلىشىپ كەتتى. كوچىلاردا قارا كېزىك تارقالدى. كېسەل تەككەن بىچارىلەر بىر يۇتۇم سۇغا زار بولۇپ، جاقىلداپ تىترەپ يېتىپ ئۆلەتتى. نامراتلارنىڭ چوڭقۇرراق كولانمىغان قەۋرىلىرىدىكى جەسەتلىرىنى ئىتلار ۋە بۆرىلەر تېپىۋېلىپ پارچىلاپ يەيتتى. بۇ ئاياللار مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئۆيلىرىدىن تۇتۇلغان يېزىلىق ياشلار قوللىرى بوينىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئارقىسىغا قايرىلىپ باغلانغان پېتى سەپكە تىزىلدۇرۇلۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەپيۇن خۇمارى بار نۇرغۇن كىشى ئوچۇق دېيىشكە مەجبۇر بولدى. بىر كۈندە ئۈچ ۋاق مەشىق مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىپ مەشىق قىلدۇرۇلاتتى. تەلەپكە لايىق بولغانلار بۇۋاق گېنېرالنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان پاراتقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئەنشگە ئەۋەتىلەتتى.

ئەنشىغا بېرىشتىن ئىبارەت قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر جاپالىق يۈرۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرىۋالغان بۇ ئاياللار 1932 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سوغۇق بىر ئەتىگەندە يولغا چىقتى. تۆت كۈندىن كېيىن يېتىپ كەلگەندە شەھەر قوۋۇقىدا پوستا تۇرغان بەتقىلىق بىر ئەسكەر تەرىپىدىن سوراق قىلىنغاندىن كېيىن ياتاقلىرى كۆرسىتىلدى. ئەتىسى ئۇلارنىڭ كېلىشىگە ئىجازەت بېرىلدى.

ئۇلار ئۇچراتقان «زىلۋا، قەددى قامەتلىك، كېلىشكەن بۇ يىگىت» ئاياللارنى قورقىتىشتىن يىراق ئىدى. بۇ ئاياللار قارىماقتا ئاياللىق سەزگۈرلۈكى بىلەن ھەۋەس ئارىلاش نارازىلىق ئىلكىدە بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. كابلى خانىم بۇ ياش يىگىتتە ياخشىلىق بار دەپ ئويلىدى. ئەمما بىر ئازدىن كېيىنلا بەلكى ماجۇڭيىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بىر نەرسىنى ئاڭلاشقا قىزىقىشى مۇمكىن دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا دەرھال بۇنىڭدىن ۋاز كەچتى. ماجۇڭيىڭ يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش قوزغاشقا تەقەززا ئىدى ۋە غەربنىڭ كارامەت دورىلىرىغا ئېھتىياجى بار ئىدى.

ماجۇڭيىڭ كۆرگۈچىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىرگەن بىر يالۋۇرغۇچىغا باشقىچە مۇئامىلە قىلدى. كابلى خانىم يان تەرەپتىكى بىر ئۈستەلدە مەلھەم دورا تەييارلاۋاتقاندا بۇ «رەھىمسىز، باغرى قاتتىق يىگىت» نىڭ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىغا ئاساسەن ئادالەتنى تەقسىم قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. بىر بوۋاي يالغۇز ئوغلىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى تىلەپ يالۋۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ماجۇڭيىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان بۇ بىچارىگە قىلچىلىك ئىچ ئاغرىتمىدى:

«ــــ ئوغلۇمنىڭ جېنىغا رەھىم قىلسىلا ئالىيلىرى.

ــــ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھىم قىلىمەن؟

ــــ ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇم، ئالىيلىرى.

ــــ بۇ ئوغۇل ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدى. مېنىڭ قائىدەم بويىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلار ئېتىلىدۇ.

ــــ مەن ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن قەتئىي ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا قەسەم قىلاي، ئالىيلىرى.

ــــ ئۇ بىر قېتىم قىلدى. بۇ يېتەرلىك. مەن قارارىمدىن يانمايمەن. سەن كەت.»

بۇ ئەخمەق ئادەم تاكى مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى قوغلاپ ھەيدىۋەتكەنگە قەدەر پىشانىسىنى گېنېرالنىڭ ئورۇندۇقىغا تەككۈزۈپ تازىم قىلىپ ئولتۇردى.(17)

كابلې خانىم قانداق دورا بەرگەنلىكىنى ئېيتمىغان. ئەمما قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مىلتارىست ناھايىتى تېزلا ساقىيىپ يەنە ئاتقا مىنەلەيدىغان بولغان. كابلې خانىم: «ئۇ ھەمىشە بىزگە ئىنتايىن ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى. بەلكى ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھەرگىز خۇشامەت قىلمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ قورقمايدىغان بىردىنبىر كىشىلەر ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك» دەپ يازغان.(18)

ماجۇڭيىڭنىڭ ئەتراپى تەخسكەشلەر ۋە مەسلىھەتچىلەر بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئىشلاردا ئۇياق ـ بۇياققا تارتىلىپ، تۈزۈك، كەسكىن قارار چىقىرالمايتتى. بۇ يەردە يەنە ئىككى نەپەر ۋەزىپىسى نامەلۇم ياپونىيەلىك بار ئىدى. ياپونلار ئۆتكەن يىلى مانجۇرىيەنى بېسىۋالغان ھەم پۈتۈن شىمالى جۇڭگونى بېسىۋېلىشنى پىلانلىغان، ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت ياپونلاردىن قورقۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە بۇ ئىككەيلەن قاتتىق گۇمان قوزغايتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ يەنە ئىستانبۇلدىن كەلگەن ئىككى نەپەر تۈرك ھەربىي مەسلىھەتچىسى بار بولۇپ، بىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان. يەنە بىرى پارىژدا سىياسىي ئىلىم كەسپىدە ئوقۇغان ئىكەن.

بۇ ئۈچ ئايال بىلەن ئىلگىرى سەپەردە تونۇشۇپ قالغان ئىككى تۈركىيەلىك ھازىر تازا ئەسقاتتى. ئۇلار ماجۇڭيىڭنى بۇلارنى ئۇ يەردە قېلىشقا ۋەدە قىلىش شەرتى بىلەن دۇنخۇاڭغا قايتۇرۇشقا ئۇناتتى. مىلدرېد كابلې ئۆزىنىڭ بۇۋاق گېنېرال بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدا ئۇنىڭغا خرىستىئان تۇيغۇسىنى كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كېلىشكەن، قەددى ـ قامەتلىك ئەر تاملىرىغا ھەر خىل مىلتىقلار ئېسىۋېتىلگەن ئۆيدە قولۇمدىن «ئىنجىل» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان سەللىلىك خاس مۇھاپىزەتچىلەر تىكىلىپ قاراپ تۇردى. بۇ «ئىنجىل» ئۇنىڭغا ئۆز تىلىدا خىتاب قىلىپ ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇ تەۋبە قىلىپ، ئىمان ئېيتسىلا، ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇ سالام بەردى. مەن ئارقامغا قايتتىم. بىز ئۇندىن كېيىن ئەسلا كۆرۈشمىدۇق».(19)

دۇنخۇاڭغا قايتقاندىن كېيىن بۇ باتۇر ئاياللار قاچقاندا ئىشلىتەرمىز دەپ مەخپىي ھالدا ئۇن ۋە (ئات ئۈچۈن) پىچان يىغىشقا باشلىغان. بىر قانچە ئايدىن كېيىن قاچقان، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يۈرۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ماشىنا بىلەن قوغلاپ كەلگەن. ئاياللار ئۇلارنى ئالداپ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ قالغان. كېيىن بۇ خاتالىق بايقالغان چاغدا ئۇلار جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە بىخەتەر ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى دوتەي جىن شۇرېننىڭ رەھبەرلىكتىكى سەۋەنلىكى بۇۋاق گېنېرالغا كۈتىۋاتقان ئۇرۇش ئېلان قىلىش باھانە ـ سەۋەبىنى بەردى. جىن شۇرېن ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇندى. ئۇ يىراقتىكى نەنجىڭغا ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، تانكا، ئايروپىلان ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالارنى ئېلىش ئۈچۈن 1931 ـ يىلى روسىيە بىلەن بىر قانۇنسىز شەرتنامە ئىمزالاپ، روسىيەگە مەخپىي ھالدا سودىنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. ئۇ يەنە، بەلكى پىشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، مىللىي ھۆكۈمەت (گومىنداڭ) شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئوتتۇز ياشلاردىكى ئالىي مەلۇماتلىق مانجۇ ھەربىي يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئارمىيە ئوفىتسېرى شېڭ شىسەينى ئۆلكىنىڭ باش ھەربىي كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى.

بۇ چاغدا ئەنشىدە سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن بۇۋاق گېنېرال ياردەمچىسى ماشىمىڭنى شىنجاڭنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى تۇرپاندا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى يېڭى كوماندىر شېڭ شىسەي باستۇرغان ئىدى. ئەمما 1932 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى قارىماققا بىر داۋالغۇشقا ئۇچراشقا باشلىغاندەك قىلاتتى. ماشىمىڭ پايتەخت ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. دەل بۇ پەيتتە بۇ قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدىكى تارىخنى خاتىرىلىگۈچى ئەدىب ئەيچىن ۋۇمۇ جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىن بۇ تەھدىت ماراپ تۇرغان شەھەرگە قاراپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان ئىدى.

ئەيچىن ۋۇ ئۆزىنى كۈتىۋاتقان ئاۋارىچىلىقتىن تامامەن خەۋەرسىز ھالدا يولغا چىقتى. بۇ يېڭى مەسلىھەتچىنىڭ ئەسلى ئىسمى ۋۇ ئەيجېن بولۇپ، ئۇ تەيۋەن ئارىلى بىلەن قارىشىپ تۇرىدىغان فۇجيەندىكى بىر ئەدەبىياتچى ئائىلىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىم. ئۇنىڭ بەش ئەۋلاد ـ ئەجدادىنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ كونا تۈزۈمىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى

ئۇنۋان ــــ جۇرىن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكىدا بىر قانچە يىل تۇرغان. بۇ يەردە ئۇ غەربچە ئىسىم قويۇپ، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە مەمۇرى خىزمەتكە قاتناشقان. ھۆكۈمەت ئۇنى جىن شۇرېننىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ ئەۋەتكەن.

جۇڭگونى غەربىدىن كېسىپ ئۆتۈشتە چۆل باياۋان _(Gobi) نىڭ خىيىم - خەتەرلىرىگە پىسەنت قىلمىغان ئەيچىن ۋۇ ئىككى ھەمراھى بىلەن بىرلىكتە ئەڭ تېز ۋە ئاسان ھەم 7000 ئىنگلىز مىلى ئارىلىقنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يولدا مېڭىشنى قارار قىلدى. تيەنجىن پورتىدا پاراخوتقا چىقىپ كورىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ كوبې دېگەن يېرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاندىن باشقا بىر پاراخوت بىلەن دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ ۋىلادىۋوستوكقا كەلدى. بۇ يەردە پويىزغا چىقىپ سىبىرىيە تۆمۈر يولىنى بويلاپ يۈرۈپ، نوۋوسىبىرسكتا ئالمىشىپ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ سېمىپالاتىنسك ئارقىلىق يېقىندا تاماملانغان «تۈركىيە - سىبىرىيە» يولىغا كەلدى. ئاخىرىدا بۇ يەردىن قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭ چېگرىسىدىكى تارباغاتايغا، ئاندىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ يەرگە ئۇلار 36 كۈندە، 1932 - يىلى روژدېستۋوا بايرىمى كۈنى يېتىپ كەلدى.

ئەيچىن ۋۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە ئۆزىنى بىر مېھمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى جىن شۇرېننى ئۆزىنىڭ يىراق نەنجىڭدىكى يېڭى سىياسىي خوجايىنى گومىنداڭغا قولاق سېلىشقا نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەگەر شۇنداق بولسا ئەيچىن ۋۇ مەغلۇپ بولغان. ئىنگلىز دىن تارقاتقۇچى ۋىللىيام درېۋ ئۈرۈمچىدە ئەيچىن ۋۇ بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرغا قاتتىق كايىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.(20) بۇ كۆزىچى دىپلومات بىر ئىنسانپەرۋەر، ئىرقى ۋە دىنىي كەمسىتىشلەردىن خالىي، خىرىستىئانلىققا ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە كۈچلۈك تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشى ئىدى. درېۋنىڭ ئېيتىشىچە ئەيچىن ۋۇنىڭ شەيئىلەرنى تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن.

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇڭگانلار ئۈرۈمچىگە باستۇرۇپ كىلىپ شىداچياۋنى ئالدى ۋە شەھەرنى كونترول قىلدى. زەمبىرەك ئوقلىرى ۋىڭىلداپ ئۇچۇشۇپ دەرىزىلەرنى چېقىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار ئىشىك تۈۋىدە ئىدى. جان ساقلاشتىكى بىردىنبىر ئۈمىد چار رۇسىيەنىڭ سابىق ئوفىتسېرى كولونېل پاپېنگۇت كوماندىرلىقىدىكى 300 كىشىلىك بەستلىك، ۋوتكاخورلار ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىگە باغلاندى.

قورۇلۇپلانغان شەھەر قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا ئورۇسلار «جازا يۈرۈشى قىلغۇچىلار» بىلەن ئورۇش قىلدى. چەت - ياقا رايونلاردىن كەلگەن مىڭلىغان مۇساپىر ئورۇشقا قاتناشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار جۇڭگولۇقلار كىچىك دىن (ئىسلام) كوچىسى دەپ ئاتايدىغان، ھازىر قوزغىلاڭچىلار ئىگەللىۋالغان كوچىدا پاناھلاندى. ئۇلارنى چىقىرىش ئۈچۈن جۇڭگولۇق كوماندىر كوچىغا ئوت يېقىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. كېيىنكى مەنزىرە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولغان. ئەيچىن ۋۇنىڭ تەسۋىرلىشىچە، «يول بويىدىكى ئۇزۇن بىر سەپ ياغاچ قورۇلۇشلارغا ئوت يېقىلغاندا، ئۇلار ئوت كۆيىۋاتقان دوزاخقا ئوخشاش بولۇپ قالدى. ئوت ئىچىدە كۆيۈپ ۋاقىراشقان ئاۋازلار، گۈپپىدە كىشىلىپ ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازلىرى ۋە قاپقانغا چۈشكەنلەرنىڭ قورقۇنچلۇق چىرقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوچۇقچىلىقتا قاچقان قوزغىلاڭچىلار پىلىموتقا تۇتۇلدى... ئەمما قاچقانلار ھېچ يەرگە ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلمىدى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى ئاياللار ۋە بالىلارغىچە ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. تىرىك جان قالمىدى».(21)

ئەڭ ئاز 2000 (ئىككى مىڭ) تۇڭگان ۋە جۇڭگولۇق ئۆلدى. ھالبۇكى بۇ شەھەر شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ كېلىشى بىلەن ساقلىنىپ قالدى. قوزغىلاڭچىلار چېكىندى. 3 - مارت كۈنى شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلدى. ئەيچىن ۋۇ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

بىر ئايدىن كېيىن 1933 - يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ئىدى. ئەيچېن ۋۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، دوستى گئورگې خۇنتېر (ئۈرۈمچىدە داڭقى بار شوتلاندىيەلىك دىن تارقاتقۇچى) بەرگەن «قۇرئان» نىڭ ئىنگلىزچە تەپسىرىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزدى. بۇ ئوق ئاۋازى قارىماققا دوتەينىڭ ئۆيى تەرەپتىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى ۋە دۈپۈرلىگەن ئاياق تىۋىشلىرى ئاڭلاندى. بىر خىزمەتچى ئۆگزىگە چىقىپ قاراپ، دوبەنىنىڭ بىناسىغا يامىشىپ چىقىۋاتقان بىرەيلەننى كۆرگەنلىكىنى دوكلات قىلدى.

ئەيچىن ۋۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەگەر خوجايىنىم ئۆلتۈرۈلگەن بولسا قانداق قىلىشىم كېرەك دەپ سوراشقا باشلىغان. ئۇ توغرا غەم قىلغان. ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى ئەسلى ئاق ئورۇسلارنىڭ جىن شۇرېننىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە ۋاپاغا جاپا قىلغانلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپ ئاتقان ئوقىنىڭ ئاۋازى ئىكەن. گەرچە ئورۇسلار شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما جىن شۇرېن ئۇلارغا تۇلپار (ئەڭ ياخشى ئات) بېرىشنى، ھېچ بولمىغاندىمۇ ئادەتتىكىچە ئاتلاردىن بېرىشنى رەت قىلغان. ئەمدى ئۇلار شىكايەت قىلىشىپ، تەخمىنەن 200 دەك كىشى دوتەيىنىڭ ئۆيىگە قاراپ غەزەپلىك ۋارقىراپ توۋلاشقان. ئەيچىن ۋۇنىڭ خىزمەتچىسى جىن شۇرېننىڭ خىزمەت كىيىمىنى سېلىۋېتىپ تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.

ئەيچىن ۋۇ گەرچە رەسمىي گومىنداڭ ۋەكىلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پاراكەندىچىلىكلەرگە بەك ئارىلاشمىغان ۋە قاچقان دوتەيگە ئازراق ياردەم قىلغان. ئۇ قورقۇپ كەتكەن جوڭگولۇق خىزمەتداشلىرىغا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ جەزمەن ئورۇسلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان. «مەن ئۇلارغا ھەممەيلەن بىرلىككە كېلىپ مېنىڭ تەكلىپىم بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۆيگە كېلىپ «قۇرئان» ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم» دەيدۇ ئۇ ئەسلەپ.(22) ئەمما ئۇ ئۆلكە باشلىقىنىڭ ئىز باسارى، يەنى يېڭى دوتەي سايلاش ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر كومىتېتقا ئەزا بولۇپ، ليۇۋېنلوڭ ئىسىملىك بىر ماغدۇرى يوق مىنىستىرنى سايلىغان. (جىن شۇرېن بىر مۇددەت يوشۇرۇنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى تارباتاغايغا قاچقان، ئاندىن كېيىن چاررۇسىيە سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق تيەنجىنغا قايتقان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قانۇنسىز ئالاقە قىلغانلىقى تۈپەيلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان.)

بۇ كومىتېت شەھەرنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىدا 2000 ئەسكەرنى باشلاپ مانجۇرىيەدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن بىر كوماندىرنى مۇداپىئە مىنىستىرى قىلىپ سايلىدى[1]. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنىڭ پەقەتلا زىيارەتچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇ ئەمەلنى رەت قىلدى. بۇ خىزمەت شېڭ شىسەيگە بېرىلدى.

گەنسۇدىكى بۇۋاق گېنېرال بۇ قېتىم شىنجاڭغا ئۆزى قوشۇن تارتىپ كېلىشكە نىيەت قىلدى. ئۇ يېڭىدىن مەجبۇرى ئېلىنغان ئەسكەرلەر بىلەن پىيادىلەر قىسمىنى كۈچلەندۈرگەن ۋە 1932 ـ يىلى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى رەسمى ھەربىي ئەمەلدارلىققا تەيىنلىشى بىلەن ئىشەنچ ـ جاسارىتى تولۇپ تاشقان ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىغا جوڭگو مىللىي قوشۇنىنىڭ 36 ـ دىۋىزىيە ئەترىتى دەپ نام بېرىلدى ۋە 22 ياشلىق بۇ مىلتارىست باشلىق ئۇنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇ كىچىك ئىنىسىنى قۇمۇلدا تازىلاش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا ئۆزى قارا ماشىنا بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ پايتەختكە قاراپ يۆتكەلدى. ئۈرۈمچىدىكى ئىشغالچىلار جىددىيلىشىپ نەنجىڭغا تېلېگراممىا يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەمما ئالاقە ئىشلىرى ياخشى بولمىدى. قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى يۇقىرى دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىلىرىنى قوزغىلاڭچىلار بۇزۇۋەتكەن ۋە نەچچە مىڭ ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى تېلېگراف سىملىرىنى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى كىشىلەر ئوغۇرلاپ قېچىپ ئىشلىتىۋالغان ئىدى. ئەيچىن ۋۇنىڭ قارىشىچە يۇقىرىنىڭ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشىدىن ئۈمىد يوق ئىدى. ئەمما ھەقىقى بىر مەمۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ توغرا بىر ئىش قىلىشنى خالايتتى. «ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم» دەپ يازغان ئۇ ئاخىرىدا «مەن ھەممە ئىشنىڭ زوراۋانلىقتىن خالىي ھالدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن».(23)

ھالبۇكى، ماجوڭيىڭ ئۈرۈمچى سىرتىدا كەسكىن رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇرۇش قىلماي جىم تۇرۇۋېلىپ سىناپ باقماقچى بولدى. يېڭى دوتەي ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلاشقا ئىنتايىن تەقەززا بولۇپ كەتكەن ئىدى. گېنېرال شېڭ شىسەي ئەيچىن ۋۇنى چاقىرىپ ئۇنى ماجوڭيىڭ بارگاھ قۇرغان گۇچېڭغا ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ بېرىشقا بۇيرىدى. ئەيچىن ۋۇ ئىككىلىنىپ، يەرلىك سىياسەتلەرنىڭ سودىلىشىشتا كارغا كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ قارشى چىقتى. ئەمما بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ كوكزىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى ئوقۇۋاتقاندا بىر توپ تۇڭگان، ئۇيغۇر ۋە مانجۇلار كېلىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۆتۈندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زەردار سودىگەر بىرەيلەن:

---

[1] ئۇلار 1931- يىلى مانجۇرىيەگە تاجاۋۇز قىلغان ياپون ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغان بولۇپ، سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن.

«— سىزنىڭ بىرىش مەجبۇرىيىتىڭىز بار» دېدى. ئەيچىن ۋۇ ئۆزىنىڭ رەسمىي سالاھىيىتى يوقلىقىنى ئېيتقاندا: «دوستۇم، تەڭرى بىزگە ئەڭ يۇكسەك مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلىگەن»، دېدى ھېلىقى زەردار سودىگەر. ئەيچىن ۋۇ ماقۇل بولدى. ئۆزىنىڭ بىرىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى دوتەيگە بىلدۈرگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق بىر ئىشقا ئاتلانغانلىقى توغرۇلۇق تەپسىلىي ئويلانغان: «مەن ئاندىن بىر سائەت بىئارام بولدۇم. بىرىشقا ۋەدە قىلغىنىمنىڭ بىر غەيرى نورمال دىپلوماتىيە ئىكەنلىكىنى بىلمەن. ماجۇڭيىڭ تۇيۇقسىز غەزەپلەنگەن چاغلىرىدا ئۇ ئادەم ئەمەس. ئۇ تۇرغان يەردە ئازاپلاش، قاتىللىق ۋە قەتلئام ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان».(24) ئەيچىن ۋۇنىڭ جىددىيلىشىشكە ھەققى بار ئىدى. گېرمانىيەلىك ئىنژېنېر گېئورگى ۋاسىل ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە چاخچاق قىلىپ قورقۇتقاندا، ئۇلارغا گىرانات ئاتقانلىقىنى ۋە قېچىشقا ئۇرۇنۇپ دەپ ئەيىبلەنگەن بەش ئەسكەرنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئالغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.

دوتەينىڭ مەقسىتى ماجۇڭيىڭنى شىمالىي شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ، دىققىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتىشقا قايىل قىلىش ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ماجۇڭيىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلسا بولىدۇ. (بۇنىڭغا ۋەكىللەر ئۈمىكى ئىشارەت قىلدى.) گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ رەسمىي بىر كوماندىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، دۆلەتنى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئۆزى تەلپۈنگەن ئىشنى (جەنۇبىي شىنجاڭدىن) باشلىسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە ماجۇڭيىڭنىڭ جەنۇبنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، قايتىدىن شىمالغا ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بار. ئەمما دەل بۇ پەيتتە دوتەي ۋە شېڭ شىسەيگە نىسبەتەن ئارقىغا كېچىكتۈرۈلگەن ئۇرۇش ھېچقانداق ئۇرۇش بولمىغاندەكلا ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. ئۇلار ئەيچىن ۋۇغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇنىڭغا ماجۇڭيىڭنىڭ ئاجىزلىقى، جاھىللىقى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بىر ئالىم، سىياسىيون ۋە پالۋان سۈپەتتە كۆرگەندەك قىياپەتتە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى خۇش قىلىشنى تاپىلىدى.

ۋەكىللەر ئۈمىكىدىكىلەر گۇچېڭغا كېلەر - كەلمەس ماجۇڭيىڭنىڭ يېنىغا چاقىرىلدى. ئەيچىن ۋۇ تىپىك مۇسۇلمانچە ئولتۇراق يېرىگە قانداق ئاپىرىلغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىيارەت قىلىش كارتىنى تاپشۇرغاندا، ئۇلارغا بىر ئازدىن كېيىنلا تېز كۆرۈشتۈرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. ھويلىدىن ئۆتكەندە مۇھاپىزەتچى ئۇلارنى توختىتىپ، ئىككى قولنى كۆتۈرۈشنى ئېيتقان ۋە باشتىن - ئاياق ئاقتۇرۇلغان:

«بىز كىرىپ كەلگەندە گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ، ئۆي ئىچى قاتار تىزىلغان كىرسىن لامپىلاردا يورۇتۇلغان ئىدى. مەن باشلاپ ماڭدىم. بىر ئىشىك ئېچىلدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن سافادا ئولتۇرغان «يوغان ئات» (ماجۇڭيىڭ) ئورنىدىن تۇرۇپ، بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى.

ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى تەسىرى ئىنتايىن زىلۋا، ئەمما قاتتىق گەۋدىلىك، مېڭىشلىرى بالىلارچە، ئەمما ئىشەنچلىك ۋە قەتئىي بىر ئادەم ئىدى. ھەر قانداق سورۇندا ئىنتايىن ئەدەپ - قائىدىلىك ئىدى.

— لايى ۋېي شي ۋۇ شيەن شېڭ؟ (قايسىڭىز ۋۇ ئەپەندى؟) دەپ سورىدى.»(25)

ماجۇڭيىڭ ۋەكىللەر ئېلىپ كەلگەن خەتنى ئوقۇۋاتقاندا ئەيچىن ۋۇ ئۇنى ئىنچىكە كۈزەتتى. يۈزى ئورۇق بۇ يىگىت ئىنتايىن قاملاشقان بىرى ئىدى. دەتالاشتا ماجۇڭيىڭ بىر ئاز ئىككىلەندى. ئەيچىن ۋۇنىڭ ئويلىشىچە، ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچىسى بىر ئەخمىقانە ھەرىكەت ئىدى. يەنى ئۇ «جۇڭگونىڭ چوڭ بىر قىسمىنى ئويۇن مەيدانى قىلغان، ئەمدىلىكتە بولسا دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلگەن بىر تالانتلىق ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشىنى» كۆرگەن ئىدى.(26)

گېئورگى ۋاسىل ماجۇڭيىڭنى ئاسىيالىقلار ئۆلچىمىدىكى ئەڭ كىلىشكەن يىگىت دەپ ئۇنىڭ قاپ - قارا ئوتلۇق كۆزلىرىنى، پالاكەت، ئەمما شوخ ۋە مەرت - مەردانە تەبىئىتىنى تەسۋىرلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئاچقۇچلۇق فاتېفونىدا ماجۇڭيىڭغا گېرمانىيە ھەربىي مارشىنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنتايىن قىزىققانلىقىنى سۆزلىگەن.(27)

ماجۇڭيىڭ مۇزىكىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كونىراپ كەتكەن، پۈۋلەپ چالىدىغان تىللىق چالغۇ ئەسۋابىنى بارغانلىكى يەرگە بىللە ئاپىرىپ، بىكار چاغلىرىدا ئۇنى چېلىپ ھۆكمەت (دىنىي ناخشا) ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ باشقا بىر ياخشى كۆرىدىغان ئىشى بولسا كوچىدا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئىككى دانە تۇلپارنىڭ ئىگىرى ئۈستىدە سىېرىكچىگە ئوخشاش ئۆرە تۇرۇپ ماۋزېرى (تاپانچىسى) بىلەن يول بويىدىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان نىشانلارغا ئوق ئېتىش ئىدى.

شۆھرەتپەرەسلىك، رەھىمسىزلىك، سەبىيلىك ۋە ئارسالدىلىق ماجۇڭيىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىندۇر. ئۇ چىڭگىزخان، ناپالېئون، بىسمارك، ھىندېنبۇرگ ۋە زوزۇڭتاڭنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا قىلغان ئىشى ئۇلارنى پارات مەيدانىغا ئاپىرىش بولدى. بۇ يەردە ئۇلار مايكا ۋە كۇسار كىيگەن يۈز نەپەر ئوغۇلنىڭ مەيداندىن ئالتە ئىنگلىز ملى يىراقتا پاراللېل قويۇلغان بىر يۈرۈش بالداقلارنىڭ ئالدىدا تىزىلىپ توختاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بالداقلار ئۈستىدە قىيىن مەشىق ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەۋاتقان بىر ئورۇق گەۋدىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ ماجۇڭيىڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى تەنھەرىكەتچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتاتتى. ئۇندىن كېيىن قىلىچۋازلىق مەشقى بولدى. يىگىتلەر ئىنتايىن چاققان ۋە دەل قىلىچ سالاتتى. مەشىق تۈگىگەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ يۈزلىرى قىزغىنلىقتىن پارلاپ تۇرغان ھالدا ئۆمەكتىكىلەرنىڭ يېنىغا كەلگەن:

«— ياقتۇردىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغان. ئەيچىن ۋۇ جاۋاب بېرىپ، بۇ يىگىتلەرنىڭ يېقىندا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنىڭ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ماجۇڭيىڭ:

«— بۇ ئۇرۇشنىڭ تەقدىرى» دېگەن. دىپلومات ئۇنىڭغا:

«— ئۇرۇش ھەمىشە بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەن. ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا قىرىق قوي، تۆت تۇڭ شىكەر ۋە ئىككى ساندۇق چاي سوۋغا قىلغان.

1935 ـ يىلى تارىمنىڭ جەنۇبىدا تۇڭگانلار ئىشغالىيىتىدىكى يەرلەرنى كەزگەن پېتېرفلېمىڭ باھالاپ: «مەن جۇڭگودا ئۇلاردەك قاتتىق تەربىيىلەنگەن قوشۇننى ھېچقاچان كۆرمىدىم» دېگەن.(28)

ئاتلىق قوشۇنلىرى ماجۇڭيىڭنىڭ ئىپتىخارى ۋە خۇشاللىقى ئىدى. يۈرۈشتە تۇڭگان ئارمىيىسىنى باشتا ئۆزىنىڭ خاس قىسمى يېتەكلەپ ماڭاتتى. بىر قانچە ھەپتە بۇرۇن تۇڭگان ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققانلىقىنى كۆرگەن گېئورگى ۋاسىل مۇنداق يازغان: «كېلىشكەن ئاق ئاتلارغا مىنىپ ماڭغان ئەسكەرلەرنىڭ ئېغىر مىسران قىلىچلىرى ئات چاپتۇرغاندا جاراق ـ جۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇلار كونا تىپتىكى خىلمۇ خىل مىلتىقلارنى مۈرىسىدە توشۇيتتى. «ئاق ئاتلىق» قوشۇننىڭ كەينىدە بىغىررەڭ، ئۇنىڭ كەينىدە قارا ئاتلىقلار ئەگىشىپ كېلەتتى. ھەر بىرى 2000 كىشىلىك ئىدى. ئاتلىقلارنىڭ كەينىدە «يۇقىرى ئاۋازدا جەڭ مارشلىرىنى تووۋلاپ ماڭغان» پىيادىلەر قىسمى كېلەتتى.» يېڭى ئېلىنغان ئەسكەرلەر قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاتلىق قىسىم بىلەن پىيادە قىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. يۈك ـ تاقلار ئېگىز چاقلىق كالا ھارۋىلىرى بىلەن بويىدا قۇڭغىرىقى جىرىڭشىپ تۇرىدىغان نەچچە يۈز تۆگىگە يۈكلەنگەن ئىدى. دەشت ـ باياۋان (Gobi) نى كېسىپ ئۆتكۈچە ئەسكەرلەردىن ئىككى مىڭ بەش يۈز (2500) ى ئۆلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى قارىماققا گېپىنى ئۆتكۈزگەندەك قىلاتتى. ماجۇڭيىڭ ئۇرۇش توختىتىشقا ماقۇل بولدى ۋە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۆلكىنىڭ جەنۇبىغا قاراپ ئاتلاندى. ئەمما ۋەكىللەر كەتكەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ قارارىنى ئۆزگەرتىپ قىستاپ كېلىشنى داۋام قىلدى. 1933 ـ يىلى ئىيۇندا ئۇ بۇغدا تېغىنىڭ شىمالدىكى زىلچۇەندە شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ قوشۇنلار جىمجىت ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى غەلىبە قىلاي دەپلا تۇرغاندا تۇيۇقسىز مۇز ـ مۆلدۈر يېغىپ يېلىڭ كىيىم كىيگەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى سوغۇقتا ئۈششۈپ كەتتى. شارائىت ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىق ۋەزىيەتكە ئۆزگەردى. ماجۇڭيىڭ كەلگەن يولىنى بويلاپ رەتلىك سەپتە چېكىندى ۋە جەنۇب بىلەن شەرققە قاراپ يول ئېلىپ تۇرپانغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ يەردە سۆھبەتلىشىشكە تەييار بولۇپ، ئەگەر ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە تەمىنات بەرسە قۇمۇلغا چېكىنىشنى خالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شېڭ شىسەي ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى «شەرقىي گارنىزون كوماندىرى» قىلدى. ئەمما 12 ـ ئايدا شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكى بۇ يېڭى كوماندىر تۇيۇقسىز پايتەختنىڭ غەربىي تەرىپىدە پەيدا بولۇپ، ھۇجۇم باشلىدى.

بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. ئىيۇن غەلىبىسىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ باغچىسىدىكى كابىنېت، ياكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىن زالىدا پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىردى. گەرچە ئۇ كۈنى ئەيچىن ۋۇنىڭ قۇرسىقى ئاغرىپ ئىچى سۈرۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن

قاتنىشىپ بارلىق ئىشلارغا گۇۋاھ بولغان. ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي سۈيىقەست بىلەن توشقان ئاتموسفېراسىدىن غەم قىلغان ئىدى.

سائەت 10 دا باغچىدىكى راۋاقتا ئېچىلىدىغان يىغىنغا بالدۇرلا كەلگەن ئەيچىن ۋۇ ھويلىنىڭ ئىچى تەرەپتىكى ئىشىككە ئەسكەر قويۇلغانلىقىغا دىققەت قىلدى. شېڭ شىسەي راۋاق سىرتىدا قولىدا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ جىمجىت ھالدا يالغۇز ئولتۇراتتى. ئىچىدە غەلىتە بىر تىمتاسلىق بار ئىدى. تۇيۇقسىز تاشقىرىدىن ئېغىر ئۆتۈكلەرنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. شېڭ شىسەيگە بىر ئالاقچى كەلگەن ئىدى. شېڭ شىسەي ئۇنى تەكرار يولغا سالدى.

بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن يەتتە پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. «شېڭ شىسەي ئاستا مېڭىپ كېلىپ لىيۇ دوتەيىنىڭ نەپسى توختىغىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى» ئاندىن دەس تۇرۇپ ئۈچ مىنىستىر، يەنى باش كاتىپ، باش مەسلىھەتچى ۋە ئاۋئائاتسىيە مىنىستىرىغا سۈيىقەستكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئاندىن بۇندىن كېيىن ئۆزىنى بىر كومىتېتنىڭ باشقۇرالايدىغانلىقىنى، بەلكى ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.(30)

ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەقستى بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قارشى كىشىلەرنى ئاسانلا يۇغۇشتۇردى. بۇ چاغدا نەنجىڭدىن كەلگەن ئالاھىدە بىر خادىم شەھەردە بار ئىدى ھەم ئۆلتۈرۈلگەنلەردىن ئىككەيلەن ئۇنىڭ دوستى ئىدى. بۇ خادىم ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشى كېرەك دېيىشكە مەجبۇر بولدى. لىيۇدوتەي ئۆلۈپ بىر ئايدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى ۋەھشىيانە باستۇردى. 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جىن شۇرېن قىلغاننى قىلىپ رۇسىيەلىكلەرگە يېقىنلاشتى. مۇسكۋاغا بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ يەردە ستالىن ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ماجۇڭيىڭ قوشۇنىدا ئىككى نەپەر ياپونىيەلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ستالىن بەلكى تۇڭگان قوشۇنلىرى ياپونىيەنىڭ ھەمشىرىكى دېگەن سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. ياپونىيەلىكلەرنىڭ بىرى مۆلدۈر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن ۋە بۇ ئىشنىڭ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مۇستەملىكىسى مانجۇرىيەدىكى مانجۇكۇغا كېلىشتىن ئاۋۋال شىنجاڭغا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن بولغانلىقى سۆزلىنىپ قايىل قىلدۇرۇلغان. ستالىن بەلكى يەنە تۇڭگانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ رۇسلارنىڭ مەركىزى ئاسىيادىكى پىلانلىرىنى قالايمىقان قىلىپ قويىشىدىن قورققان بولۇشى مۇمكىن.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر كۈنى ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ كۈچىنى بايقاپ قالدى ۋە 1934 - يىلى 1 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بومباردىمان قىلىشى، تانكىسى ۋە ئېغىر زەمبىرەكلىرى بىلەن ئۇچراشتى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە بەزى بومبىلار ئىچىدە زەھەرلىك گازمۇ بار ئىكەن. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىككى بىرىگادىسى جەمئىي يەتتە مىڭ (7000) كىشى جۇڭگوچە دائىمىي ئەسكەرلەردەك ياسىنىپ، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى تۇدۇڭخابا دەرياسى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ كەلدى. تۇڭگانلار ئەنئەنىۋى قەھرىمانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، قوي تىرىسى جۇۋا كىيىپ قار ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ئۆملەپ يۈرۈپ قىزىل ئارمىيىگە قارشى پىلىمۇتلىرىنى سايرىتىپ ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىپ دەھشەتلىك زەربە بەردى. ئەمما ئۇلار رۇسلارنىڭ رەقىبى ئەمەس ئىدى. ئۇلار قولنى قولغا تۇتۇشۇپ بىر قانچە دانە بىرونىلىق ماشىنىنى تاغدىن پەسكە دومىلىتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ماجۇڭيىڭ مەجبۇرەن كورلىغا چېكىندى. بۇ يەردە ئۇ ئېكسپېدىتسىيىچى سېۋېن ھېدىنگە ئائىت قارا ماشىنىلارنى بۇلىدى (بۇ سېۋېن ھېدىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جۇڭگودىكى ئېكسپېدىتسىيىسى ئىدى.) ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يولنى بويلاپ كۇچا ۋە ئاقسۇغا قاراپ قاچتى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ يۈك ماشىنىلىرى ماجۇڭيىڭنىڭ چاخچاقلىرى ۋە ناخشىلىرىغا ئەگىشىپ دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقاندا، ماجۇڭيىڭ «ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بۈيۈك گېنېرال» غا قارىغاندا تەتلى باشلىنىۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىغا بەكرەك ئوخشاپ قالغان ئىدى.(31)

بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلار ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن ئىدى. 1915 - يىلى دوتەي ياڭ زېڭشىن ئادەتتە مادوتەي ئىسمى بىلەن تونۇلغان تۇڭگان يىرگىنىشلىك مافوشىڭنى قەشقەرگە ئامباللىققا تەيىنلىدى. ئەنگلىيە كونسۇلى كلارمۇنت سكرىن مافوشىڭنى «كۆزلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان، پاكىنەك، ئىنچىكە ئۇزۇن چار ساقاللىق، ئېشەككە ئوخشايدىغان ئادەم» دەپ تەسۋىرلىگەن.(32) مادوتەي ساۋاتسىز ۋە ھاراقكەش بولۇپ، ئۆزىنى پادىشاھتەك كۆرەتتى. ئۇنىڭ

ھەرىمگە تۈرك گۈزەللىرى قامالغان ئىدى. ئۇ قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئىنتايىن ئۇستا بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ كان بايلىقلىرىدىن نېفىت، كۆمۈر ۋە قاشتېشىنى مۇتىھەملىك بىلەن ئۆزى ئىگەللىۋالغان ئىدى. ئەمما ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالتۇن، ئالماس ۋە نەخ پۇل قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىدىكى خوجايىنىغا پات - پات يوللاپ تۇراتتى.

ھالبۇكى، مادوتەيىنىڭ ھەقىقى ئالاھىدىلىكى پاچاق كېسىش ۋە مىخلاپ ئۆلتۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭ بىر دانە بىدە توغراش ماشىنىسى (جادۇ) بار بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىنى پارچە - پارچە قىلىپ توغرايتتى. رۇسىيەلىك زىيارەتچى پائۇل نازاروفنىڭ ئېيتىشىچە، مادوتەي كېسىلگەن پۇت - قوللارنى شەھەر دەرۋازىسىغا مىخلاپ، يېنىغا كىمنىڭ ۋە نېمە ئۈچۈن كېسىلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ يېزىپ قويىدىكەن، بەزىدە بۇ پۇت - قولنىڭ ئىگىسىنىمۇ زەنجىر - كىشەندە باغلاپ بىللە يېنىدا مىخلاپ قويىدىكەن. ئاخىرىدا ياڭ زېڭشىن مادوتەي بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى دەپ قاراپ، 1924 - يىلى باشقا بىر تۇڭگان ماشياۋۋۇنى ئەۋەتتى. ماشياۋۋۇ مادوتەي (مافوشىڭ) نى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى ئىككى كۈن ياغاچ جازىغا ئېسىپ سازايى قىلدى. بۇ پادىشاھ (مادوتەي) خەلققە قانداق قىلغان بولسا ئۆزىمۇ شۇنى كۆردى.

1928 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن تاكى 1933 - يىلىغا قەدەر تارىم تىنچ بولدى. ئەمما زالىم مادوتەي ھاكىمىيىتى تۈركلەر بىلەن تۇڭگانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرىۋەتتى. بۇ ئەنسىز يىللاردىكى كەسكىنلەشتۈرگۈچ بىر ئامىل بولدى. بىزنىڭ كۆرگىنىمىزدەك، شىمالدا تۇڭگانلار بىلەن تۈركلەر كۆپىنچە چاغلاردا ئۆز ئارا ئىتتىپاقداشلار ئىدى. جەنۇبتا بولسا ئۇلار ئىلگىرىدىن تارتىپلا ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدى. بۇ تۈركلەر، يەنى ئۇيغۇرلار بىرلىككە كەلگەن ئىدى دېگەنلىك ئەمەس. قەدىمكى «قارا تاغلىقلار» بىلەن «ئاق تاغلىقلار» دىن مىراس قالغان ئۆچ - ئاداۋەت غوجىلار زامانىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ساقلانغان. «قارا تاغلىقلار» ئاساسلىقى قەشقەرگە يېقىن ئاتۇشتا ياشايتتى ۋە جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن بىر قەدەر سەۋرچان ئىدى. «ئاق تاغلىقلار» بولسا كۇچادا ياشايدىغان تۈرك مىللەتچىلىرى ئىدى. شىمال بىلەن پەرقلىق يېرى شۇكى، تارىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدىن خالى قالغان ۋە ھەقىقەتەن مۇتئەسسىپلەر، ئوڭ قانات مىللەتچىلەر ۋە ئىسلامىي ئەنئەنىچىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق بولغان ئىدى. 1932 - يىلى كەلگەن قىرغىزلارغا ئوخشاش، ستالىننىڭ كوللىكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن قاچقانلار قىزغىن قارشى ئېلىناتتى.

جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە بولغان ھېسسىياتى 1933 - يىلى خوتەن رايونىدىن يېزىلغان بىر نامىسىز ئىلتىجادا ئەينەن بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا «كاپىر» ۋە «شەھىد» دېگەندەك ئىبارىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقىغا قارىماستىن، ئۇ ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە ئۈمىدىنى يوقاتقان بىر بىچارىنىڭ تىلەك ئىلتىجاسى ئەمەس، بەلكى بىر ئەسەبىي دىندارنىڭ ئېغىر ھالدىكى ئەيىبلىشىگە بەكرەك ئوخشايدۇ:

«ھەقىقى دوست دوستىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئوچۇق سۆزلەپ، ئۇنى كەمچىلىكلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. (يەنى دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ) سىز ھۆكۈمرانلار بۇنى ھېس قىلىشىنىڭ ئورنىغا ھەدىسىلا ئىسلامنى قوللىغۇچىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرىۋاتىسىز. سىزگە ئوخشاش ئەخمەق كاپىرلار باشلىق بولۇشقا لايىق ئەمەس... دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتەلمىگەن كاپىر قانداقمۇ باشقۇرغۇچى بولۇشقا لايىق بولالىسۇن؟ سىز كاپىرلار: ملتىقىمىز، تاپانچىمىز ۋە پۇلىمىز بار، شۇنىڭغا تايىنىمىز دەپ ئويلايسىز. ئەمما بىز بىزنىڭ ھاياتىمىزنى تەمىن ئەتكۈچى ئاللاھقا يۆلىنىمىز. سىز كاپىرلار: سەنلەرنىڭ ھاياتىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا دەپ ئويلايسىز. ئەگەر بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا جاۋاب بەرمىسىڭىز بىز تەييار، ئۆلسەك شەھىد، قالساق غازى. بىز ئۆلۈمگە تەشنا بولۇپ ياشاۋاتىمىز.»(34)

خوتەن ۋە كېرىيەدىكى ئالتۇن كان ئىشچىلىرى ئۆتمەس (قىممىتى يوق) قەغەز پۇللارغا ئالتۇن تېگىشىشتىن جاق تويغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىلتىجادا ئاگاھلاندۇرغاندەك قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇۋاق گېنېرالنىڭ تۇڭگان - ئۇيغۇر ئارمىيىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يولنى بويلاپ يۆتكىلىپ 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاقسۇنى ئالدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن خوتەنلىكلەر جۇڭگولۇق ھاكىم ۋە بەزى خەنزۇ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى. كېرىيە خەلقى بۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلار مۇسۇلمان بولۇشقا رازى بولغاچقا ئۆز بوستانلىقىنى قان تۆكمەستىن ئۆز قولىغا ئالدى. ھەر تەرەپتىن قاپسىلىپ قالغان قەشقەر ئامبىلى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قېلىپ ياردەم سورىدى. ئەمما ئۈرۈمچىدىكى جىن شورېننىڭ ئۆزىمۇ چوڭقۇر پاتقاققا پاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ قىلالايدىغان ئەڭ نوچا ئىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىچكىرى

جۇڭگودىكى شەخسىي بانكا ھېساباتىغا كۆپرەك پۇل ئەۋەتىش ۋە بۇ ئەمەلدارغا «ئارقا سەپتىكى باش باستۇرغۇچى باندىت» ئۇنىۋانى ئىنئام قىلىش ئىدى. قەشقەر ئامبىلى جىددىيلىشىپ ھېچنىمىگە قارىماستىن تاغ ئۈستىدىكى قىرغىز باندىتلارغا قورال تارقاتتى. ئەمما ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئامبالغا ئاسىيلىق قىلدى.

بۇ يەردە تارىمدىكى بارلىق قوزغىلاڭلار، ئىتتىپاقلىششلار ۋە ئاسىيلىق قىلىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. كۆزگە چېلىقىدىغاندىن ئۈچى بار. بىرى كۆچمەن قەبىلىنىڭ ئاقساقلى رەھبەرلىكىدىكى بۇلاڭچى قىرغىزلار، ئىككىنچىسى كۇچالىق بىر مەپكەش باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار، ئۈچىنچىسى تۇڭگان قوزغىلاڭچىلار. تۇڭگانلارنىڭ مەقستى: ئۈرۈمچىدىكى دوتەيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئەمما نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ مەقستى تۇڭگانلارنى يوغۇشتۇرۇش ۋە جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇش، قىرغىزلارنىڭ مەقستى بولسا كۆچىنىڭ يېتىشچە كۆپ غەنىمەت ئېلىپ ئۆيگە قايتىش ئىدى.

بىر قېتىم بۇ غەلىتە ئىتتىپاقداش ئارمىيە جۇڭگولۇقلاردىن ھوقۇقنى تارتىپ ئالغان ھامان، ئۇلارنى غەپلەت باسقان. ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ ئېيتىشچە، ئۇلارنىڭ ئۈچ نەپەر رەھبىرى «ئۇلتۇراقلىشىپ، خوتۇن ۋە بايلىق توپلاش بىلەن ھەلەك بولۇپ كەتكەن».(35) ئېيتىشلارغا قارىغاندا قىرغىزلارنىڭ باشلىقىنىڭ ھەرىمدە ئوتتۇز خوتۇنى بارمىش.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىغا كەلسەك، بۇ ئاللىقاچان كۈنتەرتىپكە قويۇلغان ئىش ئىدى. 1932 - يىلىدىن ئىلگىرىلا ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى ئىلىملىك كىشى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئابدۇللاھ بىلەن نۇرئەھمەد «مىللىي ئىنقىلاب كومىتېتى» نى قۇرغان. ئۇلارغا ئاتۇشلۇق سابىت داموللام قوشۇلغان. سابىت داموللام بىر مۇدەررىس ۋە سابىق ھاكىم ئىدى. ئۇ چەتئەللەردە ساياھەتتە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، مىسىر ۋە ھىندىستانغا بارغان. بۇ كومىتېت كوممۇنىزمغا، خىرىستىئانلىققا، تۇڭگانلارغا ۋە خەنزۇلارغا قارشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەزالىرى 300 گە يەتكەن ۋە 50 دانە كونا تىپتىكى مىلتىقى بار بولغان. 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بۇ كومىتېت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلدى. سابىت داموللام رەئىس[1]، مەتىمىن بۇغرا ئەسكىرىي قوماندان بولغان.

بۇ ھەرىكەتتىكى يەنە بىر مۇھىم سىما قۇمۇللۇق يولۋاسخاننىڭ بۇرادىرى غوجانىياز ھاجى، ئۇنىڭ سالاھىيىتى تۆپەيلى ئۇيغۇر جەڭچىلەر ئۇنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى رەھبىرى دەپ قارىغان. ئەمما غوجا نىياز ھاجى ئۆزىنىڭ زادى قايسى تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق قارار قىلالمىغان. دەسلەپتە ئۇ ماجۇڭيىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. كېيىن شىڭ شىسەي بەرگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغان. ئەمدىلىكتە بولسا ئايرىلغان ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى ئۇنى رەئىس (زۇڭتۇڭ) بولۇشقا تەكلىپ قىلغان.

1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خوتەن فەتھى قىلىنىپ، شەرىئەت قانۇنى يۈرگۈزۈلدى ۋە جۇڭگولۇقلار ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. شەھەردىكى شوتلاندىيەلىك دىن تارقاتقۇچىلار قوغلاندى ۋە كەشمىردىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان ھىندى جازانىخورلار ئۆلتۈرۈلدى. بىر ئايدىن كېيىن خوتەن ئەمىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق بوستانلىقلارنى كونترول قىلدى. قەشقەر سىرتىدىكى گارنىزون بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاندىن 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۇلار كومىتېتتىكى سودىگەرلەر ئوتتۇرىغا قويغان مۇسۇلمان ھاكىمىيىتىدە سودا مۇئامىلىسى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، سايلام ئېلىپ بېرىپ شەرقىي تۈركىستان تۈرك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان. قەشقەرنى پايتەخت، شەرىئەتنى قانۇن قىلغان. ھىلال ئاي بىلەن يولتۇز چۈشۈرۈلگەن تۇغنى دۆلەت بايرىقى قىلغان ۋە ئۆزىگە خاس پۇلى بولىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەت (قىسقارتىلىپ ش ت ئى ج دېيىلىدۇ) نۇرغۇن جەھەتلەردىن ياقۇپ بەگ ئەمىرلىكىگە مەنىۋى ۋارىسلىق قىلغان.(36) ياقۇپ بەگكە ئوخشاش ئەنگلىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. قەشقەردىكى يېڭى كونسۇل كولونېل J. W تومسۇن گلوۋېر ھېسداشلىق قىلغان، ئەمما ئەنگلىيەنىڭ پەقەت نەنجىڭدىكى ھۆكۈمەتنىلا ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. دېھلىغا ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇرۇق قول قايتقان. تۈركىيە ئېھتىيات قىلىپ يىراق تۇرغان. ئافغانىستان شاھى مۇھەممەد زاھىر ئۇلارغا قورال سېتىپ بېرىشكە قوشۇلغان ۋە دېگەندەكلا بىر ئاز تاپانچا كەلگەن. بۇ ھاكىمىيەت ئۆزىدىن

[1] بۇ ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى سابىت داموللام ئەمەس، مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشى ئىدى — مۇھەررىردىن.

باشقا شىنجاڭدىكى ئۈچ ئاساسي كۈچ: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، تۇڭگانلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەن بولغاندىن تارتىپلا، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى پىشانىسىگە پۈتۈلگەندەك قىلاتتى.

مۇسۇلمان قوزغىلاڭچىلار خىيىم - خەتەرگە دۇچ كەلگەن ئىدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنى 1934 - يىلى 1 - ئايدا تۇدۇڭخابا دەرياسى بويىدا سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سېۋىن ھېدىندىن زومىگەرلىك بىلەن تارتىۋالغان ماشىنىلاردا شىمالىي قۇملۇقتىكى يولنى بويلاپ غەربكە قاراپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى. دەرۋەقە ئۇلار خوتەن ئەمرى رەھبەرلىكىدىكى تۇڭگانلارغا قارشى قوزغىلىپ چىققان ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشتى. 2 - ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىلىگۈچى قوشۇنلىرى قەشقەر بوستانلىقىغا كەلدى ۋە ش ت ئى ج رەھبەرلىرىنى تەختتىن چۈشۈشكە زورلىدى. دېمىسمۇ غوجىنىياز ھاجى تۇنجى بولۇپ مەيداننى ئۆزگەرتتى. ئۇ سوۋېت چېگرىسىغا قېچىپ بېرىپ، شىڭ شىسەيگە قوشۇلۇشقا ۋەدە قىلىپ كېلىشىم ئىمزالىدى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئەمەل ئالدى.

ھازىر ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قەدىمىي شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىككى مىڭ (2000) دىن كۆپرەك ئۇيغۇرنى ئۆلتۈردى. ئۇرۇش تازا قىزىۋاتقاندا، چىنىۋاغدىكى كونسۇل بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ رەپىقىسىنىڭ مۈرىسىگە ئوق تەگدى. بۇ خانىم تۇڭگانلارنىڭ ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلارنىڭ قالايمىقان قوشۇنلىرىنى ھەيدەپ قوغلاۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغاندا، بىر تۇڭگان ئەسكەر ئۇنى ئاتقان ئىدى. ھۇدۇقۇپ تەمتىرەپ كەتكەن بەزى ئۇيغۇرلار كونسۇل ھويلىسىغا تامدىن ئارتىلىپ كىرىپ بىر مۇھاپىزەتچىنى ئۆلتۈردى ۋە تۆت نەپەر ئەنگلىيەلىكنى يارىلاندۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن دوختۇرمۇ بار ئىدى.

يىراقراق جەنۇبتا شەرقىي تۈركىستان قوشۇنلىرى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇرۇشتا ھەر ئىككى ياش ئەمىر ئۆلتۈرۈلدى. ئابدۇللاھنىڭ كاللىسى قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ سىرتىغا ئېسىلىپ سازايى قىلىندى. تۇڭگانلار خوتەنگە يېقىنلاشقاندا ئىنقىلابچىلارنىڭ رەھبىرى ئەمىر مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ دەسلەپ 3000 نەپەر ھىمايىچىسى بىلەن بىرلىكتە كېرىيەگە كەتتى. ئاندىن تېز قايتىپ كېلىپ، مەھرەملىرىنى تاشلاپ، بىر قانچە تايچاققا ئالتۇن يۈكلەپ كوئىنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق ھىندىستان تەرەپكە ئۆتۈپ غايىپ بولدى.

4 - ئايدا ماجۇڭيىڭ ئۆزى 10 مىڭ كىشىنى باشلاپ قەشقەرگە كەلدى. ھازىر ئۇ ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تۇراقسىزلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى. ئۇ شۆھرەت ئۈچۈن ياردەم سوراپ ئەنگلىيە كۇنسۇلىنى قىسقا زىيارەت قىلدى ۋە قەشقەردىكى سوۋېت كۇنسۇلىنىمۇ زىيارەت قىلدى. ئەيچىن ۋۇنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت كۇنسۇلى ئۇنى باشلىغان ئىشنىڭ تامامەن بىر ئۈمىدسىز ئىش (مەغلۇپ بولىدىغان ئىش) ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىپ، ئۇنىڭغا قېچىش يولى كۆرسەتكەن. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئادەملىرىگە شەھەردىن چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، دادا بىر ئانا باشقا ئۇكىسىنىڭ قوماندانلىقىدا يۈتكىلىشنى بۇيرىغان، ئەمما شۇ كۈنى كەلگەندە ئۆزى ئۇلارغا قوشۇلمىغان. رۇسىيە كۇنسۇلىدىن بىر - ئىككى ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەللىك كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەردىن ئايرىلىپ ئەركەشتامدا چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن. كېيىن غايىپ بولغان.

ماجۇڭيىڭنى بېيجىڭدا، ھىندىستاندا، ياكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى مىلتارىست جەمەتى ئائىلىسىدە ئىمىش دېگەندەك سۆز - چۆچەكلەر بولغان. بىر يىلدىن كېيىن پېتېر فلېمىڭ ئۇنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى كۆرگەن. سۈرەتتە ئۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېر فورمىسىنى كىيگەن. تۇرقىدىن تېنى ساغلاملىقى چىقىپ تۇرغان، ئۇ موسكۋادىن خوتەندىكى تۇڭگان قوشۇنلىرىغا ئۆز قولى بىلەن مەكتۇپ يازغانمىش.(37) 1936 - يىلىنىڭ باشلىرىدا بەزىلەر ئۇنى موسكۋادا كۆرگەن. ئەمما ئىككى يىلدىن كېيىن ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان دەپ قارىلىدۇ.

ھەممەيلەننىڭ قارىشىدا بۇۋاق گېنېرال بىر سىر بولۇپ، بەلكى ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى ياپون ئىشپىيونى، موسكۋا جاسۇسى، ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىكى كۆز - قۇلىقى دېگەندەك خىلمۇ خىل تەسۋىرلەشلەر بار. ئۇنىڭ ھەقىقى غايىسى بولسا يېڭى تېمۇرلەڭ بولۇش خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. گېرمانىيەلىك ئېنژېنېر گېئورگى ۋاسېل ئۇنى ئىچكى ئاسىيانىڭ تىپىك مەھسۇلاتى دەپ قارايدۇ. «ئۇ غەلىبە قىلسا تارىخىي قەھرىمان، مەغلۇپ بولسا ھاياتى تۈرمىدە ئاخىرلىشىدىغان يېرىم قوماندان ۋە يېرىم قاراقچى تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر».(38)

شېڭ شىسەي ھازىر شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئەمما توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۇلارنى رۇسىيەلىكلەرنىڭ قولىغا تاپشۇردى. كۆرۈنۈشتىكى ۋەزىيەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن بەزى ئۇيغۇر باشلىقلارنى ئۆستۈرۈپ يۇقىرى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىدى. رەسمىي سورۇنلاردا خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى «سەللە باش» (چەنتۇ) دەپ ئاتىشى چەكلەندى. ئۇنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» دېگەننىڭ تەرجىمىسىنى ۋېيۋېر (weiwuer) دەپ ئاتايدىغان بولدى. تۇڭگان ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى جەنۇبىي يولدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنى بوزەك قىلىپ، پات - پات ھەربىي ھۇجۇم قوزغاپ تۇراتتى. ئەمما 1937 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا بىر قوشۇنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ئاقسۇنى تىنجىتتى. بۇ جەنۇبتىكى تۇڭگانلار ئۈچۈن يېتەرلىك بولدىكى، ئۇلار قۇمغا سىڭىپ كەتكەن سۇدەك تەلتۆكۈس يوقالدى.

1935 - يىلى سودا ۋەزىپىسى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ساياھەتتە بولغان ئەنگلىيەلىك دىپلومات ئېرىس تېيچمەن ئىشلارغا ئومۇمەن جۇڭگولۇقلار نۇقتىئىنەزىرىدە قاراپ، شىنجاڭ جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىنكى ئەھۋالنى مۇنداق يازغان: «مەن تۈركلەرنىڭ جۇڭگولۇقلار ھاكىمىيىتىنى قارشى ئالغانلىقىدىن خۇش بولدۇم. جۇڭگولۇقلارنىڭ مېتودى بىزنىڭكىدەك ئەمەس، تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان چەتئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى جۇڭگولۇقلار ھاكىمىيىتىنى خالىغانچە تەنقىد قىلىشى باشقا ئۆلچەملەردە ئادەتتىكە ئايلانغان. ئەمما، ئومۇمەن ئېيتقاندا، جۇڭگولۇق خەنزۇلارنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىنى ئىدارە قىلىشتا تالانتى بار. تۈرك دېھقانلار يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارىغاندا جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بەكرەك ياخشى ياشىشى مۇمكىن».(39)

شېڭ شىسەينىڭ ئارقا تەرەپتىن ئىشكىنى ئېچىپ بېرىشى بىلەن كرېمىل (Kremlin) بارلىق پاراكەندىچىلىكلەر 1931 - يىلى باشلانغان قۇمۇلغا قىزىل ئارمىيەنىڭ بىر ئەترىتىنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ياپونلۇقلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇش ۋە شىنجاڭنى ئادەتتىكى خۇجايىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن ئايرىم تۇتۇش ئىدى. ئۈرۈمچىگە يېقىن بىر جايدا «يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى» ياساش زاۋۇتى دېگەن يالغان نىقاپ ئاستىدا سوۋېت ئايروپىلانلىرىنى ياسايدىغان بىر يوروش زاۋۇتلار قۇرۇلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى ھىندىستان بىلەن رىقابەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ بازارلىرىنى ياتقۇزىۋېتىش ئۈچۈن ئەرزان باھادا سوۋېت ماللىرى تۈركۈملەپ كىرىشكە باشلىدى. ستالىن شېڭ شىسەيگە بەرگەن ياردەملىرىنى تولۇق قايتۇرىۋالغانلىقىنى، كان ئېچىش ھوقۇقى، نېفىت ۋە توك بىلەن تەمىنلەش، ترانسپورت ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى.(40) بايلىقلارنىڭ خەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە چىدىمىغان شېڭ شىسەي ئۆزى ئىمزالىغان خىلمۇ خىل شەرتنامىلەرنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ 1938- يىلى موسكۋانى زىيارەت قىلغاندا مولوتوۋنىڭ داچىسىدا ھاراق زىياپىتىگە داخىل بولغاندا ماركسىزم تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ سوۋېت كومپارتىيىسىگە كىردى. شىنجاڭ ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگونىڭ غەربتىكى ياۋايىلارغا قارشى تۇرۇشتىكى قالقان ئۆلكىسى بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرققە ۋە ياپونىيەگە قارشى قالقان ئۆلكىسى بولدى.

1941 - يىلى 4 - ئايدا ياپونىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭنىڭ كرېمىل سارىيى نەزىرىدىكى نەرقىنى تۆۋەنلەتتى. شېڭ شىسەي مەخپىي ھالدا گومىنداڭغا مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن گىتلېر غەربتىن رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇنىڭ تانكا قىسىملىرى شۇ قەدەر تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتاتتىكى، خۇددى رۇسىيە بەلكىم تۈگىشىدىغاندەك قىلاتتى. سودا پۈتتى، 1942 - يىلى شېڭ شىسەي رۇسىيەدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى جۇڭگونىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. رۇسىيەگە ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە بارلىق ئەسكەر ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشنى ئېيتتى. شىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ سوۋېتپەرەسلەرنى تازىلاشقا باشلىدى. قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدا ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنىسى ماۋزېمىنمۇ بار ئىدى. ئۇ 1938 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭ يېنىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن.

ئەمما شېڭ شىسەي بۇ سىياسىي پاي چېكى بازىرىدا ئويۇننى ئىنتايىن تەسلىكتە ئويناۋاتاتتى ۋە چوتنى خاتا سوققان ئىدى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشكە باشلىغان شۇ مىنۇتتا، رۇسىيە ستالىنگراد ئۇرۇشىدا تارىخى غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ نېفىتىگە مۇھتاج بولمايدىغان رۇسىيەلىكلەر بارلىق خادىملىرىنى چېكىندۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇنى بىلگەن يېڭى كەلگەن مىللەتچىلەر شېڭ شىسەينى ھوقۇقىدا جىم قويمايتتى.

شېڭ شسەي 1943 - يىلى ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا قوزغىغان ئۇمۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇزىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىم ئۇ يەنە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئارىلىششىنى تەلەپ قىلدى، ئەمما جاۋاب كەلمىدى. ئاخىرىدا ھېچ بولمىغاندا بىر جاۋاب كەلدى. لېكىن بۇ جاۋاب باشقا بىر تەرەپتىن يەنى ھازىر چوڭچىڭدا تۇرىۋاتقان مىللىي ھۆكۈمەت تەرەپتىن شېڭ شسەينى يېڭى ۋەزىپىگە — ئورمانچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بولۇشقا چاقىرغان جاۋاب ئىدى.

غۇلجا شەھىرىدىكى خەلق باغچىسىنىڭ ئىچىدە دەرىزە ئەتراپى ۋە نوكەش گىرۋەكلىرى كۆك رەڭلىك كاھىش بىلەن ئىسلامىي ئۇسلۇپتا زىننەتلەنگەن، ئىككى قەۋەتلىك بالكونلۇق كۆركەم بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بۇ بىنانىڭ ئارقىسىدا ئۈستى ئوچۇق سەھنىگە ئوخشايدىغان ئۇزۇن بىر ھويلا بار ئىدى. ھەممە نەرسە ئۆز پېتى (رېمونت قىلىنماي) ساقلانغان ئىدى. ھويلا ئىچىدىكى كىچىك ئارخېئولوگىيە مۇزىيىنى بىر ئاز كىشىلەر زىيارەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ بىنا شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان بىردىنبىر دېموكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ ئىلگىرىكى قوماندانلىق شتابى ئىدى.

يىراقراق تەرەپتىكى مۇزىينىڭ تاملىرىغا چاپلانغان چوڭ - كىچىك رەڭسىز فوتوگرافلاردا جۇل - جۇل كىيىملىك ئەسكەرلەر، پۇتبول كوماندىسى قىياپىتىدە تۇرغان ھەر مىللەت كىشىلىرى ۋە ئوفتسېرلەرنىڭ ئاياللىرى بىلەن بىللە تۇرغان چاغدىكى نەق مەيدان خاتىرىلىرى بار ئىدى. دەرەخلىك بىر يول بىر قىسمى كەڭرى پەشتاقلىق ۋە بىر ئاز ئېگىز قىلىپ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرىستانلىققا باشلاپ باراتتى. بۇ يەردە توققۇز قەبرە تىزىلىپ ياتقان بولۇپ، قەبرە تېشىغا ئۇلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان ۋە سۈنئى گۈللەر قويۇلغان. قەبرىلەرنىڭ ئالدىدىكى بىر تۆۋرۈككە ماۋجۇشىنىڭ بېغىشلىما سۆزى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان. بۇلار 1944 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب قىلىش بىلەن قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن قالغان يالدامىلاردۇر.

گەرچە شېڭ شسەي ۋە ئۇنىڭ زورلۇق زۇمبۇلۇقى كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مۇسۇلمانلار ئارىسىغا غەليان ئۇرۇقى چېچىپ قويۇپ كەتتى. شېڭ شسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچى باشلىقى 400 دىن كۆپرەك سىياسىي مەھبۇسنى ئوجۇقتۇرىۋېتىش ئۈچۈن، ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئارقىغا سوزغاندا ئاۋامنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى. ئۇيغۇرلار ھازىر ئورۇنلاشقان كۆپ ساندىكى قوشۇنلارغا ۋە يەرلەشكەن نامرات خەنزۇ دېھقانلارغا ئىنتايىن نەپرەت بىلەن قارايتتى. گومىنداڭچى ھۆكۈمرانلار خۇددى شېڭ شسەي ۋە ئۇنىڭ قول - چوماقچىلىرىغا ئوخشاشلا ئەزگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىچى ئىدى. مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن، ئىقتىساد ۋەيران بولغان ئىدى.

بۇ قوزغىلاڭ قارىماققا بىر قانچە يىللاردىن بۇيان شىمالدىكى يايلاقلاردا بۇلاڭچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان قازاق كۆچمەن چارۋىچىلاردىن باشلانغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن قېچىپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆي قۇشلىرى ۋە چارۋا ماللىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە رازىكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ دۆلەتكە (كوللېكتىپقا) تاشلاپ بەرمەيتتى. ھازىر ئۇلار گومىنداڭغىمۇ ھېچ تۇتۇق بەرمەيۋاتاتتى. قازاق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تالانتلىق رەھبىرى ئوسمان باتۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە موڭغۇلىيەگە يېقىن ئالتاي تاغلىرىدىن باشلاپ ئىلى ۋادىسىغىچە، شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغىچە ھەر يەرگە يېيىلدى. ئوسمان باتۇرنى ئەركىنلىك جەڭچىسى دېگەندىن كۆرە باندىت دېگەن تۈزۈك. ئەمما ئۇ ئادەتتىكى قوشۇنلىرى بىلەن كىچىك - كىچىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ ھەقىقەتەن قالتىس غەلىبىلەر قازانغان ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رۇسىيەدە ئوقىغان ئۇيغۇرلار 1943 - يىلى ئالماتادا قۇرغان «شىنجاڭ تۈركى خەلق مىللىي ئازاتلىق كومىتېتى» ئىنقىلاب ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغان. قازاق قوشۇنلىرى كېيىنكى كۈز پەسلىدە ئىلى ۋادىسىغا كەلگەندە، يەرلىك ئۇيغۇرلارمۇ يېزا قىشلاقلارنى ئالغان. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ غۇلجىنىڭ شەرقىدىكى نىلقىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ گارنىزونىغا ھۇجۇم قىلغان. ئاندىن قورقۇپ كەتكەن ھۆكۈمەت خالىغانچە كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىۋاتقان غۇلجىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن.(41) بۇ يەردىكى نىلقا بىرىگادىسى ئوتتۇرا تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، موسكۋادا ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا كىرىشكە قوشۇلغان. ئەخمەتجان قاسىمي كوممۇنىست دېيىلىپ شېڭ شسەي تۈرمىسىدە ياتقان. ئۇنىڭ چەتئەلدىكى

ئازاتلىق كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى بولىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ ھەقىقى پرولىتارىيات ئۇرۇشى قوزغاشنى، ھەممە مىللەتكە (ھەتتا خەنزۇلارغىچە) ئوخشاش قۇچاق ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ نوقۇل ئىسلامىي ياكى تۈركى فرونت بولۇپ قېلىشىنى چەكلىگەن ئىدى.

غۇلجىدا قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت ۋە ساقچى ئىدارىسىنى، ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قولغا ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنتىقام ئېلىش ئىشلىرى مەخپى باشلاندى. ئۈرۈمچىدىكى ئەنگلىيە كونسۇلى خادىمىنىڭ ئېيتىشىچە، خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈش دەسلەپتە ئازراق بولۇپ، كېيىن ئەۋجىگە چىققان. خەنزۇ ئەسكەرلەر ۋە ئاممىۋى مەمۇرلار ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلگەن. شىڭ شىسەينىڭ يۇرتى مانجۇرىيەدىن كەلگەنلەر خەنزۇلاردىن قالسىلا ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان نىشانلاردىن بولغان. ئەڭ بىخەتەر قالغانلار گېنېرال زوزۇڭتاڭنىڭ بارگاھىدىن قېلىپ قالغانلارنىڭ نەسلى بولۇپ، كۆپىنچىسى «تۇل خوتۇن ۋە ئېپپىتىنى ساتىدىغانلار» ئىدى. ئاياللار ۋە بالىلار ھەر زامان كەچۈرۈم قىلىنغان.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، ئاق ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق باغچىدىكى باش شتاپ بىناسى ئۈستىدە جەۋلان قىلدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نامدىكى رەھبىرى ئېلىخان تۆرە (ئۆزبېك) بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقى ھوقۇق ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ قولىدا ئىدى. قازاقلار ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە بۇ يەردە يەنە قىرغىزلار (سوۋېت كولخوزىدىن قاچقانلار)، موڭغۇللار، شىبە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر، بۇندىن 180 يىل ئىلگىرى چىيەنلۇڭ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە قەپقالغان قالدۇق چېرىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. يەنە رۇسلارمۇ بار ئىدى. ئىلى ۋادىسى سوۋېت قازاقىستان بىلەن خوشنا ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ياقۇپ بەگ زامانىدا چار پادىشاھ بۇ يەرنى ئون يىل يۇتۇۋالغان ئىدى.

سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابقا قانچىلىك دەرىجىدە ياردەم قىلغانلىقى ھەققىدە تارىخچىلار تالاش - تارتىش قىلىشقان. گەرچە سوۋېت ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما 1967 - يىلى 5 - ئايدا تاشكەنت رادىئوسىدىن ئاڭلىتىلغان ئۇيغۇرچە خەۋەردە قورال - ياراق ۋە «تەربىيىلەنگەن يېتەكچى كادىرلار» نى رۇسلارنىڭ ئەۋەتكەنلىكى ئاشكارىلانغان. قوزغىلاڭچىلار رۇسچە نۇسخىدىكى ھەربىي فورمىلارنى كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا رۇسچە «شەرقىي تۈركىستان رېسپوبلىكىسى» دېگەننىڭ قىسقارتىلمىسى سلاۋيان يېزىقىدا VTR دەپ يېزىلىپ بەلگە قىلىنغان. ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئادەتتىكى كىشىلەر، ھەقىقىي قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر دۈشمەنلەرنىڭ يۇرتىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى، قېرىنداشلىرىنى خارلىغانلىقى دىن ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى ئاياغ - ئاستى قىلغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ئۇرۇش قىلىش غەيرىتىگە كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا ئىدېئولوگىيە ۋە «سىياسىي تەربىيە» مۇ بىر ئاز تەسىر قىلغان. ئۈرۈمچىدىكى ئەنگلىيە كونسۇلى يېزىپ قالدۇرغان بىر خەۋەر بۈگۈنكى كۈندىن ئالدىن بىشارەت بەرگەندەك كۆرۈنىدۇ.

«جۇڭگولۇق نوپۇزلۇقلار قوبۇل قىلالمايدىغان بىر پاكىت شۇكى، مەيلى بۈگۈنكى نارازىلىق ياكى كەلگۈسىدىكى زور يانغىن بولسۇن، بۇلارنى تاشقى سەۋەب ياردىمىدە تولۇق چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېتەرلىك سەۋەبلەر بار.»(42)

1944 – 1945 - يىلى قىش پەسلىدە قوزغىلاڭچىلار گومىنداڭنىڭ زور قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۈردى. ئۈرۈمچىنى قورقۇنچ قاپلىدى. ئەنگلىيە كونسۇلى تەمكىنلىك بىلەن شۇنى كۆزەتكەنكى، جۇڭگو قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ «ھەيران قالارلىق جەسۇر رەقىبى» قازاقلار بىلەن ئوخشاشمىغان ھالدا، شۇۋىرغان قىشنىڭ سوغۇقلىرىغا چىدىيالمىغان ئىدى. گەرچە ھەرەمباغدىكى بىر جۇڭگو ئىستىھكامىنى 8000 ئەسكەر چىڭ ساقلاپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل ئىلى ۋادىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇرۇش دەھشەتلىك بولدى. ھەر خىل تەرەپلەرنىڭ مەھبۇسلارنى خارلىغانلىقى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئوسمان باتۇر ۋە ئۇنىڭ قازاق قوشۇنلىرى قوشۇلۇپ سوۋېت چېگرىسىدىكى تارباغاتاي ۋە يىراق شىمالدىكى سارسۈمبىنى ئالدى. 1945 - يىلى 9 - ئايدا شىخودا قوزغىغان قايتۇرما ھۇجۇمدا قوزغىلاڭچىلار جۇڭگو قوشۇنلىرىنى قاتتىق تار مار قىلدى. بەلكى سوۋېت ئايروپىلانلىرى ياردەم بەردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇلغا چېكىنىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا ئۈرۈمچى ئاھالىسى (خەنزۇلار) شەرققە قاراپ قېچىشقا باشلىدى.

جەڭگە ماھىر قازاقلار باشچىلىقىدىكى جەڭچىلەر تارىمغا كەلگەندە، جاڭ كەيشى كىرىملغا ئۇرۇش توختىتىشقا كېپىللىك قىلىش ياكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىۋاتقان بۇ تاجاۋۇزلارنى مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشى

ھەققىدە ئۇلتىماتوم ئەۋەتتى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ستالىن بۇنىڭغا قوشۇلدى. 1945 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئەگەر شىنجاڭغا جۇڭگو ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بېرىلسە، ئايرىلىپ كېتىش نىيىتىدىن يانىدىغانلىقىنى ئېيتىپ سۆھبەتلىشىشكە ماقۇل بولدى. ھالبۇكى، جەنۇبتا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلى بولغانلىقى، ياكى دىندار مىللەتچىلەر باشچىلىقىدىكى ئىچكى ئىش ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

1946 - يىلى 2 - يانۋاردا ئېتىقاد، مەتبۇئات، يىغىلىش ۋە سۆز ئەركىنلىكى بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان بىتىم ئىمزالاندى. ۋىلايەت ئەمەلدارلىرى تەيىنلەنمەستىن سايلىنىش كېرەك. ئۇيغۇر ۋە قازاق تىلى خەنزۇ تىلى بىلەن بىرلىكتە رەسمىي تىل بولىشى، خەنزۇ بولمىغانلار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئوقىشى، پەقەت ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىلا ئاندىن خەنزۇ تىلىنى دەرسلىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك. باج نىسبىتى «خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» ۋە «تۆلەش ئىقتىدارى» غا ئاساسەن بەلگىلىنىشى كېرەك. مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ ئەركىن تەرەققى قىلىشىغا يول قويۇش كېرەك. بىرلەشمە ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە يەرلىك سايلاپ چىققان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن 15 كىشىنىڭ ئىچىدىكى ئالتە نەپىرىنى بېكىتىش ھوقۇقىنى بەردى. باشقا 10 نەپىرىنى جوڭچىڭ تەيىنلەيدۇ. گومىنداڭ مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى ياكى ئۆلكىلىك «تىنچلىقنى قوغدىغۇچى ئالاھىدە قىسىم» بىلەن بىرلىكتە سانى 12 مىڭدىن ئاشمىغان ھالدا ئارمىيە ساقلاشقا رۇخسەت. ساقچى قىسىملىرىنى يەرلىك ئويۇشتۇرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

بىتىمنى ھەر ئىككى تەرەپ ماقۇل كۆردى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايوننى مەخپىي تىزگىنلەپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداقلا گومىنداڭ رەھبەرلىرىگە ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان پىشاكنى، يەنى ياپون باسقۇنچىلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يېڭىۋاشتىن ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان كوممۇنىست دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچ بەردى. كوممۇنىستلارغا كەلسەك، ئۇلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى دەسلەپكى كوممۇنىزم ئىنقىلابى دەپ ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى. 1949 - يىلى 8 - ئايدا ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمىغا «سىزلەرنىڭ بىر قانچە يىللىق كۈرەشلىرىڭىز پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر» دەپ بېغىشلىما يازدى.

قوزغىلاڭچىلار بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغان گومىنداڭ گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ھازىر رەئىس بولدى ۋە ناھەقچىلىقنى ئۇكشاش ھەم سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا شېڭ شىسەي مونوپول قىلىۋالغان سودا شىركىتىدە ساقلانغان 710 كىلوگىرام (25 مىڭ ounce) ئەپيۇننى كۆيدۈردى. ئۇنىڭ مىنىستىرلىرىنىڭ ئارىسىدا سابىق خوتەن ئەمىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا (ئۇ ھىندىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ گومىنداڭ پايتەختىگە بارغان) ئۇنىڭ سەپدىشى ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن (ئۇ شېڭ شىسەيدىن قاچقان ئۇيغۇر زىيالى ئىدى) ۋە بۇرھان شەھىدى (ئىلگىرى ئۈچ ھاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان تاتار سودىگەر. ئۇ 1955 - يىلىغا قەدەر كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئاستىدا ھوقۇق تۇتقان[1]) بار ئىدى.(43) 1947 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشىدىن كېيىنلا جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا مەسئۇد سەبرى رەئىس بولدى. ئۇمۇ ئوخشاشلا چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنلەر بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەن. ئەمما ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى دۈشمەن بىلەن بىرلەشكەن دەپ قارايدۇ.

ئاتالمىش بىرلەشمە ھۆكۈمەت ساق تۇرالمىدى. شىنجاڭ يەنە بىر قېتىم غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرى بىلەن ئۈچەكەشكەن ھاكىمىيەت ئارىسىدا بۆلۈندى. ئۈرۈمچىدىكىلەر بولسا جەنۇبتىكى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئىلگىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۈرەكلىك قەدەم ئېلىپ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئىيسا ئالىپتېكىن «يالقۇن» ۋە «ئەرك» ناملىق مىللىي ژۇرناللارنى نەشر قىلدى.

1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا جۇڭگودا كوممۇنىستلار ھۇجۇمغا ئۆتتى. قارىغاندا ئىچكى ئۇرۇشتا غەلبە قىلىشقا باشلىغاندەك قىلاتتى. 1949 - يىلى يازدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ چېگرىسىغا كەلدى. 25 - سېنتەبىر كۈنى گومىنداڭچىلار قارشىلىق كۆرسەتمەستىن تەسلىم بولدى.

ئەمما چوڭ ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىكى بىر سىرلىق ۋەقە دىققەتنى تارتتىكى، بۇنىڭ ھازىرغىچە مۇۋاپىق ئىزاھاتى يوق، گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەسلىم بولۇشتىن تەخمىنەن بىر ئاي بۇرۇن غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمي باشلىق

[1] بۇرھان شەھىدى ئۆمۈر بويى خىتاينىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ 1989 - يىلى ئۆلگەن — مۇھەررىردىن.

رەھبەرلىرى پايتەختتە ئېچىلىدىغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا چاقىرىلغان بىر تەكلىپنامە تاپشۇرىۋالدى. ئۇلار قازاقىستاننىڭ ئالماتادا ئايرۇپىلانغا چىقىپ ئاندىن بېيجىڭغا بارماقچى ئىدى. كېيىن ئۇلار غايىپ بولىدى. دېكابىر كەلمەستىن، كومپارتىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئايرۇپىلاندىكىلەرنىڭ 27 - ئاۋغۇست كۈنى ئايرۇپىلاننىڭ مانجۇرىيەدىكى بىر تاغقا سوقۇلۇشى بىلەن قازاغا ئۇچراپ، ھەممىيلەننىڭ ئۆلگەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى.

1979 - يىلى بىر ئىسمى نامەلۇم «ئىلگىرىكى بېيجىڭ ئوقۇغۇچىسى» قازاغا ئۇچرىغانلاردىن بىرىنىڭ نەۋرە قىزى ئاغزىدىن ئايرۇپىلاننى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ غەرەزلىك يوغۇشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەينى يىلدىكى ئاخبارات ساھەسى خەۋىرىگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى سەيپىدىن ئەزىزى «ئايرۇپىلاننىڭ مەنزىلگە يېتىپ بارغانلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن شۇم پىشانە ھەيئەتلەر ئارىسىغا قوشۇلالمىغانلىقىنى ئېيتقان».(44) ئەخمەتجان قاسىمىي ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ، بىر خەنزۇنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ بارىدىغانلىقىنى، كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز ئادىمىنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. سەيپىدىن ئىشەنمىگەن ۋە ئارقىدا قېلىپ قالغان. بۇ ئايرۇپىلان ۋەقەسىنىڭ بىر كۈتۈلمىگەن قازا ياكى غەرەزلىك يوغۇشتۇرۇش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. چۈنكى ئۇ غۇلجا ئىنقىلابچىلىرىنى قورقۇتتى ۋە سوۋېتنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتىگە زەربە بولىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى كېيىن غۇلجا ھاكىمىيىتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئالدى.

ھېكايىنىڭ باشقا بىر ۋارىيانتىدا دېيىلىشىچە، ھېچ يەردە ئايرۇپىلان سوقۇلمىغان. شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرىنى تاشكەنتتە (KGB) ك گ ب قولغا ئېلىپ موسكۋاغا ئەۋەتكەن ۋە بۇ يەردە «ئۇجۇقتۇرۇلغان.»(45) ئەنقەرەدىكى بىر ئۇيغۇر تارىخشۇناس بۇ بەش كىشىنىڭ ستالىن تەرىپىدىن باغلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. «بۇ ئاشكارلانغان مەخپىيەتلىكنى» دەيدۇ ئۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرىنى قىيىن  - قىستاققا ئالغان (KGB) ك گ ب ئوفىتسېرلىرىدىن بىرسى ماقالىسىدا يېزىپ نەشىر قىلدۇرغان.» چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار موسكۋاغا بېرىپ ئۇ ئىشنى ئېنىقلىغان ۋە بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغان كرېمىلنىڭ سابىق دوختۇرى بىلەن سۆزلەشكەن. دوختۇر ئۇلارغا بەش كىشىنىڭ چار پادىشاھنىڭ ئات ئېغىلىدا تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقى ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقان.(46)

غۇلجىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى كوماندىرى راخمانوۋ ئايرۇپىلاننىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئېلىشقا بۇيرىغان ۋە 7000 كىشىدىن ئارتۇقراق خەنزۇ ئۆلتۈرۈلگەن. كومپارتىيە كەلگەندە ئۇلارمۇ ئىنتىقام ئېلىپ راخمانوۋ ۋە ئۇنىڭ نورغۇنلىغان ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن.

بۈگۈن، ئۇيغۇر مەكتەپ بالىلىرى بايراقلارنى كۆتۈرۈپ پىئونېرلىق قىزىل گالستۇكلىرىنى تاقاپ، ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلىپ ئىلى «قەھرىمانلىرى» قەبرىستانلىقىغا بېرىپ قەبرىلەرگە گۈل قويىدۇ ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆتۈش يولىدىكى بىر قۇرۇلۇش يېرىدە تېخىمۇ چوڭ ھەيۋەتلىك بىر قەھرىمانلار زىيارەتگاھى بىنا قىلىنماقتا. بۇ يېڭى قۇرۇلۇش بىر چۈشىنىكسىز ئىش. نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمەت پۇل خەجلەپ ئانا ۋەتەندىن ئايرىلىشقا ئۇرۇنغان سوۋېتپەرەس بۆلگۈنچىلەرنى خاتىرىلىمەكچى بولىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى شۇكى بۈگۈن كومپارتىيە ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەگە ئىككى بىسلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ئىلىدىكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنى دەسلەپكى ئىنقىلابچىلار دەپ ماختاش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلارنى مىللەتچى، ئىسلامچى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يالاقچىسى دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئادەت بويىچە، تارىخ بۈگۈنكى مەقسەتلەرگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياسىلىۋاتىدۇ. بۇ يېڭى بىنا بەلكى 1944 - يىلى يۈز بەرگەن ئىشلارنى باشقىچە چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە لايىھىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال ھەممىنىڭ ئاخىرىدا، ئىلى ئىنقىلابى ھېچقاچان جۇڭگوغا قارشى ئەمەس ئىدى، پەقەت گومىنداڭ «ئەكسىيەتچىلىرى» گىلا دۈشمەن ئىدى خالاس دېيىشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇلارنىڭ ۋەتەننى ئازات قىلىشى، ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاش ئۈچۈن ئىدى دېيىشى مۇمكىن.

ئىزاھاتلار

(1) ئەيچىن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 4 – 43 - بەتلەر.

(2) مىللۋارد: «تاغ يولىنىڭ نىرىسى» 232 – بەت. يازغۇچى بۇ ناخشىنى خەنزۇلار كۆچمەنلەرگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان بولىشى مۇمكىن دەيدۇ.
(3) هامادا: «شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي هەرىكەتلەرنىڭ يېيىلىشى» 30 - بەت. «شىنجاڭ خەرىتىلىرى» 1923 - يىلى.
(4) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى. 2000 - يىلى 3 - ئاي.
(5) جېرنېت: «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى» 617 - بەت.
(6) كابلى ۋە فرەنچ: «قاقاس چۆل» 218 - بەت.
(7) فوربېس: «مىلىتارىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 37 - بەت.
(8) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 9 - 48 - بەتلەر.
(9) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 52 - بەت.
(10) ياكى ئۇنى ئېكسپېدىتسىيىچى نىكولاس روئېرىچ ئېيتقان.
فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 37 - بەتكە قاراڭ.
(11) ۋاسېل: «جۇڭگودىكى رۇس گۇندىپايلىرىم» 9 -97 - بەتلەر.
(12) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 59 - بەتلەر.
(13) فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 43 - بەت.
(14) لي كوك: «چىن تۈركىستاندىكى قۇمغا كۆمۈلگەن بايلىقلار» 104 - بەت.
(15) بۇ فوربېس نەقىل قىلغان ئېنژېنىر پېترۇ ئىدى. «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 8 - 57 - بەتلەر.
(16) كابلى ۋە فرەنچ: «قاقاس چۆل» 8 - 237 - بەتلەر.
(17) كابلى ۋە فرەنچ: «قاقاس چۆل» 2 – 241 - بەتلەر.
(18) كابلى ۋە فرەنچ: «قاقاس چۆل»241 - بەت.
(19) كابلى ۋە فرەنچ: «قاقاس چۆل» 244 - بەت.
(20) ئەيچېن ۋۇ يازغان «تۈركىستان قوزغىلىڭى»نىڭ 1984 - يىلى قايتا بېسىلغان نۇسخىسىغا درېۋ يازغان تونۇشتۇرۇش سۆزى. 6 Vi بەت.
(21) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 2 – 81 - بەتلەر.
(22) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 104 - بەت.
(23) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 139 - بەت.
(24) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 142 - بەت.
(25) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 149 - بەت.
(26) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 157 - بەت.
(27) ۋاسېل: «جۇڭگودىكى رۇسىيەلىك گۇندىپايلىرىم» 7 – 56 - بەتلەر.
(28) فلېمىڭ: «Tartaty دىن كەلگەن خەۋەرلەر» 291 - بەت.
(29) ۋاسېل: «جۇڭگودىكى رۇسىيەلىك گۇندىپايلىرىم» 3 – 102 - بەتلەر ۋە 115 - بەت.
(30) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى»83 - 179 – بەتلەر.
(31) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى»8 - 237 - بەتلەر.
(32) سكرىني: «جۇڭگوچە مەركىزى ئاسىيا» 86 - بەت.
(33) فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 114-بەت.
(34) بۇ ئىلتىماس 26 - فېۋرال كۈنى قاراقاشتا ئوتتۇرىغا چىققان. فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 75- بەت.
(35) ن. فتزمائۇرس فوربېسنىڭ «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 83 - بەتتىن نەقىل ئالغان.
(36) فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 114 - بەت.
(37) فلېمىڭ: «Tartaty دىن كەلگەن خەۋەرلەر»301 - بەت.
(38) ۋاسېل: نامسىز ماقالە. فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» دىن نەقىل ئېلىنغان. 126 - بەت.
(39) تېچمەن: «تۈركىستانغا سەپەر» 50 – 149 - بەتلەر.
(40) فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 146 - بەت.
(41) چېن: «شىنجاڭ هېكايىسى» 212 - بەت.
(42) گ. تۇررال: فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» دىن ئالغان نەقىل 182 - بەت.
(43) فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 237 - بەتتە ئۇنى «[شىنجاڭدىكى] سىياسەتلەردىن ئامان قالغان پىشانىسى ئوڭ كىشى» دەپ تەسۋىرلىگەن.

(44) «يىراق شەرق ئىقتىسادىغا نەزەر» 1979 - يىلى 14 - سېنتەبىر. فورىبېس بۇنى «مىلىتارىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 222 - بەتتە نەقىل قىلغان.

(45) «يەكشەنبىدە مۇستەقىللىق» 1992 - يىلى 19 - ئاپرىل.

(46) ئەركىن ئەكرەم. ھاجەتتەپە ئۈنىۋېرسىتېتى (تۈركىيە) شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن تورىدا سۆھبەت «ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق» 8 - بەت.

www.uyghurweb.net

كرىستىيىن تايلې (ئەنگلىيە)

# تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرەھمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشىر قىلدى
2006 ـ 4 ـ ئاي مىيۇنخېن گېرمانىيە

WORLD UYGHUR CONGRESS
Munchen ـ Germany

# ئىككىنچى قىسىم ياۋايىلار ئارىسىدا

## بەشىنچى باب قىزىل شەپەق

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 1 ـ كورپۇس خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، شىنجاڭدىكى يەرلىكلەرنىڭ خۇشال بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى.
كوممۇنىستلار ئۇنى «ئازاتلىق» دەپ ئاتىدى ھەم ئۇ يىللاردىن بۇيانقى مىلىتارىستلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە قالايمىقانچىلىقى، شۇنداقلا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى مەزگىلىدىكى يات ـ ياۋ بېرىپ تۇرىدىغان ۋەھشىلىكلەرنىڭ كەينىدىن كەلدى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى خىيالپەرەسلەر بەلكىم يېڭى بىر كۈن چىقتى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى قان قېرىنداشلىق ھازىردىن باشلاپ ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى بولىدۇ دەپ ئىشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىچكى ئۇرۇشتا

www.uyghurweb.net

كوممۇنىستلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى. بۇ يەنە يىللاردىن بېرى يەرلىك پۇرسەتپەرەس ۋە مۇستەبىتلەرگە بويسۇنۇپ كەلگەن شىنجاڭنىڭ بۇندىن كېيىن بىۋاستە بېيجىڭ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئېھتىمال ھېچكىم كوممۇنىستلارنىڭ كونترول قىلىشىنىڭ ئاقىۋەتتە نەقەدەر قاتتىق، چىڭ بولىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى. ئىلگىرىلەۋاتقان قوشۇندىن تېخى قاچمىغان كوممۇنىزمغا قارشى كىشىلەر پەرەز قىلغان ئەڭ ناچار قورقۇنچلۇق ئېھتىماللىق بەلكىم رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن. قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھازىر غالىبىيەتچىلەرنىڭ ئۇرۇمچىگە كىرىشىنى قارشى ئېلىشقا تەييارلىنىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

سىنتەبىردىن بىر كۈن بۇرۇن، تۆيۈقسىز شەھەرگە ئۇقتۇرۇشلار چاپلىنىپ، ئاھالىنىڭ ئەتە ئەتىگەن ئالتە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئايرودورومغا چىقىپ ئىلگىرىلىگۈچى قىسىمنى قارشى ئېلىشى كېرەكلىكى بۇيرۇلدى. كىمدە كىم ئالاھىدە ئىجازىتى يوق ھالدا چىقماي قېلىپ قالسا ئېتىلىدۇ دېيىلدى. 130 مىڭ كىشى تومۇز ئىسسىق ۋە چاڭ ـ تۇزاڭ ئىچىدە قىينىلىپ پىيادە يۈرۈپ، پۈتۈن بىر كۈن ساقلىغان بولسىمۇ، ئەسكەرلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئاخشام ئۇلار ئۆيىگە كەلگەن ھامان، يەنە ئەتىسى چىقىش توغرۇلۇق تەكرار پەرمان كەلدى. خەلق پىيادە يۈرۈپ چىقتى ۋە يەنە ئۈمىدسىز قايتىپ كەلدى. پەقەت 3 ـ كۈنى كوممۇنىست ئەسكەرلەر پەيدا بولدى. 200 دانە سوۋېت ئايروپىلانىدا تۆت ـ بەش مىڭ ئەسكەر كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى ھارغىنلىققا ئالماشقان ئىدى. ئەمما قولىدىكى فوتو ئاپپارات بىلەن قارشى ئېلىش مۇراسىملىرىنى خاتىرىلىدى.(1)

بۇ ئىنقىلابچىلارغا مىراس قالغان غەربىي يۇرتنى چىڭ سۇلالىسىدىكى مانجۇلار ئۇتتۇۋالغان ۋە قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى يوقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشتا ئىدىيىۋى بىرسەۋەبنىڭ يوق ئىكەنلىكىدىن بولغان. سۇن جۇڭشەن جۇڭگونى شەكىللەندۇرگەن چېگرا ئىچىدە پەقەت بىرلا مىللەت (جۇڭگولۇق) بار. ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ھامان يوق بولىدۇ دېيىش ئارقىلىق بۇ قېيىنچىلىقنى ھەل قىلدى( ).

جاڭ كەيشىمۇ ئوخشاش يولنى تۇتتى. ئۇ جۇڭگولۇقلارنى ھەممىسى ئوخشاش بىر ئەجدادنىڭ نەسلى دەپ قەدىمىي (ۋە ھازىرغىچە داۋاملاشقان) بەش پەرقلىق مىللەتكە ئايرىشنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ پەرقى پەقەت دىن ۋە جۇغراپىيە جەھەتتىن كېلىپ چىققان يۈزەكى پەرقتۇر. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا بۇ بۈيۈك دۆلەت بىر ئورتاق تەقدىردىن ئويۇشقاندۇر. تىبەت، موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيەگە ئوخشاش شىنجاڭمۇ جۇڭگونىڭكىدۇر. بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنى بويسۇندۇرغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خەلقى ۋە زېمىنىنىڭ 2000 يىلدىن بۇيان تەدرىجى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەلگەنلىكىدىندۇر.(2)

ئەمما مەدەنىيەتتىن يىراق قالغان بولسىمۇ، تۈركى ۋە موڭغۇل خەلقلەر ئومۇمەن ئاق تەنلىك، شۇڭا ئاسسىمىلياتسىيە بولىدۇ، خۇددى نۇرغۇنلىغان ئاق تەنلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىزىل تەنلىكلەرنىڭ مۇقەررەر يوقىلىشى تەبىئى دەپ ئويلىغانلىقىغا ئوخشاش. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگولۇق ئىرقشۇناسلار قىزىل، قوڭۇر ۋە قارا تەنلىكلەر ھامان بىر كۈنى يوقىلىدۇ. ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ كۈرەش ئاق تەنلىك بىلەن سېرىق تەنلىك ئوتتۇرسىدا قالىدۇ ۋە بىرى غەلىبە قىلىدۇ دەپ كۆرسەتتى. ئەگەر ئۇلار دىققەت قىلمىسا، جۇڭگولۇقلارمۇ ئامېرىكىدىكى قىزىل ئىندىئانلارغا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار

www.uyghurweb.net

بولۇپ، ئۆلۈشكە مەجبۇر بولارمىش، ياكى «ھۇرۇن، لەقۋا، ئاچكۆز ۋە شەھۋەتخۇر» قارا تەنلىك ۋە قوڭغۇر تەنلىكلەرگە ئوخشاش، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قۇلى بولۇپ كېتەرمىش.(3)

شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىلىتارىستلار يەرلىكلەرگە ئۆزى بىلگەنچە سىياسەت يۈرگۈزدى. ياڭ زېڭشىن قاتتىق قول، سىرلىق ئەمما ھىلىگەر ئىدى. جىن شۇرېن مۇستەبىت ۋە قۇتراتقۇچى ئىدى. شېڭ شىسەي دەسلەپتە مەرت مۇئامىلە قىلدى، ئەمما ئاخىرىدا ساقچى دۆلىتىنىڭ دىكتاتورى بولۇپ ئاخىرلاشتى. جاڭ جېيىشىنىڭ سىياسىتى بولسا ھەربىي ئاجىزلىقى بىلەن بۇيرۇقۋازلىق قىلىش بولدى.

ئۇ 1942 - يىلى قوتراتقۇچى بىر قارار تۈزۈپ، شىنجاڭدا يېرى يوق دېھقانلارنى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇردى. گومىنداڭ ۋاقتىدا مۇستەملىكە قىلىنىش ھەققى باشلانمىغان ئىدى. ئىلى قوزغىلىڭىنى ئاخىرلاشتۇرغان 1946 - يىلىدىكى بىتىم بويىچە جياڭ جېيىشى شىنجاڭ خەلقىگە مۇئەييەن ئەركىنلىك بېرىشكە مەجبۇر بولدىكى ئۇلار ئۇنى 20 - ئەسىردە قايتا كۆرەلمىدى.

ئۇيغۇرلار بىر خەنزۇ ئەمەلدارنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىدەك ئاز ئۇچرايدىغان بىر ئىشقا گۇۋاھچى بولدى. بۇ ئۆلكىنى تىنجىتىش ئۈچۈن ھوقۇقتا ئولتۇرغان ياخشىلاشتۇرغۇچى رەئىس جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭنى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ ئاران بەش پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغان خەنزۇلارنىڭ ئىدارە قىلغانلىقىدىن قاتتىق ھەيران قالغان. «نېمە ئۈچۈن بىز ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرگە سىياسىي ھوقۇق بەرمىدۇق؟» دەپ سورىغان ئۇ: «ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ قىلغىنى پۈتۈنلەي خاتا»، «بۇنىڭ جاھانگىر مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە تۇتقان مۇئامىلىسىدىن قىلچە پەرقى يوق.» دېگەن.(4) ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلارغا باش بولۇپ جياڭ جېيىشىغا خەت يېزىپ، ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى ئاپتونومىيەنى بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتكەندە جياڭ جېيىشى قاتتىق غەزەپلەنگەن.

كوممۇنىستلار قارىماققا قارىمۇ قارشى پىكىردە تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئېسىل ئىرقنىڭ تۇغۇشىنى چەكلەش ئۈچۈن پىلان تۈزگەنلىكى تۈپەيلى ئىرقچىلىقتا ئەيىبلىدى. ماۋزېدۇڭ ئىرقىي زومىگەرلىك خاھىشى ماركسىزمغا زىت «چوڭ خەنزۇ» مىللەتچىلىكى، پارتىيە ئېيتقاندەك تۇرك مىللەتچىلىكىدىنمۇ ئېغىر بولغان ئەكسىلئىنقىلابى جىنايەتتۇر دېدى. ماۋزېدۇڭ خەنزۇ كادىرلارنى يەرلىكلەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى مەمۇرى ئورگانلاردا ئىشقا قويۇش ئارقىلىق تۇركلەر بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا كۆۋرۈك سېلىشقا چاقىردى. بۇندىن 2000 يىل بۇرۇن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى خەنزۇلار غەربتىكى ياۋايىلارغا ھېچقاچان بۇنداق دوستانە مۇئامىلە قىلمىغان ئىدى.

ھالبۇكى، ماۋزېدۇڭ ۋە يولداشلىرى ماركسىزم، لېنىنىزم ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشقا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە، يېڭى جۇمھۇرىيەتنىڭ چېگرىسىنى مۇداپىئە قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرىنى ئېچىشقا ۋە ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى كەڭرى ئېچىلغان بوشلۇقتىن ياخشى پايدىلىنىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بەردى. خۇددى چار پادىشاھ قۇرغان دۆلەتكە بولشۇۋىكلار ئىگە بولغاندەك، مانجۇلار قۇرغان دۆلەتكە كوممۇنىستلار ئىگە بولدى.

ئۇلارنىڭ پىلانىغا ئىككى توسالغۇ بار ئىدى: بىرى تۇرك مىللەتچىلىكى، يەنە بىرى سوۋېت تەسىرى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈچى تېخى ئاجىز شارائىتتا ئىشنىڭ مۇھىمى غەربىي چېگرادىكى خەلقلەر بىلەن زىددىيەتلەشمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتۈپ كېتىشكە يول قويماسلىق ئىدى. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋە باشقىلارغا پەقەت ئىجتىمائىي

www.uyghurweb.net

ئازاتلىقلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئىچىدە سىياسىي ئاپتونومىيە بېرىش ۋەدە قىلىنغان ئىدى. تەمسىل قىلىپ ئېيتقاندا جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى يىقىلىدۇ. ئەمما ياۋايىلار بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى خەتەرلىك خوشنىدارچىلىقتا ياشىغان خەنزۇلارنىڭ كاللىسىدا بىنا قىلىنغان سەددىچىن سېپىلىنى ئۇنداق ئاسان يىقىتقىلى بولمايتتى.

تۆۋەندىكى ئۈچ باپتا كومپارتىيىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر» گە ۋەدە قىلغان سىياسىتى بىلەن ئۇلارغا ئەمەلىيەتتە تۇتقان مۇئامىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرى تەكشۈرۈلىدۇ. بۇ باپتا شىنجاڭنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشتىن تارتىپ تيەنئەنمېندىكى قىرغىنچىلىق ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا مىللىي كەمسىتىش ۋە سىياسىي هاكىم مۇتلەقلىق تۈپەيلى خەنزۇلار بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق باراۋەرلىكىنىڭ قانداق بۇزۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى باپتا هۆكۈمەتنىڭ دىنغا تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ قارشىلىق قوزغىغانلىقى ۋە ئىنتىقام ئېلىشلارنىڭ ئەگىشىپ كەلگەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. 7 - باپتا ئاساسلىقى سۈرگۈن قىلىش ۋە جازا لاگىرى ئارقىلىق ئۆلكىدە مۇستەملىكە ئېچىش كۆرۈنۈشلىرى بار. ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ باپ بىزگە بۇگۈننى ئاڭلىتىدۇ: ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىش پىلانى، چەتئەلدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار، مىللەتچىلەر ۋە ئۇلارنى تېررورلۇق بىلەن ئالاقىدار دەپ قارىلاش، ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن ئايرىم - ئايرىم تەشكىلاتلار.

بېيجىڭدىن بۇيرۇلغان ئەڭ دەسلەپكى پەرمانلارنىڭ بىرى سوۋېتپەرەس غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ قالدۇق ئوفىتسېرلىرىنى تازىلاپ يوقىتىش ئىدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا شىنجاڭ ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ياردەمنى ئۆزىنىڭ «قېرىنداش مىللىتى» خەنزۇلاردىن ئېلىش توغرىسىدىكى ماۋزېدۇڭنىڭ ۋەدىسىنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1950 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭغا كەڭ كۆلەمدە خەنزۇ كۆچۈرۈش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمما دەسلەپتە كېلىشكە تېگىشلىك بولغانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن ئاز كىشى، يەنى 10 مىڭ كۆچمەن كەلدى. بۇ كەلگەنلەر ئۇستا هۈنەرۋەنلەر بولۇپ، قىزغىنلىق بىلەن تېخنىكىسىنى كىشىلەرگە ئۆگەتكەچكە، ئومۇمەن قارشى ئېلىندى.

هالبۇكى، يېزىلاردا پەيدا بولغان كوممۇنىست خىزمەت ئەترەتلىرىنى تۈركلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىدى. پارتىيە ئۇلارنىڭ كۈچىنى يوقىتىشنى قارار قىلدى ۋە خەلقنى «فېئودال ئەكسىيەتچى ئۇنسۇلار» غا قارشى ئاگاهلاندۇردى. بۇنىڭ مەنىسى بەلكى ئۇلارنى هەربىي كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك دېگەنلىك بولىشى مۇمكىن، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىل كىشىلەر، پومېشچىكلار، جازانىخورلار ۋە دىنىي زاتلار، بۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ هەقىقىي قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچىلاردۇر، ئۆزگەرتىلىشى كېرەك دېيىلىپ بۇ جەريان ئاۋۋال «دېموكراتىك ئۆزگەرتىش» ئاندىن كوللېكتىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچتىن ئۆتۈپ 10 يىل ۋاقىت داۋام قىلدى.

كونا ئاساسىي قاتلامدىكى توسقۇنلۇقلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەزالىرى قوي ۋە ئۆچكىگە ئايرىلدى. ئۆچكىلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا كەلگەنلەر مۇسۇلمان ئاقسۆڭەكلەر قاتارلىق سىياسىي هوقۇقى بار پومېشچىكلار ئىدى. بۇلار سۆزسىز مىلتىقتا ئېتىلدى. ئۇندىن كېيىنلا پومېشچىكلار ۋە كىچىككىرەك پومېشچىكلار، بۇلارنىڭ مال - مۈلكىدىن ئايرىلىشى ئېنىق گەپ. ئەمما بەلكى هېچ بولمىغاندا جېنى ساق قىلىشى مۇمكىن. ئۇندىن كېيىنكىلەر ئوتتۇراهال سىنىپىي دۈشمەنلەر، بۇلارنىڭ

www.uyghurweb.net

خىزمەت كۆرستىپ گۇناھىنى يۇيۇشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. قويلاردىن پەقەت ئىككىلا كاتىگورىيە بار: بىرى، ئوتتۇراھال سىنىپى «دوستلار»، يەنە بىرى، ھېچنەرسىسى يوق پرولېتارىياتلار ياكى ئوتاقچى مەدىكارلار.

زېرەك كىشىلەر بۇ تۈزۈمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلىدى. بىر ياش يىگىت 1953 ـ يىلى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇگۈنكى يەكشەنبە بازارغا يېقىن يەردە قەشقەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر مېۋىلىك بىغى بار چوڭ ئۆي ئۇنىڭغا يالغۇز مىراس قالغاندا، قاتتىق قىينالغان، ئۇنىڭ ئۈچ ئاكىسى بار بولۇپ، ئەمما ھېچقايسىسى ئۆيدە يوق. بىرى ئىلگىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىدە كاپىتان بولۇپ، كېيىن تەسلىم بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا قانۇن ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن. قالغان ئىككىسى ئۈرۈمچىدە ياشايتتى.

ھازىرقى مال ـ مۈلكى بىلەن ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ ئىككى سىنىپىي دۈشمىنى شەرتىگە چۈشىدىغانلىقىنى، بەلكى ئېتىلىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەن يىگىت، دەرھال ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشقا كىرىشكەن. ئۇ باغدىكى مېۋىلەرنى ۋە ئۆيىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى ھاكىمغا پارا بېرىپ، دادىسىدىن مىراس قالغان ئۆيىنىڭ تۆت ئوغۇلغا بولۇپ بېرىلگەنلىكىنى، يالغۇز ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاتقان، ئاندىن يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئەزاسى رەئىسىنىڭ يېنىغا بارغان. بۇ يەردە ئۇ ئامما ئارىسىدا سوراققا تارتىلىپ، ئەگەر دادىسىنىڭ مىراسى ھەققىدە راست گەپنى قىلمايدىغان بولسا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. ئاخىرى ئۇ ئۆي ۋاخلىرىنى، ھەممە نەرسىسىنى تاشلاپ بەرگەن. ئۆي بىر توپ كەمبەغەللەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە بۇ شەھەردىن يىراقلاپ كەتكەن ۋە قەشقەرنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر ناھىيىسىگە بېرىپ، بۇ يەردە بىر زاۋۇتقا باشلىق بولغان.(5)

سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى قاتارلىق ماسلاشقانلار ۋە خەلق ئىچىدە چوڭ ئابرويى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمىگەن كىشىلەر «ئىلغارلار» دەپ ئاتالغان ۋە ئۇلارغا جۇڭگونىڭ باشقا يەرلىرىدىكى ئۇلارغا ئوخشايدىغان «ئۇنسۇلار» غا قارىغاندا بىر قەدەر كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان. ئۇلار پىپەن قىلىش مۇراسىملىرىدا ھاقارەتكە ئۇچراشتىن ئامان قالغان ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ زور بىر قىسمىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھەم يېڭى خىزمەتكە قويۇلغان. ئەمما جاھىل ياكى ئاجىزراق سىنىپىي دۈشمەنلەر بولسا «ئەكسىلئىنقىلابچى» ئوبيېكت قىلىنغان. پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، دىني زاتلارنىڭ تەسىرى پارتىيە تەشكىلاتى يېتەكچىلىكى ئاستىغا كىرگەن. بەزى مەسجىدلەرنىڭ يەرلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان. شەرىئەت قازىخانىسى دىنغا قارشى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئىماملارنى ناماز ئوقۇيدىغان جامائەت سايلاپ كۆرسەتمەستىن، بەلكى ھۆكۈمەت تەيىنلەيدىغان ۋە مائاش بېرىدىغان بولغان، ئۇلار «ۋەتەنپەرۋەر دىني زاتلار» دەپ ئاتىلىپ، سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە ئەۋەتىلگەن ۋە مەسجىدلەرگە ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى ئېسىش، شۇنداقلا «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنتېرناتسىئونال ئىتتىپاقى» دېگەندەك تېمىلاردا تەبلىغ قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن.

1950 ـ يىلى ئىجارىكەشلىك ۋە «يىللىقچى» (ئوتاقچى) لىققا قارشى كۆرەش باشلاندى. كادىرلار تۆۋەنگە چۈشۈپ، دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارغا قارشى سىنىپىي كۆرەش ئېلىپ بېرىشى ھەققىدە تەربىيىلەندى. «ئارتۇق» ئىجارىلەر ياخشىلىقچە قايتۇرۇلىشى كېرەك دەپ ئارتۇق مەبلەغلەر مۇسادىرە قىلىندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئۆلكىدىكى پومېشچىكلارنىڭ ئالتىدىن بىر

www.uyghurweb.net

قىسمى سوراق سەھنىسىگە تارتىپ چىقىرىلغان. ئەمما مۇشۇنداق دەھشەتلىك يىللاردىمۇ پارتىيە رەھبەرلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېزلا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىگە ئىشەنمىگەن. «شىنجاڭ گېزىتى» دە بىر مۇخبىر يېزىلاردىكى مۇتىئەسسىپلىكتىن شىكايەت قىلىپ، بۇنىڭ مەنچىڭ ۋاقتىكى ئەھۋاللارنى خاتىرىلەتكەنلىكىنى يازغان. ئۇ «ئۇيغۇر پومېشچىكلارنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن «سۇ كېتىپ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىپ قاش قالىدۇ» دېگەننى نەقىل قىلغان.(6)

ئىجارىكەشلىككە قارشى كۈرەش 1952 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا «ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشتى» دەپ خۇلاسە قىلىنىپ ئاخىرلاشتى. ئارقىدىنلا يەر ئىسلاھاتى باشلاندى. 42 مىليون مودىن ئارتۇق يەر ئىككى مىليون دېھقانغا تەقسىم قىلىندى ۋە يەر ئىگىلىرى پومېشچىكلار كۈرەش سەھنىلىرىگە تارتىپ چىقىرىلىپ «پىپەن» قىلىندى. ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، ئەپتى بەشىرىسىنى جاراستاندا ئوبدان ئاچقان كىشىلەرگە بۇ پومېشچىكلارنىڭ ئۆيلىرى بېرىلدى. كۆچمەن چارۋىچىلارغا فېئوداللىق ئادەتلىرىنى تاشلاش ئۇقتۇرۇلدى. ئەمما بۇ باسقۇچتا ھۆكۈمەت ئۇلارنى ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاشتىن قورقتى، يەنى ئائىلە ھايۋانلىرىنى تۇركۇملەپ ئۆلتۈرىۋەتمىسۇن دەپ. ئەمما، بوستانلىقلاردىكى دېھقانلار ئىچىدە ھەر يىگىرمە ياكى قىرىق ئائىلە بىرلەشتۇرۇلۇپ بىر كوپېراتسىيە بولۇپ قۇرۇلدى. 1950 ـ يىلى ماۋزېدۇڭ يۈزدىن ئۈچ يۈزگە قەدەر ئائىلىدىن تەركىب تاپقان چوڭ كوپېراتسىيەلەرنى قۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ كوللېكتىپلار «ئىختىيارى» ئەمما بەزىدە بىرەر دېھقاننى (خالىمىسا) كۆنلەپ ياكى ھەپتىلەپ قاماپ قويۇش ئارقىلىق ئۇنى «خالايدىغان» پەيدائىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق بولدى. ماۋزېدۇڭ كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، دېھقانلارنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدىن بەكرەك ئاشۇرغىلى بولىدۇ دېدى. پارتىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. ليۇ شاۋچى لېنىننىڭ دۆلەت ئاشلىقنى مونوپول قىلىش ھەققىدىكى بىر كىچىلىك خىيالى تۈپەيلى ئېچىنىشلىق ئاچارچىلىقنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى. ئۇ ئالدىراپ كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشنىڭ خىيىم ـ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى: «خاتا، خەتەرلىك ۋە خىيالى تېرىقچىلىق سوتسىيالىزمى» دەپ ئاتىدى.(7)

«ئازاتلىق»تىن كېيىن غەربىي رايونغا كەلگەن يەر ئاچقۇچىلار ئارىسىدا بوز يەر ئېچىش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالغان جىنايەتچىلەر ۋە سابىق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بار ئىدى. يەرلەشكۈچى پۇقرالار 1954 ـ يىلىدىن كېيىن، دەسلەپتە ئاستا كېيىن يىلدىن ـ يىلغا سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن ھالدا كېلىشكە باشلىدى. ئەمما ئۇ يىلى قۇدرەتلىك ھەم ئالاھىدە بىر شەيئى ئىجاد قىلىندى. ئىلگىرى ھېچ كۆرۈلمىگەن بۇ شەيئى مۇسۇلمان غەربنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇپ كونترول قىلىشتا بۈگۈنگىچە رول ئويناپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، يەنى چېگرا رايونلاردىكى ھەممىشە كۆرۈلىدىغان ئارمىيەنىڭ ئاشلىق ۋە تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان قوشۇۋېتىلگەن ئىككى ئورگاننىڭ مەھسۇلى. ماۋزېدۇڭ بۇ بىڭتۇەنگە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ۋە مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنى يۆتكىدى. ئۇلار ۋە ئائىلە تەۋەلىرى، گومىنداڭغا خىزمەت قىلغانلار ھەممىسى بۇ «دېھقانچىلىق مەيدانى» غا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇلارنىڭ ھەم يېزا ئىگىلىك ئۈچۈن بوز يەر ئېچىش ھەم چېگرا رايوننى قوغداشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىسى بار ئىدى. كېيىن ئۇلارغا دۆلەت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى

www.uyghurweb.net

بېسقتۇرۇشتەك ۋەزىپىلەرمۇ يۈكلىنىشى مۇمكىن. بۇ بىڭتۇەن يەنە جۇڭگونىڭ ئۆزىدىن كەلگەن سىياسىي جىنايەتچىلەر، يومپېشچىكلار، گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى ۋە باشقا «ئەكسىيەتچى ئۇنسۇلار» قاتارلىقلاردىن جازا مۇددىتى توشۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، بىڭتۇەن شەرققە يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىش چاقىرىقى ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئاز كۆپ ئىختىيارى ھالدا يۈزلىگەن، مىڭلىغان تېخنىكلار، ئىنژىنېرلار، دوختۇرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە دۆكانچىلار كەلدى. يالغۇز شاڭخەي ئونىۋېرسىتېتىدىن مىڭ ئوقۇغۇچى، بېيجىڭ ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىدىن مىڭ كىشى كەلدى. ھەممىسى بولۇپ، خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى بەش يىلى ئىچىدىلا ئەڭ ئاز يېرىم مىليوندىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالار تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

بۇ چاغدا پارتىيە رەھبەرلىرى يېڭى بىر ئىدارە قىلىشنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ پۈتتۈردى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مۇستەقىل بولغىلى قويمايدىغان، ئەمما ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئۇلارغا ھەقىقىي ھوقۇق بەرمەيدىغان، ئەمما ئۇلارنى يۈزەكى يەپىلەيدىغان شەكىلدە لايىھىلەنگەن يەرلىك ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى ئىدى.

ئەيچىن ۋۇ يىراق غەربكە كەلگەندە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن ھەر قانداق بىر جۇڭگولۇققا ئوخشاشلا بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى غۇلجىنىڭ چوڭ كوچىسىدا ئولتۇرۇپ قاراپ، بۇ شەھەرنىڭ ئاسىيا ئىرقىنىڭ ھەقىقىي بىر مۇزېيى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالغان. (بۇ 1930 ـ يىللىقى ئەھۋال)

«شەھەر كوچىسىنىڭ ھەر بىر ئەگرى ـ بۈگرى دوقمۇشىدا، ھەر قۇملۇقتىكى ئوتغۇل ـ دوڭغۇل جايلاردا، قاقاس تاغلارنىڭ ئۈستىدە تېزەك قالاپ يېقىلغان گۇلخان يېنىدا ئۇچراتقان ئاجايىپ چىرايلارنى، ئاز ئۇچرايدىغان قاش ـ كۆز، لەۋلەرنى ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى ھەۋەسكارى بىر ئاررۇ تۇرتكىسىدە دەرھال فوتو ئاپىرات ياكى ماي بوياق خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ رەسىمگە تارتىۋېلىشنى ئويلايدۇ. بەزىدە بۇ يەرلەردە ساپ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپتەك كۆرۈنگەن، ئەمما تېرىسى سېرىق قۇڭۇر رەڭلىك، شەرقچە ئۆزۈن چاپان كىيگەنلەر ئۇچرايدۇ. بەزىدە قارا پەلتو ۋە پۇرلىشىپ تېرى چىقىپ كەتكەن ئىشتانلار كىيگەن، ھەر ھالدا ئۆزىنى لامادىن ياخشىراق ياسىغان، يانتۇ قارىغاندا زامانىۋى شەيئىلەردىن ئىنتايىن يىراقتا قالغان شەخسلەر كۆزگە چېلىقىدۇ.»(8)

خەلق ئارىسىدا ئەيچىن ۋۇ 14 مىللەتنى ساناپ چىققان: خەنزۇ، مانجۇ، تۇڭگان، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، مانجۇرىيەدىن كەلگەن سۈلۈن، قىرغىز، تاتار، تاجىك، چاكار موڭغۇللىرى، تۇرگۇت موڭغۇللىرى ۋە ئاق ئورۇسلار.

ۋاھالەنكى، ئۇيغۇرلار ئاللىبۇرۇن ئايرىم بىر مىللەت ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇيغۇر دېگەن بۇ ئىسىم مىڭ يىل بۇرۇن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت سۈرگەن ئۇيغۇر تۈركلىرى دېگەندىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ شىڭ شىسەي زامانىدا بوستانلىقلاردا ياشايدىغان تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولدى. تاكى 1934 ـ يىلىغىچە بۇ تۈركلەر بىر ـ بىرىنى قەشقەرلىك، خوتەنلىك ۋە كېرىيەلىك دېگەندەك يۇرتۋاز ئىسىملاردا ئاتايتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقىقىي يەرلىك پۇقرا، قازاقلار، قىرغىزلار، تاجىكلار ۋە تۇڭگانلار ئۇنداق ئەمەس دەپ قارايتتى. «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ ئومۇمىي ئىسىم تۇنجى قېتىم 1921 ـ

يىلى تاشكەنتتە ئېچىلغان تارىم مۇھاجىرلىرى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. «جۇڭگو دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى مۇئەييەن دەرىجىدە ... دەپ قاراپ تىزىمغا ئالغان. ئۇلارنىڭ كىملىكى «ئېنىق ئايرىغىلى بولىدىغان» شەكىلدە تەرەققى قىلغان.» (9)

ئۇيغۇر دەپ ئاتاشتىن زىددىيەتلىك نەتىجىلەر كېلىپ چىقتى. ئۇلار ئىلگىرى ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىنلا شىكايەت ئاغرىنىشىنى خەنزۇلارغا مەركەزلەشتۈردى. سالاھىيىتىنى يېڭى تونۇش، كېلەچەك يىللاردا جۇڭگوغا كۆپ باش ئاغرىقى پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت (پارتىيە مەركىزى كومىتېتى «شىنجاڭ شۆبىسى»نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى) نىڭ دەسلەپتە قىلغان ئىشلىرىدىن بىرى مانجۇلار بۇ يەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قىلغان ئىشلار بولدى. يەنى مۇسۇلمانلارغا ھاقارەت قىلىدىغان ئىسىملارنى قوللىنىش مەنئى قىلىندى. كومپارتىيە خەنزۇ مىللەتچىلىكى ھەرىكىتىنىڭ گومىنداڭ مەزگىلىدە ھاكىمىيەت سۈرگەن خەنزۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىن غەزەپلىنىپ ئاران تۇرغان تۈركلەرنىڭ كونا يارىسىغا تۇز سېپىپ قويۇشىدىن قورقتى. ماۋزېدۇڭ تېخىمۇ كۆپ يەرلىك كادىرلارنى قوشۇنغا قاتنىشىشقا چاقىردى ۋە خەنزۇ كادىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ھۆرمەت قىلىشنى، ئايرىمچىلىق قىلىش، زورلاش ۋە مەجبۇرلاش قىلمىشلىرىدىن ساقلىنىشنى تاپىلىدى.

كەمستىشكە قارشى پەرمان بولسا پارتىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەمۇرى پىلانىنىڭ كىرىش سۆزىدە يېزىلغان «ئاپتونومىيە» رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىدى. بۇلار مىللەتچى كاتتىۋاشلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، «قېرىنداش مىللەتلەر» ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، نامەلۇم چەتئەل جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە تۈركلەرنى سوۋېت تەرەپكە مايىل بولۇپ قېلىشتىن يىراق تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

پارتىيەنىڭ نەزىرىيىچىلىرى ئەۋرىشكىسىز قالمىدى. قوشنا سوۋېت ئىتتىپاقى غەربىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلار ئۇلارغا ئۆرنەك بولدى. 1917 ـ يىلى لېنىن بىلەن («مىللەتچىلەر» نىڭ باشلىقى) ستالىن رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلارغا «چار پادىشاھ زامانىدا سىلەرنىڭ مەسچىدلىرىڭلار ۋەيران قىلىندى، ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىڭلار چار پادىشاھ تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى» دەپ، ھازىردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ مىللىي ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ «ئەركىن ئىختىيارى، دەخلى ـ تەرۇزسىز» بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى باياناتقا ئىمزا قويدى.(10)

مەركىزى ئاسىيادىكى تۈركىي رەھبەرلەر رۇسلار بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار تەييار ئەمەس دېگەن سەۋەب بىلەن رەت قىلىندى. ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى «تۇراقسىز»، ئۇلار تېخى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ئىشچىلار سىنىپى» ئەمەس، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى يا بۇرژۇئازىيە يا دىنىي زات ئىمىش، ستالىن ئۇلارغا ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش مەسىلىسىگە ئاخىرىدا چېكىت قويدى. «پەقەت سالاھىيىتى پاك بولغانلارلا بۇ ھوقۇقنى ئالالايدۇ. بۇ سالاھىيەتتىكى ئەڭ مۇھىم شەرت بولسا موسكۋاغا قەتئى سادىق بولۇشتۇر»(11)

www.uyghurweb.net

غەربىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن يالغۇز سوۋېت تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما «بىرلىشىش» بىلەن «چېگرا ئايرىش» نىڭ زادى قايسىسى پايدىلىق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بىر بەس مۇنازىرىدىن كېيىن، بۇ رايون تەقلىتچىلەر ۋە بەزىدە ئىجادىيەتچىلەر، مىللەتچىلەر ۋە تىلشۇناسلىق تەرەپدارلىرى ئارىسىدا بۆلۈندى. ئىنسانشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلارنىڭ بىرلىكتە قارار قىلىشى بىلەن بىر لايىھە ئۈچ ئايدا تەييارلاندى. بىر تارىخچى بۇ لايىھە ھەققىدە: «بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئىچىدىن قوزغىلىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالىملارنىڭ ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىشى، ئاندىن بىر ھايۋاناتلار باغچىسى ياكى بوتانىكا (ئۆسۈملۈكلەر) باغچىسىدا ئۇلارنىڭ ئورنىنى بەلگىلىشىگە بىر قەدەر كۆپرەك ئەمگەك كېتىدىغانلىقى» نى ئېيتقان.(12)

بۇ يېڭى شەيئىلەر رېسپوبلىكىلار «ئىتتىپاقى» دۇر. ئۇلار رۇسىيە فېدىراتسىيىسى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بايرىقى، گېربى ۋە شېئىرى بار. ھەتتا 1937 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا ئۇلارغا ئايرىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىرىگە تاشقى چېگرا ئېنىق سىزىپ بېرىلگەن. ئەلۋەتتە ھېچبىر سوۋېت رېسپوبلىكىسى ئايرىلىپ كەتمىدى. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، 1991 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئۇلار مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندە، تۆت ياكى بەش مىللەت (تاجىكىستان بۇنىڭدىن مۇستەسنا) ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ «مىللىي» سالاھىيىتىنى جاكارلىدى.

1922 - يىلى پارتىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپلا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش مەسىلىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ياش پارتىيە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭخۇا)، تىبەت، موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جۇڭگو قوشما شتاتلىرى قۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. 1931 - يىلى تۈزۈلگەن قانۇن لايىھەسىدە ئەگەر ئۇلار مۇستەقىللىقنى خالىسا مەيلى، بولسۇن دېگەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇلارغا ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش ۋەدە قىلىنغان. بۇ موڭغۇللار، تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار، مىياۋزۇلار ۋە چاۋشيەنزۇ قاتارلىقلارغا قارىتىلغان. ئەمما 1935 - يىلى ماۋزېدۇڭ باشلىق بولغاندىن كېيىن، بۇ مۇھىم نۇقتا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. تاكى بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە تەكرار - تەكرار ئۆزگەرتىلدى.

ماۋزېدۇڭ ھوقۇقنى قولغا ئېلىش مەزگىللىرىدە ئۆزىگە ئارقا تىرەك بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەرت - مەردانە قىياپەتتە مۇئامىلە قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. مەسىلەن: ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن ئۇ ئىنقىلاب باشلانغاندا ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان موڭغۇللار بىلەن خۇيزۇلارغا ئەركىنلىك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلغان. تەنقىدچىلەرنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۇلار ئۇنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن قېچىش يولىنىڭ شىمالىنى تىزگىنلەپ تۇرىۋاتقان ئىكەن. ماۋزېدۇڭ ھېچ نەرسىنى يوقاتمىغان. چۈنكى ئۇنىڭدا بېرەلىگۈدەك بىر نەرسە تېخى يوق ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقۇچە ئۇ داۋاملىق ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇشنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان ماقالىلارنى يازغان. ئەمما گومىنداڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىدىن كېلىدىغان خەتەردىن قۇتۇلغان ھامان كومپارتىيە بىرلىككە كەلگەن بىر جۇڭگو ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىدىن سۆز ئېچىشقا باشلىغان.

www.uyghurweb.net

1947 ـ يىلى پارتىيە لۇشيەنى مەخپى ھالدا پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن. يېڭى سىياسىتى بولمىش «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە» يەتكۈچە چۈشىنىكسىز بىر نەرسە ئىدى. ئۇنىڭ مەنىسى: ھەر «مىللەت» ئۆزى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۆز ھۆكۈمىتىگە ئىگە بولسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. ئەمما «ئازاتلىق» تىن كېيىن، بۇ سۆزلەرنىڭ ئىنتايىن كەسكىن تۈردە ئېيتىلمىغانلىقى ئېنىقلاندى.( ) يېڭى لۇشيەن بولسا «ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئالەمشۇمۇل ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن باغلاش» دەپ چۈشەندۈرۈلدى. يەنە بۇ چۈشەندۈرۈش داۋام قىلدى. ھازىر ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇشنى تەلەپ قىلغان كىم؟ ئەجىبا كومپارتىيە ئىنقىلاب قىلىپ ئۇنى تولۇق قولغا كەلتۈرمىدىمۇ؟ ئەجىبا ئۇزۇن يىللىق زۇلۇمدىن قۇتۇلغان خەلق ئورنىدىن دەس تۇرمىدىمۇ؟ شىنجاڭدىكى تۇنجى كومپارتىيە سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ: ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش دېگەنلىك سىلەر جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمى ئاستىدا تەشنا بولغان بىر نەرسىدىن ئىبارەت. باشقىچە ئەھۋالدا، ئۇ پەقەت بۆلگۈنچىلىك دەپ چۈشەندۈرگەن.

ماۋزېدۇڭنىڭ يىغىنلاردا خەنزۇ مىللەتچىلىكىنىڭ قانچىلىك ناچار خاھىش ئىكەنلىكىنى تەنقىدلەپ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خۇنەن ئۆلكىسىدىكى بىر قاتتىق قول جازانىخور ۋە ئاشلىق سودىگىرىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۆزى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھەر قانداق بىر جۇڭگولۇق خەنزۇدىن قېلىشمايدىغان مىللەتچى ئىدى. ئۇ بىر كوممۇنىست بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگودىكى بارلىق خەنزۇلارنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۇيۇشتۇرغۇچىنىڭ دانا، يىراقنى كۆرەر كومپارتىيە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

شىنجاڭدا قوللىنىلىۋاتقان يەرلىك ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى ئاسىيادىكى مودىلىغا قارىغاندا بىر ئاز نامەرت بولدى. تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان مەمۇرى ئورگانلار: يېزا (گوڭشى)، ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاست، «رايون» ياكى ئۆلكىدىن ئىبارەت پۈتۈن جۇڭگودىكى قېلىپ بۇ، ئەمما ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بەزى جايلاردا ئالاھىدە «ئاپتونومىيە» ئورگانلىرى ئىجاد قىلىندى. بەلگىلىمە شۇنداق بولدىكى، ئاپتونومىيە تەلەپ قىلمىغان ئەڭ ياۋاش، مۇلايىم خەلقلەر ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ ئېرىشتى.

1953 ـ يىلى ئاپتونوم يېزىلار شىنجاڭدا قۇرۇلۇشقا باشلىدى. (كېيىن بۇ كىچىك ئورگاننىڭ بەك رولى بولمىدى دېيىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان). تۇنجى ئاپتونوم ناھىيە 1954 ـ يىلى 15 ـ مارتتا قۇلىقى ئەڭ يۇمشاق جۇڭگولۇق ئاز سانلىق مىللەت خۇيزۇلار ئۇچۇن كورلىغا يېقىن قارا شەھەردە قۇرۇلدى. ئالتە ئايدىن كېيىن غۇلجىدا شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. شۇ چاغقىچە ئۇيغۇرلارغا ھېچنىمە يوق. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ ئىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن چاغدىلا ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى رەسمى تونۇلدى( ).

بۇ يەردە رۇسىيە قېلىپىدىكى ئۇيغۇر رېسپوبلىكىسى، ياكى «ئۇيغۇرىستان» يوق. ئايرىلىپ كېتىش ھوقۇقىمۇ يوق ھەم ئۇلارغا ئۇنىڭ قول بىلەن بېرىلگەن نەرسە سول قول بىلەن قايتۇرۇۋېلىنغان.

www.uyghurweb.net

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى بۇ ئۆلكىگە باغلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنى سىياسىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىشتىن تولىمۇ ئۇزاقتا. بەزى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئەمەلىيەتتە «كۆپ سانلىق» مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەمۇريي ئورگىنى نامىغا قۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت ـ شەھەرلەرگە ئاپتونومىيە بېرىلمىگەن. (ئوخشاشلا، شۇ ۋاقىتتا قۇرۇلغان ئىچكى موڭغۇل بىلەن نىڭشادا خەنزۇلارنىڭ سانى موڭغۇللار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانىدىن كۆپ ئىدى.)

نويۇسنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئۇيغۇرلار ئىگەللەيدىغان غۇلجىنى ئاساس قىلىپ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغان. كورلىنى مەركىزى شەھەر قىلغان موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئون ئىككى ناھىيىسىدە ئەڭ كۆپ سانلىق خەلق ئۇيغۇرلاردۇر. پەقەت ئۈچ ناھىيىدە موڭغۇللار بار، بۇنىڭ پەقەت بىرىدە موڭغۇللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ۋاھاكازالار. بۇلار قارىماققا خەنزۇلارنىڭ قەدىمىي تاكتىكىسى «ياۋنى ياۋ ئىلە ئىدارە قىلماق» (ياكى ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇماق) دېگەنگە بەك ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئاپتونومىيە كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرىدىغان بىر نىقابىدۇر. ھەر بىر مەمۇرى قارارنى باشتىن ئاخىر پارتىيە ئۆزى چىقىرىدۇ. شۇڭا يەرلىك ھۆكۈمەتتە قانچىلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارنىڭ بولىشىنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق. يېڭى سىياسەت ئۈچۈن ئاۋاز بېرىدىغان خەلق ۋەكىللىرى بولسا پارتىيە تىكلەپ قويغان قورچاقلار بولۇپ، ئۇلار ھېچقاچان ئۆزى خالىغانچە قارار بېرەلمەيدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئۇيغۇر، دائىمى كومىتېتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ يېرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى پارتىيە سىكرىتارى بىر خەنزۇ باشقۇرىدۇ. گەرچە يەرلىكلەر مۇۋاپىق شەكىللەردە مۇئاۋىن باشلىقلىق ئەمەللىرىگە نام جەھەتتە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر بىر باشلىقنىڭ ئۈستىدە ئۇنى باشقۇرىدىغان بىر پارتىيە ئەزاسى بار ھەم ھەر بىر قارارنى بېيجىڭ بېكىتىدۇ. تاشيول ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بىر مۇسۇلمان ئەمەلدار قاخشاپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشخانامدا كىتاب ۋە گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرىمەن. چۈنكى مېنىڭ بجىرىدىغان ئىشىم يوق. ئۇلار بىزنىڭ ئىشخانىدا بجىرىلگەن ئىشلارنىڭ پەقەت بەش پىرسەنتىنىلا ماڭا بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن پەقەت نامدىكى مۇئاۋىن باشلىق.» غۇلجىدىكى بىر خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ دېرىكتورى قول ئاستىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئۇنىڭغا پەقەتلا ئىتائەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.(14) قوش تىلدا قىزىقارلىق سۆزلىشىدىغان كوممۇنىستلار مەمۇرىيىتىدە ئاپتونومىيە مۇتلەق ھالدا مەركەزنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنغان بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر كەڭرى ئەركىنلىك ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئاز ئەركىنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بۇ تۈزۈم پۈتۈن جۇڭگودا مەجلىسلەر، ئىدارە ـ ئورگانلار، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلار ۋە مەكتەپلەرگە تەدبىق قىلىنغان. ھەر بىر يەرلىك باشلىققا بىر خەنزۇ مۇئاۋىن ياكى پارتىيە سېكرىتارى ھەمراھ قىلىنغان. پارتىيىۋىلىك ئۇنى ھەممىگە خوجايىن قىلغان. ھەتتا سوت ۋە ئەدلىيەدىمۇ شۇنداق. ئادەتتە ھەر بىر قارار ياكى ئۇقتۇرۇشقا پارتكوم تامغىسى بېسىلىشى كېرەك. بولمىسا ئىناۋەتسىز بولىدۇ. تۇرپان ناھىيىسى بەشيۈلتۈز خەلق گۇڭشىسىنىڭ ئۇيغۇر يېزا باشلىقى ھەر ئىشتا يەرلىك پارتىيە كومىتېتى بىلەن ياخشى ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن

www.uyghurweb.net

«شىنجاڭ گېزىتى» دە نەمۇنىچى دەپ تەشۋىق قىلىنغان. بۇ تىپىدىكى ئۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېت ۋەكىلى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ھوقۇقسىزمۇ ئەمەس. خۇددى ئۆتمۈشتىكى «بەگلەر» گە ئوخشاش ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىشقا يېتەرلىك ھوقۇقى بار. ھەر بىرى باشقىلارنىڭ خەنزۇلارغا تەخسىكەشلىك قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا پايدا يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيدۇ. نەتىجىدە، بۇ تۈزۈم مىللىي زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ قويغان. مىللىيلارغا ھوقۇق كېلىشى تەسلىشىپ كەتكەن ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت ئىش - تەقسىماتى چېگرىسى ئېنىق ئايرىلغان.(15)

ئەمەلىيەتتە، بارلىق جەريانلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇددى كرېمىلنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلارنى رۇسلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى سوۋېتلاشتۇرۇش بولغىنىدەك، بېيجىڭنىڭ بۇ باسقۇچتىكى مەقسىتى ئۇيغۇرلارنى خەنزۇلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى جۇڭگولۇقلاشتۇرۇشتۇر.

دەرۋەقە، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئاپتونومىيە ھەققىدە سۆزلىمىگەن، ئەكسىچە چوڭ مىللەتنىڭ كىچىك مىللەتنى يۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان. شۇڭا لېنىن، ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ بۇ تەلىماتتىن قىلچىلىك چەتنەپ كەتمىدى. ماۋزېدۇڭ: «ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئالەمشۇمۇل ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش» دېگەننى جاكارلاش بىلەن بىرگە، جۇڭگودىكى بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت قۇرۇش دېگەننى تەكىتلەپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىكى چىن سۇلالىسىنىڭ قىلغىنىنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر رېسپوبلىكىلار ئىتتىپاقى (فېدېراتسىيىسى) ئىدى. لېنىن «مىللەت» بىلەن «دۆلەت تەۋەلىكى» نى، رۇسلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرگەن. جۇڭگولۇقلار بۇ ئىككى ئۇقۇم ئۈچۈن ئوخشاش بىر سۆز «مىللەت» تىن باشقا يەنە «خەلق» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى. ئەمما جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن بۇ خىل پەرقنىڭ مۇھىملىقى شۇكى، «خەلق» نىڭ كومپارتىيىسى بار. «دۆلەت تەۋەلىكى» نىڭ ئۇنداق ئەمەس، بۇنداق دېيىش بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يالغۇز خەنزۇ كونتروللۇقىدىكى كومپارتىيە تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. بۇ خىل كۆز قاراش بويىچە ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمغا يەتكەندە بارلىق مىللەتلەر يوقىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن خەنزۇ ئەمەس مىللەتلەر خەنزۇلارغا سىڭىپ يوق بولىدۇ، ئاندىن خەنزۇلار دۇنياغا سىڭىپ كېتىدۇ.(16)

1957 - يىلى جۇئېنلەي چىڭداۋدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە ئېچىلغان بىر يىغىندىكى مۇھىم نۇتقىدا نېمە ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سوۋېت ئۇسلۇبىدىكى رېسپوبلىكا بېرىلمىگەنلىكىنى ئۆتمۈشكە نەزەر سالغان ھالدا ئىزاھلىغان. بىر مىللىي رېسپوبلىكا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولىشى ۋە سانى كۆپ بولغان بىر مىللەت بىلەن چىقىشىپ ئۆتىشى كېرەك. شىنجاڭدا ئون ئۈچتىن كۆپرەك مىللەت بار. ھەممىسى ئاساسەن «تارىختا بۇگۈنگە قەدەر تونۇلۇپ باقمىغان.» جۇئېنلەي قارىماققا موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆزىگە خاس دۆلەتلىرى بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك.

www.uyghurweb.net

جۇئنلەي قۇشۇمچە قىلىپ ئېيتتىكى، مۇرنى مۇرىگە تىرەپ ئىنقىلاب قىلغان (گەرچە بۇنداق بولىشى راست بولمىسىمۇ) ئاز سانلىق مىللەتلەر كېيىن خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغان بولدى. ئايرىلىشنىڭ ئۆزى چەتئەل جاھانگىرلىكىنى ئوچۇق تەكلىپ قىلغانلىقتۇر. (بۇ يەردە ئۇ 1944 ـ يىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى دىمەكچى) ئەمما جۇئىنلەينىڭ نۇتقى مۇھىم. چۈنكى ئۇ تۇركلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە باراۋەر كۆرۈش تەشەببۇسىنى داۋام قىلغان. ئاخىرىدا ئىش شۇ دەرىجىگە كەلدىكى، كېيىنكى يىگىرمە ئۈچ يىلدا بۇ چەكلەندى.(17)
ماۋزېدۇڭ بىلەن جۇئىنلەي ئۆزلىرىنىڭ تەپسىلىي ئىزاھاتلىرىغا بەلكىم ھەقىقىي ئىشىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان دۈشمەنلىك، مۇستەھكەم چېگرا مۇداپىئەسى ۋە شىنجاڭنىڭ زېمىن ۋە كان بايلىقلىرىنى ئېچىرقاپ كەتكەن كۆپ نوپۇسلۇق جۇڭگو ئۈچۈن ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەتتى. ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىكلىرى لېنىننىڭ ئىنقىلابتا كونا مۇستەملىكىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارغا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىشكە ۋەدە قىلىشتەك تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئەمما بۇ ۋەدىسىگە كېيىنچە ئەمەل قىلمايدىغانلىقىنىمۇ قارارلاشتۇرۇپ بولغان ئىدى. بىر تارىخشۇناس بۇ سىياسەتنى «سۈنئىي ئالىيجاناپلىق» دەپ ئاتىغان.(18) ماۋزېدۇڭنىڭ لېنىنگە ئوخشاش مەقسىتى بولۇپ، دەسلەپتە ياخشىچاق بولۇش، ئاندىن كونترول قىلىش، ئەمما ئۇ بۇنى ئىنتايىن پەرقلىق يوسۇندا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، تىبەتلەر ۋە باشقىلارنى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن رايىغا قويۇپ بېرىش نىيىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق مەقسىتى مەلۇم مەزگىللىك ئىدىيە ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىدى. ئۇ بەلكىم تۇركلەرنىڭ ئۇنداق ئاسان «جۇڭگولۇق» قا ئايلانمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن بولسا كېرەك، پارتىيەنىڭ تىزگىنى تېخى كۈچسىز چاغدا، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما پارتىيە كۈچلەنگەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تېخىمۇ يامانلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى تېخىمۇ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىدى.
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ناچار مۇناسىۋەتنىڭ نەتىجىلىرى ئارىسىدىكى بىرى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىشى ئىدى.
شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، قەدىمىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى رونىك يېزىقى ئىشلەتكەن. كېيىن بۇنىڭ ئورنىنى 9 ـ ئەسىردە سوغدى يېزىقى ئىگەللىگەن. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئەرەب ھەرپلىرىنى قوللانغان. كوممۇنىستلار ۋە قاتتىق قول ئاتېئىستلار ئەرەب ئېلىپبەسىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇ «قۇرئان» تىلى ئىدى. 1956 ـ يىلى سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈرۈمچىدە بىر يىغىن ئېچىلىپ، ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە قىرغىزلارنىڭ رۇسچە سلاۋيان ئېلىپبەسىنى قوللىنىشى قارار قىلىندى. بۇ ئىش مەلۇم جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ساداقەت، يەنى مەلۇم جەھەتتە تۈرك زىيالىيلىرىنىڭ ئاللىقاچان سلاۋيان يېزىقىنى قوللانغانلىقى تۈپەيلى بولغان بولسىمۇ، ئەمما مۇھىم مەقسەت دىنىي مولللارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئىدى.

www.uyghurweb.net

ئەمما جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، چېگرا ھالقىپ دوستلۇق ئورنىتىشنى خالىمايدىغان بولدى. لاتىن ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلىپ ۋە خەنزۇچە تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ئۆز ئەينى ئېلىنغان يېڭى سۆزلۈكلەر ئاساسىدا يېڭى يېزىق قوللىنىش قارار قىلىندى. بۇ ئارقىلىق خەنزۇلار بىلەن تۈركلەر ئارىسىغا كۆۋرۈك سېلىش ئۈمىدى ئىپادىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇچىمۇ پىنيىن ھالىتىگە ئېرىشتى. بۇ ئۆزگەرتىشلەرنى 1958 ـ يىلى جۇئىنلەي ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىككى يىلدىن كېيىن يولغا قويۇلغان.

جۇڭگولۇقلار نۇقتىسىدا تۇرۇپ قارىغاندا بۇ كۆۋرۈك مۇھىم. چۈنكى ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جۇڭگولۇقلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. فرانسۇز ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى مائورىس درۇن: «تىل بىر مىللەتنىڭ روھىدۇر» دېگەن. يەنە توكيودا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيەنىڭ سابىق ئەلچىسىدىن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن غەربلىك مۇخبىرلاردىن بەزىلىرىنىڭ ياپونچە سۆزلەيدىغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر سەن ياپونچىنى راۋان سۆزلىيەلىسەڭ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئادىمى بولالايسەن» دېگەن.(19) تۈركلەر خەنزۇچىنى قانچە ئاسان ئۆگىنەلىسە، ئۇلار شۇنچە تېز جۇڭگولۇققا ئايلىنىدۇ.

1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماۋزېدۇڭ جۇڭگودىكى زىيالىيلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدە ئاكتىپ تەنقىد جېڭى قوزغاشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۇلاردىن خىزمەتلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى دېيىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ جەڭنىڭ شۇئارى: «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» بولۇپ، بۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلىدىن 206 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چىن سۇلالىسىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ھەرىكەتتىن نەقىل قىلىنىپ سۆزلەنگەن. كىشىلەر بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلغاندا، ئوتتۇرىغا قويۇلغان «كۆڭۈلدىكى سۆزلەر» ئۇ قەدەر دۈشمەنچە بولدىكى، سەپەرۋەر قىلىنغان بۇ ھەرىكەت بىر قانچە ھەپتە ئىچىدىلا توختىتىلدى.

شىنجاڭ پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ ئۇيغۇرلاردىن «تەكەللۇپسىز ھالدا تەنقىد پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىش» نى تەلەپ قىلغاندا ئۇيغۇرلار خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق جاپالىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغانلىقى، خەنزۇلارنىڭ بولسا پەقەت نازارەت قىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىدىن، يەرلىك كادىرلارنىڭ خوشامەتچى تەخسىكەشلىكىدىن، ئاپتونومىيەنىڭ يالغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان. ئۇلار بارلىق خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلىشىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا شەرقتىن توختاۋسىز كېلىۋاتقان خەنزۇ كۆچمەنلەرنىڭ كېلىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان. بەزىلەر مۇستەقىل بولۇشنى، يەنە بەزىلەر بولسا سوۋېت ئۇسلۇبىدىكى «ئۇيغۇرىستان» جۇمھۇرىيىتى ياكى شەرقىي تۈركىستان قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

ئاقىۋەتتە تازىلاش ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئۈرۈمچىدە ئالاھىدە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئالتە ئاي نازارەتچىلىك قىلىشى بىلەن 100 مىڭ كىشى تەكشۈرۈلگەن، 830 كىشى قولغا ئېلىنىپ سوتقا تارتىلغان، 53 نەپەر كادىرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.(20) جۇڭگونىڭ باشقا يەرلىرىدە «ئوڭچىللىققا قارشى» كۈرەش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن. شىنجاڭدا بولسا بۇ مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش شەكلىدە قانات يايغان. ئېغىر جىنايەت ھېسابلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىك» ۋە

www.uyghurweb.net

«پۈرۈلتارىيات دۇنيا قارىشى» بىلەن چىقىشالمايدىغان بۇرژۇئازىيە كۆز قارىشى ئالدىدا خەنزۇ مىللەتچىلىكى ھېچنېمە ھېساپلانمايدىغان بولدى.(21) دېھقانلار پانتۇركىزمنىڭ بىخارامان تۇرغان جۇڭگو رەھبەرلىكىگە قارشى زور سۈيىقەست پىلانلاۋاتقان ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولىۋاتقانلىقىدىن رادىئو ۋە گېزىت قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلدى.

مەدەنىيەت ئەركىنلىكى يوقالدى. «پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش ئاساسى ئېقىمغا ئايلاندى. جۇئىنلەي چىڭداۋدا سۆزلىگەن نۇتۇقتا: «ئوڭچىللىقنى قارشى» كۈرەش باشلانغان ئىكەن، ئەگەر پايدىلىقلا بولسا ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش ھەرگىز خاتا ئەمەس. باشقا دۆلەتلەر، مەسىلەن: ئىسپانىيە، پورتوگالىيە ۋە ئەنگلىيە ئامېرىكىلىقلارنى مۇستەملىكە قىلغاندا، يەرلىك ئاھالىنى «ئاجىزلاتقان». فرانسىيە، بىلگىيە ۋە ئەنگلىيە ئافرىقا قىتئەسىدە ئافرىقىلىقلارنى يەنە شۇنداق قىلدى. بىر مىللەت كۈچلۈك، يەنە بىر مىللەت ئاجىز ئەھۋالدا بۇنداق قىلىش ئىرقچىلىق ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر بىر مىللەت باشقا بىرىنى زورلۇق كۈچ بىلەن مەجبۇرى ئاسسىمىلىياتسىيە قىلسا، بۇ ئەكسىيەتچىلىك ھېساپلىنىدۇ. ئەمما مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىش يولىدا ئىلگىرىلەپ تەبىئى قوشۇلۇپ كەتسە، بۇ ئىلغارلىق ھېساپلىنىدۇ» دېگەن.(22) لېكىن پارتىيىنىڭ مىللەت نەزىرىيىچىلىرى چۈشەندۇرۇپ: «بۇ خىل قوشۇلۇپ كېتىشتە ئەلۋەتتە بىر مىللەت، يەنى خەنزۇلارنى مەركەز قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە كۆرگىنىمىزدەك، جۇڭگودىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 94 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغان خەنزۇلار ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردۇر» دەپ «جۇڭگو» نىڭ ھەقىقەتەن زادى قانچىلىك كەڭرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەسىلىگە نەق جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

جۇئىنلەي چىڭداۋدا ئەينى چاغدىكى كەيپىياتقا ئېرەنشىمىدى ياكى تازىلاش ھەرىكىتىدە ئازار يېگەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما ئۇ پەرمان خاراكتېرلىق نۇتقىدا يەنىلا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتتىن ئۈستۈن دەپ قاراش خاتا، يەرلىك قائىدە ـ يۇسۇنلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. دىنى ئېتىقادنى سىياسىي مەسىلە دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئۇ بەلكىم كوممۇنىزمغا يەتكەن چاغدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى مۇمكىن. دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما يەرلىك سەرخىللارغىمۇ مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە يول قويۇش كېرەك ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چوشقا گۆشى يېمەسلىك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. خەنزۇ چاقچىلىكەشلەر تۇركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنى چاقچىلىقىگە ئۆزگەرتىمىز دەپ ئاۋارە بولمىسۇن.(23) «بىزنىڭ قېرىنداش مىللەتلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئىچى پۇشىدۇ». بۇ نۇتۇق ئىلگىرى سۆزلەنگەن بولغاچقا يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت يورۇقلۇققا چىقمىدى.

ماۋزېدۇڭنىڭ يەنە بىر تەۋەككۇلچىلىكى ھېساپلانمىش چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى 1958 ـ يىلى باشلىنىپ ئۈچ يىل داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولدى. بولۇپمۇ يىراق غەربتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەت ئىككى يىل ئىچىدىلا 2 ـ بەشيىللىق پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىگە كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ سېلىپ، تەرەققىياتنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدىن سەكرەپ

www.uyghurweb.net

ئۆتۈش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا «ھەقىقىي سوتسىيالىزمچىلار» نىڭ نىمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. (بۇ چاغدا جۇڭگو كومپارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى «كاپىتالىستىك» دۆلەت دەپ ئاتايتتى.)

يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش بىلەن كوللېكتىپلاشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تاماملاندى. ھازىر ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقى 450 چوڭ كوممۇناغا ئايرىلغان ۋە بۇنىڭغا قارشى نارازىلىقلار ھەتتا ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىمۇ بولغان ئىدى. بۇلار ئىلگىرىكى كوپېراتسىيەنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن بىر داۋامى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كولخوزلىرىدىنمۇ بەك چوڭ بولغان جۇڭگو كوممۇنالىرى 20 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. كوممۇنالار پەقەتلا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىنى تېزلىتىش ۋە يەرلىك خەلقلەرنى قاتتىق كونترول قىلىپ ساقلاشنىڭ بىر چارىسى ئىدى. ھۆكۈمدارلار، كوممۇنالاردا ھەر مىللەتنى ئەركىن ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ سىڭىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرگەن. مەملىكەت مىقياسىدا يېزا - قىشلاقلاردا ۋە ھەريەردە خۇمدان ۋە تۆمۈر رودىسىنى ئېرىتىش ئوچاقلىرى سېلىنغان.

ئەمما تېز سۈرئەتتىكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان ۋە بەلگىلەنگەن ئاشلىق نورمىسىنى ئالالمىغان دېھقانلارنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرىۋەتتى. لېيۇشاۋچى ئۈچ يىل بۇرۇن مۆلچەرلىگەن ئېغىر ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. ئاشلىق مەھسۇلاتى كۆنسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتاتتى. 1959 - يىلى جۇڭگودا 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋەيران قىلغان ئاچارچىلىقتىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر ئاچارچىلىق بولدى. شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى ئاز ھەم مۇقىم سۇغۇرۇش سىستېمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاچارچىلىق مەزگىلىدە باشقا ئۆلكىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولدى. ئەمما شەرقىي چېگرىسىدىكى ھالى ناچار ئۆلكىلەردىن بىرى گەنسۇدىن نەچچە مىڭ ئاچ مۇساپىر ئۆمىلەپ كەلدى. كۆپ ساندىكى باشقا ئۆلكىلەردە خەلق ئىنتايىن قىينالدى.(24)

1957 - يىلىنىڭ ئالدىدا شىنجاڭغا كۆچۈش تۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئاچارچىلىقتا قالغان كىشىلەرنىڭ شەرقتىن غەربكە كۆچۈش يېڭى دولقۇنى قاتتىق ئۆچمەنلىك قوزغىدى. ھەتتا ئىلگىرىكى خەنزۇ كۆچمەنلەرمۇ ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلدى. كوللېكتىپلاشتۇرۇشتا قەلەندەرلىشىپ كەتكەن قازاقلارنىڭ ئىلگىرى يايلاق قىلىپ قوللانغان يەرلىرى بۇ يېڭى كۆچمەنلەرگە تەقسىملەپ بېرىلدى. قازاقلار ئۆزلىرىنىڭ چارۋا - ماللىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىۋېتىپ، ئاچ قېلىشقا رازىكى، ئۇلارنى تىرىك پېتى كوممۇناغا بېرىشكە ھەرگىزمۇ رازى ئەمەس ئىدى.

كومپارتىيىنىڭ تەشۋىقات ماشىنىلىرى ئاجايىپ ئىشلەيتتى. تۆۋەندىكىسى بىر قازاق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ (دادۋىيىنىڭ) سېكرېتارىدىن كەلگەن مەلۇمات: «ئۆتكەن يىلقى كۈزلۈك تېرىمنىڭ ئالدىراش كۈنلىرىدە شەرق شامىلى خەلق كوممۇناسىنىڭ تونەي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى رەھبەرلىرى بىر تۈركۈم ئىشتا پىشقان، قاۋۇل، ئۇستا ياغاچچى ۋە خۇمدانچىلارنى تەشكىللەپ يېڭى ئۆيلەرنى سېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قازاق يولداشلار ئۆيلىرىدىن ياتاقلارنى ئېلىپ چىقىپ تېزلىكتە چېدىر - كەپىلەرنى تىكتى... بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى

www.uyghurweb.net

كېلىدىغان يولداشلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. ئەترەت شۆبە پارتكومىنىڭ سېكرېتارى توختاخۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا بېرىپ جىياڭشىدىن كەلگەن ئەللىك نەپەر خەنزۇ قىز - يىگىتنى باشلاپ كەلدى.»(25) 1959 - يىلى تۆمۈر يول لەنجۇدىن شىنجاڭنىڭ شەرقىي چېگرىسىغىچە ئۇزارتىلغان چاغدا، يىرىم مىليون كۆچمەن ئېقىپ كېلىشتەك يېڭى رېكورت يارىتىلدى.

چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە ئاچارچىلىق ئاپىتى تۈپەيلى كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقلار 1961 - يىلى ماۋزېدۇڭنى چېكىنىشكە مەجبۇرلىدى. جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان بېسىم يېنىكلىتىلدى. بەنچەن لامادىن 1959 - يىلى تاجاۋۇز قىلىنىپ «ئىشغال قىلىنغان» تىبەتنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش تەلەپ قىلىندى. شىنجاڭدىمۇ پاراكەندىچىلىكلەر بولدى ئەلۋەتتە. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئىلى ۋادىسى ۋە خوتەندە ئون مىڭ ياش يەرلىك تۈرمىلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ 600 نەپەر مەھبۇسنى ئازات قىلغان ۋە ئەللىك نەپەر قاراۋۇلنى ئۆلتۈرگەن. بەزى خەنزۇلارغا شەرقىي جۇڭگودىكى ئائىلىسىگە كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان.

چەتئەللىك مىللەتلەرنىڭ خالىسا شىنجاڭدىن ئايرىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە قانۇن ئېلان قىلىندى. تەخمىنەن مىڭدەك ئۇيغۇر چەتئەل پۇخراسى بولۇشقا قىزىقتۇرۇلۇپ، ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ كەتتى. نۇرغۇنى ئافغانىستانغا، بۇ يەردىن پاكىستانغا ياكى تېخىمۇ يىراقلارغا كەتتى. كېيىن 1962 - يىلى ھازىرقى زاماندىكى توپ - توپ بولۇپ سىرتقا ئېقىش دولقۇنى بولدى. بۇنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە ھەسرەت بىلەن خاتىرىلەپ تۇرماقتا. تەخمىنەن يېرىم مىليونغا يېقىن قازاق، ئۇيغۇر ۋە ھەتتا خەنزۇ كۆچمەن، سوۋېتپەرەس دەپ قامىلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئۆي - ۋاخ ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ، غەربىي شىمالدىكى چېگرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. جۇڭگونىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار 30 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك چارۋىنى بىللە ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەن، 400 مىڭ مو يەرنى ئاق تاشلاپ قويغان. بۇلار جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سوۋېت تەرەپنىڭ سۇيىقەستى بولۇپ، بۇنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك دەلىللەر باردەك قىلاتتى. قىرىق يىلدىن كېيىن بىر ياشانغان كىشى ئەينى چاغنى ئەسلەپ، ئېچىرقىغان كىشىلەرنىڭ خۇددى بىر سىقىم داننى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلگەن تۇخۇلارغا ئوخشاش، سوۋېت چېگرىسىدا رۇسلار بەرگەن ئاشلىققا گول بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن كومپارتىيە ۋەقەنى بايان قىلىپ، خىزمەتچى ۋە كادىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پەقەت 60 مىڭ كىشىنىڭ سوۋېت رادىئو تەشۋىقاتىدىكى ياخشى تۇرمۇش، يەنى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە ماتېرىيال بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ئالدىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى تارباغاتايغا قاتناپ يۈرۈپ، سوۋېت تەرەپتە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار 6 مىڭ قازاققا تۇغۇت كىنىشكىسى ۋە ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى تارقاتقان. ئاپرېلدا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچىلار چېگرىدىن چىقىشقا باشلىدى.

www.uyghurweb.net

كېيىنكى ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى چېگرىنى تاقىغان چاغدا غۇلجىدا قالايمىقانچىلىق چىقتى. بۇ شەھەرلىك ئاپتوبۇس بېكىتىدە قورغاس چېگرىسىغا بېرىش ئۈچۈن قاتناش ساقلاپ تۇرغان يولۇچىلاردىن باشلاندى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، بۇ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغۇچىلار ئاپتوبۇس بېكىتىگە زىيان سالغان، يىغىن بىناسى ۋە پارتكوم ئىشخانىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ ئەشيالارنى ۋەيران قىلىپ، ئارخىپ ـ ماتېرىياللارنى ئوغۇرلىغان. قوراللىق ساقچىنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، «شىنجاڭ بىزگە تەۋە!»، «جۇڭگولۇقلار تۆپرىقىمىزنى ئىشغال قىلىۋالدى!»، «كومپارتىيە يوقالسۇن!»، «خەنزۇلارنى يوقىتايلى!» دېگەندەك «ئەكسىيەتچى» شوئارلارنى توۋلىغان.(26) باشقا خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، بىر ـ ئىككى يۈزچە كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. كۆچۈش دولقۇنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان.
341 مىڭ 500 نەپەر جۇڭگولۇق ھەربىي ئەسكەرلەرنىڭ كېلىشى بىلەن چېگرا مۇداپىئەسى كۈچەيتىلگەن. ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 58 دانە دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ شەكىللەنگەن. 1963 ـ يىلى قىستا ـ قىستاڭ شاڭخەيدىن 100 مىڭ نەپەر ياش شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن. گەرچە كۆچۈش دولقۇنى توختىتىلغان بولسىمۇ، سوۋېتنىڭ تەشۋىقات ھۇجۇمى داۋام قىلغان. سوۋېتتىكى مۇساپىرلارغا شىنجاڭغا قارىتىلغان رادىئودا ماۋزېدۇڭنىڭ «چوڭ خەنزۇ مىللەتچىلىكى» نى تەنقىد قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن. موسكۋا رادىئو ئىستانسىسى مۇساپىرلار كۆتۈرۈپ كەلگەن «مىليونلارچە خەنزۇنىڭ غەربىي شىمالغا ئېقىپ كىرىۋالغانلىقى، ئۇ يەردىكى يەرلىك پۇقرالارنىڭ قاقاس ـ چۆللەرگە سۈرگۈن قىلىنىۋاتقانلىقى، قۇرسىقى تويمايدىغان نورمىلاردا جازالىنىۋاتقانلىقى، قازاق، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز قىزلارنىڭ مەجبۇرى ھالدا ئائىلىسىدىن ئېلىپ چىقىرىلىپ، خەنزۇلار بىلەن توي قىلىشقا زورلانغانلىقى، ئۆلۈم ئازابىدا ئىڭراۋاتقانلىقى» توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئاڭلاتقان. بۇ تەشۋىقات ھۇجۇمى تاكى 1983 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى نورمال مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چېگرىنى سودا ئۈچۈن قايتا ئاچقانغا قەدەر توختىمىدى.
پارتىيىنىڭ نەرەيىچىلىرىمۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ۋەزىيەتنىڭ كەينىدە قالمىدى. ھازىر ئۇلار: مىللەتلەر مەسلىسى ئۆتمۈشتە بۇرمىلاندى. ئۆتكۈرلەشكەن زىددىيەت مەدەنىيەت پەرقىدە ئەمەس، بەلكى سىنىپىي كۈرەشتە، سىنىپىي كۈرەش ئۇيغۇر، قازاق ۋە موڭغۇللارنى خەنزۇلار بىلەن بىرلەشتۈردى. يەرلىك تايانچىلار ۋە سەرخىللار ئۆزگەرمەيدۇ ۋە مەدەنىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بولمايدۇ» دېدى.
ئۆلكە رەھبەرلىكىگە شۇ نەرسە ئايدىڭ ئىكەنكى، شىنجاڭدا سوتسىيالىزم يوق ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى پەرق بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۈرۈمچىدىكى پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپىسى مۈشكۈل ئىدى. ماۋزېدۇڭ كوممۇنا قۇرۇشنى، سىياسىي كۈرەش قىلىشنى ۋە ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما خەلق ئۆزىگە تېڭىلغان تۈزۈملەرگە نەپرەتلەنگەن ھامان، گەرچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى يوقىتىلغان ۋە مەسچىتلەر تاقالغان بىلەنمۇ چېگرانى مۇداپىئە قىلماق بەسى مۈشكۈل ئىدى. ھازىردىن باشلاپ تاكى ماۋزېدۇڭ ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۈرۈمچىدىكى خوجايىنلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىقتا، بولۇپمۇ رەئىس تەكرار ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى قوزغاشنى چاقىرغان چاغدا ئىككى خىل ئويۇن ئويناشقا مەجبۇر بولدى.

www.uyghurweb.net

1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېيجىڭدا مەركىزى كومىتېت پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئون كۈندىن كېيىن مىليون كىشىلىك سىپسىق نامى پۈركەتكەن قىزىل قوغدىغۇچى ياشلار تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلىپ بۇ يەردىن يولغا چىقتى. پەلەك چاقى يەنە چۆرگىلەشكە باشلىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن تۈنجى تۈركۈمدىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە قەدەر سوزۇلغان يېڭى تۆمۈر يولدا پويىز بىلەن بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇجى ۋاڭ ئىنماۋ ئۇلارغا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ راھەت ياتاقلىرىنى بەردى. ئەمما ئۇلار غەزەپلىنىپ رەت قىلىپ، شەھەردىكى مەكتەپلەرگە تارقىلىپ كەتتى. ئۇلار ۋاڭ ئىنماۋنى «شىنجاڭدىكى كىچىك پادىشاھلىقنىڭ يەرلىك خاقانى» دەپ ئەيىبلەپ، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى يېزىپ چاپلىدى. ئەمما ۋاڭ ئىنماۋ كېيىنكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا تىزگىنلىيەلىدى. ۋاڭ ئىنماۋنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىكى قۇۋۋلۇقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، بېيجىڭدىن كەلگەن ئاكتىپلارنى «ئوڭچىل پاراكەندىچىلەر» دەپ، ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق جايلىدى.(27)

ماۋزېدۇڭ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەر توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن، كۈندىلىك ھايات قورقۇنچ بىلەن تولدى. يەرلىك كىنوخانىلاردا قويۇلغان ئاخبارات فىلىملىرى زاۋۇتلار ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى زىيارەت قىلىۋاتقان ياشانغان ۋە سولغۇن چىراي ماۋجۇشىنى كۆرسەتتى. ئەمما ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە باھا بېرىپ گەپ قىلىش شۇ قەدەر خەتەرلىك ئىدىكى، كىم بىر نېمە دېسە دەرھال ئۇنى ئاكتىپلار ئاممىۋى پېپەن قىلىش سەھنىلىرىگە سۆرەپ چىقىپ كۈرەش قىلاتتى. چەتئەل بىلەن ئالاقىسى بار ئۇيغۇرلار ئالاھىدە گۇمانلىق بولدى. قازاقىستاندا چوڭ ئانىسى بار بىر ئۇيغۇر ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەتتا چېگرا سىرتىدا بىرەر تۇققىنىڭنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىپ سىلىشمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك، چۈنكى سېنى ئىشپىيون دەپ زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن».(28) ئۈرۈمچىدىكى تۆمۈر يول ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بىر ئۇيغۇر كادىرنىڭ بىر سىڭلىسى ئۆزبېكىستاندا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى يىل تۈرمىدە ياتقان.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى گويا بىر ئىچكى ئۇرۇش بولدىكى، ھەتتا ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز ئىچىدە بۆلۈنۈپ كېتىشتى، ئەمما ھەممەيلەن پاتقاقتا چۈشۈپ كەتمىدى. ئىتتىپاقلىق ھەققىدە مىساللارمۇ بار. ماۋجۇشىغا قارشى «توپىلاڭچىلار» ئىگەللىۋالغان بىر كوممۇناغا بارغان بىر ئۇيغۇر قاماققا چۈشۈپ ئۆلگۈدەك تاياق يېگەن ۋە بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان. ئۇنى بىر خەنزۇ قۇتۇلدۇرىۋېلىپ، كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ 60 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئۆيىگە مېڭىپ بارالىغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئون كۈن بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. بۇ خەنزۇ شىنجاڭدىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە ھەيدەلگەن  بىر گومىنداڭ ئەسكىرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىن كەلگەن ئىكەن. بۇ خەنزۇ بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە ئاياغ، پايپاق ۋە شەرقىي جۇڭگودا كۆپ ئۇچرايدىغان كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئادەتلەنگەن.

1967 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋاڭ ئىنماۋ بېيجىڭدا رەھبەرلەرنى غەربىي رايوندىكى خىيىم ـ خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇ يوق چاغدا بۇ يەردە 26 ـ يانۋار كۈنى بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن ئېغىر توقۇنۇش يۈز بەردى. شاڭخەيدىن كەلگەن ياش ئاكتىپلار ئۈرۈمچىنىڭ

www.uyghurweb.net

غەربىي شىمالىدىكى سانائەت شەھىرى شىخەنزىدىكى بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى كونترول ئاستىغا ئېلىشقا ئۇرۇندى. بۇ فابرىكىنى باشقۇرىۋاتقانلار ۋاڭ ئىنماۋنى قوللايدىغانلار، يەنى قوشۇمچە ھەربىي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىكىتۇەنى خادىملىرى ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىلدى. بۇ پىشقەدەملەر ئۆزلىرىنى «شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىكىتۇەنى «1-ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئارمىيىسى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆلگىچە قوغداشقا قەسەمياد قىلغان» دەپ ئاتايتتى. دېمىسىمۇ بۇ تارىختىكى بىكىتۇەنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ئىسمى ئىدى.

ۋاڭ ئىنماۋنىڭ قوشۇنلىرى ئون ماشىنىدا كەلدى. ئۇلار ئون ياش ئۆلتۈرگان بىر ماشىنىنى توسۇپ ئۆلارنى نەق مەيداندا ئاتتى. ئاندىن داۋاملىق سوقۇشتا نۇرغۇن ياش ئاكتىپلار ۋە ياندا تاماشا كۆرگۈچىلەر ئۆلتۈرۈلدى. ھايات قالغان بەزىلەر شاگخەيگە قايتۇرۇلدى. يەنە باشقىلار جازا لاگېرلىرىدىكى قاماقتا تۇگەشتى( ).

قارىماققا ۋاڭ ئىنماۋنىڭ پارتىيە رەھبەرلىرىگە سۆزلىگەن دوكلات ـ تەكلىپلىرى تەستىقلانغاندەك قىلاتتى. كېيىنكى ئايدا بېيجىڭ شىنجاڭ قاتارلىق رايونلاردىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ «يېڭى باسقۇچى» نىڭ ئاساسلىقى مىللىي قوغدىنىش بولىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقاردى. ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا بارلىق ئىنقىلابى ھەرىكەتلەر توختىغان ئىدى. جۇئىنلەي ئۇرۇش توختىتىشقا قوماندانلىق قىلاتتى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىكىتۇەنلەرنى باشقۇرۇشقا باشلىغان ئىدى.

گەرچە ۋاڭ ئىنماۋ غالىبىيەتچى بولسىمۇ يەنىلا رەھبەرلەردىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇ ماۋزېدۇڭغا يوللىغان دوكلاتىدا «ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش» ھەرىكىتىنى ياش ئاكتىپلار، يەنى ياخشى يولداشلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىنى سۆزلىگەن. بەلكى ئۇ گېپىنىڭ باشلىنىشى بولىشى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ گېپىنىڭ پوسكاللىسى، يەنى لوپنۇردىكى يادرو بازىسى ھەققىدە سۆزلىگەن. ئۇ بۇ بازىنىڭ چەتئەللىك جاسۇسلار ۋە «دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەنلەر» تەرىپىدىن ئاسانلا بايقىلىدىغان بىر ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ ھەتتا يادرو ئۈسكۈنىلىرىنى يەر يۈزىدە بىخەتەر ساقلىيالماسلىقتىن قورققان بولىشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ گېپىنى ئۈتكۈزۈلگەن. ماۋجۇشى ۋە مۇداپىئە مىنىستىرى لىن بياۋ بىلەن تەپسىلى كۆرۈشكەندىن كېيىن، 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ۋاقىتلىق توختىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە يوليۇرۇق بېرىلگەن.

جۇڭگونى قاپلىغان قالايمىقانچىلىق ۋە جېدەل ـ ماجىرالار ماۋزېدۇڭنى ئۆزى يوليۇرۇق بېرىپ قوزغىغان بۇ مىللىي كۈرەشنى ئۇنۇملۇك ھالدا توختىتىش ئۈچۈن ئارمىيەنى ئىشقا سېلىپ، تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى تاكى 1976 ـ يىلى ماۋزېدۇڭ ئۆلگىچە داۋام قىلدى. بۇ چاغدا شىنجاڭ ھۆكۈمىتى لوڭ شۈجىن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. ئاندىن 1979 ـ يىلغىچە كوللىكتىپ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولدى. ۋاڭ ئىنماۋ «تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن» بېيجىڭدا كۈرەش قىلىندى ۋە ئۇنىڭ ئىسمى شىنجاڭ سەھىپىسىدىن غايىپ بولدى. ئۇ 1969 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بېيجىڭدىكى بىر يىغىندا كۆزگە چېلىققان. ئەمما 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، نەنجىڭدا سىياسىي كومىسسار بولۇپ قايتا پەيدا بولغان.

www.uyghurweb.net

گەرچە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ نىشانى تۈركى خەلقلەر ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇللار بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەڭ ئاساسلىق ئاپەتكە ئۇچرىغانلار بولدى. مەسجىدلەر چېقىۋېتىلدى ۋە «قۇرئان» ئايەتلىرى كۆيدۈرۈلدى، مۇسۇلمان دىنىي زاتلار قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، كوچىلاردا سازايى قىلىندى. ئەمما ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بۇ زۇلۇملارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر مەزگىللىك ئارامل‍ىق ئەگىشىپ كەلدى.

1971 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق مىنىستىرى سەيپىدىن ئەزىرى سىياسىي خۇجايىنلىقتا تېيىلىنىپ، ئارغامچا بوش قويۇۋېتىلدى. پەقەت كوممۇنا ئۆزگەرمىگەن شارائىتتا، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، شەخسىي يەر ۋە چارۋا - مال مەھسۇلاتلىرى بولۇشقا رۇخسەت قىلىندى. يېزا - قىشلاقلاردا كەڭرى بازارلار ئېچىلدى ۋە ئىشلىگەن «نورما» غا چۈشلۇق مائاش بېرىلدى. گەرچە دەرسلىكلەر ئېغىر ھالدىكى سىياسىي تەشۋىقاتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مەكتەپ ۋە ئىنىستىتوتلار قايتا ئېچىلدى.

ھالبۇكى، ئىدىيىدىكى قاتمال چۈشەنچىلەر ھېچ ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى. 1976 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تۆت كىشىلىك گۇرۇھ قولغا ئېلىنغان ۋە سوراق قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەر تۆت كىشىلىك گۇرۇھ تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماۋجۇشىنىڭ ئايالى جاڭ چىڭ «ئاجايىپ - غارايىپ» ناخشا - ئۇسسۇللىرى بار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى» دىن قىلىشمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ، «شۇ تايىنى يوق شىنجاڭدا نېمە بار؟ مەن سەندىن بىزار» دېگەنمىش.(29) بەلكى ئۇ ھېچقاچان بۇنداق دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما جاڭ چىڭ دېدى دېيىلگەن. بۇ ھاقارەت نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ كالللىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېلىھەم بىر توپ ياۋايىلار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى كۆرسەتتى.

ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پارتىيە غەربىي رايوندىكى خەلقلەر ئۇچرىغان كۆلپەتلەرگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. 1978 - يىلى يەر ئىسلاھاتى بولدى ۋە بەزى قەرزلەر كەچۈرۈم قىلىندى. يەرلەر دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىلدى. ئەركىنلىك تەرەپدارى خۇياۋباڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ۋەزىيەت تېخىمۇ ياخشىلاندى. ئۇ پارتكومنىڭ باش كاتىپى بولغان چاغدا، 1980 - يىلى ئىككى ھەپتە ۋاقىت غەربىي رايوندا تۇرغان ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ھەقىقى ئاپتونومىيە بېرىش، شۇنداقلا، خەنزۇ كادىرلار چېكىنىپ چىقىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەن. 1982 - يىلى مىللەتچى ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئوغلى ئەركىن ئالىپتېكىن 1949 - يىلى كىچىك چېغىدا ئايرىلغان يۇرتىنى قايتا زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ، بولۇپمۇ 1978 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن «يەرلىك خەلقلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى» ئەمما ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىشسىزلىق ۋە نامراتچىلىق، بەزى كىشىلەرنىڭ قەھرىتان قىشتا ھېلىھەم يالىڭاياق يۈرىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن مەلۇمات بەرگەن.(30)

بۇ خەلقنىڭ تۈركى قەۋملەردىن بىرى ئىكەنلىكى مانجۇ ئىستېلاسىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىندى. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىلدى. يېڭى يېزىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،

www.uyghurweb.net

ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا يېزىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قەشقەردە ئۆي - ۋاخلىرى تارتىۋېلىنىپ «خەلق ئۆچۈن» ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئۆيلىرى قايتۇرۇپ بېرىلدى ۋە نۇرغۇنى قايتا رېمونت قىلىندى. ئاقسۇدا يەرلىك خەلق بىلەن خەنزۇ كۆچمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق توقۇنۇشتىن كېيىن مەسچىدلەر قايتا ئېچىلدى ۋە ئىسلامىي ئىلىملەرنى تارقىتىشقا رۇخسەت قىلىندى.

1978 - يىلى يولغا قويۇلغان يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ 46 - ماددىسىدا پۇقرالارغا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىلگەن. (دىنغا ئىشەنسىمۇ بولىدۇ، ئىشەنمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە زورلاشقا بولمايدۇ. پەقەت ئاتېئىزمنىلا تەشۋىق قىلىشقا بولىدۇ.) يېقىندا يولغا قويۇلغان تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىدە يالغۇز ئاياللارلا جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغان، ئەرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدىغان بولدى. 1962 - يىلىدىكى قازاقلارنىڭ تۈركۈملەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشى ۋە كوللىكتىپلاشتۇرۇلۇش مەزگىلىدە زور مىقداردىكى چاۋرا - مالنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت ئاچچىق ساۋاقتىن كېيىن، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئۇنداق ئاسان دۆلەت ئەمگەكچىسى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت قوبۇل قىلىندى. ئۇلارنىڭ شەخسىي هايۋانلىرى بولىشىغا ۋە چارۋا - مال بىلەن يەرلەرنى هۆددىگە ئېلىشىغا يول قويۇلدى. ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىر ژۇرنالنىڭ مۇخبىرى ۋەزىيەتتىن مەمنۇن ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى تاغلاردا ياشايدىغان بىر چارۋىچى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كوممۇناغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمما ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان شەرق شامىلى كوممۇناسىدىكى كوللىكتىپلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى مەدھىيىلىگەن قوشاقنى يەنە بىر چارۋىچى ئېيتىپ:

«بىز بەختىيار ئىشلەيمىز،

ئىشىمىزدا جاپا يوق.

داۋالايدۇ دوختۇرلار،

يېتىپ قالساق كېسەل بوپ.

مەن مەكتەپتە ئوقۇمىغان. ئەمما قىزىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە فىزىكا كەسپىدە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى خۇاجۇشى (خۇاگو فېڭ) بۇ يەردە ئىدى. هازىر ئەڭ ياخشى زامان» دېگەن.(31) خۇاگو فېڭدىن كېيىن دېڭ شياۋپىڭ 1981 - يىلى 8 - ئايدا ئۆلكىلىك پارتكوم ئىچىدىكى هوقۇق كۈرىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ «پۈتۈن شىنجاڭ ئىچىدە قوزغىلاڭ» كۆتۈرۈشنى پىلانلىغانلىقى يەتكۈزۈلگەن. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شىكايەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر هالدا تەكشۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان بولىشى مۇمكىن.

هالبۇكى، ئۇيغۇرلار يېڭى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ خىزمەت ۋە ئاپتونومىيە تەلەپ قىلغاندا، تەدرىجى هالدا ئۇلارغا كىشەن سېلىندى. 1983 - يىلى باشلانغان جىنايى ئىشلارغا قارشى باستۇرۇشلار (شىنجاڭدا هەمىشە ئۇيغۇر «بۆلگۈنچىلەر» گە قارىتىلغان) قىيىن - قىستاقلارنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. 1985 - يىلى بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئىنىستىتوتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كوچىلارغا چىقىپ لوپنۇر چۆلىدىكى يادرو قورالللىرى سىنىقىغا قارشى نامايىش قىلدى. شۇ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىلگەندە، يەنە قالايمىقانچىلىق ۋە

www.uyghurweb.net

نامايىشلار بولدى. خەنزۇلارنىڭ فىلىملىرىدىكى ئىرقى كەمستىشكە قارشى ئوقۇغۇچىلار نامايىشلىرى بولدى.
ئىسلاھاتچى خۇياۋباڭ 1987 ـ يىلى ھوقۇقىدىن قىلىپ، 1989 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۆلدى. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇغۇچىلار كوچىلارغا چىقتى. دەسلەپتە ھۆكۈمەت ئۇلارنى بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىنى ئىگەللەپ ئولتۇرۇۋېلىپ دېموكراتىيە داۋاسى قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى قوللىغان دەپ تەسۋىرلىدى. 1989 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى جىم ئولتۇرۇۋېلىپ ئوقۇش تاشلاش ھەرىكىتى تۈيۈقسىز زورلۇق بىلەن باستۇرۇلۇپ، قەتلىئام بىلەن ئاخىرلاشتى. دېموكراتىيە ھەرىكىتى قوپقان يېرىدە قالدى ۋە زامان قاتتىق قول ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى.
ئۈرۈمچىدىكى باستۇرۇلغان نامايىشلار قالايمىقان ئىدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، قاتناش توسۇلۇپ قالغان ۋە 150 نەپەردىن ئارتۇق كادىر ـ ساقچى يارىلانغان. پارتىيە ئىچكى ماتېرىيالىدا دېيىلىشىچە، ئوقۇغۇچىلار پارتكوم مەركىزى ئىشخانىسىغىمۇ ھۇجۇم قىلغان. نامايىش مەقسىتىنىڭ نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، دېيىلگەندەك ئۇ تيەنئەنمېندىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئىپادىلىگەن.
نۇرغۇن كىشى قاتناشقان، باشقا شەھەرلەردىمۇ تەكرارلانغان ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن ئەڭ چوڭ نامايىش بولىشى مۇمكىن دەپ قارالغان بىر دىنىي نامايىش بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلغان «جىنسىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر» ناملىق كىتابقا قارشى قوزغالغان.
ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۈرۈمچىدىكى نامايىش «جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان بىر ئۇچۇم كىشىلەر پىلانلىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قارشى تەشكىللىك ۋە پىلانلىق بىر ۋەقەدىن ئىبارەت.»(32)
1989 ـ يىلقى نامايىش شىنجاڭدا پارتىيە ۋە دۆلەتكە قارشى زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى بىز كېيىنكى باپتا كۆرىمىز.

ئىزاھاتلار
(1) بۇ ھېكايىنى گود فرېي لىئاس «قازاقلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ سىرتقا چىقىشى» 50 ـ 149 ـ بەتلەردە سۆزلىگەن. ئۇ تۈركىيەدە قازاق مۇساپىرلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن.
(2) مىللۋارد: «چېيەنلۇڭ سارىيىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان» 446 ـ بەت.
(3) دىكۆتتېر: «ئىرق ھەققىدە بايان» 75ـ بەتلەر.
(4) فوربېس: «مىلىتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 200 ـ بەت. «شىنجاڭ گېزىتى» 1947 ـ يىل 14 ـ ئاۋغۇست ساندىن ئېلىنغان نەقىل.
(5) يىگىتنىڭ ئوغلى بىلەن سۆھبەت. 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاپرىل.
(6) «شىنجاڭ گېزىتى» 1952 ـ يىلى 29 ـ ئاپرىل.
(7) بېككېر: «ئېچىرقىغان ئەرۋاھلار» 9 ـ 48 ـ بەتلەر.

www.uyghurweb.net

(8) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 201 ـ بەت.
(9) گىلادنېي: «ئۇيغۇر ئىرقى» 20 ـ بەت.
(10) سوئۇسەك: «ئىچكىرى ئاسىيا تارىخى» 211 ـ بەت. 1917ـ يىلى 20ـ نويابىردا پېتروگرادتا چاقىرىلغان خەلق ھەيئەتلىرى قۇرۇلتىيى خىتاپنامىسى.
(11) سوئۇسەك: «ئىچكىرى ئاسىيا تارىخى» 213ـ بەت.
(12) سوئۇسەك: «ئىچكىرى ئاسىيا تارىخى» 225 ـ بەت.
(13) لىبېي: «شىنجاڭ تۈرك مۇسۇلمان مەسىلىسى»107 ـ بەت.
(14) لىبېي: «شىنجاڭ تۈرك مۇسۇلمان مەسىلىسى» 345 ـ بەت.
(15) بېكقۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 86 ـ بەت.
(16) سوسىلېي: «جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىگە يېڭىدىن يېقىنلىشىشى» 2 ـ 20 ـ بەتلەر.
(17) بۇ نۇتۇقنى 1957 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇستتا جۇئېنلەي سۆزلىگەن ۋە پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ نەزىرىيىۋى ژۇرنىلى «قىزىل بايراق» قا يازغان. ئەمما ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ تاكى 1979 ـ يىلغا قەدەر ئۇنى نەشىر قىلمىغان. كەڭ قۇيىۋېتىلگەن دەۋردە، يېڭى يىل كۈنى بارلىق چوڭ ـ چوڭ گېزىتلەرگە بېسىلغان. بۇ نەقىل «بېيجىڭ ئوبزورى» گېزىتىنىڭ 1980 ـ يىل 3 ـ ۋە 10 ـ مارت كۈنىدىكى 9 ـ ۋە 10ـ سانلىرىغا بېسىلغان.
(18) بۇ مۇسېلېينىڭ سۆزى.
(19) ھەر ئىككى تەقرىز يازغۇچىغا قارىتىلغان.
(20) مكمىللېن :«جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆچى» 91 ـ بەت.
(21) لىبېي: «شىنجاڭ تۈرك مۇسۇلمان مەسىلىسى» 67 ـ 352 ـ بەتلەر.
(22) جۇئېنلەي: «بېيجىڭ ئوبزورى» 1980 ـ يىلى 3 ـ مارت 9 ـ سان.
(23) جۇئېنلەي: «بېيجىڭ ئوبزورى» 1980 ـ يىلى 10 ـ مارت 10 ـ سان.
(24) بېككېر: «ئېچىرقىغان ئەرۋاھلار» 158ـ بەت.
(25) لىبېي: «شىنجاڭدا تۈرك مۇسۇلمان مەسىلىسى» 321 ـ بەت. تىيەن چېڭ: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» 1960 ـ يىلى 1 ـ سان. 13 ـ 14 ـ بەتلەردىن نەقىل ئېلىنغان. (يازغۇچى ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان). لىبېي ئىزاھلاپ دەيدۇكى، كوممۇنىستلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرنى ئىشەنچىسىز ھېسابلاپ، «ئۇلارنى خەنزۇ كۆچمەنلەر دېڭىزىدا غەرق قىلىپ يوق قىلىۋېتىش» قا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى بۇ مىسالدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.
(26) پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تارقىتىدىغان بىر ھۆججىتى «بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋە شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىنكى تارىخىي ساۋاقلار» 1993 ـ يىلى ئاۋغۇست.
(27) مكمىللېن: «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆچى» 190 ـ بەت.
(28) يازغۇچى بىلەن سۆھبەت.
(29) مكمىللېن: «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆچى» 298 ـ بەت.
(30) ئالىپتېكىن: «32 يىللىق مۇھاجىرلىقتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا كۆرگەنلىرىم» 150 ـ بەت.

(31) گور: «جۇڭگونىڭ يىراق غەربىگە سەپەر» 331 ـ بەت.
(32) شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر، بۆلگۈنچىلىك ۋە كونترول» دىللون نەقىل ئالغان 19 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

# ئالتىنچى باب قالايمىقانچىلىقلار ۋە ئىنتىقاملار

جۇڭگودىكى ئىسلام مەركىزى قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىدە ئادەتتىكى كۈنلەردە ھەر كۈنى توختىماستىن ناماز ئوقۇپ تۇرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغان كىشىلەر. ئەمما بىرمۇ ئايال كىشى يوق. ئاياللار نامازلىرىنى ئۆيىدە ئوقىشى كېرەك. دىنسىز ئۇرۇمچىدە ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان يەردىكى ئىككى قەۋەتلىك بىر مەسجىدتىمۇ ھەر كۈنى ناماز ئوقۇپ تۇرىۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. پېشىن ۋاقتىدا يۈزچە قېرى ـ ياش ئەر كىشى چوڭ ئاق سەللە يۆگىگەن پېشقەدەم ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ بۇ مەنزىرىگە ھۆرمەت ئىلكىدە قاراپ تۇرغان بىر زىيارەتچى، خەنزۇلار بىلەن تولۇپ تاشقان بىر جۇڭگو شەھىرىدە مەسجىد جامائىتى، بولۇپمۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ياشلارنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ئىبادەت قىلالىغانلىقىغا قىزىقىش ئىلكىدە نەزەر سالماقتا.

جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە «نورمال دىنىي پائالىيەتلەر» قوغدىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەركىنلىكلەر ھۆكۈمەتنىڭ كەيپىياتى بىلەن زىچ باغلانغان. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچىدە زىيارەتچىلەر ئۈچۈن چاپلاپ قويۇلغان چۈشەندۈرۈشلەردىن ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ دائىملىق ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا بۇ مەسجىدنىڭ 1442 ـ يىلى بىنا قىلىنغانلىقى، 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندا «باشتىن ئاخىرى رېمونت قىلىنغانلىقى»، 1962 ـ يىلى (يەنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن تۆت يىل ئىلگىرى جامى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندا) رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى قوغدىلىدىغان ئاسارە ـ ئەتىقە دەپ بېكىتكەنلىكى، 1983 ـ يىلى (ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر ئاز راھەتلىككە چىققاندا) تاھارەت ئالىدىغان تازىلىق ئۆيلىرىنىڭ سېلىنغانلىقى، 1994 ـ يىلى «ھوجرا» لارنىڭ سانى كۆپەيتىلگەنلىكى قاتارلىقلار يېزىلغان. يۇقىرىدا يېزىلغانلار ھۆكۈمەتنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ۋە تارىخىي مەدەنىيەتلىرىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە بۇ سىياسەتلەرنىڭ ... ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى» نى كۆرسەتكەن. داۋامىدا يەنە تەكرار ھالدا دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقادنى قوغدىغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ۋەتىنىنى بىنا قىلىۋاتقانلىقى» سۆزلەنگەن.(1) ساياھەت قوللانمىسىدا جۈمە نامىزى ئوقۇۋاتقان ئالتە ـ يەتتە مىڭ جامائەت ۋە قۇربان ھېيت بىلەن روزا ھېيت مەزگىلىدە جامى سەيناسىغا جەم بولۇپ، «ئۇنلۇك ناغرا ـ سوناي مۇزىكىسى ئىچىدە خۇشال ـ خۇرام ساما ئويناۋاتقان، (كېچە ۋە كۈندۈز دېمەستىن) نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقان» نەچچە ئون مىڭ خەلقنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان سۈرەتلىرى كۆپلەپ بېسىلغان.... بۇ قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ ئۆزگىچە بىر كۆرۈنۈشىگە ئايلانغان.(2)

ئەلۋەتتە بۇلار بىر دۈشمەن ھاكىمىيەتنىڭ سۆزى ئەمەس. جامەدىكى چۈشەندۈرۈش ۋە ساياھەت قوللانمىسىدىكى سۈرەتلەرنى كۆرگەن كىشى مەسجىد ۋە نامازخانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق كونترول ئاستىدا ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ پەرەز قىلالىسۇن؟ ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ تۇسالغۇ، ئاساسىي قانۇندا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا نېمە دېيىلگەن بولىشىدىن قەتئىينەزەر، باشلىقلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش ھەرىكەتلىرىدىن ئىسلامىي ئېتىقاد بىلەن گىراژدانلىق ھوقۇقىنىڭ ئۆز ئارا سىغىشالمىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurweb.net

ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا دىنىي ئېتىقاد ھوقۇقى گەرچە تار دائىرىدە چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما رەسمىي قوغدالغان. 1955 ـ يىلى ھۆكۈمەت ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىشىگە يول قويغان. ئەمما دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلار ئالماشتۇرۇلغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقى يېتەكچىلىك قىلىدىغانلار دىنىي زاتلاردۇر. باشقىچە بولغاندا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. كوممۇنىستلار ئىماملارنىڭ شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. زاكات بېرىشنى بىكار قىلدى. مەسجىدلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى نامراتلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. كېيىن، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە نەچچە مىڭ مەسجىد تاقالدى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ياتىقى، ئات ئېغىلى ۋە قاسساپلارنىڭ قۇشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. موللىلار قولغا ئېلىندى، قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىدى ۋە گەندە ـ سۈيدۈك تازىلاش قاتارلىق پاسكىنا ئىشلارنى قىلىشقا سېلىندى. ئىشخانا ئىچىگە سۆلانغانلار بولسا ھۆكۈمەتكە ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ تۆۋەنامە يېزىشقا مەجبۇرلاندى. مەدرىسلەر تاقالدى ۋە ئەنئەنىۋى ئىسلام دەرسلىكلىرى: ئىلاھىيات، ئىبادەت، مېتافىزىكا، شېئىر، مەنتىق، ئارىفمىتكا، گېئومېترىيە، ئەخلاق، ئاسترونومىيە (ئىلمى نۇجۇم)، تىبابەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىلمى قاتارلىقلار ئوقۇتۇلۇشتىن توختىتىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، دىنىي زاتلارنىڭ ئىمتىيازىنى بىكار قىلىش ۋە «فىئوداللىق زۇلۇم» نى تۈگىتىش دېگەن نام ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن 1980 ـ يىللاردا بەزى مەسجىدلەر قايتا رېمونت قىلىنىپ، قىسقا بىر مەزگىللىك ئاراملىق بولدى. ئەمما تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە شىنجاڭ ھەم باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نامايىشىدىن كېيىن دىننى باستۇرۇش داۋام قىلدى. تەستىقسىز قايتا بىنا قىلىنغان مەسجىدلەر بۇزۇۋېتىلدى. مەسىلەن: ئاقسۇغا يېقىن ئۇچتۇرپاندىكى قازانبۇلاچ مەسجىدى رامىزاندا «جامائەتنىڭ بۇ يەردە رۇخسەتسىز ھالدا يىغىلىپ تىراۋىھ نامىزى ئوقىغانلىقى» سەۋەبلىك چېقىۋېتىلگەن. 1996 ـ يىلى مەملىكەت ئىچىدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى داۋامىدا دىنغا زەربە بېرىش سالمىقى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. بۇ مەزگىلدىكى زەربە بېرىش نىشانى يەر ئاستى قۇرئان ئۆگىتىش مەكتەپلىرىنى يوقىتىش، پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدا ئاساسى قاتلامنى تازىلاش («ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش») ئىدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مەسجىدكە بارغان زامان ئىشتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مەمۇرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناماز ئوقۇشى، روزا تۇتۇشى ياكى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششى مەنئى قىلىندى. رامىزان مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ تاماق يېگەن ـ يېمىگەنلىكى قاتتىق تەكشۈرۈلدى، روزا تۇتماسلىق ھەققىدە ۋەدىنامىلەر يازدۇرۇلدى ۋە ھەقسىز چۈشلۈك تاماقلار بېرىلدى. قانۇنسىز ناماز ئوقىغانلار ئونىۋېرسىتېتلەردىن دەرھال ھەيدىلەتتى.

بۇ خىل تازىلاش ھەرىكىتى بەزىدە غەيرى ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىلدى. 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ياسىن خېۋىر ئىسىملىك بىر يېزىلىق كىشى «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان» لىقى سەۋەبلىك قاماپ قويۇلغان. ئۇچ ئايدىن كېيىن 3000 يۈەن (تەخمىنەن 350 ئامېرىكا دوللىرى) جەرىمانە تۆلەپ قۇتۇلۇپ چىققان. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بىردەمدىن كېيىن يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ھاراق ئىچىشكە زورلاپ، دىنىي پەرھىزنى بۇزدۇرغان ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ،

www.uyghurweb.net

بۇندىن كېيىن يەنە ناماز ئوقۇيدىغان بولسا تۈرمىگە سولىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان.(3) شىمالدىكى نىڭغىت شەھىرى قارامايدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلارغا ئۇلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەممىشە ھەقسىز ھاراق بېرىلگەن.(4)

2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىككى نەپەر ئۇيغۇر بالا مەخپىي ھالدا دىنىي دەرسكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەنزۇ ساقچى ئۇلارنى قاتتىق قىيناپ باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسىلىسىنى تاپشۇرۇشقا زورلىغان. نەتىجىدە، يەتتە ياشلىق باللاردىنمۇ بولۇپ 18 نەپەر كىشى قاماققا ئېلىنغان. ھەممىسى 300 يۈەندىن 500 يۈەنگە قەدەر جەرىمانە تۆلىگەن. ئوقۇتقۇچى بىر ئاي قاماقتا ياتقان ۋە مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان.(5) باشقا خەۋەرلەرگە قارىغاندا قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىدە ناماز ئوقۇپ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار ھەر جۈمە كۈنى مەكتەپكە چاقىرىلغان.(6) دۆلەتنىڭ دىنىي مەكتەپلىرىدە ئەلۋەتتە دىن دەرسى بار. ئەمما ئۇ دەرستىكى دىن: دىن پەقەت جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى خەلق ئىشىنىدىغان خۇراپاتتىن ئىبارەت دەيدىغان ماركسىزم كۆز قارىشىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتى ھەممىشە «ماركسىزم دىنغا قارشى» ۋە «دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرى» دېگەن تېمىلاردا كۇرسلار ئاچىدۇ.

ھېچقانداق بىر ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى تامامەن كونترول قىلالىغان ئەمەس. ئەمما جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەشۋىقات، تەھدىت ۋە جازالاش ئارقىلىق ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا ئارقىدىن ئورا كولاشتا قولىدىن كەلگەنلىكى ۋاستىنى ئىشلىتىپ بەك ئاشۇرىۋەتتى. دىنغا ھۇجۇم قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، ئۇيغۇر تىلىغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئالىمى مەھمۇد قاشغەرى ئاساس سالغان تىل ـ ئەدەبىياتىدىن ئالاھىدە پەخىرلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مەھمۇد كاشغەرى خۇددى ئىنگلىزلارغا نىسبەتەن شكىسپىر ياكى رۇسلارغا نىسبەتەن پوشكىن كەبى ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. ئۇ گۈزەل بوستانلىق ئوپالدا تۇغۇلغان. ئوپال قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر يېزا بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان قەبرىسى ياتماقتا.(7) مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ 1065 ـ يىلى يازغان تۈركى قەبىلىلەرنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە تىللىرى بايان قىلىنغان بۈيۈك كىتابى «تۈركى تىللار دىۋانى» بىلەن جاھانغا تونۇلغان. شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى «خەنزۇ ئالىملار ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە مەركىزى ئاسىيانى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن» يېقىندا ئۇنى تۇنجى قېتىم خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلدى.(8)

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار، گەرچە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق بۈيۈك ئالىملىرى ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان مەدەنىيىتى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى خەنزۇلارنىڭ ئۆز قولىغا ئېلىۋالغانلىقى ۋە ئەيچىللىك بىلەن ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلاردىن كىمكى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە بىرەر نەرسە يازسا ئۇ كىشى ناھايىتى ئاسانلا جۇڭگونىڭ بىرلىكىگە تەھدىت سالدى دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىدۇ.

تارىخىي كىتابلار تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىلغان. 1991 ـ يىلى «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ۋە «ئۇيغۇرلار» ناملىق ئۈچ كىتاب مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان (بۇ ئىسىمغا جۇڭگولۇقلار بەك ئۆچ) قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغان بۆلگۈنچى دېگەن باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قارىغا ئېلىندى، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ كىتابلارنىڭ ئاپتورى تۇرغۇن ئالماس ئۇيغۇرلارنى باشقا تۈركىي

www.uyghurweb.net

قەۋملەرگە باغلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇمچىدە ئۆز ئۆيىگە قاماپ قويۇلغان. خېلى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىنمۇ نازارەت ئاستىدا تۇرغان.

هۆكۈمەت ئۇيغۇرچە كىتابلارنى چەكلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى كۆيدۈرگەن. قەشقەردىن كەلگەن تەھقىقلەنمىگەن بىر خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تېمىسىدا ھېچبىر شەك بولمىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى» ناملىق كىتابتىن 32 مىڭ دانىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردىن ئىككىسى بىلەن قوشۇپ يوقاتقان.(9) بۇ قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك كىتابى 1988 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قەغەز ياساش تېخنىكىسى، شام ئىشلەپچىقىرىش، گىلەم توقۇش ۋە يىپەكچىلىك قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن. ئەمما ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىدە قۇرئان ئايەتلىرى بار ئىكەن. كادىرلار كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ بىر نەرسە دېمىگەن، يەرلىك پارتكوم دىندىن گۇمانلانغان. ئەمما «قەشقەر گېزىتى» نىڭ ئېيتىشىچە، نەشرىيات 330 دانە كىتابنى تەكشۈرگەن ۋە باشقا «چاتاق» كىتابلارنىڭ نەشىردىن چىقىشىنى توختاتقان.

بىۋاستە جانغا تېگىدىغان ھەتتا زورلۇق بىلەن ئىجرا قىلىدۇرىلىدىغان مەمۇرى باشقۇرۇش كاشىلىسى بولسا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدۇر. جۇڭگودا پىلانلىق تۇغۇتنىڭ بىر مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. بىر پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتى 1970 ـ يىللاردا بەزى شەھەرلەردە يولغا قويۇلغان ۋە 1979 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن جۇڭگودا رەسمىي يولغا قويۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن. بۇ تەدبىر كېيىن بەزى چەت رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھېچ بولمىغاندىمۇ نەزەرىيە جەھەتتە بىر ئاز كەڭرى قويۇۋېتىلگەن. ئەمما 1988 ـ يىلى مەسئۇلىيەت سورۇشتە قىلىنىدىغان پىلانلىق تۇغۇت چارىسى مۇسۇلمانلارغىچە كېڭەيتىلگەن.

تەقسىمات قارىماققا مەرتىلىك بىلەن قىلىنغاندەك كۆرۈنىدۇ. شەھەردىكى ئەر ـ خوتۇنلار ئىككى پەرزەنتلىك، دېھقانلار ئۈچ پەرزەنتلىك، (شىنجاڭدىكى خەنزۇ كۆچمەنلەر ئىككى پەرزەنتلىك) بولۇشقا رۇخسەت قىلىنغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇشۇنداق ئاز قالغان، ھەمدە مەجبۇرى ئىجرا قىلىنغان پىلانلىق تۇغۇت مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىرقى تاجاۋۇزچىلىق مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن باشقا ئۇ يەنە ئاللاھ ئالدىدا بىر جىنايەت ھېسابلىناتتى. مەككىدىكى دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى مەجبۇرى يولغا قويۇلغان توغۇت چەكلەش سىياسىتىگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، جۇڭگو زۇڭلىسى جاۋزىياڭغا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىسلامىي ئەقىدىلەرگە خىلاپ ھالدا «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرىكەت قوللانغانلىقى» نى ئەيىبلەپ ئاچچىق بىر تېلگىراممىا يوللىغان. بىر قەدەر ھەق گەپ قىلغان بۇ تېلگىراممىدا مۇسۇلمانلارنىڭ «جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى ۋە جانغا زامىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى... لوپنۇردا ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم سىنىقىنىڭ زەھەرلىك تەسىرلىرىنى سۆزلەۋېرىشكە گەپ كەتمەيدىغانلىقى» سۆزلەنگەن. ئۇنىڭدا جۇڭگو رادىئوسى ئاڭلاتقان يېقىندا تارقالغان يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى سەۋەبىدىن 60 مىڭ مۇسۇلماننىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر نەقىل قىلىنغان.(10)

ھەتتا بىر دىنسىز جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ جۇڭگودەك كۆپ نوپۇسلۇق بىر دۆلەتتىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ توغۇتقا چەك قويۇشى ۋە مەجبۇرى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش، ھامىلە چۈشۈرۈش ۋە ئېغىر جەرىمانىلەرنى قويۇش ئارقىلىق خەلقنى زورلىشى ئېتىكا جەھەتتىن قاملاشمايدىغان بىر ئىش. 1975 ـ يىلى ھىندىستاندا ئىندرا گەندى مەجبۇرى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشنى يولغا قويغاندا

www.uyghurweb.net

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك نارازىلىق قوزغالغان. گەرچە شىنجاڭغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىق مىللەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نوپۇسى پۈتۈن جۇڭگو نوپۇسىنىڭ ئاران بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئەمما پاكىستانلاردىن ئايان بولدىكى، بۇ سىياسەت ئەمەلىيەتتە ئاممىۋى تەشۋىقاتقا قارىغاندا، نەچچە ھەسسە قاتتىق ئىجرا قىلىنىدى.

خەيرىنىساخان ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ھېكايىسىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ھالبۇكى، شىنجاڭدىن كەلگەن بۇ خەۋەر تىپىك بىر ئەھۋالدۇر. ھېكايىدە دېيىلىشىچە، تۇرپاندا ئولتۇرۇشلۇق 32 ياشلىق خەيرىنىساخان ئەخمەتجان ئىسىملىك بىرەيلەن بىلەن ئۆيلەنگەن. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىلگىرىكى نىكاھىدىن قالغان بىردىن بالىسى بار ئىكەن. بۇ يېڭى ئەر - خوتۇن ئىككىمىز يەنە بىر بالىلىق بولالايمىز دەپ ئىشەنگەن، ئەمما خەيرىنىساخان ھامىلدار بولۇپ، بەش ئايدىن كېيىن پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى ئۇنىڭغا «پىلان سىرتىدا ھامىلدار بولغانلىقى» نى ۋە جەزمەن ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان.

پىلانلىق تۇغۇت كادىرى ھەر كۈنى ئۆيگە كېلىۋەرگەن. ئەخمەتجاننى باشلىقى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر خوتۇنىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلمايدىغان بولسا، دەرھال خىزمەتتىن ھەيدىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئەر - خوتۇن خىزمەتنى ۋە بالىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يالغاندىن نىكاھتىن ئاجرىشىش قارارىغا كەلگەن. خەيرىنىساخان تۇغۇش ئۈچۈن باشقا بىر ۋىلايەتكە كەتكەن، ئەمما بىر ئايدىن كېيىن پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى ئۇنى سېزىپ قىلىپ، مەجبۇرى تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە بالىنى ئالدۇرۋېتىشكە زورلىغان. خەيرىنساخان ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ توخسۇن ناھىيىسىگە كەتكەن. بۇ يەردە ئۇ يەنە بايقىلىپ قالغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھامىلدار بولغىنىغا سەككىز يېرىم ئاي بولغان ئىدى. ئەمما ئۇ يەنە بىر قېتىم قېچىپ 200 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر تاغلىق يېزىغا  كەتكەن. ئۇ تولغاقتا تۇرغاندا پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى ئۇنى تۇتىۋالغان. بىر نەپەر پىلانلىق تۇغۇت كادىرى ئىككى ساقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنى خۇددى جىنايەتچىگە ئوخشاش تۇتۇپ تۇرپانغا ئېلىپ كەلگەن. دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ قورسىقىنى كېسىپ «ئۆلۈك» بالىنى ئالغان. بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىقى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئانا ساراڭ بولۇپ قالغان ۋە نېرۋىسىدىن ئادىشىپ تۇرپان كوچىلىرىدا دەرت - ھەسرەتتىن بىئارام بولۇپ، مەقسەتسىز لاغايلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغان.(11)

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بالىياتقۇدىكى بىر قانچە كۈنلۈك ھامىلىنى قورساقنى كېسىپ ئېلىش، بالا قىردۇرۇش ۋە داۋالاش ئورگانلىرىنىڭ ئاياللارنى ناتوغرا داۋالىشى، شۇنداقلا خۇشياقماي قولىنىڭ ئوچىدىلا ئوپېراتسىيە قىلىشى، دىققەتسىزلىكى قاتارلىقلار مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قېلىش ۋە بەزىدە ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ - چىقىشلارنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالماقتا.(12)

تۇغۇت چەكلەش - يەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن توي قىلغان ھەر بىر ئايال ئوتتۇرسىدا «تۇغۇت چەكلەش توختىمى» ئىمزالاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. قەشقەردىن كەلگەن بىر ياخشىچاق ئادەمنىڭ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا تەرجىمە قىلىپ ئېيتىشىچە، پىلانلىق تۇغۇت «ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى تەرەققىياتنى يۇكسەلدۇرۇش، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش» ئۈچۈن ئىمىش. قوللىنىدىغان تەدبىرلەر بار. ئەگەر پىلان سىرتىدا ھامىلدار بولۇپ قالسا، ھەر ئىككى تەرەپ «قوشۇمچە تەدبىر» (بۇ بىر سىلىقلاشتۇرۇپ

www.uyghurweb.net

ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، مەنىسى سۇنئى ئۇسۇلدا بالىنى ئالدۇرۋېتىش يولى) بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. توختامغا رىئايە قىلغانلار يىل ئاخىرىدا مۇكاپاتلىنىدۇ. ئەگەر ئۈچ يىل باللىق بولمىسا «پىلانلىق تۇغۇتتىكى شەرەپلىك ئائىلە» بولۇپ باھالىنىدۇ. بالىنى ئالدۇرۇۋېتىشنى رەت قىلغان ئەر - خوتۇنلار تاكى بالىنى ئالدۇرىۋەتكەنگە قەدەر ھەر ئايدا 50 يۈەن تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار پىلان سىرتىدا باللىق بولۇپ قالسا، دوختۇرخانا چىقىملىرىنى تۆلەش بىلەن بىرگە «ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى» بويىچە ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ.(13)

2000 - يىلى خوتەن شەھەرلىك پارتكوم تۈزگەن ھۆججەتتە بەلگىلىنىشىچە، ئەگەر قايسى يېزىدا پىلاندىن ئارتۇق بوۋاق تۇغۇلغانلىقى بايقىلىپ قالسا، شۇ يېزا باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىلىدىغانلىقى ۋە ئېغىر جەرىمانە تۆلەيدىغانلىقى، شۇنداقلا تۇغقان ئايالدىن ئىلگىرى ھالقىنى ئېلىۋەتكەن دوختۇرنىڭمۇ ئېغىر جەرىمانە تۆلەيدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، بېرىلگەن سان (بوۋاق سانى) شەخس سانىغا كۆرە ئەمەس، بەلكى جۇغراپىيىلىك رايونغا كۆرە تەخسىملەنگەن. 2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى بىر يەرلىك گېزىتتە ماختاپ ئېيتىلىشىچە، بۇ رايوندىكى 45 مىڭ تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللاردىن 30 مىڭ 400 نەپەردىن كۆپرەكى پىلانلىق كونترول قىلىش ئىچىدە بولغان. باشقا بىر نامسىز ناھىيىنىڭ ئومۇمى نوپۇسى 180 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەقەت 1000 (مىڭ) نەپەر ئايالغا تۇغۇشقا رۇخسەت قىلىپ سان بېرىلگەن. 40 نەپەر خىزمەتچى ئايال ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىن ھەيدەلگەن.

ھەيران قىلىش ھاجەتسىزكى، نەپرەتلەر قايناپ تېشىپ زوراۋانلىققا ئايلاندى. «پىلانلىق تۇغۇت ۋە تۇغۇت چەكلەش تەجرىبىسى» ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىككى ناھىيىسىدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىنلا، 1994 - يىلى 18 - ئىيۇل ئىككى يەردە بۇنىڭغا قارشى بومبا پارتلىدى. بىر بومبا تەككەن يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدا شۇ يىلى يۈز نەپەر ئايال مەجبۇرى بالا ئالدۇرىۋەتكەن ئىدى. پارتلاشتىن كېيىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىندى. كېيىنكى يىلى خوتەندە بىر توپ كىشى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئوت قويدى. 1998 - يىلى ئاقسۇدا رىھىم سىراجىدىن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر دېھقان ئۆيىگە كىلىپ «خوتۇنىغا پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدە گەپ قىلغان» پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ ئايال كادىرىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. بۇ دېھقانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى يېزىلغان. «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى بىر توپ خەۋەردە ئۆلگەن پىلانلىق تۇغۇت كادىرى «قەھرىمان» دەپ مەدھىيىلەنگەن.(14)

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئەڭ ئالدىنقى مۇھىم ئىش ھېسابلانغانسىرى، يەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىمۇ ئاشۇرۇلدى ۋە بەزىدە زور ۋاستىلەرمۇ قوللىنىلدى. ھەممەيلەن بۇ ئۇيغۇر ئاكتىپلارغا قاراپ «تۇرمۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش» كە قارىغاندا تۇغۇت كونترول قىلىشنىڭ كۆپرەك بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەت - يىراق يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرىلاپ كەتتى، چۈنكى ئۇلار ھەمىشە داۋالىنىشقا شارائىتى يوق ۋە ئىنتايىن نامرات كىشىلەر ئىدى. دېمىسىمۇ ئاز نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلارغا بۇ تۈزۈم قارىماققا ئىنتايىن ئادالەتسىزلىك قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ دوختۇر سىستىرالىرىغا ئىشەنمەس قىلىپ قويدى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت بىزنى «ئىرقى يوقىتىش» ئۈچۈن نىشانغا ئالدى دېگەن گۇمانىنى كۈچەيتتى. بىر

www.uyghurweb.net

نەپەر ئۇيغۇر سەھىيە كادىرى: «ئەگەر بىزنىڭ بالىلىق بولىشىمىز چەكلەنسە، بىز يوقىلىمىز» دېگەن.(15) ئىشنىڭ يامىنى شۇكى، جۇڭگو رەھبەرلىرى بۇ سىياسەتنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. قاتتىق بېسىم ئىچىدە كونترول قىلىشقا خەلق قارشىلىق قىلىش ۋە خۇپىيانە خىلاپلىق قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى. نەتىجىدە مەملىكەت نوپۇسى پىلاندىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. سېلىشتۇرغاندا بىر قىسىم رايونلاردىكى تەجرىبە تۈزۈمنى ئىختىيارى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى كۆرسەتتى.(16)

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ناھەقچىلىقلارغا كۆز يۇمۇپ تۇرىۋالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ تارىخىدا ۋەھشى غوجىلار، چىرىك بەگلەر، رەھىمسىز مىلىتارىستلار ۋە ئاچكۆز دىكتاتورلار ئۆتكەن. (باشقىلارنىڭ نەزىرىدە) ئۇلار ھەمىشە جۇڭگو ھاكىمىيىتىدە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ. بۈگۈن ئۇنداق دېيىلمەيدۇ. چۈنكى، پەقەت دىنىي ۋە ئائىلىۋى ھايات جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئادىل ئىدارە قىلىش جەھەتتە خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ بيۇروكراتچىلىقى، بۇزۇقچىلىقىنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە مىساللار ئىنتايىن كۆپ.

چەتئەلدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بىر ئۇيغۇرنىڭ ئەسلەپ ئېيتىشىچە، قەشقەردە ھەربىي ماشىنا ھەيدەپ مېڭىۋاتقان بىر خەنزۇ ئەسكەر بىر ئۇيغۇرنى بېسىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى بۇ ئەسكەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك جىنايى پاكىتلىرىنى دەلىللەپ، ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. بۇ ئەسكەر بۇ جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان ، چۈنكى باشلىقى خەنزۇ ساقچى ئىدارىسى بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغان ۋە ئەگەر سوت مەھكىمىسى دېگىنىنى قىلدۇرىدىغان بولسا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان.(17) كۆپ سانلىقى ئۇيغۇرلار بولغان سوت بەلكىم قاتتىق جازا بەرگەن بولىشى مۇمكىن. ئەمما ئىشنىڭ نۇقتىسى شۇكى، بۇ خەنزۇلارغا جازا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار گۇناھسىز دېگەنلىك بولدى. قولغا ئېلىشتىن تارتىپ، قاماق، سوراق، تۈرمىگە ئېلىش ۋە ھۆكۈم ئىجرا قىلىشقىچە بولغان تۈزۈملەر بۇ خىل ئىككى بىسلىق ئۆلچەملەر بىلەن لىق توشۇپ كەتكەن.

ئۆتمۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولغان نۇرغۇنلىغان ناھاقچىلىقلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ تەكرار يۈز بەرمەكتە. يەنى مەجبۇرى ھاشار ياكى مۇت ئەمگەك، يەرلەر ۋە مال مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق. ئەمما ئۆتمۈشتە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، دىنىي زاتلىرى ۋە دىنىي قائىدە ـ يۇسۇنلىرىغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلىش ھادىسلىرى ئىنتايىن ئاز يۈز بەرگەن. دۆلەت سىستېمىلىق ھالدا تۇغۇتنى چەكلەيدىغان، مەجبۇرى بالا ئالدۇرىۋېتىشكە زورلايدىغان ئىشلار ئۆتمۈشتە ھېچ يۈز بەرمىگەن.

ئۆتمۈشتە، تۈركلەرنىڭ جىنسى ئادەتلىرىگە ئاشكارا ھاقارەت قىلىشتىن ھەممەيلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئېھتىيات قىلغان. ئەمما ئۇ يۈز بەرگەندە، (مەسىلەن: 1765 ـ يىلىدىكى «ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى»، 1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل توپىلىڭى ۋە 1989 ـ يىلىدىكى «جىنسى ئادەتلەر» ناملىق كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشى تۈپەيلى قوزغالغان ئىنكاس قاتارلىق) مۇسۇلمانلار غەزەپلىنىپ، قورال كۈچى بىلەن جاۋاب بەرگەن. تۈركلەر بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە چېقىلىش ۋە باسقۇنچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى ھەمىشە جېدەل ـ ماجرا قوزغاپ كەلگەن ۋە جىنايەتچى تېگىشلىك جازاغا تارتىلمىغاندا، جىنايەت تېخىمۇ ئەدەپ كۆپىيىپ كەتكەن.

بۇ ۋەقە 1999 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خەۋەر قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەش نەپەر خەنزۇ كۆچمەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر قىز (بىرى 11 ياش، يەنە بىرى 13 ياش) غا باسقۇنچىلىق قىلغان. بۇ ئىككى قىز ئۈرۈمچىگە

www.uyghurweb.net

يىقىن فۇكاڭنىڭ بىر يېزىسىدا ئۆلتۈرۈشلۈق سادىر ئىمىننىڭ قىزلىرى بولۇپ، دادىسى ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغاندا، ساقچى باشلىقى ۋەقەنى تەكشۈرۈشكە ۋەدە قىلغان. ئەمما تۆت كۈنگىچە ھېچ ئىش بولمىغان. بۇ چاغدا سادىر ئىمىن باسقۇنچىلاردىن بىرىنى ئۆزى تۇتۇپ ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ بارغان. ئەمما ساقچى ئەكسىچە سادىر ئىمىننى قولغا ئېلىپ، ئۇنى بەش يىل تۈرمىدە ياتىسەن دەپ تەھدىت سالغان. سادىر ئىمىن قېچىپ چىقىپ ساقچى باشلىقى بىلەن بىر نەپەر باسقۇنچىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ چاغدا 13 ياشلىق قىزى ئاينۇر قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكتىن ئۆلۈپ قالغان. بەش نەپەر ئۇيغۇر ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، باسقۇنچى خەنزۇلارنى قاتتىق ئۇرغان. بۇ ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەخمىنەن يۈزچە ساقچى كەلگەن ۋە ئۇيغۇرلاردىن بىرى ئېلىشىش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەن، باشقىلار قاماققا ئېلىنغان. بۇ ئائىلىنىڭ يېقىن - يۇرۇقلىرىغا ئۇلارغا ياردەم قىلماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلىپ، ئەگەر ياردەم قىلسا «بۆلگۈنچى ئۇنسۇلارغا ياردەم بەرگەن» دېگەن جىنايەت بىلەن سوراققا تارتىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.(18)

ھەتتا ئىنتايىن كىچىك ۋەقەلەرمۇ ئۇيغۇرلارغا قارشى زورلۇق كۈچ بىلەن قاتتىق ئىنتىقام ئالىدىغان ۋەقەلەرگە سەۋەب بولغان. خوتەندە بىر ئايال بىر خەنزۇنىڭ دۇكىنىدا بىر كىچىك بالىنىڭ پۇتىغا بىلمەستىن دەسسەپ سالغان، گەرچە بۇ ئايال ئەپۇ سورىغان بولسىمۇ، بىر خەنزۇ ئەر ئۇنى ھاقارەت قىلىۋەرگەن. ھەتتا بۇ خەنزۇ بۇ بىچارە ئايالنى تۆمۈر تاياق بىلەن قان چىققۇچە ئۇرغان. ئەتراپتا تۇرغان باشقا خەنزۇلار ئۇرغۇچىغا ئىلھام بېرىپ: «ئەگەر بۇ ئايالنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ، ئۇنىڭ بىر تال تۈكىمۇ تەۋرەپ قويمايدىغانلىقىنى» ئېيتقان.(19) بىر توپ كىشى يىغىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئۇرۇشۇپ كەتكەن ۋە نەتىجىدە نۇرغۇن كىشى يارىلانغان. جىدەلنى بىسىقتۇرغۇچى ساقچىلار ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئېتىپ جىدەلنى مەجبۇرى توختاتقان. تەخمىنەن ئىككى يۈزچە ئۇيغۇر قاماققا ئېلىنغان. كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ۋەقەنى «مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلار» باشلىغان ئىمىش. تەكشۈرۈش ۋە قولغا ئېلىشلار بىر قانچە ئاي داۋام قىلغان.

قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا پارتلىغان توپىلاڭ، خەنزۇ خوجايىنلار بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش بىلەن تولغان ئون يىلنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى.

كۆرگىنىمىزدەك، 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ماۋزېدۇڭدىن كېيىنكى رەھبەرلىك يىراق غەربىي رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەرگەن. ئەمما بۇلار كېيىنكى يىللاردا يوقالغان. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تيەنئەنمېن ۋەقەسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن مەركىزى ئاسىيادا ئىسلامنىڭ باش كۆتۈرۈشى قاتارلىق ئامىللار جۇڭگو رەھبەرلىكىدە داۋالغۇش پەيدا قىلغان. ئۇ شۇنداقلا شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان.

بارىن توپىلىڭى 1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پارتلىغان. ئۇ كۆلىمى ۋە جەڭگىۋارلىقى جەھەتتە ئامانلىق ساقلىغۇچى قىسىملاردىن ئېشىپ چۈشكەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلوق ھۆكۈمەت ھەيران قالغان.

كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ توپىلاڭ پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرگەن چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئەسەبىيلىككە قوترىتىشى بىلەن بولغان. ئەمما يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ

www.uyghurweb.net

پارتلاشنىڭ بىۋاستە سەۋەبى ھېيتقا بىر ئاي ۋاقىت قالغاندا مەسجىدنىڭ مەجبۇرى تاقىلىپ پېچەتلىنىشىدىن ئىبارەت. ئالدىنقى ئايدا بارلىق مەسجىدلەر تاقىۋېتىلگەن ۋە بىر قانچە ھەپتە بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ يىغىلىق مەسجىدكە توپلانغان. كېيىنكى كۈنى يىغىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ سىرتىدا توپلىنىپ ناماز ئوقۇۋاتقان نەچچە يۈز جامائەتنى ساقچىلار تارقىتىۋەتمەكچى بولغاندا جېدەل باشلانغان. بۇ توپىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك دېھقانلار بولۇپ، تەخمىنەن 2000 چە كىشى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ باشچىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە قىرغىزلار ۋە خۇيزۇلار (تۇڭگانلار) مۇ بار ئىكەن.

بۇ توپىلاڭ دەھشەتلىك باستۇرۇلغان. جامائەت ئىچىدە كۆزگە چېلىقىپ قالغان، ئەمما توپىلاڭغا قاتناشمىغان كىشىلەرمۇ قەستەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قولغا ئېلىنغان نۇرغۇن كىشى تۈرمىدە قاتتىق تاياق يېگەن. ساقچىلاردىن 22 كىشى ئۆلگەن. ئەمما كۆرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، توپىلاڭچىلاردىن 50 كىشى ئۆلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قېچىۋاتقاندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرمۇ بار ئىكەن. باشقىلار ئورمانلىقتا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى يېزىدا زەمبىرەكتە ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن ئېتىلغان ئوقتا ئۆلتۈرۈلگەن.(20) خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، ئون مىڭ نوپۇسلۇق بىر يېزىدىكى 13 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغان.

باشقىلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، قىرغىز باشلىقلارنىڭ مەسجىدتە يىغىن ئېچىشى بىلەن قالايمىقانچىلىق باشلانغان بولۇپ، مەسجىدتە ئۇلار پىلانلىق تۇغۇت، يادرو سىنىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تەبىئى بايلىقلىرىنىڭ ئىچكىرى جۇڭگوغا توشۇلۇشى قاتارلىقلاردىن شىكايەت قىلىشقان. نارازىلىقلار بارغانسېرى كۈچەيگەن ۋە جىھاد قىلىپ، خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تەخمىنەن يۈزدەك ساقچى ئۇلارنى باستۇرۇشقا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كۈچى يەتمەي قوراللىرىنى تارتتۇرۇپ قويغان. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ توپىلاڭنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن مىڭ (1000) كىشىلىك قوشۇن باستۇرغان. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە قانىلىدا جىھاد چاقىرىقى ھەققىدە يېزىلغان ئۇيغۇرچە ۋاراقلار ۋە قوراللىق توپىلاڭ ھەققىدىكى گۇمانلىق ئىسپاتلار كۆرسىتىلگەن. دۆلەت ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ توپىلاڭغا ئافغانىستاندىكى مۇجاھىدلار قورال بەرگەن دېگەن.(21) 7 ـ ئايدا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋرىدە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 5000 (بەش مىڭ) جىنايى ئىشلار دېلوسى ۋە بارىن توپىلىڭىغا چېتىشلىق 7900 (يەتتە مىڭ توققۇز يۈز) نەپەر جاۋابكارنىڭ ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. توپىلاڭنى باستۇرۇش مەزگىلىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە چېتىشلىق كىشىلەر قولغا ئېلىنغان. پارتكوم ئەزالىرى ئامانلىق ساقلاشقا مەسئۇل بولغان. چياۋشى بۇ رايوننى كۆزدىن كەچۈرگەن.

بارىن توپىلىڭى توغرىسىدىكى پارتكومنىڭ ئىچكى ماتېرىيالىدا، بۇ توپىلاڭ «شىنجاڭدا ئازاتلىقتىن بۇيان مىللىي بۆلگۈنچىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ئېغىر ھادىسە» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، بۇ سۈيىقەستنى «بارىنغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئاز بىر قىسىم ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر» پۇختا پىلانلىغان بولۇپ، ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» قۇرغان ۋە خەلقنى ئالداپ ئۇلارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان سۈيىقەستكە قاتناشتۇرغان.

www.uyghurweb.net

«دىن چۈمپەردىسى» ئاستىدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ۋە كاپىرلار (خەنزۇلار) نى يوقىتىش پىلانى تۈزۈلگەن.

«ئۇلار بارىن ۋە تۈراند يېزىلىرىدىكى مەسجىد سەيناسىدا ۋەز ئېيتقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان، جىھادنى تەرغىب قىلىدىغان ئۇنئالغۇ لىنتىلىرىنى قويغان. ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار يەرگە يىچاقلارنى سانجىپ قويۇپ كىشىلەرنى جىھادقا قاتنىشىش ئۈچۈن «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلىشقا زورلىغان. ئىسلامدىن قايتقانلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان. 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە بىر گۇرۇپ ئەبلەخ ئىككى يۈزچە خەلقنى توپلاپ يەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا ناماز ئوقۇپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرماقچى بولغان. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ ئەبلەخلەر ئىش توختاتقان ۋە ئاممىۋى تەرتىپ ساقلاشقا كەلگەن ساقچىلارنى ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قورالىنى تارتىۋالغان. ھەتتا ئۇلار پارتىيىمىز ۋە باشقۇرغۇچى كادىرلىرىمىزغا، ساقچى ئەسكەرلىرىمىزگە تۈزاق قۇرۇپ، ئون سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ھويلىسىدا ئۇلارغا قارشى ئەسەبىيلەرچە ئوق ۋە گىرانات ئېتىپ، ياردەمگە كەلگەن ساقچىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسقان. يەتتە نەپەر قوراللىق ساقچىنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرىۋەتكەن».(22)

خەنزۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قوزغىلاڭنىڭ تەشكىللىگۈچىسى زەيدۇن يۇسۇپ 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «بۇغراخان تەزكىرىسى» دېگەندەك كىتابلار بىلەن مەخپىي مەكتەپلەردە جىھادنى تەشۋىق قىلغان. يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە «يالغان ياۋىداقلارنى ئويدۇرغان» ۋە ھەتتا «سوتسىيالىزم يوقالسۇن!» دېگەندەك شۇئارلارنى ئوچۇق توۋلىغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئەمما بارىن توپىلىڭىنىڭ باستۇرۇلىشى تاشقى ۋە ئىچكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى ئېغىر زەربە ۋە «بۈيۈك غەلىبە» بولدى.(23)

بۇ توپىلاڭنىڭ خەۋىرى پۈتۈن ئۆلكىگە پۇر كەتكەن. ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدە 800 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر تاشقى كېسەل دوختۇرىنىڭ ئەسلەپ ئېيتىشىچە، «بارىن يېزىسىدا بولغان ئىشلارنى ھەممە كىشى بىلگەن.» مىڭغا يېقىن ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بۇ دوختۇرخانىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خادىملار، يەنى ئۈچ نەپەر قازاق، بىر نەپەر تاجىك ۋە يىگىرمە بەش نەپەر ئۇيغۇر يىغىنغا چاقىرىلىپ، ئەگەر بۇلار مەسجىدكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، دەرھال خىزمەتتىن ھەيدىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. بۇ چاغلاردا مەسجىدلەرگە ناماز ئوقۇغۇچىلارنى مەخپىي كۆزىتىش ئۈچۈن سىنئالغۇ ئاپاراتلىرى ئورنىتىلغان ئىدى. ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن يۇقىراچە كىيىنگەن ئۇيغۇر ساقچىلار مەسجىدكە كىرىپ جامائەت ئارىسىدا ناماز ئوقۇسا، خەنزۇ ساقچىلار سىرتتا قاراپ ساقلاپ تۇراتتى. روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىدا، قوراللىق ساقچىلار سىرتتا تۇراتتى ۋە مەسجىدتىن چىقىۋاتقان كىشىلەر سۈرەتكە تارتىلاتتى. ئۇ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن جۈمە نامىزىغا بارمايدىغان بولدۇم. مەن پەقەتلا بىر يىلدىكى ئىككى قېتىملىق ھېيت نامىزىغا ئوغۇرلۇقچە بارىمەن. چۈنكى ئەگەر سېزىلىپ قالسام خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن.

www.uyghurweb.net

ئۈرۈمچىدىكى مەسجىدلەرنىڭ ئىچىگە سىنئالغۇ ئاپپاراتى ئورنىتىلغان ۋە مەخپى ساقچىلاردىن قورققانلىقىم ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولدۇم».(24)

بۇ مەزگىلدە نەچچە مىڭ كادىر «خىزمەت گۇرۇپپىسى» بولۇپ تەشكىللىنىپ چېگرا رايونلاردىكى يېزا قىشلاقلارغا ئەۋەتىلگەن ۋە جۇڭگونىڭ ئىچىدىكى ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاخبارات خادىملىرى لاسا شەھىرىدە يىغىنغا چاقىرىلىپ، بۆلگۈنچىلىكنى قاتتىق ئەيىبلەپ كۆپ ماقالا يېزىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇقىمسىزلىق تۇغرۇلۇق ئاز يېزىش، كۆپ خەۋەر قىلماسلىق ھەققىدە يولييورۇق بېرىلگەن. قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم ۋە ساقچىلار كۆپەيتىلگەن. كېيىن يەنە 28 مىڭ نەپەر قوراللىق ساقچى تولۇقلاش قارار قىلىنغان ۋە ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەردە پاراكەندىچىلىكنى بىر تەرەپ قىلىش ئورگانلىرى قۇرۇلغان.

قارىماققا بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ شىنجاڭدا پارتلىتىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەندەك قىلىدۇ. پەردە ئارقىسىدىكى كىم؟ تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغانمۇ يوق؟ ... بۇلار ئېنىق ئەمەس، ئەمما جۇڭگو ھۆكۈمىتى جىنايەتچىلەرنى شۈبھىسىز ئۇيغۇر دەپ بىلەتتى. تۇنجى بومبا 1992 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە بىر ئاپتوبۇستا پارتلاپ 26 كىشى يارىلاندى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، يەنە ئىككى قېتىملىق پارتلاش باشقا بىر ئاپتوبۇس بىلەن كىنوخانىدا يۈز بەرگەن، ئەمما ھېچكىم يارىلانمىغان. ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ھۆججەتلەردە دېيىلىشىچە، بۇ پارتلاشلارنىڭ ئارقىسىدىن تەڭرىتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى باشقا ناھىيىلەردىمۇ پارتلىتىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن. گېرمانىيەدە چىقىدىغان بىر ژۇرنالدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ھەربىي قانۇن ئوتتۇرىغا قويۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن، قەشقەردە 1993 يىلى 6 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك باشقارمىسى بىناسى ئالدىغا يەتتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەر ئاستى تۈرمە قېزىلغان.(25)

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئەمدى باشقا ساھەلەرگىچە كېڭەيگەن. 1993ـ يىلى 3ـ ئايدا جۇڭگونىڭ يادرو ئوق بېشى قۇملۇق ئاستىدا سىناق قىلىنىۋاتقان لوپنۇردا، يادرو قوراللىرىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش يۈز بەردى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مىڭ كىشى ئەتراپتىكى توسمىنى بۆسۈپ بازا ئىچىگە كىرىپ ئايروپىلان، تانكا ۋە باشقا قاتناش قوراللىرىغا ئوت قويغان ۋە ئەتراپتىكى رىشاتكا، توساقلارنى بۇزۇپ ئۆرۈۋەتكەن. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بۇ بىر توپ كىشىلەرگە ئوق ياغدۇرۇپ بەزىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋە نەچچە يۈز كىشىنى قولغا ئالغان. شياڭگاڭدا چىقىدىغان گېزىتتىكى بۇ نامايىش ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەردە دېيىلىشىچە، يەنە رادىئاكتىپلىق ماتېرىيال ۋە پارتلاتقۇچلار ئوغۇرلانغان. (26)

گەرچە بارىن توپىلىڭىنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق ئېغىر بولغان بولسىمۇ، يەتتە يىلدىن كېيىن بىخلىنىپ چىققان غۇلجا ۋەقەسى زور زىلزىلە قوزغىدى ۋە بۇگۈنگىچە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىر داغ بولۇپ قالدى.

ئۆلكىنىڭ ئەڭ مۇنبەت قىسمىغا جايلاشقان گۈزەل شەھەر غۇلجىنى خەنزۇلار «يىنىڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگوغا ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ كەلگەن بۇ شەھەر تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئىككى تىزمىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ۋادىغا جايلاشقان بولۇپ، قازاقىستان چېگرىسىغا يېقىن ۋە ئۇنى جۇڭگو تەرەپكە قارىغاندا غەرب تەرەپ ئاسانراق قولغا ئالالايدۇ. چار پادىشاھ زامانىدا 1871 ـ يىلىدىن 1882 ـ

www.uyghurweb.net

يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يەرنى چار رۇسىيە بېسىۋالغان. بولشېۋىك ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوخشاشلا يەنە ھەممە يەرنى سوۋېت تەسىرى قاپلىغان. (5- باپتا كۆرگىنىمىزدەك) غۇلجىلىقلارنى سوۋېت تەرەپ ئەگەر چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۆزى تەرەپكە كەلسە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە قايىل قىلغان. غۇلجا يەنە (4 - باپتا تەسۋىرلەنگەندەك) 1944 - يىلىدىكى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش شتاپى بولغان. ئۆتمۈشنىڭ كەينىدىن يۈز بەرگەن، جۇڭگوغا قىلىنغان ئەدەپسىز مۇئامىلىسىنى بېيجىڭ ئۇنتۇپ قالمىدى.

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ قەھرىتان سوغۇق ئەمما ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى بىر توپ نامايىشچىلار سەپ بولۇپ كوچىلارغا چىقتى. نەچچە يۈز ياش (بەزى مەلۇماتلاردا نەچچە مىڭ ياش) بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، دىنىي ئۇستازلارنى قويۇپ بېرىش، ئۇيغۇرلارغا خىزمەت بېرىش ھەققىدە شۇئار توۋلاپ نامايىشقا قاتناشقان.

نامايىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى 4 - فېۋرال كۈنى مۇبارەك رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى بولۇپ، ساقچىلار دەل بۇ كۈننى تاللاپ، يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن مەشرەپنىڭ يىتەكچىلىرى (مەشرەپ بېشى) نى قولغا ئالغان. مەشرەپ بىر ئاز دىنىي تۇس ئالغان ياشلار يىغىلىشى بولۇپ، دەسلەپتە ھۆكۈمەتتىن رۇخسەت ئالغان ۋە شەھەرگە كەڭ تارقالغان ئىدى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ياشلارنى ھاراقكەشلىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تەربىيىلەپ ياخشى ئىش قىلغان. ئەمما ساقچىلار مەملىكەت مىقياسىدا باشلانغان «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىگە داغدۇغىلىق سەپەرۋەر قىلىنغان ئىدى. ئىچكىرى جۇڭگودا بۇ كۈرەش جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدۇ، شىنجاڭدا بولسا ئۇ ئاز سانلىق مىللەت بۆلگۈنچىلىرىگە قارشى زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ساقچىلار مەسجىدكە كېلىپ ئىككى تالىپنى قولغا ئالدى.(27) ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامىزى بۇزۇلدى. جېدەل - ماجرا چىقىپ بىر قانچە پۇقرا ۋە ساقچى ئۆلدى. باشقا بىر مەلۇماتتا، تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق بىر تونۇلغان زاتنىڭ ئېيتىشىچە، رامىزاننىڭ 27 - كۈنى قەدىر كېچىسى ئوتتۇز نەپەر ئايال كىشى ناماز ئوقۇۋاتقان بىر مەسجىدنى ساقچىلار كېلىپ قورشىغان، ئۈچ ئايال ساقچى ئىدارىسىدا قىيىن قىستاقتا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە جەسىتى كوچىغا تاشلاپ قويۇلغان. بۇ سەۋەبتىن كىشىلەر غەزەپلىنىپ كوچىلارغا چىقىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ توۋلاپ قولىغا چىققانلىقى نەرسىنى، تاش ۋە تاياقلارنى ئېلىپ ساقچى ئىدارىسىغا بارغان.(28)

بۇ نامايىشنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان. باشلىنىپ تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن كېيىن، ئالاھىدە قوراللانغان نۇرغۇن ساقچى نامايىشچىلارنى ئىلى مېھمانخانىسى (ئىلگىرىكى رۇسىيە كونسۇلى) يېنىدا توختاتقان. 300 نەپەردىن 500 نەپەرگىچە كىشى ۋە ياندا تۇرۇپ تاماشا كۆرگۈچىلەر قولغا ئېلىنغان. قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە ئاساسلىق تەشكىللىگۈچى دەپ گۇمان قىلىنغان سودىگەر ئابدۇلخېلىل ئابدۇلمەجىد (28 ياش، توي قىلغان) مۇ بار. ئۇ ئىلگىرى مەشرەپ بېشى بولغان بولۇپ، 1995 - يىلى مەشرەپ پائالىيىتى مەنئى قىلىنغان چاغدا قاماققا ئېلىنغان ۋە «قايتا تەربىيە» دىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن.

زوراۋانلىقنىڭ بىردەمدىن كېيىن يۈز بەرگەنلىكى ياكى يۈز بەرمىگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئىككىنچى كۈنى شەھەر «كىشىلەرنى ۋە ھەتتا بالىلارنى قولغا ئېلىۋاتقان، ئۇرىۋاتقان» ساقچى

www.uyghurweb.net

ئەسكەرلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن.(29) بەزى جايلاردا ساقچىلار خەنزۇ ئاھالىلەر ۋە دۇكانچىلارغا ھۇجۇم قىلغاندەك قىياپەتتە نىقابلىنىپ ھۇجۇم قىلغان. ئامانلىق ساقلىغۇچى قىسىملار ئوق ئېتىپ ئىنتىقام ئالغان. ئىسپاتلانمىغان بىر خەۋەردە دېيىلىشىچە، ساقچى ئىتلىرى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرگۈچى قوراللار ئىشلىتىلگەن. ساقچى تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆلگەن توققۇز كىشى ئىچىدە تۆت نەپىرى ساقچى ئىكەن. ئەمما ئوتتۇز، يۈز ۋە ھەتتا تۆت يۈز كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى مەخپى تۇتۇلغان. كېچىدە يول يۈرۈش مەنئى قىلىنغان، ئايرودۇروم ۋە پويىز ئىستانسىسى تاقالغان، شەھەردە ئىككى ھەپتە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەن.

ئەمدىلىكتە ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئاختۇرۇپ قولغا ئېلىش نەتىجىسىدە قاماقخانا ۋە تۈرمىلەر 3000 دىن 5000 گىچە ئادەم بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 5 ـ فېۋرال كۈنى قولغا ئېلىنغانلارنى ئۈستى ئوچۇق بىر مەيدانغا ئەكېلىپ ئۇلارغا شىلانكىدا مۇزدەك سوغۇق سۇ چاچقان ۋە قار ئۈستىدە يالىڭاياق مېڭىشقا مەجبۇرلانغان. مۇزلاپ ئۈششۈپ كەتكەنلەرنىڭ پۇت ـ قولى ۋە بارماقلىرى دوختۇرخانىدا كېسىۋېتىلگەن. ئېغىر دەرىجىدىكى ئۈششۈك ياريدارلىرىنىڭ فوتۇگرافلىرىنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىدىكى تەكشۈرگۈچىلەر كۆردى.

ئاختۇرۇپ تەكشۈرۈش ھەرىكىتى كېڭەيتىلگەن چاغدا 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ ياكى 9 ـ كۈنى بىر ماشىنا قورallىق ساقچى يېزىدىكى بىر ئۆيگە كەلگەن. خوشنىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ساقچىلار «قۇرئان» ئوقۇتقۇچى بىرەيلەننى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ ئوقۇتقۇچى ئىلگىرى ئىككى قېتىم قامالغان ۋە ھەر قېتىمدا ئۇنىڭ دېھقان دادىسى كۆپ پۇل تۆلەپ بېرىپ قۇتۇلدۇرۇپ ئاچىققان ئىكەن. بۇ قېتىم دادىسى ئوغلىنىڭ ئۆيدە يوق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى ئېيتىپ قارشىلىق قىلغان. ساقچىلار ئۇنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ ئۆيگە كىرگەن. بۇ يەردە بۇ دادا قولغا بىر پالتا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن. ساقچىلار ئۇنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئۆيدىكى ئاياللارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئوغلى پەيدا بولغان ۋە ساقچىلارغا ئېتىلىپ كېلىپ بىر قانچىسىنى يارىلاندۇرغان. ئۇنىڭ پاچىقىغا ئوق تەككەن بولسىمۇ، ئەمما قېچىپ چىقىپ باشقا بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە دالدىغا ئۆتىۋالغان.

بۇ چاغدا بۇ ئوقۇتقۇچىدىن «قۇرئان» ئۆگەنگەن بىر يىگىت ئۇستازىنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ساقچىنىڭ پىلىمۇتىنى تارتىۋېلىپ، ئۇستازىنىڭ كەينىدىن ئۆگزىگە يامىشىپ چىققان. بۇ يىگىت پىلىمۇت بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان چاغدا، تۆۋەندە تۇرغان ساقچىلار ئۇلارنى ئېتىۋەتكەن. ساقچىلار يەنە بۇ «قۇرئان» ئوقۇتقۇچىنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىمۇ ئېتىۋەتكەن.(30)

ئۇنىڭ تەسىرى داۋام قىلماقتا. ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى كۈنى شەھەر مەيدانىدا ئېچىلغان ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىدا نامايىشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۈچ ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى، باشقىلارغا قاماق جازاسى بېرىلدى. جىنايەتچىلەر كوچىدا ئۈستى ئوچۇق ماشىنىدا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان چاغدا، ساقچىلار يول ياقىسىدا تۇرغان جامائەتكە ئوق ئېتىپ ئۈچ ئۇيغۇرنى ئۆلتۈردى. ئون كىشىنى يارىلاندۇردى. ھۆكۈمەت بۇنى خىلمۇ خىل چۈشەندۈردى: يەنى جامائەت قالايمىقانچىلىق چىقارغان ۋە جىنايەتچىلەرنى قوتۇلدۇرىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ياكى «كىرىش چەكلەنگەن رايون» غا كىرمەكچى بولغان، ھاۋاغا ئېتىلغان ئاگاھلاندۇرۇش ئوقىغا پىسەنت قىلمىغان دېگەندەك. كۆرگۈچىلەردىن بەزىلەرنىڭ

www.uyghurweb.net

ئېيتىشىچە، ئەتراپتا خەلق توپلىنىپ قاراپ تۇرغان. جىنايەتچىلەرنى ئېلىپ ماڭغان ماشىنىلار ئۆلارغا يېقىن كەلگەندە خەلق توپى ئىچىدە تۇرغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جىنايەتچىگە گەپ قىلماقچى بولغاندا، يالاپ ئېلىپ ماڭغان ساقچىلار ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقارغان. باشقا مەلۇماتلاردا دېيىلىشىچە، ماشىنىدا ئېلىپ مېڭىلغان جاۋابكار خۇددى بىھۇشتەك كۆرۈنگەن، ئۇلارنىڭ قولى ۋە ئاغزى تېڭىلغان، شەھەر سىرتىغا ئېلىپ مېڭىلغان ماشىنىدا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلغان ئىكەن.

ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىدا كۆرۈش ئۈچۈن مەيدانغا بەش مىڭ كىشى توپلانغان. «يارىلاندۇرۇش، ئوت قويۇش، لۈكچەكلىك، ئوغۇرلۇق ۋە بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن، يۇسۇپ تۇرسۇن، ھەسەن مەمەت ۋە ئىبراھىم قاسىم ئۈچ كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ۋە دەرھال شەھەر سىرتىدىكى بىر يەرگە ئاپىرىلىپ، تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلۇپ، مىڭىسىگە يېقىن تەرەپتە تۇرۇپ ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. (بۇ بولسا جۇڭگودىكى قىلىپلاشقان ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش ئۇسۇلىدۇر.) ئۇلارنىڭ جەستى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بېرىلمىگەن. ئىيولدا، 2 - قېتىملىق ھۆكۈمنى ئوچۇق ئېلان قىلىش يىغىنىدىكى مەيدان سەھنىسى ئەتىسى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەن: ئېكراندا كۆرۈنىشىچە، سەھنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا قوراللىق ئەسكەرلەر تۇرغان، قارىغاندا تۆت مىڭ كىشىلىك كۆرگۈچى ئامما ھەممىسى ئىختىيارى كەلگەندەك قىلمايتتى. بۇ قېتىم يىگىرمە يەتتە نەپەر كىشىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىجرا قىلىنغان. باشقا ئۈچ كىشىگە كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. شىنجاڭغا نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە بولغان بىر ئەھۋال شۇكى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە ئوغورلۇق بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر خەنزۇ ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر تۇڭگانغىمۇ جازا ئىجرا قىلىنغان.

غۇلجىدا نامايىش بولۇپ، يىگىرمە كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئۈچ بومبا پارتلاپ، يۇقىرالار يارىلانغان. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەنە بىر بومبا بېيجىڭدىكى بىر ئاپتوبۇستا پارتلاپ ئىككى كىشى ئۆلگەن ۋە سەككىز كىشى يارىلانغان. سەككىز نەپەر ئۇيغۇر بومبا ئورۇنلاشتۇرغان دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ۋە ئارقىدىنلا پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا قاتتىق زەربە بېرىش باشلانغان. «شىنجاڭ گېزىتى» دە خەۋەر قىلىنىشىچە، پەقەت ئۈرۈمچى، خوتەن ۋە ئاقسۇدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر ئىچىدىلا مىڭدىن ئارتۇق «بۆلگۈنچى» ۋە «تېرروررچى» پاش قىلىنىپ قولغا ئېلىنغان.(31)

ئىيۇلدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن «بۆلگۈنچىلەر» گە قارشى تەشۋىقات ۋە تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئۈچۈن يېزىلارغا، ئىدارە - ئورگانلارغا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا 17 مىڭ كادىرنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكىنى سۆزلىگەن.

نامايىشتىن كېيىنلا شەھەرگە زىيارەتكە كەلگەن بىر قانچە چەتئەللىك مۇخبىرغا نامايىش توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن غۇلجىدا ئۈچ نەپەر تىجارەتچى قولغا ئېلىنغان. بۇ مۇخبىرلار چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ تىجارەتچىلەر «مەخپىي» خەۋەرلەرنى چەتئەللىكلەرگە ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن 15 يىلدىن 18 يىلغا قەدەر مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ بىر كۈنى، غۇلجا شەھىرىدە ئۇزۇندىن بۇيان بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان بىر خەنزۇ تاكسى شوپىرى ماڭا نامايىشقا قاتناشقانلارنىڭ بىر توپ ئىشسىز

www.uyghurweb.net

ئۇيغۇر ياشلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتكە ھېچبىر خەۋپ ياكى تەھدىت تۇغدۇرمىغانلىقىنى، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق باستۇرۇشقا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىپ: «مەن ھەممىشە ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىمەن. بۇ نامايىش تۈپەيلى ئۇلارغا بولغان كۆز قارىشىم ئۆزگىرىپ قالغىنى يوق» دېدى.

نامايىش مەزگىلىدە قولغا ئېلىنغان مەشرەپ بېشى ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىتكە كەلسەك، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قاتتىق ئۇرۇلغان ۋە قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنغان. ۋەقەدىن ئۈچ يېرىم يىل ئۆتۈپ تاكى 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايغا قەدەر ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇ چاپچال تۈرمىسىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەستى كۆمىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ جەستىنى كۆرۈشىگە ياكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان.(32) چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، 2 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا 162 نەپەر كىشىنى ئامانلىق ساقلىغۇچى خەنزۇلار ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. نەچچە يۈز كىشى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، نەچچە مىڭ ياش يىگىت ئۇق تېگىپ ياكى قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىنىپ مېيىپ، مەجرۇھ بولغان ۋە بىر مىڭ ئالتە يۈز كىشى ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولغان. نەچچە مىڭ كىشى قېچىپ قازاقىستان چېگرىسى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن كۆپ نامايىشلار بولمىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن قوراللىق قارشىلاشقۇچىلار ھەربىي نىشانلارغا ھۇجۇم قىلدى. قوراللارنى ئېلىپ قاچتى ۋە كۆتۈلمىگەن پەيتلەردە بومبا پارتلىتىپ قورقۇنچ پەيدا قىلدى. ھەم خەنزۇ كۆچمەنلەرنى ئۆلتۈردى.

بۇ ۋەقەلەر، ھۇجۇم قىلىشلار ھەققىدىكى خەۋەرلەر يۈزەكى ۋە كۆپىنچىسى ئىسپاتلانمىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 1998 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كورلىدىكى بىر ئوق ـ دورا زاۋۇتىدىن 20 مىڭ كالاشنىكوف ۋە نەچچە مىليون دانە ئوق ئوغۇرلانغان. 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كۇچاغا يېقىن يەردىكى بىر ھاۋا ئارمىيە بازىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. پرتىسىپى بار (توچيىى بار) برونىلىق ماشىنىلاردا كەلگەن ھۇجۇم قىلغۇچىلار كىچىك تاپانچىلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئۇلار يىگىرمە تۆت دانە تىك ئۇچار ئايروپىلانغا زىيان سالغان. ھەر ئىككى تەرەپتىن تەخمىنەن 150 ئادەم ئۆلگەن. شۇ يىلى يەنە ساقچى ئىدارىسى، ھەربىي ئىسكىلات ۋە تۈرمىلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغان. جەنۇبتا قارىماققا قوراللار خالىغانچە ئېلىپ يۈرىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. 1999 ـ يىلى خوتەندە خەلقنى قوچقاچ ئاتىدىغان مىلتىق قاتارلىق قوراللىرىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئۈندەش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى تەتقىقاتچىغا بىر ھەربىي كادىر: «بۇ يەردە ھەممىمىز قورال ئېلىپ يۈرىمىز» دېگەن.(33) شۇ يىلى 4 ـ ئايدا كورلىنىڭ جەنۇبىدىكى باشقۇرىلىدىغان بومبا بازىسى ھۇجۇمغا ئۇچراپ يىگىرمە بىر نەپەر ئەسكەر ئۆلتۈرۈلگەن، ئالتىسى يارىلانغان ۋە نۇرغۇن ماشىنا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن.(34)

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ ج خ نازارىتى تىزلىپ ماڭغان ماشىنىدىكى قوراللىق ساقچىنىڭ بىر «ئېغىر ۋەقە» دە يارىلانغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ ۋەقە ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سانجى شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى شىخەنزە تاشيولىدا قاتار تىزىلىپ ماڭغان ماشىنا يولدىن چىقىپ كەتكەندە يۈز بەرگەن ئىكەن. دەسلەپتە ساقچىلار بۇنىڭ

www.uyghurweb.net

رولىدىن كاشلا چىقىپ 130 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن بىر ماشىنا تۈپەيلى بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەمما ۋەقەدىن ئالتە كۈن ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن قازاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە ـ تەۋەلىرىگە بولگۈنچىلەر تۈغدۇرغان بۇ ۋەقەدە «قۇربان بولغانلار» نىڭ «قەھرىمان» ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ۋە ھەر بىرىگە 200 مىڭ يۈەندىن تۆلەم بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئۆلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھۇجۇمى توغرۇلۇق باشقىلارغا سۆزلىمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغان. كېيىن غەربلىك كۆزەتكۈچىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتەن بۇ ۋەقەنى يولنىڭ دوقمۇشىدا سائەتلىك ياكى يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان بومبىلارنى قويۇش ئارقىلىق پارتلىتىشنى پىلانلىغان ۋە كالوندىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ماشىنىنى ۋەيران قىلغان قوراللىق مىللىي تەشكىلاتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئېنىقلىغانلىقىنى ئېيتقان.(35)

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ بىر كوچىسىدا 60 كىشىنىڭ ئۆلۈشى ۋە 300 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ يارىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان خېلى زور بىر پارتلاش يۈز بەردى. ھۆكۈمەت تارماقلىرى بۇنى كونا پارتلاتقۇچى دورىلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان يەرگە توشۇپ ماڭغان يۈك ماشىنىسىغا ئارتتى. كۆرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ۋەقە ئۆيلەر چىقىلىۋاتقان بىر رايوندىكى سېلىنىۋاتقان بىر كۆۋرۈككە يېقىن يەردە يۈز بەرگەن. چەتئەلدىكى گېزىتلەر بۇنى بىر قېتىملىق تېررور ھۇجۇمى بولۇش ئېھتىماللىقىغا كۆتۈردى.(36)

يۇقىرىقى پارتلاشلارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى توغرىسىدا بىر نېمە دېمەك تەس. ئادەتتە جۇڭگودا پارتلاتقۇچى دورىلارنى تاپماق ئۇڭاي. دۆلەت ئىچىدىكى بەزى چۈشىنىكسىز پارتلىتىشلار بەلكىم دېھقانلارنىڭ ئۆزئارا جېدەل ـ ماجرا قىلىشىشى تۈپەيلى بولغان بولىشى مۇمكىن. شىنجاڭدا بولسا بۇلار خەنزۇ كۆچمەنلەر بىلەن يەر تالىشىش تۈپەيلى كېلىپ ـ چىقىدۇ. بەزىسى، يەنى ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭدىكى ئاپتوبوسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پارتلاتقۇچى بومبىلارنىڭ سىياسىي مەقسەتتە قويۇلغانلىقى ئېنىق. ئەھۋالنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، 2001 ـ يىلدىكى 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، بارلىق پارتلىتىشلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن دېگۈدەك «ئۇيغۇر تېررورىزمى» غا دۆڭگەپ قويۇلىدىغان بولدى.(37)

1990 ـ يىللاردا ھۆكۈمەت خۇددى ھەددىدىن ئېشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاۋاتقاندەك ۋە ئاۋۋال ئۆزى ئىنتىقام ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشقا ئۇرۇنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەر قانداق بىر ئۆلچەمدە، بولۇپمۇ غەربلىكلەرنىڭ ئۆلچىمىدە ۋەزىيەتكە تەھدىت سالغانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى جازا يۈرۈشى دەھشەتلىك ئىدى.

جۇڭگودا بۇگۈن ۋە ئۆتمۈشتە ئەدلىيە جەھەتتە خىلمۇ خىل ئەيپچىل چارە ـ تەدبىرلەر كەڭرى بار ئىدى. ھازىر قوللىنىلىۋاتقانلار تۆۋەندىكىچە: گۇمانلىق كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قولغا ئېلىش، گۇمانلىق كىشىلەرنى سوراق قىلماي تۈرمىگە سولاپ قويۇش، ئاقلىغۇچى ئادۋوكات چاقىرىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، مەخپى «ھۆكۈم كومىتېتى» قارارى بىلەنلا ھۆكۈم كېسىش، سىياسىي جەھەتتە غەيرى پىكىردە بولغانلارغا ئۆزۈن يىللىق قاماق جازاسى بېرىش، دىنغا ئېتىقاد

www.uyghurweb.net

قىلغۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋە هامىلدار ئاياللارنى قاتتىق سورۇشتە قىلىپ ئىنقىلاش قاتارلىقلار.

هالبۇكى، شىنجاڭدا بېسىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئۆلكىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى پىكىردە بولغانلاردىن قاتتىق ئىنتىقام ئېلىشتا داڭقى چىقتىكى، بۇ، كىشىگە ستالىنچى رۇسىيەنىڭ ئەڭ ناچار كۈنلىرىنى ئەسلىتەتتى. دۆلەتكە خائىنلىق قىلىش جىنايىتى ھەتتا ئەڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا قەدەر ھېسابلىنىدىغان بولدى. مەسىلەن: ھۆكۈمەتنى ھاقارەتلەش، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىش، شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ئېسىش، نامايىشلارغا قاتنىشىش، چەكلەنگەن دىنىي گېزىتلەرنى كۆپەيتىپ بېسىش ياكى تارقىتىش، دىنىي دەرس ئوقۇيدىغان سىنىپلارنى تەشكىللەش، چەكلەنگەن شېئىر ۋە ناخشىلارنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ساقلاش، سىياسىي چاقىرىق مەزمۇنى بار دراما ۋە شېئىرلارنى يېزىش، چەتئەللىكلەر (يەنى مۇخبىرلار) غا مەخپىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش، جۇڭگونىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت كىتابلارنى نەشىر قىلىش، چەتئەلگە قېچىپ كېتىش، چەتئەلنىڭ چەكلەنگەن ژۇرناللىرىنى ئوقۇش، چەكلەنگەن گېزىتلەرنى ئوقۇش ۋە خەنزۇلارنى تىللاش قاتارلىقلار.

بۇ خىل جىنايى قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ ئىنقىلاش ئۈچۈن نازارەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر ۋە بۇنىڭدا جاسۇسلار ئاساستۇر. بۇ سەۋەبتىن ساقچىلار خىزمەتتە ھەر قايسى يېزىلار ۋە شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا خەۋەر تىڭتىڭلايدىغان «قۇلاقلار» (بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرى) غا تايىنىدۇ. ئۇلار ساقچىلارنىڭ خىزمىتىدىكى ئاتالمىش «خەلق ئىچىدىكى ئاغامچا» دۇر. ھەتتا ستالىنمۇ بۇنچىلىك قىلالمىغان.(38) ھەربىي قىسىمدىن تەشكىللەنگەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت ئەترىتى خادىملىرى (جاسۇسلىرى) خىزمەتچى قىياپىتىدە نىقابلىنىپ ھەر قايسى زاۋۇت، كان، كارخانا، سودا ـ سېتىق ئورۇنلىرى، مەكتەپ ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغىچە تارقالغان.

قوراللىق ج خ ساقچىلىرىنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان پۇقرالارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ئادەتتىكىچە ئاسان ئىش ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. گۇمانلىق جىنايەتچىلەرنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ قىيناش ئۇسۇللىرىنى تېخى سۆزلىمىدۇق. گەرچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋەكىللىرى تەن جازاسى (قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش) قا قارشى چىققان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ئىپتىشلارغا قارىغاندا جۇڭگودا كەڭ تارقالغان. ئەمما ئۇ شىنجاڭ بىلەن تىبەتتە ئالاھىدە قەبىھ شەكىللەردە داۋاملاشماقتا. يەنى ئادەتتە ئۇرۇش ـ تېپىش بىلەن بىرگە ساقچىلارنىڭ توك كالتىكى بىلەن ئۇرۇش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ پۇت قولىغا چىتە سېلىپ باغلاش ۋە ئازاپلىق شەكىلدە ئېسىپ قويۇش، تىرناق ئاستىغا يىڭنە سانجىش ياكى موچىن بىلەن تىرناقلىرىنى يۇلۇش قاتارلىقلار. خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، شىنجاڭدا ئالاھىدە ئەپچىل قىيناش ئۇسۇللىرى تەرەققى قىلغان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇكۇل سېلىپ نېرۋىسىدىن ئاداشتۇرماق، ئاغزى ـ بۇرنى ۋە جىنسى ئەزاسىغا ئۈندەك سۇقۇلغان قاتتىق ئاچچىق لازا قاتارلىق نەرسىلەرنى كىرگۈزۈش، سۇيدۇك يولىغا ئات قىلى ۋە تىكەنلىك تۆمۈر تاياق كىرگۈزۈش قاتارلىقلار بار. ئۇرۇمچىدە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان بىر كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، قىيناش ئۆيىدە ئۇنىڭ

www.uyghurweb.net

قاتتىق ئاغرىق ئازاۋىغا چىدىماي تامغا ئۇسۇپ، بىرەر ۋەقە چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېشىغا بىر خىل تۆمۈر قالپاق كىيدۈرۈپ قويۇلغان. شىنجاڭلىق بىر سابىق سوتچىنىڭ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە، توقسان پىرسەنت جاۋابكار ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغانلىقىدىن شىكايەتچى ئىكەن. جۇڭگونىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىكى گېزىت خەۋەرلىرىدە ساقچىلارنىڭ جىنايەتچىلەرنى قىينىغانلىقى تۇيەيلى تەكشۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە داۋا قىلىنغانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما ھەيران قالارلىقكى، بۇ خىل خەۋەرلەر شىنجاڭنىڭ ئاخبارات ساھەسىدە يوق.

شىنجاڭ جۇڭگو ئىچىدىكى ھازىرغىچە سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بىردىنبىر ئۆلكە.(40) خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 1997 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئۆلكىدە 210 نەپەر كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ۋە 190 نەپەر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، بۇلارنىڭ ئاساسلىقى سىياسىي ۋە دىنىي «جىنايەت» ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. كېيىنكى يىللاردا يەنە ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش ئوخشاش نىسبەتتە داۋام قىلغان. بىر تارىخچىنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە، شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچراش نىسبىتى خەنزۇلارنىڭكىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق بولغان.(41)

ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان ئالاھىدە جىنايەتلەر 2001 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى قانۇنچىلىق ۋە تۈزەش ھەرىكىتى داۋامىدا بىر رەھبەرنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىلغان. مەسىلەن: گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە بۇ مەزگىلدە ئىقتىسادى جىنايەتلەر ئوغۇرلۇق، ئالدامچىلىق، چىرىكلىك، پارىخورلۇق قاتارلىقلار زەربە بېرىشتىكى ئاساسلىق نىشان قىلىنغان شاڭخەيدە، زەربە بېرىش شامىلىدىن پايدىلىنىپ، ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنى ئۈچۈن كېلىدىغان زىيارەتچىلەرنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەر تازىلانغان. شىنجاڭدا بولسا بۇ ھەرىكەتلەر ئىككى يىل ئىچىدە «بۆلگۈنچىلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» ئۈچۈن قوللىنىلماقتا. نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنىڭ مىللەتچى، بۆلگۈنچى ۋە رادىكال دىنچى دېگەن قالپاقلار ئاستىدا تۈرمىلەرگە ئېلىنىشى، ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىشى ۋە ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولىشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى قانۇنچىلىق ۋە تۈزەش قۇرۇلۇشى ھەرىكىتى ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسىتىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق زۇلۇم ۋە دىكتاتۇرىنى باشقىچە ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، چەتئەللىكلەر جۇڭگولۇقلارنى ھەم قورقۇنچاق ھەم ھاكاۋۇر قىلىۋەتكەن. ئەمەلدارلار، بولۇپمۇ شىنجاڭغا يېڭى كەلگەن باشلىقلاردىكى مىللەتچىلىك، يەنى يېقىندا ئەنگلىيەدە مودا بولغان ئاتالغۇ «تۈزۈملەشتۈرۈلگەن ئىرقچىلىق» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بيوروكراتچىلىق بىزنى ھەيران قىلالماسلىقى مۇمكىن. بۇ خىل روھىي ھالەت جۇڭگولۇقلارنىڭ پىسخىكىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. بۇنى ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تەيىنلىگۈچى ۋە بۇيرۇق چىقارغۇچى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان شىنجاڭنى چۈشەنمەيدۇ ياكى ئاز چۈشىنىدۇ. ئۇنى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدار يۇقىرىدىن قورقۇپ، ھوقۇقىدىن ئەنسىرەپ ياشايدۇ. ھەتتا

www.uyghurweb.net

يېزىلاردىكى ساقچىلاردىن باشلاپ ھەممىسى پارتكوم شۇجىسىغا مۇتلەق بويسۇنىدۇ. يەرلىك ئەمەلدارلىق تاجىنىڭ ئىلگىرىكى خانلىق سۇلالە ۋاقتىدىكىچىلىك جەلپ قىلىش كۈچى يوق.

ئىسلامدىن قورقۇش ئەڭ ئېنىق بىر كېسەللىكتۇر. جۇڭگولۇق ئەمەلدارلار دىنىي ئەسەبىيلىك چۈمپەردىسىنىڭ ئىچىدە «ۋەتەننى پارچىلاش» قا ئۇرۇنغان ھىلىگەر خائىنلار بار دەپ قارايدۇ. شىنجاڭدىكى توققۇز مىليون مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق. مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىمۇ ئېنىق. ئەمما ھۆكۈمەت ھازىرغىچە چۈچۈرىنى خام ساناپ كەلدى. ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلغاندىكى كۆز قارىشى ئۆزىنىڭكىنى مۇتلەق توغرا دەپ قارايدىغان ساددا كۆز قاراشتۇر.

گەرچە ھۆكۈمەت خەۋەرلىرى جانلىقلىقتىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خەنزۇلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مۇسۇلمان تۈركلەرگە بولغان ئۆلچەملىك كۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان تۈركلەر پەرقلىق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچىسىز، دىندار ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزگىرىشچان ھەم پارتلىغۇچى دېگەندەك. بۇلارنى ئەدىپ ئەيچىن ۋۇ يەكۈنلەپ چىققان. ئۇ 1930 ـ يىلى مۇنداق دەپ يازغان:

«مۇنبەت ۋادىلاردا پاراغەتتە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ھۇرۇن دېھقانلار ئازغا قانائەت قىلىپ، كۆپكە شۈكۈر قىلىدۇ. قايغۇسى ئاز، خوشلۇقى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئاخۇنۇملىرى ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ قېنىنى ئېقىتىش ئۈچۈن چاقىرغان ھامان، دەرھال ئۆزگىرىدۇ. بۇنى كۆرۈش ئىنسانىنى ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈرىدۇ. بۇ پاراسەتلىك، تىنچلىقپەرۋەر، مۇلايىم، تەمكىن، خۇشچاقچاق ۋە ناخشا خۇمار خەلقنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەر زامان قوزغاتقۇچى تەبلىغچىلىرىگە ئەگىشىپ، قورال كۈچى ۋە زورلۇق ئىشلىتىپ «ئەقىللەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇش» قا تەييار تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىقتىسادىي بېسىملارلا يېتەرلىك ئەمەس.» ئەيچىن ۋۇنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ جاۋابى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا تولۇپ يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىر قولىغا قىلىچ، بىر قولىغا قۇرئان ئېلىپ كۈرەش قىلىپ «ئۆچمەنلىكنىڭ قورقۇنچلۇق ئەنئەنىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن... ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ئازراق كەمستىلىشكە ئۇچرىغان ھامان، ئۇلار دەرھال ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن چېكىنمەيدىغان دىنىي ئەسەبىي تەلۋىگە ئايلىنىدۇ».(42)

دىنىي ئامىلنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدۇكى، بۇنى شىنجاڭنىڭ تارىخى ئۆگەتكەن. ياقۇپ بەگ دىندىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن. 1933 ـ يىلى خوتەندە مەيدانغا كەلگەن ئۆمرى قىسقا جۇمھۇرىيەت ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بولغان چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. 1944 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت خەنزۇلارغا بولغان غەزەپ نەپرىتىنى تەس كونترول قىلغان. غەرب دىپلوماتىيىسى دىنىنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىشىغا يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە مەغلۇپ بولغان. جۇڭگولۇق خەنزۇ كادىرلارنىڭ دىن — ماددى تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، مېڭىنى زەھەرلەيدىغان خۇراپات دېگەن كۆز قاراشتا تەربىيىلەنگەنلىكى توغرىمۇ؟

ئەمما دىنىنىڭ مۇھىملىقىنى، بولۇپمۇ دىنسىز ھۆكۈمەت بىلەن تەس چىقىشىدىغان ئىسلام دىنىنى تونۇش كېرەك. بۇ دېگەنلىك دىنغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ پىسخىكىسىنى چۈشىنىش لازىم دېگەنلىكتۇر.

www.uyghurweb.net

بۇنىڭ مەنىسى كېڭەشمەكتۇر. چۈنكى مەسىلەن: چوڭ قەتلىئام ۋە زىيانكەشلىك قىلىشلار تەرەققىياتقا زىت ئىشلاردۇر. گەرچە ئەيچىن ۋۇ ئۆزىنىڭ خەلقىگە ئوخشاشلا، مۇسۇلمانلارنى كۆلكىلىك ئەسەبىيلەر دەپ قارايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ گېنېرال زوزۇڭتاڭنىڭ 1877 ـ يىلىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قىلغان مۇئامىلىسىنى تەنقىد قىلغان. «كېيىنكى چۈشەنچىلەردىن شۇ ھاسىل بولدىكى، قەبىلىلەرنى ئۆلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىنى ۋەيران قىلماي تۇرۇپمۇ مۇقىم بىر ھۆكۈمەت تۈزۈمى ئاستىغا ئەكەلگىلى بولىدۇ ۋە بۇنداق قىلىش ئۇلارغا نىسبەتەن جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ناتونۇش، ئەمما توغرا ئىدارە قىلىشىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن».(43) ئەيچىن ۋۇ 1930 ـ يىللاردىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرسىنىڭ خاتا ئىدارە قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. لاياقەتسىز دوتەي ـ ئامباللار ئادالەتسىزلىك بىلەن قانۇن ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن قوزغىلاڭلار غەلىبە قىلغان. چۈنكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى نان قېپىلار ئىدارە قىلىۋاتاتتى. ئەيچىن ۋۇ: «بۇ ئاساسلىق ئەسكىرى كۈچلەرنىڭ تۆتىنشى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئەخمەقلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش قىلغان بولسا، بەلكى پاجىئەلەردىن ساقلىنىش مۇمكىن ئىدى.» دەيدۇ.

ھەتتا ماركسىنىڭ ۋەتىنىدىن يىراق جۇڭگودا كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئامىلىرىنى تەسلەشتۈرىدىغان، ئۆزگە خاس ئالاھىدە چەكلىمىلىرى بار. ئۇنىڭ قاتتىق بيوروكراتىك قۇرۇلما بىلەن، بىكىنمىچىلىكتە ياشاپ ئادەتلەنگەن خەلقىنىڭ تار نەزەر دائىرىسى بىلەن ۋە دوگما ئەقىدىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. پارتىيە لۇشيەنىدىكى ئامىلىز گۇمانلىنىپ سوئال سوراش ئەمەس، بەلكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر.

بۇ خىل چەكلىمىنىڭ بىر مىسالى شۇكى، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشلەر ھەممىسى خەۋەر قىلىنمىدى ۋە «ۋەقە»، «لۈكچەكلىك ھەرىكىتى» ياكى «بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى» دېگەندەك ئېنىقسىز ئاتالغۇلار بىلەن نىقابلىنىۋېتىلدى. تاسادىپى ھالدا، غۇلجا ۋەقەسى كۆلىمى زور ۋە قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى يوشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا خەۋەر قىلىندى، ئەمما پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ ئاغزىدا تەھرىرلىنىپ ئاندىن خەۋەر قىلىندى. 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، يەنى نيويۇركتىكى دۇنيا سودا مەركىزى ۋە ۋاشىنگىتوندىكى بەش بۇرجەكلىك بىنا تېررور ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئىككى ئايدىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ خەۋەر قىلىش لىنىيىسى تۇيۇقسىز ئۆزگەردى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە خېلى بۇرۇندىن باشلاپ ئۆلكە ئىچىدە يۈز بەرگەن بىر يۈرۈش تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى خەۋەر قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، زەھەرلەش ۋە پاراكەنچىلىك توغدۇرۇش قاتارلىقلار بار ئىدى.

بۇ ئۆزگىرىش سىياسىي ئىدى. پۈتۈن دۇنيا تۇيۇقسىز ھالدا رادىكال ئىسلامچىلاردىن قورقۇپ تۇرغان ۋە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى جورجى بوش «تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش» ئېلان قىلىپ ئافغانىستاندىكى تالىبانغا ھەربىي ھۇجۇم باشلىغان بىر ۋەزىيەت بېيجىڭنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسىنى تازىلىشىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇردى. ھازىر بارلىق مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار ھەممىسى يوشۇرۇن تېررورچىلار ئاتالدى. ئىلگىرى كومپارتىيە ئۇلارنى دىنىي تونغا

www.uyghurweb.net

ئورۇنىۋالغان بۆلگۈنچىلەر دەپ ئاتىغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلارنى دۆلەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى دەپ ئەيىبلەيدىغان بولدى.

جۇڭگولۇقلار شىنجاڭدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقلارنى ھەممىشە چەتئەل كۈچلىرىنىڭ تەسىرىگە دۆڭگەپ كەلدى. بىر چاغلاردىكى چەتئەللىك دۈشمەن «سوتسىيالىستىك جاھانگىر» (سوۋېت ئىتتىپاقى) ئىدى. يەنە بىر چاغلاردا بولسا تۈركىيەدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «پانتۈركىست» لەر چەتئەللىك دۈشمەن ھېسابلاندى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ھەممىشە دېيىلگىنىدەك، ھەتتا 1996 ـ يىلىدىكى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا دۈشمەننىڭ «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارا ئەكسىلئىنقىلابچى كۈچلەر» ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى ھەر بىر قالايمىقانچىلىقنىڭ پەردە ئارقىسىدا چەتئەل كۈچلىرىنىڭ سۈيىقەستى بارلىقىنى كۆرۈش جۇڭگولۇقلارنىڭ كونا ئادىتى ئىدى. 1945 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىكى سابىق ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ كۆزىتىشىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى «شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىچكى قىسمىدا يېتەرلىك سەۋەبلەر بار» دېگەننى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان.(44)

بۇ قاراشلارنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چار رۇسىيەنىڭ شىنجاڭدا كۈچلۈك تەسىرى بار ئىدى. چەتئەلدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان» نامى ئاستىدا تەشكىلات قۇردى. ئامېرىكا جۇڭگو ئىچىدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئېغىر بىر مەسىلە سۈپىتىدە كۆرسىتىپ، دۇنيادا بەلگىلىك غۇلغۇلا قوزغىدى. ئافغانىستاندىكى ئەل قائىدە تېررورچىلىرى بازىسىدا دەرۋەقە بەزى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقى بايقالدى. گەرچە ئاز بىر قىسىم كىشىلەر جىددى مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە ھەقىقەتەن «پانتۈركىست ھەرىكىتى» مەۋجۇت ئىدى. ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتاب، ئۈنئالغۇ لىنتىلىرى ۋە ئىئانە پۇللىرىنىڭ كېلىپ تۇرىۋاتقانلىقىدا شەك يوق ئىدى. گەرچە مەملىكەتنىڭ ئىچىدىلا يېتەرلىك قورال ۋە پارتلاتقۇچلار بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ نەرسىلەر يەنە ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن كىرىپ تۇرىۋاتاتتى.

لېكىن بۇ يەردە باشقا بىر سوئالنى سوراشقا توغرا كېلىدۇ:

دۈشمەن ئۆز ئىچىدىكى ئاساسلىق ئاجىزلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ھەقىقىي سانلىق مەلۇماتلارنى، نىسبەتلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ساختىلاشتۇرۇپ كۆرسىتىشتىن مۇستەسنامىدۇ؟

پارتىيىنىڭ دائىمىي تەھلىلىدىن كېيىن، 1993 ـ يىلى بۆلگۈنچىلىك توغرىسىدا بىر ئىچكى تەتقىقات ماتېرىيالى ھازىرلانغان. (بۇنىڭدىكى بارىن تويىلىكىغا ئائىت مەزمۇنلار ئىلگىرى نەقىل كەلتۈرۈلدى.)(45) بۇنىڭدا پارتىيە سېپىدە بەزى ئاجىزلىقلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، ئەمما بۇندىن كېيىن ئاجىزلىقلارنى چۈرۈپ تاشلىۋېتىپ، پارتىيە سېپىنى جۇشقۇن، جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈرۈش لازىملىقى سۆزلەنگەن. «بىز دىنىي خىزمەت، ئالدىنقى سەپنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش (بىرلىكسەپ) خىزمىتى ۋە ئاممىۋى تەربىيە خىزمىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ياخشى ئىشلىيەلمىدۇق» دەپ ئېتىراپ قىلغان. بۇ يېتەرسىزلىكنىڭ پۈتۈنلەي تەشۋىقاتنىڭ كەمچىل بولىشى تۈپەيلى بولغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ تەتقىقات ۋە تەھلىلدە مۇسۇلمانىنىڭ باشقا مۇسۇلمانلارنى، يەنى مەسجىدتە ناماز ئوقۇمىغان، روزا تۇتمىغان ۋە ياغلىق ئارتمىغانلارنى كەمسىتكەنلىكىگە ئائىت مىساللار بېرىلگەن.

www.uyghurweb.net

ئەمما خەنزۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى چەتكە قاققانلىقى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ يوق. ئۇنىڭدا «مەخپىي ئىسلامىي شەرىئەت» نىڭ گۇناھكارلارنى جازالىغانلىقى ۋە «ئۇلارنى خالىغانچە ئۇرغانلىقى» سۆزلەنگەن. ئەمما دۆلەت قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ خالىغانچە سولاپ قويۇش، قاماقتا ئېلىش، جىنايەت بېكىتىش، قىيىن - قىستاقتا ئېلىش ۋە ئۆلتۈرۈش قاتارلىق قىلمىشلىرى تىلغا ئېلىنمىغان.

دەرۋەقە، بۇ تەتقىقات ۋە تەھلىللىنىڭ يازغۇچىلىرى جۇڭگونىڭ سىرتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتچىلىك ھاۋاسىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆزەتكەن. بۇنىڭدىكى ئېنىق بىر رېئاللىق بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇيۇقسىز غۇلاپ چۈشىشى ۋە ئۇچى شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش بولغان بەش جۇمھۇرىيەت: قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزستان، تاجىكستان ۋە تۈركمەنىستانىنىڭ مۇستەقىل بولىشى بولسا كېرەك. ھۆججەتنىڭ يازغۇچىلىرى دۆلەت ئىچىدىكى دېمۇكراتىيەگە بولغان ئېھتىياج ۋە ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى چىرىكلىككە قارشى جۇڭگونىڭ باشقا رايونلىرىدا يۈز بەرگەن دېھقانلارنىڭ نارازىلىق ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق سۆز ئاچمىغان. ھەتتا نۇرغۇن كىشىنى ئەتراپىغا تارتقان فالون گۇڭ گۇمپىسى بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ھادىسىسىنىڭ سەۋەبى روھى قاغجىراش ۋە مەنىۋى ئاچلىق تۈپەيلى كېلىپ چىققان كېسەللىك ئالامىتى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. مەسىلىگە ئەڭ يېقىندىن ھۆكۈم قىلالىغان تەتقىقاتچىلار ئويغىنىپ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلغان ھالدا «خەلق ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىقتا قويۇلغان نامۇۋاپىق چەكلىمىلەر» ۋە «ئۇششاق ئىگىلىكنىڭ قاتتىق كونترول قىلىنىشى» نەتىجىسىدە بازارلاردىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ مالىماتاڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئانالىزچىلار تەتقىقاتنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەندىن كېيىن، كۈرەش قىلىش ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ، بۇندىن كېيىن داۋاملىق ھالدا «ماركىسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى» نى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ بۇنى ياشلار ئارىسىدا ئىزچىل تەشۋىق قىلىش، ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقىغا ئەگىشىپ مېڭىپ، ئىقتىسادنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، كادىرلارغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قەتئىي ئىشىنىش ۋە تايىنىش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

بۇ خۇلاسىلەر رەھبەرلىكنىڭ ئادەتتىكى قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئاددى ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇلارنىڭ زاغرا تىلى بويىچە ئېيتقاندا، يازغۇچىلارغا بىر ئاز ئەركىنلىك بېرىلگەن. ئومۇمەن، يولداشلار كۆز ئالدىدىكى تەھدىتتىن بىغەم ھالدا خاتىرجەم ئوخلىغانلىقى، پەرۋاسىز يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن. بۆلگۈنچىلىك خىيىم - خەتىرىگە نىسبەتەن ھەر ۋاقىت ھۇشيار تۇرۇش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. بەزى يولداشلار باھانە سەۋەب كۆرسىتىپ: «بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا گەپ قىلمىغان،... چاغدا ھەممە ئىش ياخشى ئىدى. قاچان ھەر يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرۇلۇق سۆزلىدۇق، شۇندىن باشلاپ ھەر يىلى چاتاق چىقتى» دېدى. بۇ ئىنتايىن خاتا قاراش. ئەڭ مۇھىمى بۆلگۈنچىلىكنى بىخ ھالىتىدە يوق قىلىش كېرەك. شەھەرلەرگە قارىغاندا يېزىلار تېخىمۇ قاتتىق تۇتۇلىشى ۋە چېگرا رايونلاردىكى خادىملار تېخىمۇ سەگەك بولىشى كېرەك.

1996 - يىلى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان مەركىزى كومىتېت يىغىنىدا ئىدىيىدىكى يېتەرسىزلىكلەر كۆرسىتىلىپ، گەرچە شۇنچە كۆپ تەشۋىقات خىزمىتى

www.uyghurweb.net

ئىشلەنگەن، پاراكەندىچىلىكلەر كونترول قىلىنغان، يەر ـ يەرگە ئىشپىيونلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، جازا ھۆكۈم قىلىنغان ۋە ئاممىۋى سەپەرۋەرلىك قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا شۇ قەدەر كۆپ مەسىلىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا تەپسىلىي ئىزاھلاندى. 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېچىلغان يىغىننىڭ ھۆججىتى «مۇتلەق مەخپىي» دېگەن بەلگە بىلەن پېچەتلىنىپ، سىياسىي بۇيرۇق شەكلىدە مەركىزى كومىتېتنىڭ «سىياسىي قانۇن كومىتېتى» تەرىپىدىن شىنجاڭغا يوللاندى.(46)

بۇ ھۆججەتتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش شۇئارىنى تېخىمۇ جاراڭلىق ھالدا تۈۋلاش، پارتىيىلىك كادىرلار ۋە ئەسكەرلەرنى تېخىمۇ ئىشەنچىلىك ھالدا تەربىيىلەش، «قانۇنسىز تەشكىلاتلار» نى يىلتىزىدىن يىمىرىپ تاشلاش، تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە دەرسلىك كىتابلارنى تەكشۈرۈش، يەنە بىر قىزىقارلىق ماددا ـ چەتئەللەر بىلەن ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش پىلانلىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق چارە ـ تەدبىرلەرگە قاتتىق يۈلىنىش لازىملىقى تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باشقا تارماقلاردىن ساقچىلارنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەپ، ئەمگەك مەيدانلىرى ۋە تۈرمىلەرنىڭ رولىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىش تەلەپ قىلىنىدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدى. بىڭتۈەن بولسا خەنزۇلار باشقۇرىشىدىكى قوشۇمچە ھەربىي ھازىرلىق قۇرۇلۇش ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈزگىچە سالاھىيىتىنى كېيىنكى باپتا بايان قىلىمىز. ئەمما بۇ يەردە كىچىككىنە ياخشى نەسىھەت بولغان. يەنى ھۆكۈمەت ھەممە ۋەقەنى مىللىي دەپ مۇئامىلە قىلماسلىق ۋە توقۇنۇشلارنىڭ مىللىي خاراكتېر ئېلىشىغا يول قويماسلىقىنى تەشەببۇس قىلغان.

2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئون بىر ئۆلكىدە يۈز بەرگەن داغلىق توپىلاڭلارنى خەۋەر قىلدى ۋە بۇنىڭدا شىنجاڭنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ مۇقىمسىزلىقنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى، بۇنىڭدىكى خاتالىقنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇرلارنى تەربىيىلىدى ۋە ئۇلارغا قورال بەردى» دەپ ئەيىبلىگەن ئافغانىستاندىكى تالىبان ھۆكۈمىتىدە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.(47)

ھالبۇكى، يۇقىرىقى ئانالىزلاردىن تاشقىرى، شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىنى خالىغانچە ئىشلىتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرماقتا. قارىماققا بۇ يەردە ئەنسىرەش، تەمتىرەش ۋە پارتىيىنىڭ دانا سىياسىتىدىن قىلچىلىك بولسىمۇ شۈبھىلىنىش مەۋجۇت ئەمەس. سىياسەت دېمەك ئەڭ كىچىك بىر غەيرى كۆز قاراشتا بولغانلىكى ئۇيغۇرنى جازالاش ۋە قارشىلىق كۆرسەتسە تېخىمۇ قاتتىق جازالاش دېمەكتۇر. بۇ يەردە شىنجاڭنى زىيارەت قىلغانلىكى ھەر كىشى ئېنىق كۆرگەن بىر رېئاللىق، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ «بۈيۈك جۇڭخۇا ئائىلىسى» دە ئۆگەي بالىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پارتىيىنىڭ ھېس قىلغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق ئالامەت يوق. جۇڭگونىڭ قۇملۇقتىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى دەسلەپتە جۇڭگولۇق سۈرگۈنلەرنى يۆتكەش بىلەن بەرپا قىلىنغان. ھازىر بۇ يەرلەرگە شەرقتىن كەڭ كۆلەمدە خەنزۇ كۆچمەنلەرنى كۆچۈرۈش تۈپەيلى پەيدا بولغان غەزەپ ـ نەپرەتلەرگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئەمدى شىنجاڭدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا قاراپ باقايلى.

www.uyghurweb.net

ئىزاھاتلار

(1) بۇ ئۆقتۇرۇش «قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىشخانىسى» غا ئېسىلغان.
(2) ساياھەتچىلەرگە تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋارىقى، 2002 ـ يىلى قەشقەر.
(3) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى: «ئالاھىدە خەۋەر» 10 ـ بەت.
(4) ئوكسفورتتىكى كېستون ئىنستىتۇتى: كوممۇنىست دۆلەتلەردىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كۆزىتىدىغان بىر ئورگان. «Frontier» 2002 ـ يىل 3 ـ سان.
(5) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى: «ئالاھىدە خەۋەر» 12 ـ بەت.
(6) كېستون ئىنستىتۇتى: «Frontier» 2003 ـ يىل 3 ـ سان.
(7) بەزى مەنبەلەردە ئۇنى قىرغىزىستاندا تۇغۇلغان دېيىلگەن.
(8) جۇڭگو ئاخبارات ئورگىنى 2000 ـ يىل 6 ـ دېكابىر.
(9) ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2002 ـ يىل 5 ـ ئىيۇن.
(10) 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى تېلېگراممىا «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» 1988 ـ يىلى كۈز پەسلىلىك 19 ـ سانىدا خەۋەر قىلىنغان.
(11) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى: «ئالاھىدە خەۋەر» 13 ـ 14 ـ بەتلەر.
(12) خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىشى» 52 ـ بەت.
(13) خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىشى» 78 ـ بەت.
(14) «شىنجاڭ گېزىتى» 1998 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇل.
(15) «ھەپتىلىك خەۋەر» 1990 ـ يىلى ئۆكتەبىر.
(16) بېككېر: «جۇڭگولۇقلار» 4 ـ 370 ـ بەتلەر. تۈزۈمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.
(17) 1980 ـ يىلى يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ئالېپتېكىننىڭ «32 ـ يىللىق مۇھاجىرلىقتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا كۆرگەنلىرىم» ناملىق ئەسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. 153 ـ بەت.
(18) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى: «ئالاھىدە خەۋەر» 7 ـ بەت.
(19) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى: «ئالاھىدە خەۋەر» 7 ـ بەت، بۇ ۋەقە شۇ يىلى يۈز بەرگەن.
(20) خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: «مەخپىي زوراۋانلىق» 4 ـ 5 ـ بەتلەر. «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىشى» 64 ـ بەت.
(21) دىللون: «شىنجاڭ: ئاز سانلىق مىللەتلەر، بۆلگۈنچىلىك ۋە كونترول».
(22) جۇڭگو كومپارتىيىسى: «بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش» 7 ـ بەت.
(23) جۇڭگو كومپارتىيىسى: «بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش» 7 ـ بەت.
(24) يازغۇچى بىلەن سۆھبەت. 2000 ـ يىل 13 ـ ئاپرېل.
(25) «Der Spiegel» 1993 ـ يىل 13 ـ سېنتەبىر. دىللون: «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر، بۆلگۈنچىلىك ۋە كونترول» 25 ـ بەتتە نەقىل قىلىنغان.
(26) «Xingdao» شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى. 1993 ـ يىل 6 ـ ئايدا تىلغا ئالغان. دىللون: «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر، بۆلگۈنچىلىك ۋە كونترول» 26 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

(27) خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىشى» 19 ـ بەت.
(28) 1999 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى يىغىنىدا گېنېرال رىزا بەكىنىڭ سۆزلىگەن نۇتقىدىن ئارىيە.
(29) خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىشى» 19 ـ بەت.
(30) بۇ ۋەقە توغرىسىدا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى خەۋەرنىڭ ئىسپاتلانمىغانلىقى، ئەمما بۇ خىل قانۇنسىز ھالدا ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ھۆكۈمەتنىڭ سۈرۈشتە قىلمىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
(31) «شىنجاڭ گېزىتى» 1997 ـ يىل 28 ـ ئىيۇن.
(32) جەك چېرچۋاردنىڭ «نىيۇيورك ۋاقتى» غا يازغان خېتى. 2000 ـ يىلى 31 ـ ئۆكتەبىر.
(33) بيكقۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 87 ـ بەت.
(34) تۈركىيەدىكى بىر ئۇيغۇر سودىگەر بۇ خەۋەرنى ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىگە يەتكۈزگەن.
(35) «جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچىدە» 1999 ـ يىل 1 ـ ئىيۇن ۋە ئىنتېرنېت.
(36) «El Mundo » 2000 ـ يىل 10 ـ سىنتەبىر. رىتىر ئاگىنتلىقى بېيجىڭ خەۋىرىدىن نەقىل.
(37) كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بىر نەپەر سابىق تەتقىقاتچىسىنىڭ مۇئەللىپ بىلەن قىلغان سۆھبىتى. 2002 ـ يىلى يانىۋار.
(38) لىيى: «شىنجاڭدا تۈرك مۇسۇلمان مەسىلىسى» 237 ـ بەت.
(39) خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىشى» 44 ـ بەت.
(40) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزىنىڭ 2000 ـ يىلى 21 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا 1990 ـ يىلدىن كېيىن تىبەت بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنمىغان.
(41) مارىيە خولزمان: 2001 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىردە بىلگىيە پايتەختى برۇكسېلدە چاقىرىلغان «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشغالىدىن 50 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى» تېمىسىدىكى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز.
(42) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 6 ـ 57 ــ 255 ـ بەتلەر.
(43) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 258 ـ بەت.
(44) گ. تۈررال فوربېس: «مىلىتارىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 182 ـ بەتتىن نەقىل ئالغان. 4 ـ باپتىكى 42 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.
(45) جۇڭگو كومپارتىيىسى: «بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش».
(46) بۇ ھۆججەت ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. بىر ئۇيغۇر مۇھاجىر ئۇنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ 1999 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئىنتېرنېتتا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ راستلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ.
(47) «يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات». بېيجىڭ مەركەز ئاخبارات ئىشخانىسى تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك بۆلۈمى 2001 ـ يىل ئىيۇن.

www.uyghurweb.net

www.uyghurweb.net

# يەتتىنچى باب قۇملۇقتىكى ئىسكىلىتلار

سۇرلۇك قۇملۇقتا چۆل يولىدىن بىر قانچە يۈز مېتىر ئۇزاقتا ئالتۇنتاغدىن شاماللار كېلىپ تۇراتتى. لوپ چۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ۋە قۇملۇق ئاستىدا قالغان قەدىمىي شەھەر مىراندىن كېسىپ ئۆتكەن بىر چەتئەللىك ساياھەتچى مۇشۇ يېقىندا بىر كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى بايقىدى.

ئامېرىكىلىق زوئولوگ قۇملۇقتا كۆز ئالدىدا ياتقان بىر دۆۋە سۆڭەكلەرنى كۆرگەندە، بۇلارنىڭ ھايۋانلارغا ئائىت ئەمەسلىكىنى بىلدى. بۇلارنىڭ ئىنسان سۆڭىكى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. قۇملۇقنى ئارراق كولىغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سۆڭەكلەر، قول ۋە جەينەك سۆڭەكلىرى چىقتى. تىترىگىنىچە قاپقالغان بۇ ئامېرىكىلىق ئەنسىرەپ سۆڭەكلەرنى كۆمۈپ قويدى. بىر قانچە سائەتتىن كېيىن مېنى يانغا تارتتى. ئىككىمىز بايىقى يەرنى كولاپ قۇرۇق يولغۇن شاخلىرى ئارىسىدا چېچىلىپ ياتقان تەخمىنەن ئونچە كىشىنىڭ ئىسكىلىتىنى بايقىدۇق. باش سۆڭەكلىرىدىن بىرى كىچىك بالىنىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدىكى مۇنچىقى ئۆز پېتى تۇراتتى. باشقا بىر باش سۆڭىكىنىڭ يېنىدا ئىككى دانە خۇرجۇن بار ئىدى.

شىنجاڭنىڭ كىلىماتى ئېھتىمال تىرىكلەرگە دۈشمەنلىك قىلغان بىلەن، ئەمما ئۇ ئۆلۈكلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن خەيرخاھ. بۇنىڭغا تەكلىماكاندىكى پەۋقۇلئاددە مۇكەممەل ساقلانغان مومىيالار گۇۋاھ بولالايدۇ. بايىقى ئىسكىلىتلار بىر سىردۇر. ئەگەر ئۇلار قەبرە ئىچىدىكى ئىسكىلىتلار بولسا، ئۇنداقتا بۇ سۆڭەكلەر نېمە ئۈچۈن شۇنچە پاكىزە؟ ئۇزلۇكسىز كۆچۈپ تۇرغان قۇملار جەسەتلەرنى ئىچىۋەتكەن بولسا، ھايۋانلار ئۇلارنى غاجاپ يېگەندىن كېيىن، شاماللار ئۇلارنى قۇملۇققا تەكرار كۆمۈپ قويدىمۇ يا؟ لېكىن ئەگەر بۇ سۆڭەكلەرنى قەدىمكى زاماندىكى سۆڭەكلەر دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا بۇ ئىككى خۇرجۇننى چۈشەندۈرۈش تەسكە چۈشىدۇ. ئېھتىمال بۇلار باندىتلارغا يولۇقۇپ بۇلانغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن بىر توپ يولۇچى بولىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە باشقا بىر ئېھتىماللىقمۇ مەۋجۇت. غەربىي شىمالغا قاراپ تەخمىنەن 1.6 كىلومېتىر يۈرگەندىن كېيىن بىر بۇددىستلار مازىرىدىن يىراقراق جايدا ئەتراپى شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان ئېگىز ۋە ئۇزۇن بىر توسما بار. توسمىنىڭ ئارقىسىدىكى يەر 36 ـ ھەربىي قىسىمنىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانى بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىلگىرى ۋە ھازىر بىر تۈرمە بار ئىدى. ئەجەبا بۇ ئىسكىلىتلار تۈرمىنىڭ سىرتىغا ئاچىقىلىپ دەرھال ئۆلتۈرۈلگەن مەھبۇسلارنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ ـ يا؟ ئەگەر شۇنداق بولسا قۇلىقىدا مونچىقى بار كىچىك قىزچاق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمىش قىلىدۇ؟

خەنزۇچە پىنيىن بىلەن «مىلان» دەپ يېزىلغان مىران، يەرشارىدىكى ئەڭ قاقاس يەرگە قويۇلغان نامۇناسىپ بىر ئىسىمدۇر. چەكسىز تاشلىقلارغا قۇچاق ئاچقان سوغۇق تەلەت چۆل ـ جەزىرىنىڭ شەرققە سوزۇلغان تەرىپىدە بىچارە مەھكۇملار ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش بار ئىدى. گۈرپىپىمىزدىكىلەر ئالتۇنتاغدىن پەسكە چۈشكەندىن كېيىن بۇ كەڭرى يەرگە كېلىپ توختىدۇق. جەنۇبقا سوزۇلغان قاقاسلىقلارنىڭ يىراق تەرىپىدىن تىبەت ئېگىزلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غەرب تەرەپتە بىر قانچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قۇم بارخانلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شەرقىي شىمال تەرەپتە لوپنۇرنىڭ شورلۇقلىرى كۆرۈنەتتى. بۇ يەردىكى پاقىراپ كۆرۈنگەن سەراپلار ئۆتمۈشتىكى كۆلنىڭ يالدامىسى ئىدى ۋە بۇ يەر ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ يادرو سىنىقى مەيدانى سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا. بىر

www.uyghurweb.net

يىرىم سائەتتىن كېيىن غەرب تەرەپتىن بىر يۇك ماشىنىسى كەلدى. بۇ بىز بىر ھەپتىدىن بۇيان كۆرگەن تۇنجى قاتناش قورالى ئىدى. ھەممىسى ئوخشاش ھەربىيچە كىيىم كىيگەن بۇ بىر توپ خوشال - خورام كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا گۇرجەكلەر بار ئىدى. گۇرپىپىمىزدىكى بەزىلەر ئۇلارنى قانۇنسىز ئالتۇن كولىغۇچىلار بولىشى مۇمكىن دېيىشتى. ئەمما مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇلار جۇڭگونىڭ ھەربىي ئالاھىدە قىسمىدىكى ئەسكەرلەرگە بەكرەك ئوخشايدىغاندەك كۆرۈندى.

مىران قوملۇق ۋە تاغلاردىن ئۆتۈپ دۇنخۇاڭ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسى بىلەن تۇتىشىدىغان يىپەك يولىنىڭ جەنۇبتىكى بۆلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرماقتا. جاڭ كەيشى ئۇنى ئۆزىنىڭ غەربتىكى ئاساسلىق ھەربىي تاشيولى قىلىشىلىشنى پىلانلىغان ئىدى. تاغ كارىدورلىرىدا بىر قانچە دانە غېرىپ خاتىرە تېشىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بىنا قىلىنمىغان ئىدى. ئەمما مىراندىكى خارابىلەردە مىلادى 3 ـ ئەسىردە بۇ يەردە ياشىغان بۇددىستلارنىڭ ئىزلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

قاقاسلىقتىكى كىچىك يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يارداڭلىقلار ۋە قۇرۇپ كەتكەن قەدىمي دەريانىڭ چىرىپ كەتكەن قالدۇقلىرى بارئىدى. ئۇلار گويا پاراخۇتنىڭ لەڭگىرىگە ئوخشاش باشلىرىنى كۆچلۈك شامالغا قارشى قويۇپ ياتاتتى. كۆپىنچىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى بۇزىۋېتىلىپ تۇرالغۇ ئۆي ۋە كالا ئېغىلى قىلىنغان. يەنە بەزىلىرى ئاددى ھالدا خۇمدان قىلىنغان. سىرلانغان ۋە سىرلانمىغان ساپال پارچىلىرى قۇملۇقتا چېچىلىپ تۇراتتى. مۇھەمراق بىر بايقاش شۇكى، چىقىلىپ كەتكەن بۇتخانىنىڭ قالدۇقلىرى ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان يەردىكى تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەر يۇنان سەنئىتى تەسىرىنىڭ ھەتتا مىرانغىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. مىراننىڭ شىمالى تەرىپى يەنى بىزگە ئىسكىلىتلار ئۇچرىغان يەردىكى بۇتخانا قالدۇقلىرىنى 1907 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كەلگەن ئاۋرېل ستەين ئىبادەتخانا ياكى ماناستىر دەپ ئاتىغان. ئۇ بۇ يەردىن بۇددانىڭ ئاھاكلانغان بىر قانچە دانە يوغان بېشىنى ئېلىپ كەتكەن. شەرق تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان قۇم دۆۋىلىرىگە ئۇزاقتىن نەزەر تاشلىغاندا قەدىمي تۇۋرۇكنىڭ يۇمىلاق تۇۋرۇكنىڭ ئۇچچىنى كۆرگىلى بولاتتى. يۇمىلاق ئايلانما كارىدورنىڭ ئىچىدىكى تاملاردا زەگەر شەكىللىك بىر دانە بۇددا گۈرى بار، بۇنىڭغا چۆل يولى تۇتاش. ستەين بايقىغان تام رەسىمى ئىچىدىكى بىر گۈزەل ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان. ئۇ: «ئالىكساندىر: بۇ يەردە پەرىشتىلەرنىڭ باشلىرىدىن شەكىللەنگەن بىر زەدىۋال بار. تىپىك گىرىك ـ روما ئۇسلۇبىدىكى بۇ رەسىملەرگە شەرقچە رەڭ بېرىلگەن بولۇپ، رەڭلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن. ئۇ ئېھتىمال ئەينى زاماندا سىزىلغان بولىشى مۇمكىن دېدى» دەپ يازغان.(1) ستەين يەنە «تىتا» (Tita) دەپ ئىمزا قويۇلغان بىر تام رەسىمىنى بايقىغان. مىرانغا ھازىرغىچە كۆزەتچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ئېگىز بىر قورغان بار بولۇپ، بۇ مىلادى 8 ـ ياكى 9 ـ ئەسىردە تىبەت خانلىقى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان. ستەين قورغاننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۇلتۇراق يەرلىرىنىڭ ئەخلەتلىكلىرىنى كولاپ 200 پارچە تىبەتچە قولىيازمىلارنى تاپقان.

چۆل يولى 36 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇش ئورنىنى كېسىپ ئۆتەتتى. بىزگە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش ئۇقتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تىبەت قورغىنىغا يېقىن يەرگە ئىككى كىچە چېدىر تىكىپ ياتتۇق. ئەمما تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا كىرىدىغان بىردىنبىر يول دېھقانچىلىق مەيدانى ئارقىلىق ئۆتۈش بولغانلىقى ئۈچۈن 3 ـ كۈنى بىز دەرۋازىغا يېقىنلاشتۇق. بۇ ئىشىكلەر باشقا بىر دۇنيانى نامايەن قىلىپ تۇراتتى.

www.uyghurweb.net

كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ گويا كىنو كۆرىۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم. ئەمما بۇلار راست ئىدى. بۇ يەردە بۇ نامسىز يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسفالىت يولى، كوچا چىراغلىرى، رەتلىك تىزىلغان ئىشخانا ۋە سودا دۇكانلىرى، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئاھالىلەر ئولتۇراق بىنالىرى بار بىر كىچىك شەھەر بار ئىدى. بۇلار ئىنتايىن رەتلىك ئىدى. تۆت يولنىڭ دوقمۇشىغا يېقىن يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنا قارىماققا باشقۇرۇش ئورنىنىڭ قوماندانلىق شتابىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۆگزىسىدە ئانتېننىلار ۋە سۇنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىش تەخسىلىرى بار ئىدى. بۇ مەيداندىكى ھاياتلىقنىڭ سىرى بىز بىر ئاز يىراقتا بارغاندىن كېيىن ئاشكارىلاندى: يول بويىدىكى سىمۇنت ئۆستەڭدە يىراقتىكى كۆئىنلۇن تاغلىرىدىن كەلگەن سۇلار مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتاتتى. ئەمما غەلىتە يېرى شۇكى، بىر قانچە ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن، بۇ سۇ بىر تەرەپكە قاراپ يۇقىرىغا ئېقىۋاتقاندەك بىلىنىدى. بۇ سوتسىيالىستىك مەركىزى پىلاننىڭ باشقا بىر غەلىبىسىمۇ ـ يا؟ بۇ كارامەت، كۆرۈشتىكى خاتا سىزىم تۈپەيلى پەيدا بولغان ئىدى. يىراق تاغ باغرىدىن كەلگەن سۇلار سولغا ئەگىپ ئاقماقتا ۋە بىزگە بىز خۇددى يۇقىرىغا چىقماي، پەسكە چۈشۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قارشى كېلىۋاتقاندەك تويغۇ بەرگەن ئىدى.

توسما ئىچىدە بىر خەنزۇ پىكاپ شوپۇرى (ئىچىمدە ئۇنى مەخپىي ساقچىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم) كەلگەندە مۇھاپىزەتچىلەر توختىدى. ئېھتىمال بىر ئىشنى ئۇقتۇرۇشقا كەلگەندەك قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە پاختا ئېتىزلىقلىرى، چۆرىسىدە قاتار سېلىنغان تېرەكلەر بار ئىدى. بىر قانچە كىشى ۋەلىسىپىت مىنىشىپ يۈرەتتى. ئەمما ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى 36 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ھەممىلا يېرىدە، ئېتىزلىقتا كوچىلاردا بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان رايوندىكى بۇ يەردە قېرى ـ ياش ھەممە كىشى خەنزۇ ئىدى.

بىز ساقلاپ تۇرغاندا ئېشەك ھارۋىسى ھەيدەپ بىر بوۋاي كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن ئەمگەك مەيدانىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ غوۋا ھالدا مېنىڭ ئارقا تەرىپىمنى ئىشارەتلەپ كېتىپ قالدى. بۇ ئانچە ئېنىق بولمىدى. ئەمەلىيەتتە 36 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇش ئورنى بولسا شىمال ۋە غەربتە تارىم ۋە يەركەنت دەريالىرى قىرغىقىنى قەشقەرگە قەدەر بويلاپ، جۇڭغار ئويمانلىقىغا كىرىپ سابىق سوۋېت چېگرىسىنى بويلاپ بىر سەپ ھاسىل قىلغان ئىلگىرىكى يىغىۋېلىش مەيدانى زەنجىرى ئىچىدىكى بىرىنچى ھالقا ئىدى. بىر تىزىق مارجان ئىچىدىكى سەت مارجانلارغا ئوخشايدىغان بىر زەنجىرنىڭ 185 يەردىكى نۇقتىسى جۇڭگونىڭ جازا لاگىرلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمى ئىدى.

ئەمدى 36 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇش ئورنىدا ئۆچرىغان كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن پۈتۈنلەي خەنزۇ ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ يەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 25 مىڭى سۈرگۈنلەرنىڭ بالا ـ ۋاقلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەسكەر بولۇپ، بۇ يەرگە سوۋېت رۇسىيىسى تەھدىتىگە قارشى جۇڭگونىڭ غەربتىكى چېگرىسىنى قوغداش ئۈچۈن كەلگەن. جىنايەتچى ئاتىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان ياكى ئۇلار مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ پۇقرالار ئىچىدە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىدىيە ئىنقىلابىغا قارشى پىكىر ۋە گەپ سۆزدە بولغان دېگەن جىنايەت ئارتىلغانلار ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش مەيدانلار ئىچىدە ئىنتايىن ئاز كىشىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان. مىران جۇڭگونىڭ ئەڭ يىراقتىكى سۈرگۈن قىلىش ئورنى بولۇپ، ئۇ قاقاس چۆلدىكى سۈنئىي بوستانلىقتۇر. بۇ يەرنى سۈرگۈنلەرنىڭ باللىرى ئۆز ئۆيىمىز دەپ ئويلايدۇ.

www.uyghurweb.net

بۇ جۇڭگولۇقلار ئۇچۇن يېڭى ئىش ئەمەس. گەرچە ئازات قىلغۇچى كوممۇنىستلار سۈرگۈنلەرنى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنى ئۇلار ئىجات قىلغان ئەمەس. جۇڭگونىڭ يىراق غەربىگە سۈرگۈن قىلىنىش ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن. غەيرى كۆز قاراشتىكى ئەمەلدارلارنى يىراققا سۈرگۈن قىلىش پىكرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە چىن سۇلالىسىدە باشلانغان. جىنايەت قانچە ئېغىر بولغانسىرى شۇنچە يىراقلارغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئىلگىرىكى پادىشاھلار دەۋرىدە جىنايەتچى پادىشاھنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەپ يالۋۇراتتى. پادىشاھ رەھىم قىلاتتى. جۇڭگولۇقلار داڭق چىققان يۇرتپەرۋەرلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆلۈمگە قارىغاندا سۈرگۈندىن بەكرەك قورقاتتى. شۇڭا سۈرگۈنگە كېتىشكە قارىغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

مەلىكە ۋېن جىنى ھۇنلارنىڭ بۇلاپ كەتكەنلىكىنى 2 ـ باپتا بايان قىلدۇق. سەرسانلىق ئازابى كۆرگەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە يىراق غەرب ئالاھىدە قورقۇنچلۇق بىر يەر ئىدى. ئۇلار سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئاخىرىدىكى جىيايۇگۈەن قۇۋۇقىدىن ھۆكرەپ يىغلاپ تۇرۇپ چىقاتتى. ئۇلار ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ زېمىنىدىن ئايرىلىپ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ زېمىنىغا قەدەم باستۇق دەپ بىلەتتى. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قۇۋۇقنىڭ تار يەرلىرىگە يېزىپ قويغان. چىڭ سۇلالىسى زامانىدا سۈرگۈن قىلىنغان شائىر خۇڭ ليەن جى ھەسرەت بىلەن مۇنداق دەپ يازغان:

ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى بوش ۋاقىت ئەمەستى لاغايلاپ يۈرىيدىغانغا،
ياماشقاندا ۋۇفىڭ چۇققىسىغا قالدى كونىرىغان بۇتخانىلىرىم ئۇزاقتا.
ئىست! ھازىر يۈرىمەن سەددىچىن سىرتىدا، ئون مىڭ چاقىرىم يىراقتا،
كۆرۈپتىمەن تەڭرىمنىڭ تاغلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەرق، غەرب، شىمال ۋە جەنۇبتا.(2)

خاقان يىراق غەربتە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان زامانلاردا، بۇ يەرلەرگە سۈرگۈنلەرنى ئەۋەتىش پىلانىنىڭ ئۇچتىن بىرى ئىدى. ئۇلار چېگرىدا كۆچمەن ياۋايى خەلقنى تىزگىنلەيدىغان شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە ھەمدەم بولدى. مانجۇ ۋە كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلەر بۇ ئەقىلنى ئويلاپ تېپىشتىن خېلى بۇرۇن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانى بەرپا قىلىپ قوشۇمچە ھەربىي  دېھقانلار پەيدا قىلىپ، جىنايەتچىلەرنى قومۇل، تۇرپان ۋە كورلىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى ئۇچۇن ئاشلىق تېرىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. كېيىنكى كۆچمەنلەرمۇ مەمۇرى پەرمان بويىچە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسىيە يايلاقلىرىدىن كەلگەن چارۋىچىلار، تارىمدىن كەلگەن دېھقانلار ۋە چىڭ سۇلالىسىدىكى چوڭ قەتلىئامدىن كېيىن ئادەمسىز قالغان جۇڭغارىيەنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۇچۇن ئىچكىرى جۇڭگودىن ئەۋەتىلگەن جىنايەتچىلەر بار. ئەيچىن ۋۇ ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا ياشايدىغان باشقا بىر سەۋەب بىلەن كەلگەن 10 مىڭ كىشىلىك مانجۇ مۇھاجىرلىرىنى، يەنى غەلىتە بىر يىغىۋېلىش لاگىرى (گۇلاڭ) نى بايقىغان. بۇ مانجۇلار چيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن ئالدىنقى سەپنى ساقلاشقا ئەۋەتىلگەن ۋە ئون يىلدىن كېيىن قايتىپ كېتىشكە ۋەدە قىلىنغان مانجۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقا، ئۆي ۋاخلىرىنى يۇدۇپ شىنجاڭغا يېتىپ كېلىشى ئۇچۇن ئۈچ يىل ۋاقىت كەتكەن. ئەمما ئون يىل توشقاندىن كېيىن ئۇلار ئاسانلا ئەستىن چىقىپ كەتكەن. ئەيچىن ۋۇ ھەممە يەردە مانجۇ تىلى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر زاماندا ئۇ ئۇنتۇلغان مۇھاجىرلارنىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ ساپ مانجۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان.

www.uyghurweb.net

ئەسكەرلەر بەزى چاغلاردا غەربتە ئارقا سەپتە تۇرۇشنى تاللىغان. ھالبۇكى، ئىختىيارى كۆچمەنلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى يەرلىكلەرگە پەرمان يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن مۇددەتلىك ئەسكەرلەرنىڭ پېشكە ئېسىلىپ، سودا پۇرستى ئىزلەپ چىققان خەنزۇ سودىگەرلەر ئىدى. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، مۇسۇلمانلارنىڭ چىشىغا تىگىپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ سودىگەرلەرنىڭ تۈركى شەھەرلەردە ياشىشىغا ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن دوست بولۇشىغا ئىجازەت بېرىلمىگەن. خەنزۇ مەمۇرى خادىملارنىڭمۇ ئۆلكە مەركىزىدە ئىشخانا قۇرۇپ ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان. تاكى 1830 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن خەنزۇلارنىڭ ئەسكەرلەر ۋە دېھقانلار بىلەن بىرگە ئائىلە بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. مەركەزدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى كوممۇنىستلارنىڭ خەنزۇلار بۇ يەردە قانچە كۆپ بولسا، ھۆكۈمەت شۇنچە ئوبدان كونترول قىلالايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارمۇ شۇنچە ئاجىز بولىدۇ دېگەن مەنتىقىسىگە مەدەت بەرگەن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلىشقا ئۇرۇنغان ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مۇۋەپپىقىيەتلىك بولالمىغان. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت نوپۇس تەركىبىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە كۆچمەنلەرگە ياردەم ۋەدە قىلىپ ئۇلارنى غەربكە ئەۋەتكەن. ئەمما پىلان چەكلىمىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنۇمى ئازراق بولغان.

كوممۇنىستلار دەسلەپتە ئىختىيارى كۆچمەن يۆتكەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. 5 ـ باپتا كۆرگىنىمىزدەك ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شۇئار دەۋرىدە نەچچە مىڭ ئاۋانگارت ئۆز ئىختىيارى بىلەن غەربكە ئاتلانغان. ئەمما كېيىنكى مەزگىللەردىكى شىنجاڭغا خەنزۇ كۆچۈرۈش ئىشى ئىلگىركىدەك مۇۋەپپىقىيەتلىك بولالمىغان. بىر پىلاندا نۇرغۇن چىقىم قىلىپ 433 مىڭ كىشىنى چېگرا رايونغا يۆتكەش ئىشى ئورۇندالغان. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن. يەنە بىر پىلان بويىچە 1956 ـ يىلى ياز پەسلىدە 45 مىڭ نەپەر ئەر ـ ئايال ياش شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق رايونى ۋە زاۋۇتلارغا كەلگەن. 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تېخىمۇ تەپسىلىي پىلان بويىچە ياش، قاۋۇل ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچىلىك خەنزۇ كۆچمەنلەرگە يېڭى ئۆيلەر سېلىپ بېرىلگەن. شىنجاڭدا ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش مەركەزلىرى قۇرۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ئىرادىسىنىڭ بوشىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مەدەت بېرىدىغان مەسلىھەتچى يولداشلار ئەۋەتىلگەن.(3)

1966 ـ يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا سۈرگۈن قىلىنغان بىر دوختۇر غەربىي رايوننىڭ شارائىتىغا ماسلىششنىڭ نەقەدەر مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇ ئون تۆت يىلدىن كېيىن غەربلىك بىر مۇخبىرغا ئايالى بىلەن قانچىلىك جاپا تارتقانلىقىنى سۆزلەپ: «بۇ يەرنىڭ دوختۇرغا ئېھتىياجى بار ئىدى. بىز مەجبۇرى قالدۇق. بىز ھۆكۈمەتكە يۆتكىلىش توغرۇلۇق ئىلتىماس يازدۇق، ئاللاقاچان ئۇنتۇلدۇق، ئەمما كېتىش ـ كېتەلمەسلىكىمىزنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بەزىلەر بۇ يەردە ئانچە يامغۇر ياغمايدىكەن دەپ ھاۋاسىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ» دېدى.(4)

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كومپارتىيە خەنزۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئۆلكە نوپۇسى تەركىبىدىكى خەنزۇلار سانىنى كۆپەيتىپ مىللەت تەركىبى بالانسىنى ئۆزگەرتىشكە پۇرسەت تاپتى. مەسىلەن: 1992 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ياڭزىجياڭ دەرياسىدىكى سەنشيا يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى تۈپەيلى ئۆي ماكانىدىن ئايرىلغان بىر مىليون دېھقاننىڭ 100 مىڭىنى قوبۇل قىلىش «تەكلىپ قىلىنغان.» شۇ چاغدا غەربىي تۈركىستاندا زىيارەتتە بولىۋاتقان بىر مۇسۇلمانلار

www.uyghurweb.net

ئۆمىكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن. رۇسىيە زۇڭتۇڭى بورىس يېلتسىن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ چېگرىدىكى قوشۇنلارنى ئازايتىشى توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، بېيجىڭمۇ قەشقەرگە سۇنغان تەكلىۋىنى قايتۇرىۋالغان.

ھەممە پىلانلار مەغلۇپ بولغاندا، شىنجاڭغا ئېقىپ كېلىش يەنە خىلمۇ خىل شەكىللەردە يېرىنى تاپتى. ماۋزېدۇڭنىڭ قورقۇنچلۇق جازا لاگىرى (گۇلاگ) نىڭ نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي قۇرۇلمىسىنى مانجۇلار لايىھىلەپ بەرگەن ئىدى. 1759 ـ يىلىدىكى ئىشغالدىن كېيىن، نەچچە ئون مىڭلىغان جىنايەتچى ۋە سىياسىي گۇناھكار شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان. ھۆكۈمەتنىڭ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش پىلانى ئۇنۇم بەرگەن. بىر چالما بولسا سۈرگۈن قىلىش، ئىككى پاختەك بولسا مۇستەملىكە قىلىپ بوز يەر ئېچىش ۋە قوغدىنىش ئىدى. كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى جازا لاگىرى خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش ۋە سىستېمىلىق ھالدا مۇستەملىكە قىلىشىدىكى ئەڭ ياخشى بىر ئورگانغا ئايلاندى. مەيداننىڭ باشقۇرۇلىشى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە ئىنتايىن ئوخشايدۇ ۋە شىنجاڭ داۋاملىق ھالدا ۋايىغا يەتكەن بىر ئەخلەتلىك، داشقاللىقا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ يەردە يىغىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ زىچلىقى خوشنا ئۆلكە چېگىخەيدىكىدەك زىچ بولماسلىقى مۇمكىن. ئىلگىرىكى بىر مەھبۇسنىڭ ئېيتىشىچە، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قايتا يەرلەشتۈرۈلگەن مەھبۇسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تەۋەلىرى ئىكەن. ئەمما شىنجاڭ ستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن تېخىمۇ مۇھىم.

كوممۇنىستلار ئىككى خىل ئەمگەك مەيدانىنى ئىجات قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچىسى ج خ ئورگىنى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى (لاۋگەي). بۇ يەرلەر ھەقىقى جىنايەتچىلەر ۋە سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتسىز جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان «ئىدىيە (سىياسىي) جىنايەتچىلىرى» ئۈچۈن قۇرۇلغان جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەھبۇسلار تېخىمۇ «ئۆزگەرتىلىش» ئۈچۈن ھەم قامىلىدۇ ھەم «مۇت مەدىكار (ئىش ھەققى بېرىلمەيدىغان ئىشچى) مەھبۇسلار» دەپ ئاتىلىپ، تاكى ئۆلگىچە ئىشقا سېلىنىدۇ.

1957 ـ يىلىدىكى ئۇۋچىلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى ۋە 1958 ـ يىلدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش (دايوجىڭ) مەزگىلىدە ماۋزېدۇڭ ئىككىنچى خىل جازالاش تىپى «ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش» (لاۋجياۋ) ئورنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قايتا تەربىيىلەش ئورنى جىنايەتچىنى جازالاش ئۈچۈن ئەمەس، «خاتالىقلار» نى تۈزىتىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن. بۇلارنىڭ ئۆلچەملىك مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش سوت ۋە ئادۋۇكات، سوراق ۋە ئەيىبلەش كېرەك قىلمايدىغان بىر خىل مەمۇرىي قاماق شەكلى بولۇپ، سىياسىي رەقىپلەرنى جايلايدىغان تېز ئۇسۇلدۇر. نۆۋەتتە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى ئەڭ كۆپ دىنىي جىنايەتچىلەر، يەنى مۇسۇلمان موللىلار ۋە فالون گۇڭ تەرەپدارلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە.

ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزگەرتىش بىلەن ئەمگەك ئارقىلىق تەربىيىلەش بىر ئاز پەرقلىق. ھەرئىككىسىدە ۋەھشى ئۇسۇلدا زومىگەرلىك قىلىپ خەلقنى قىيناشتىن ئىبارەت مۇتىھەملىكنىڭ ئورنىغا داۋالاش ئەسلىگە كەلتۈرۈش دېگەن چىرايلىق ئىبارە ساختىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن بۇ تۈزۈمگە بولغان پىكىرلەرنىڭ مەسخىرىلىك ياكى تەبىئى بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت Auschwitz دە ناتسىستلار قوللانغان «ئەمگەك سېنى ئازات قىلىدۇ» (Arbeit macht frei) دېگەن شۇئارنى ئەسكە سالىدۇ. بۇ شۇئار 2

www.uyghurweb.net

- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يەھۇدىيلار، سىگانلار، بەچچىۋازلار (مۇھەببەتلەشكەن ئوخشاش جىنسلىقلار)، سىياسىي گۇناھكارلار ۋە باشقا مۇرتەد، خائىنلارنى سۈلايدىغان جازا لاگىرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىكى تۆمۈر ۋىۋىسكىغا يېزىلغان ئىدى.

Auschwitz دىكى شائىر پرىمولېۋ ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈلۈپ، پەقەت جاپالىق ئەمگەك ۋە تېببى سىناق ياكى قەتلىئام ئۈچۈنلا قۇرسىقىغا يېمەك بېرىلىپ بېقىلغان چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنتۇلغۇسىز ھالدا تەسۋىرلىگەن. جۇڭگونىڭ جازا لاگىرىدىكى شائىر جاڭ شيەنلياڭ ئىچكى موڭغۇل بىلەن گەنسۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇسۇلمانلار ياشايدىغان ئۆلكە نىڭشادىكى ئەمگەك مەيدانىغا ھەيدەلگەن چاغدا ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ پرىمولېۋ تەسۋىرلىگەن ئەھۋاللارنى ئېچىنىش ۋە مەسخىرە قىلىش ھېسسىياتىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

جاڭ شيەنلياڭ: «ئۇرۇقلاپ ئىسكىلىتتەك قالغان، قۇرسىقى ئاچسا ئوت - چۆپ يەيدىغان، بەدەن ئېغىرلىقى يەتتە دانە تاشچىلىقمۇ كەلمەيدىغان سەكراتتىكى ئادەم قانداقمۇ ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن تەڭ لايىنى كۆتۈرەلىسۇن؟ ئەمگەك ئارقىلىق ئەركىنلىككە قانداق ئېرىشسۇن؟» دەپ سورايدۇ. دەسلەپكى ئۈچ ئايدا ھەر كۈنى تەڭ كېچە بولغىچە بىلىگە كەلگۈچە سۇغا چىلىنىپ تۇرۇپ شال ئېتىزىدا ئوت ئالغان جاڭ شيەنلياڭنىڭ پاچاقلىرى ئىششىپ يارا چىقىپ كەتكەن ۋە ئىنتايىن قاتتىق قىچىشقان. بۇنى ئۇ «قىچىشا - قىچىشا جانغا تەگدى قىچىشقاق، قاشلاپ - قاشلاپ ساراڭ قىلدى قىچىشقاق» دېگەن.(5)

غەربنىڭ جازالاش نەزەرىيىسىدە تۈرمىگە سولاشنىڭ جىنايەتنى توختىتىش، تۆلەم ئېلىش ۋە ساقايتىش ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك مەقسىتى بار. جىنايەتنىڭ قايتا يۈز بېرىش نىسبىتىدە كۆرستىلگەندەك، ئادەتتە بۇ ئۈچ تۈرلۈك مەقسەتنىڭ ئۈچىنچىسى ئويلىغاندەك چىقماي قالىدۇ. ئەمما ھېچ بولمىغاندىمۇ جىنايەتچىگە كىسىم ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قەسەم قىلدۇرۇلۇپ قويۇپ بېرىدىغان قائىدە بار.

جۇڭگودا ھەممە ئىش «ئۆزگەرتىش» دېگەن ئىسىم ئاستىدا قانۇنلۇق يۈرۈپ كېتىدۇ. مەھبۇسنىڭ پۈزىتسىيىسى توغرۇلۇق تۈرمە رەھبەرلىكىنىڭ پىكرى بويىچە قاماق خالىغانچە ئۇزارتىلىدۇ ۋە قىسقارتىلىدۇ. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنە خالىغان چاغدا قايتا قولغا ئېلىنۇېرىدۇ. كومپارتىيەمۇ مانجۇ ئوردىسىدىكىگە ئوخشاش تۈرمىگە سولاشتىكى ئاساسى مەقسەت ئەخلاقى جەھەتتىن تۈزەش دەپ قارىغان. بۇ قارىماققا ئىنسانپەرۋەرلىكنى مەقسەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق شەكىلدە يۈرگۈزۈلگەن. ھالبۇكى مانجۇلار بىلەن كومپارتىيە ئارىسىدا دىققەت تارتىدىغان بىر پەرق مەۋجۇت. مانجۇلار جىنايەتچىلەر تەبىقىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلغان. يەنى كوڭزى تەرەپدارلىرى ۋە بىر قەدەر تەربىيە كۆرگەن مەھبۇسلارغا باشقا نورمال جىنايەتچىلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ماۋزېدۇڭ زامانىدا بولسا ئىش تەتۈرسىچە بولۇپ، تەبىقىسى يۇقىرى بولغانسىرى جازامۇ شۇنچە قاتتىق بولغان ۋە زىيالىلاردىن ئاساسسىز ھالدا گۇمان قىلىنغان. بىر كەمبەغەل كىشى كوممۇنادىن ئازراق ئاشلىق ئوغۇرلىسا كەچۈرۈم قىلىنغان، ئەمما شۇنچىلىك ئاشلىقنى ئوغۇرلاپ سالغان پومېشچىك ئۇن يىللىق قاتتىق ئەمگەككە مەھكۇم قىلىنغان. ئېغىر ئەمگەك قىلىپ كۆنمىگەن «ئوڭچى» زىيالىلار، دېھقانچىلىق تەجرىبىسى يوق شەھەرلىكلەر ھەمىشە ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولالماي تاياق يېگەن. ئۇلارنىڭ «جىنايىتى» نىڭ خاراكتېرى نامەلۇم

www.uyghurweb.net

بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار داۋاملىق پسىخولوگىيەلىك زەربىگە ئۇچراپ تۇردۇ ھەمدە جىنايى جازاغا تارتىلىدىغان ئوبيېكت قىلىنىدۇ.

زىيالىلار كۈرەش مەيدانىدا قاتتىق زەربە يېگەن ۋە بىر ـ بىرىنى تەنقىد ۋە پاش قىلىشقا قويۇلغان جاڭ شيەنلىياڭنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئۆزى بىر كوپلېت شېئىر تۈپەيلى «ئوڭچى» ئاتىلىپ تۈرمىگە سولانغان. تەربىيە كۆرگەن مەھبۇسلار ئىلگىرىكى نام ـ شۆھرىتى تۈپەيلى ھازىر گىزەندە بولغان. ئۇلار «ھەر ئادەمنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئاساسسىز تەكشۈرىدىغان ساراڭ» رەھبەرلەرنىڭ تۈگىمەس سوئال ـ سوراقلىرىغا چىدىيالماسلىقتىن جىسمانى جازاغا تارتىلىشتىن قاتتىق قورقاتتى. ئەپسۇس ئۇلار ھەر بىر كىشىنىڭ مىڭىسىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۇنى مىكروسكوپ بىلەن تەكشۈرەلمەيتتى. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئوت ـ چۆپ ۋە غازاڭ بىلەنمۇ ھەقىقەتەن ياشىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىغان ئىدى. پرىمولېۋىنىڭ تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشاش ئۇلار ئۆلۈم نامزاتى ئىدى. جاڭ شيەنلياڭ: «كۆپ ساندىكى زىيالىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تاكى چىدىيالماي ئۆلگىچە داۋاملىق تەربىيىلىنىدۇ» دەپ يازغان.(6)

ئادەتتە جۇڭگودىكى سىياسىي جىنايەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوي ـ پىكرىنىڭ ئاغزاكى ھاقارەت، يازما ياكى ئاغزاكى تەۋبە ئىقرار ۋە «مېڭە يۇيۇش» تىن ئىبارەت تۈگىمەس جەريانلارنى باشتىن كەچۈرىدىغان بىر جىنايەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغان. خەنزۇ ئانىدىن تۇغۇلغان فرانسىيەلىك جېن پاسكوالىن 1957 ـ يىلى چەتئەل جاسۇسى دېگەن نام بىلەن تۈرمىدە ياتقان، ئۇ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىكى رەھبەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەپ يازغان:

«ئۇلارنىڭ تەمكىن، ياغلىما سۆزلىرىنىڭ چۈشكۈن ۋە ئۈمىدسىز بىچارە كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەقىقەتەن تەسىرى بار. چۈنكى بۇ بىچارىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى بيوروكرات ھۆكۈمگە مۇتلەق ھالدا باغلانغان دەپ بىلىدۇ. ھەركۈنى مەھبۇسلارغا بۇنىڭ مۇقىم بېكىتىلگەن قاماق مۇددىتى ئەمەس ئىكەنلىكى، مەھبۇسلارنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراپ كەلگۈسىدىكى قاماق مۇددىتىنى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقى.... غا ئىشىنىش ھەققىدە تەربىيە بېرىلەتتى. بىزنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر... بالا ئاتا ـ ئانىغا مۇتلەق ھالدا ئىشىنىش كېرەك، چۈنكى بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق.»(7)

جۇڭگولۇق مۇناسىۋەتلىك قانۇنشۇناسلار ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمەنلىرىگە «دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى» نى يۈرگۈزۈش ھوقۇقى بار دېگەننى باھانە قىلىپ بۇ تۈزۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما ئۆتكەن ئەللىك يىل ئىچىدە بۇ خىل تۈزۈمگە بولغان كۆز قاراشلار خۇددى كۆز ھاۋاسىدەك داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇردى. ماۋزېدۇڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ۋە كېيىن جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانى بولغان دىڭ شياۋپىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە قېتىم كەمسىتىلگەن ۋە تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىلگەن ئىدى.

جۇڭگونىڭ جازالاش تۈزۈمى ستالىنىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئىنتايىن مۇتىھەم، كاۋكازدىكى قورقۇنچلۇق ئىشلار بۇ يەردىمۇ بار ھەمدە بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەك ئىنتايىن ئاسان.

غەربتە خاررىي ۋۇ دەپ تونۇلغان ۋۇ خۇڭدا ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان مەشھۇر بىچارىلەردىن بىرى. شاڭخەيلىك بانكىرنىڭ ئوغلى ۋۇ خۇڭدا بېيجىڭدىكى گېئولوگىيە ئىنستىتوتىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا ئائىلە كېلىپ ـ چىقىشى بۇرژۇئازىيە تەركىۋى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئوڭچى» دەپ قالپاق

www.uyghurweb.net

كېيدۇرۇلگەن. 1960 ـ يىلى 23 يېشىدا سىنىپ كادىرلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن تارتىپ چىقىرىلغان. ئۇ كېيىن بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«باشقىلار ماڭا سەت قاراشقا باشلىغاندا بەزىلەر ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. بىزنىڭ پاكولتېتتىكى سىياسىي تەربىيە ھەيئىتى ۋاڭ جىيەننىڭ ئوچۇق سۆزلىرى جەمجىتلىقنى بۇزدى: «بۇگۈن بىز ئوڭچى ۋۇ خۇڭدانى پىپەن قىلىمىز» دېيىشى بىلەنلا ئامما ئارىسىدا شۇئار سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى.

ـ ۋۇ خۇڭدا ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى رەت قىلىۋاتىدۇ!

ـ ئۇ پارتىيىگە قارشى. ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك!

ـ ۋۇ خۇڭدا يوقالسۇن! ئۇ ھازىر بىزگە ھەقىقى يۈزىنى كۆرسەتسۇن!

ئەيىبلەش تەخمىنەن يىگىرمە مىنۇتچە داۋاملاشتى. مەن تاكى ۋاڭ جىيەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا سىگنال بەرگۈچە بېشىمنى تىك تۇتۇپ ئولتۇردۇم، ۋاڭ جىيەن يۇقىرى ئاۋازدا: «كۆپچىلىكنىڭ تەلىۋى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ تولۇق قوشۇلىشى بىلەن مەن ھازىر ئوڭچى ۋۇ خۇڭدانى پاش قىلىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزدۈم. ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىمەن. ۋۇ خۇڭدا جاھىللىق بىلەن سوتسىيالىستىك ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشنى رەت قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى بولۇش يولىنى تاللىدى» دېدى.

دەل بۇ چاغدا بىر ج خ خادىمى ئىشىكتە پەيدا بولدى. ئۇ دوسكا ئالدىغا كېلىپ: «بېيجىڭ خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئەكسىلئىنقىلابىي ئوڭچى ۋۇ خۇڭدانىڭ ئەمگەك بىلەن قايتا تەربىيىلىنىشىنى ئېلان قىلىمەن» دەپ جاكارلىدى. ئۇ مېنى ئالدىغا چىقىشقا ئىشارەتلىدى ۋە يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقاردى.»(8)

ج خ خادىمى ۋۇ خۇڭدانى ئۇنىڭ جىنايەتلىرى يېزىلغان قەغەزگە قول قويدۇرغاندىن كېيىن، سىنىپتىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ شۇ كەتكەنچە ئون توققۇز يىل غايىپ بولغان. 1979 ـ يىلى خاررىي ۋۇنىڭ «قايتا تەربىيە ئېلىش» ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، بىر قانچە لاگېردىكى ئېغىر ئەمگەك ۋە ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىققان.

خاررىي ۋۇ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىلمىنى ئۆستۈرۈش يولىدا يۈرەكلىك قەدەم تاشلىدى. قولىدا پەقەت ئامېرىكا پاسپورتىلا بولغان خاررىي ۋۇ ئۈچ قېتىم جۇڭگوغا قايتىپ بېرىپ جازا لاگېرلىرىنى مەخپى فىلىمگە ئالدى. 1995 ـ يىلى تۇتۇلۇپ قېلىپ ئىككى ئاي سولاقتا ياتتى. ئىككىنچى قېتىمدا ئۇ ئاقسۇغا يېقىن جازا لاگېردىكى مەكتەپنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئۇ يەرگە نەزەر سالدى. بۇ يەرگە ئۇنىڭ بىر ئاكىسى ئوتتۇز بەش يىل بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئاكىسى ئەكسىلئىنقىلابچى بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىۋاتاتتى. خاررىي ۋۇنىڭ شوپۇرى مەكتەپنىڭ سىرتىدا توختىدى. ئەمما ئۇ ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ كېيىن بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئاكىسىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشىدا ئۆزىدە بىر قىسىم مەسئۇلىيەت بار دەپ ھېس قىلغانلىقى ۋە ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەننىڭ كۆرۈشۈشىنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

www.uyghurweb.net

«كېتەيلى» دېدى ئۇ شوپىرغا ۋە قارا كۆزەينەكىنى تاقىدى. شۇنداق قىلىپ ھېچكىم ئۇنى تونىمىدى ۋە كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنىمۇ كۆرمىدى.(9)

خارربي ۋۇ 1957 - يىلىدىكى ئوڭچىللىقىقا قارشى كۈرەشتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئېغىر ئاچارچىلىق مەزگىلىدە ئەمگەك مەيدانى ئۆلۈم مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مەھبۇسلارنىڭ سانى ئاۋۇپ كەتتى. بۇلار ئاشلىق ئوغۇرلىغان دېھقانلار ئەمەس، بەلكى توق قورساق باشقۇرغۇچىلار ھەققىدە قىلىنغان غەيۋەت - شىكايەتلەرنى ئاڭلاپ قالغان سىياسىي دۈشمەنلەر ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەھبۇسلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ مەھبۇسلارنىڭكىدىن ياخشى ئەمەس ئىدى. يەنى تۈرمە سىرتىدىكىلەرنىڭمۇ يېگۈدەك بىر نەرسىسى يوق ئىدى. خارربي ۋۇ خېبېي ئۆلكىسىدىكى چىڭخې مەيدانى (بۇ يەردە جاڭ شيەنلياڭمۇ تۇرغان) دىن قېچىپ چىقىپ شەھەرگە بارغان. ئەمما يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىغان ۋە ئۆزىنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ قايتىپ كەلگەن.

ماۋزېدۇڭنىڭ دېھقانلارنى مەجبۇرى كوللېكتىپلاشتۇرۇشى پۈتۈن جۇڭگودا يېزا ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىپ، 30 مىليون جاننىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولغان ئېغىر ئاچارچىلىق ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تۈرمىدىكى مەھبۇسلار چار پاقا ۋە يىلانلارنى تۇتۇپ يېيىشكە ۋە چاشقانلارنىڭ ئۇۋىسىدىكى يېمەكلەرنى كولاپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ھازىر تۈرمە سىرتىدىكى دېھقانلارنىڭ، بولۇپمۇ تىبەت، چىڭخەي ۋە گەنسۇدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار ئىدى. نىڭشيادا ئوت - چۆپ تېرىپ يېيىش باھانىسى بىلەن قېچىپ چىققان شائىر جاڭ شيەنلياڭ تاغدا ياشايدىغان بەزى خەلقلەرنىڭ جان ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باللىرىنى يەۋاتقانلىقىغا شاھىت بولغان.(10) ئاچ قالغان باشقا دېھقانلار شىنجاڭغا كۆچكەن. جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا شىنجاڭ يەنىلا تەلەيلىك ئىدى. شىنجاڭدىكى مۇنبەت بوستانلىقلار، ئاز نوپۇس ۋە ياخشى سۇغۇرۇش سىستېمىسى تۈپەيلى بۇ يەردە ئاچارچىلىق ئېغىر بولمىغان.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ئەمگەك مەيدانلىرى قايتىدىن ئاۋاتلاشقان. ماۋزېدۇڭنىڭ توردىن چۈشۈپ قالغانلار ۋە ھەقىقى دۈشمەنلەرگە قارشى قوزغىغان كۈرىشىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا خارربي ۋۇنىڭ ئېيتىشىچە، جازا لاگېرىغا ئون مىليون سىياسىي جىنايەتچى سولانغان. باشقا مەلۇماتلاردا دېيىلىشىچە، ئەينى چاغدا 20 مىليون كىشى سولانغانمىش. ئىلگىرىكى مەھبۇس جېن پاسكۇالىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى نوپۇسنىڭ «غايەت كۆپ» ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.(11) ئەمما ھەقىقى سان مەلۇم ئەمەس.

خېلى يېقىنقى زامانلارغىچە جىنايەتچىلەرنى ئىشقا سېلىش مۇستەملىكە پىلانىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭدا ئەخلاقى جەھەتتىن تۈزەش ئىككىنچى ئورۇندا، ئىقتىسادى تەرەققىيات ۋە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش بولسا بىرىنچى ئورۇندا تۇردۇ. شىنجاڭ «ئامانلىق» ژورنىلىنىڭ 1990 - يىلىدىكى بىر سانىدا: «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسى ھەققەتەن مۇھىم رول ئوينىغان ئۆلكىلەرنىڭ بىرى. ئۇلار (جىنايەتچىلەر) قۇملۇقلارنى ئېچىپ دېھقانچىلىق مەيدانى بەرپا قىلدى، دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلدى. يول ۋە كۆۋرۈكلەرنى ياسىدى، قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن خۇمدانلاردا خىش پۈشۈردى، كانلاردا كۆمۈر قازدى ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى.» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.(12)

www.uyghurweb.net

جۇڭگو رەھبەرلىكى جۇڭگونىڭ جازا لاگېرلىرىنىڭ ھازىرقى كۆلىمىنى ئاشكارىلاشتىن قورقىدۇ. 1995 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ ئون مىليون كىشىنىڭ تۈرمىلەردە ياتقانلىقى قەيت قىلىنغان. خاررىي ۋۇ 1949 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن جۇڭگودا 30 مىليوندىن 40 مىليونغا قەدەر ئىنساننىڭ سىياسىي جىنايەتچى بولۇپ جازالانغانلىقىنى ھېسابلىغان.(13) ئالىملار ھۆكۈمەت ئاز دېدى. خاررىي ۋۇ كۆپ دېدى دەپ قاراپ، بۇگۈن جازا لاگېرىدا ئىككى مىليوندىن ئازراق مەھبۇس بار دەپ مۆئەييەنلەشتۈردى.

چەتئەللەردىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى تۈرمە نوپۇسى ئەمگەك مەيدانلىرى ۋە تۈرمىدىكىلەرنى قوشقاندا جەمئىي 250 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمى ئۇيغۇر سىياسىي جىنايەتچىلەر ئىكەن. ئېنىق سانىنى ئىگىلەشنى تەسلەشتۈرگەن بىر ئەھۋال شۇكى، جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدا كۆپلىگەن مەھبۇسلارنىڭ ئىككى سالاھىيىتى بار، مەسىلەن: تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى مەكىتكە يېقىن جايدىكى مەيدان ئۆزىنى پەيلو دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتايدۇ. ئەمما ھۆكۈمەت ئۇنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى شۆبىسى (پەيلو) دەپ تونۇيدۇ. ئۈرۈمچىدىكى دەرۋازىسىغا «شىنجاڭ ماشىنا سايمانلىرى 3 ـ زاۋۇتى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان زاۋۇت ئەمەلىيەتتە ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ تۈرمىدۇر. بۇ زاۋۇتتا ماشىنا سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ئىشچىلىرى سائەت توشقاندا ئۆيىگە قايتمايدۇ.

كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا 20 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەر خەرىتىدە «كېرىيە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئۆزلەشتۈرۈش 1ـ مەيدانى» دەپ يېزىلغان. 1993 ـ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيىسىدىكى بىر گۇرۇپ تەۋەككۇلچى دەل مۇشۇ يەردىكى دەرۋازىلارغا يېقىن كەلگەن ۋە پاتقاقتا پېتىپ قالغان بىر ماشىنىنى كولاپ چىقىرىشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنگەندە، تۈرمە باشلىقى بىر توپا تۇرتۇش ماشىنىسى ۋە 200 نەپەر مەھبۇسنى خۇشاللىق بىلەن ياردەمگە ئەۋەتكەن. ئەنگلىيەلىك تەۋەككۇلچىلەر ئېگىز تاملارنى، كۆزىتىش مۇنارلىرىنى، قوراللىق كۆزەتچىلەرنى ۋە ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان پۈتىغا كىشەن سېلىنغان كىشىلەرنى كۆرگەن.(14) بۇ بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئىدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن مەن قاتناشقان گۇرۇپ قۇملۇقنى كېسىپ 100 ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يولۇقتۇق. بىزنى پىكاپلار ئېلىۋالدى ۋە خوتەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئۇچراشقان يېرىگە يېقىن كېلىدىغان تار ماشىنا يولىدا يۈرۈپ، بىزنى ئاقسۇغا يولغا سېلىپ قويدى. مەخپىي ساقچى يەنە بىر قېتىم يول باشلاپ ماڭدى. پىكاپ بىزنى ئېلىپ قۇمۇش ۋە لاي كەپىلەر، ئاندىن سالاسۇنلۇق دەرىزىسى بار بىر كىچىك بىنادىن ئۆتۈپ بىر تەكشۈرۈش نۇقتىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۈچ ساقچى پوستا تۇرىۋاتاتتى. بۇ يەر تاشلىۋېتىلگەن ۋە ۋەيرانە كۆرۈنەتتى. ئەسكەرلەر يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرى كونىراپ كەتكەن ۋە ئاقاكلانغان. كەڭرى مەيداندا تاش ـ كېسەكلەر قالايمىقان تاشلىنىپ ياتقان ئىدى. ھەتتا ئېتىزلىقتا ھارغىن چىراي ئاياللار پاختا تېرىۋاتاتتى. يۈك ماشىنىلىرى كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. نەدىن ـ نەگە كېتىۋاتقانلىقى نامەلۇم. ئەمما مەركىزى بىنا چىنە خىشلاردا زىننەتلەنگەن بولۇپ،

www.uyghurweb.net

ئۆگزىسىدە ئىككى دانە سۈنئىي ھەمراھ تەخسىسى ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن خەنزۇ بۇ يەرنىڭ ئېنىق بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمما بۇ يەرنىڭ ھازىرمۇ مەھبۇسلارنى ساقلاۋاتقانلىقى ياكى «ھەقسىز» مەدىكارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

يۇقىرىدا ئىككى تۈرلۈك ئەمگەك مەيدانىنى تەسۋىرلەپ ئۆتتۇق. شىنجاڭدا يەنە باشقا تۈردىكى جازالاش ئورۇنلىرىمۇ بار. مەسىلەن: قاماق مەركەزلىرى، شەھەر تۈرمىلىرى، تۈرمە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە زاۋۇتلىرى قاتارلىقلار يەنە ئېغىر كېسەللەر، مالخولىيا ۋە مەجرۇھلارنى ساقلايدىغان ئالاھىدە مەيدانلارمۇ بار.

شۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، گەرچە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ھازىر شىنجاڭدا تۈرمىدە يېتىۋاتقان مەھبۇسلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلاردۇر. ئىچكىرى جۇڭگودىن چىققان سۈرگۈنلەر ئۇچۇن قۇرۇلغان ئەمگەك مەيدانلىرى ھازىر تەرەققىي قىلىپ خەنزۇلارنىڭ ئولتۇراق يەرلىرىگە ئايلاندى. ئۇ يەرلەردە باشقا بىر تورلاشقان مەيدانلار ۋە تۈرمىلەر بىنا قىلىندىكى، بۇ يەردە ياتىدىغان مەھبۇسلار ئاساسلىقى يەرلىك خەلقلەردۇر. ھازىر ئەكسىلئىنقىلابىي پىكىر جىنايىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق گۇماندارى مۇسۇلمان بولۇپ قالماقتا.

بۇ باپنىڭ بېشىدا تەسۋىرلەنگەن مىرانغا ئوخشاش باشقۇرۇش مەيدانلىرى ئازاتلىقتىن كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك مەزگىلدە ۋەھشىلىك، زومىگەرلىك ۋە جۇڭگو سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ جازالاش سىستېمىسىنىڭمۇ قانچىلىك ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسلىدە بۇلار مەغلۇپ بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى، شەرقتىن كەلگەن يومېشچىك ۋە گومىنداڭ خادىملىرى قاتارلىق مەھبۇسلارنى يىغىپ ساقلايدىغان يىغىۋېلىش مەيدانى بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاتالمىش «مۇت مەدىكارلار» نىڭ جازا مۇددىتى پەقەت ئۇلار ئۆلگەندە ئاندىن توشاتتى. بۇ سابىق ئەسكەرلەر ۋە مەھبۇسلارنىڭ ۋەزىيىتى بوز يەر ئېچىش ۋە ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇز قىلىپ قالسا ئۇنىڭغا قارشى زاپاس ھەربىي قوشۇن بولۇپ تەييار تۇرۇش ئىدى. 1980 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتى مەملىكەت ئىچىدىكى توپىلاڭنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى قوشۇمچە ھەربىي ئىشقا ئالماشتى.

باشقۇرۇش مەيدانلىرى جۇڭگودىكى ئەڭ كۈچلۈك ئالاھىدە تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولمىش شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. خەنزۇ كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئاساسلىق ۋاستىچى بولغان بىڭتۈەن 1954 ـ يىلى قۇرۇلغان. (5 ـ بابقا قاراڭ) ئۇ بۈگۈن ئۆلكىدىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادى كارخانا ۋە يەر ئىگىسى، ئەڭ چوڭ خوجايىن ھەمدە ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال بولۇپ قالماقتا. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېقىنمايدىغان ۋە مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق بىڭتۈەن ھۆكۈمەت ئىچىدىكى بىر ھۆكۈمەتتۇر. ئەگەر بۇ گەپ راست بولسا ھازىر ئۇنىڭ قول ئاستىدا 2 مىليوندىن 3 مىليونغا قەدەر ئىشچى ئىشلەيدۇ. بۇ شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يەتتىدىن بىرى دېگەن گەپ. بىڭتۈەننىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەترەتلىرى ھەممە يەرگە تارقالغان. ئۇنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سانائەت شەھىرى شىخەنزىدە بىڭتۈەننىڭ تىرانسپورت ۋە نېفىت

www.uyghurweb.net

سانائىتىنىڭ مۇھىم مەركىزى كورلا قاتارلىق بارلىق شەھەرلەردە گېپى ئۆتىدۇ. شىنجاڭدىكى تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تېرىيدۇ ۋە شىنجاڭنىڭ پاختىسىنىڭ 40% پىرسەنتىنى بىڭتۇەن ئىشلەپچىقىرىدۇ.(15)

بىڭتۇەن غەرب دۆلەتلىرىدىكى سانائەتلەشكەن يېزا ئىگىلىك گۇرۇھىغا ئوخشاش يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرى، ئورمانلىقلار، زاۋۇت - كانلار، ئۆستەڭلەر، سۇ ئامبارلىرى ۋە قاتناش - تىرانسپورتنى باشقۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يەنە پاراۋانلىق ئىشلىرى بار بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەكتىپى، دوختۇرخانىسى، تەجرىبىخانىسى، ياشانغانلار سۇغۇرتىسى، ساقچى ئەسكەرلىرى، سوت مەھكىمىسى، تۈرمىسى ۋە ئەلۋەتتە ئەمگەك مەيدانلىرى بار. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ھەربىي قۇرۇلما بولۇپ، ئون تۆت دىۋىزىيەسى بار، ھەر دىۋىزىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ئەترەتلىرى ۋە شىركەتلىرى بار.

جۇڭگو بىڭتۇەنلەرنىڭ مەقسەت - نىشانىنى مەخپى تۇتمىدى. 1977 - يىلى شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى بىڭتۇەننى «ئىشچىلىرى بىر قولىدا مىلتىق، بىر قولىدا ئوغاق كۆتۈرۈپ سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئالاھىدە ئەترەت» دەپ تەسۋىرلىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئوغاققا ستانوك قوشۇلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىدىكى قوشۇنلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ دەپ ھازىرلانغان مىلتىقلار بولسا ئۇيغۇر نامايىشچىلارنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. خۇددى پەلەستىننىڭ غەربىي قىرغىقىدا مىلتىق تۇتۇپ تۇرغان يەھۇدىي كۆچمەنلەرگە ئوخشاش بۇ خەنزۇ ئىشچىلارنىڭ سىياسىي ستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى بار ئىدى. ئەمما يەھۇدىيلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇلار بۇ يەردە ئۆز مەيلىچە تۇرمايتتى.

كېيىنكى يىللاردا، ئىلگىرى بىڭتۇەنگە يەرلىشىپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىغا خەنزۇ كۆچمەنلەر كېلىپ ئالمىشىپ «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى خەنزۇ ئارمىيىسى» بولۇپ شەكىللەندى.(16) بۇ ئارمىيەنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن ئاز ساندا ئۇيغۇر دېھقانلارمۇ بار بولۇپ، ھۆكۈمەت ئۇلارغا قورال ۋە ئەسكەرلىك مائاشى بېرىدۇ. بىڭتۇەندە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ئادەتتە ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن خېلى ياخشى.

شىنجاڭدىكى كونا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىنىڭ نۇرغۇنىنى ھازىرغىچە بىڭتۇەن باشقۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ يەردىكى سىياسىي جەھەتتە قامالغانلارنىڭ سانى 1995 - يىلى 100 مىڭ ئىدى. بۇلار ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇلار ۋە ئاز بىر قىسمى پالاكەتكە يولۇققان تىبەتلىكلەر ئىدى. بەلكىم 1997 - يىلى 50 مىڭ ئەتراپىدا قالغان بولىشى مۇمكىن. 1999 - يىلى بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ گۇيجېن ئۆزلىرىنىڭ ھازىرغىچە يەنىلا تۈرمىلەر ۋە بىر قانچە ئەمگەك مەيدانلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما مەھبۇسلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئوغرىلىق قاتارلىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان ئۆز ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە بەزىدە مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن جۇڭگونىڭ باشقا يەرلىرىدىن بىڭتۇەنگە مەھبۇسلارنىڭ يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلدى.(17) خەۋەرلەرگە قارىغاندا 1965 - يىلى بېيجىڭغا يېقىن يەردىكى بىر ئەمگەك مەيدانىدىن بىر قېتىمدىلا 2000 نەپەر «بىكارلىق» مەھبۇس ئەۋەتىلگەن (ھۆكۈمەت بۇنى «مەجبۇرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان خادىملار» دەپ ئاتىغان.)(18) بىر خەنزۇچە ژۇرنالنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئاخىرقى قېتىملىق زور

يۈتكەشتە 1983 ـ يىلى 100 مىڭدىن ئارتۇق مەھبۇس شەرقتىكى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن شىنجاڭدىكى بىڭتۇەنگە قاماق جازاسى ۋە مەجبۇرى ئەمگەك ئۆچۈن ئەۋەتىلگەن. خاررىي ۋۇ: «ئەگەر بۇ راست بولسا، تارىختىكى بىر قېتىملىق ئەڭ زور كۆلەملىك تۈرمە يۆتكەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېدى. (19)
بەزى ئۆلچەملەر بويىچە قارىغاندا، بىڭتۇەننى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شىركەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.(20) ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە چېگرىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئورنىغا دېھقانچىلىق ۋە كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئالماشتى. ھەتتا كومىسسار ۋاڭ گۇيجېن تۈرمە ئەمگەكلىرى پايدا يارىتىۋاتىدۇ دەپ ماختىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بىڭتۇەننىڭ ئىككى بىسلىق سالاھىيىتى ساقلىنىپ قالغان، چۈنكى ئۇ جىددى چاغلاردا ئەسقاتىدىغان زاپاس ئارمىيە ۋە ساقچى قوشۇنىدۇر. شىركەت دەپ ئاتالغان بىر گۇرۇھ كۆلىمى شۇ قەدەر كەڭ ۋە روھى جەھەتتىن ساغلام ئەمەس تۇرۇغلۇق غايەت زور پايدا يارىتالارمۇ؟ مەركەز بۇنى ئويلاپ يەتكەن ۋە 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى «بىڭتۇەن» دەپ يېڭىدىن قويغان.
دۇنيا بانكىسى مەبلەغ سالغان بىر لايىھە تۈپەيلى بەزى پايدىسىز سۆز ـ چۆچەكلەر پەيدا بولغان ئىشنىڭ ئەسلى مۇنداق: دۇنيا بانكىسى نۇرغۇنلىغان نامرات ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە تەكلىماكاننىڭ غەربىي قىرغىقىدا سۇغۇرۇش ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ياخشىلاش پىلانىغا ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئەمگەك مەيدانلىرىغا ياردەم قىلىپ ھۆكۈمەتكە يانتاياق بولماقچى دېيىلىپ قاتتىق تەنقىد ئىچىدە قالغان، خاررىي ۋۇنىڭ تەشۋىقات تەشكىلاتى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى تەتقىقات ئورگىنىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دۇنيا بانكىسى ئۆزىنىڭ پىلانىدىكى سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىش پىلانلانغان رايوندا ئەڭ ئاز يىگىرمە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ۋە يىگىرمە سەككىز باشقۇرۇش مەيدانى بار ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خەنزۇلار بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن. ئەسلى ئۇيغۇرلارغا پايدا يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان پىلان، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە ۋە قۇشۇمچە ھەربىي تۈس ئالغان مەجبۇرى ئەمگەككە سىلىشقا تايانچ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. خاررى ۋۇنىڭ ئىزاھاتىدا دېيىلىشىچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاندا پۈتۈن بىڭتۇەندىكى ئاشلىقنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى، پاختىنىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىنى ۋە «پايدا» نىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى 1983 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا تۈرمىدىكى مەھبۇسلار ئىشلەپچىقارغان ئىكەن.(21)
دۇنيا بانكىسى قوماندانلىقىدا ئالتە ھەپتىلىك تەكشۈرۈش، ئەھۋال ئىگەللەش ئېلىپ بېرىلدى. يېزا ـ قىشلاق ۋە ئائىلىلەرگىچە بېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەسلەپتە تەنقىد ۋە ئەيىبلەشنىڭ ئورۇنسىز بولغانلىقى مەلۇم بولدى. بانكىنىڭ ئېيتىشىچە، سۇغۇرۇش لايىھەسى بىلەن مەجبۇرى ئەمگەكنىڭ باغلىنىشلىقى ھەققىدە پاكىت تېپىلمىغان. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى پۇقرالاردىن توختاملىق ئىشچىلار ئالغان، ئەمما تۈرمە ئەمگىكىنىڭ ئۇلارغا زورلانغانلىقى توغرۇلۇق پاكىت يوق. شۇنداقتىمۇ ئاساسلىق نەپ ئالىدىغانلار يەنىلا ئىككى دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر خەلقى. ھالبۇكى، دۇنيا بانكىسى ئۆزىنىڭ ياخشى نىيەتلىك قارارلىرىغا زىت كېلىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. بانكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، ۋاستىچى ئورۇن شىنجاڭ دۆلەت

www.uyghurweb.net

ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تەشكىلاتى بىر ئۆرۈلۈپلا «ئەتراپتىكى بەزى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە تۈرمىلەر» نى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باشقۇرۇپ تۇرغان بىكىتۈەن دېگەن ئىسىم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. سۇ تۇربىسى ۋە يەر ئاستى سۇ يولى ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەنگەن بىر قانچە دېھقانچىلىق مەيدانى «تۈرمىلەر ۋە تۈرمە دېھقانچىلىق مەيدانى رايونلىرى» بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئارىلىقتا ئىدى. دۇنيا بانكىسىنىڭ ئېيتىشىچە، جۇڭگو تەرەپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىغا كېپىللىك قىلىشقا ماقۇل بولغانمىش ۋە «مەجبۇرى ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر قانداق مەھسۇلاتنى ئېلىپ سېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن» كەلگۈسىدە ئەگەر تىجارەت بىلەن جازالاش بىر ـ بىرىدىن ئېنىق ئايرىلمايدىغان بولسا، دۇنيا بانكىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تەشكىلاتىغا قەتئىي ياردەم بەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلغانمىش.(22) باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەلكى بىكىتۈەن لوندون شەھىرىدە ئېيتىلغان «جۇڭگو سىپىللىرى» نى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەكتۇر.

شۇنداقتىمۇ، مۇنازىرىلەر بىكىتۈەن بىلەن مەجبۇرى ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن سىياسىي مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. 2002 ـ يىلى جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئارمىنىغا يەتتى. سودا تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئىناۋىتى بولىشى كېرەك ئىدى. يەنى بۇ دۆلەت ئۆزىنى دۇنيا سودا سىستېمىسىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بىر ئەزاسى دەپ ئاتاشقا ھوقۇقلۇق. ئەمما سودا جەھەتتە ۋە ئەخلاقى جەھەتتە مەجبۇرىيەتلىرى بار. ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى مەجبۇرى ۋاستىلار بىلەن قوللىنىپ، ئېكسپورت بازارلىرىنى ناتوغرا رىقابەت ئارقىلىق ئىگەللىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

خەلقئارا قانۇندا مەھبۇسلارنىڭ ئىش ھەققى جايىدا بېرىلگەن ۋە نورمال ئەمگەك شارائىتى بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئەمگەك قىلىشى چەكلەنمەيدۇ. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، كۆپلىگەن مەھبۇسلار جىم ئولتۇرۇشقا قارىغاندا ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ھەتتا بەزىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئىشلارنى قارار قىلالمىغانلار، يەنى قويۇۋېتىلگەن ياكى قويۇۋېتىلمىگەنلەر كۆنۈپ قالغان يېرىدە قاماقتا قېلىشنى ئىختىيار قىلغان ئەھۋاللارمۇ بار.(23) گەرچە بەزى ھەيبارلار مەجبۇرى ئەمگەك ئاتالغۇسى بىلەن قۇللۇق تۈزۈمى ئاتالغۇسىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قوللانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسى ئوخشاش ئىش ئەمەس. قۇللۇق تۈزۈمىدە قۇلنىڭ بىر «خوجايىنى» بولىدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەر مەھبۇسلارنى مەجبۇرى ئىشقا سېلىش نورمال ئىش دەپ قارايدۇ.

خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ 105 ـ نومۇرلۇق قارارىدا: «سىياسىي بېسىم ياكى تەربىيىلەش» ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتە غەيرى پىكىردە بولغانلارنى جازالاش ئۈچۈن ۋە ئىقتىسادى تەرەققىيات ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلاش قىلمىشى ئالاھىدە مەنئى قىلىنغان. بۇ قارار يېزىلغان ۋاقىتتا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قول قويمىغان.

ھالبۇكى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ناچار ئەمگەك شارائىتىدا مەھبۇسلار ۋە جىنايەتچىلەرنى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىشتا ئىنتايىن

www.uyghurweb.net

مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەلقئارا قوللۇققا قارشى تەشكىلاتنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەتتە مەھبۇسلار قىلغان ئىشىغا چۇشلۇق ھېچقانداق ھەق ئالمىغان، گەرچە ئەمگەك مەيدانلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار جۇڭگونىڭ ئۆزىدىلا تېخنىكا جەھەتتىن لاياقەتسىز بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچىسى ئېكسپورت قىلىنغان. پائالىيەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، غەربتىكى شىركەتلەر سودىدا دائىم بۇنىڭغا شېرىك ئىكەن.

21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب دۇنياسىدىكى ھەر قانداق بىر تاللا بازىرى ياكى سايمان دۇكانلىرىغا كىرگەن كىشى بۇ يەردىكى جۇڭگو ماللىرىغا قاراپلا جۇڭگونىڭ ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئىنتايىن تېز تەرەققى قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلىك ھوقۇق داۋاسى قىلىدىغان پائالىيەتلەرمۇ شۇنچە كۆپەيدى. بۇ داۋاچىلار ھېچ بولمىغاندىمۇ جۇڭگونىڭ خەلقئارا قانۇنلارغا رىئايە قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى، خەلقئارا سودا تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىگە ئەمەل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى ئېنىقلاۋاتىدۇ ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىكى شىركەتلەرمۇ ئىنساپسىز ئەمگەك شارائىتىدا ئەمگەكچىلەرنى مەجبۇرى ئىشقا سېلىش يولى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارغا كۆز يۇمۇش ۋە پايدا ئېلىش قىلمىشى ئۈستىدە تەكشۈرۈلمەكتە.

ھازىر جۇڭگو چەتئەللەرنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى نامرات، قاقاس ئۆلكىلىرىگە مەبلەغ سېلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چاقىرماقتا. بۇ ئەھۋاللار كېيىنكى باپتا بايان قىلىنىدۇ. ھەقىقى ئەھۋاللار چەتئەل شىركەتلىرى، ئىستېمالچىلار ۋە بېسىم ئىشلەتكۈچى گۇرۇپپىلارنىڭ تەكشۈرگۈچى دىققەت نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ساختا ئىزاھاتلار ۋە ئويدۇرما سانلار قۇملۇقتىكى جازا مەيدانلىرىنى ۋە ھازىر بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان جازا خاراكتېرىدىكى باستۇرما سىياسەتنى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. شىنجاڭنىڭ قۇملۇقلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ئىسكىلىت سۆڭەكلىرى بار.

ئىزاھاتلار

(1) 1907 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى فرېد ئاندرېۋسقا يېزىلغان مەكتۇپ. مېرسكي يازغان «ئاۋرېل ستەين ئەپەندى» 249 ـ بەتتىن ئېلىنغان نەقىل.

(2) ۋۇفىڭ تېغى جۇڭگودا مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. مىللۋارد «تاغ يولىنىڭ نېرىسى» دا ۋۇ يازغان «تارىختا غەربى يۇرتتا ھۆكۈم سۈرگەن سۇلالىلەر» 140 ـ بەتتىن نەقىل ئالغان.

(3) لىبي: «شىنجاڭدا تۇرك مۇسۇلمان مەسىلىسى».

(4) گور: «جۇڭگونىڭ يىراق غەربىگە سەپەر».

(5) جاڭ شيەنلياڭ: «ئوت ـ چۆپ شورپىسى» 11 ـ 15 ـ بەتلەر.

(6) جاڭ شيەنلياڭ: «ئوت ـ چۆپ شورپىسى»101 ـ 210 ـ بەتلەر.

(7) پاسكۇئالىنى: «ماۋزېدۇڭنىڭ مەھبۇسى» 53 ـ بەت.

(8) خارري ۋۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن ئېلىندى. «ئاچچىق شاماللار» 45 ـ بەت.

(9) خارري ۋۇ: «پاراكەندىچىلەر» 166 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

(10) جاسپېر بېككېر يازغان «ئېچىرقىغان ئەرۋاھلار» جۇڭگودىكى ئاچارچىلىق تارىخىنى ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئەتتۇرگەن. 1985 ـ يىلى بېيجىڭدا مۇئەللىپ بېككېر بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىمدا نىڭشيادىكى ئادەم گۆشى يەيدىغان ھادىسىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونغا شەخسەن زىيارەتكە باردىم.

(11) پاسكۇئالىنى: «ماۋزېدۇڭنىڭ مەھبۇسى» 11 ـ بەت. ئوتتۇز مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ «ئۆزگەرتىلگەن» لىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. مۇئەللىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا يەتتە يىل تۇرغان.

(12) 1990 ـ يىل 6 ـ ئۆكتەبىردىكى مەسىلە. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان. «دۇنيا بانكىسى ۋە جۇڭگودىكى مەجبۇرى ئەمگەك» 5 ـ بەت.

(13) مۇئەللىپ بىلەن سۆھبەت 1995 ـ يىلى نويابىر.

(14) بلاكمور: «يەر يۈزىدىكى ئەڭ ناچار چۆل» 4 ـ 131 ـ بەتلەر.

(15) بېككېر: «جۇڭگولۇقلار»، «جەنۇبى جۇڭگو ئەتىگەنلىك پوچتا» گېزىتى 1998 ـ يىل 30 ـ ماي سانىدىن ئېلىنغان نەقىل.

(16) لىبې: «شىنجاڭدا تۈرك مۇسۇلمان مەسىلىسى» 232 ـ بەت.

(17) «Financial Times» 1999 ـ يىل 3 ـ ئاۋغۇست.

(18) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى: «دۇنيا بانكىسى ۋە جۇڭگودىكى مەجبۇرى ئەمگەك» 3 ـ بەت.

(19) خاررىي ۋۇ: «پاراكەندىچىلەر» 302 ـ بەت. شىنجاڭدا چىقىدىغان «غەربىي شىمال خەلق ئەسكەرلىرى» ناملىق ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.

(20) «Financial Times» 1999 ـ يىل 3 ـ ئاۋغۇست.

(21) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى: «دۇنيا بانكىسى ۋە جۇڭگودىكى مەجبۇرى ئەمگەك» 5 ـ بەت. بېكقۇئېلىن يازغان «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» دا دېيىلىشىچە، بۇ يىللاردا بىكتۇەن ھەققەتەن پايدىسى يوق، ئارتۇقچە بىر يۈك بولۇپ، بېيجىڭدىن كېلىدىغان ياردەمگە بېقىنىپ قالغان. ئەمما ھۆكۈمەت بۇ ئىشلارنى ئىنتايىن مەخپى ساقلىغان.

(22) دۇنيا بانكىسى مەتبۇئات خەۋىرى 1995 ـ يىل 20 ـ دېكابىر

(23) مۇئەللىپ بىلەن سۆھبەت 1995 ـ يىل.

(24) قۇللۇقتا قارشى خەلقئارا تەشكىلات: «تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى مەجبۇرى ئەمگەككە سالسا بولامدۇ؟»

www.uyghurweb.net

# سەككىزىنچى باب غەربكە كۆچۈش يۇقىرى دولقۇنى

تۇرپاندىن 40 ئىنگلىز مىلى ئۇزاقلىقتىكى داخىيەن شەھىرى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر خەنزۇ شەھىرى بولۇپ، ئۇنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر تۆمۈر يولى بار. ئەمما بۇ تۆمۈر يول ئادەتتىكى بىر تۆمۈر يول ئەمەس. ئۇ بىر قىتئەنى باغلايدىغان تۆمۈر يولدۇر. ئۇ ئىچكىرى جۇڭگودىكى شىئەن ئارقىلىق لەنجۇدىن چىقىپ، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ ۋە داۋاملىق يۈرۈپ قازاقىستان چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ بۇ يەردە تۈركىيە - سىبىرىيە تۆمۈر يولىغا قوشۇلىدۇ. ئاندىن سىبىرىيە تۆمۈر يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ موسكۋا بىلەن ياۋرۇپاغا بارىدۇ.
داخىيەن جەنۇبى شىنجاڭغا كىرىش ئېغىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر تارماق يولى تەكلىماكان چۆلىنىڭ شەرقىي شىمال قىرغىقىدىكى بوستانلىق، تارىم ئويمانلىقىدىكى سانائەت مەركىزى كورلىغا تۇتىشىدۇ. (ئۈرۈمچىدىن كورلىغا قەدەر توققۇز سائەت كېتىدۇ) كورلىدىن يىراق غەربتىكى قەشقەرگە تۇتىشىدۇ. قەشقەرگە تۆمۈر يولى 1999 - يىلى 5- ئايدا يېتىپ كەلگەن.
ئاپرىلنىڭ سوغۇق بىر ئاخشىمى داخىيەن بېكىتىنىڭ زالى خەنزۇلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، بىر - بىرىنى قىستاپ جېدەللىشىۋاتقان، يۈك - تاقلىرىنى باغلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەر كىشى ئىدى. قارىماققا ئۇزۇقلۇق يېتىشمىگەندەك ۋىجىك ۋە پاراكەندە چىراي بۇ كىشىلەر كانايدا يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ ئۇلارنى رەتكە تىزىلىشقا ئۈندەۋاتقان دىقماق ئايال خادىمغا قورقۇمسىرىغان ھالدا تىكىلىشىپ تۇراتتى. پويىز يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا، خىزمەت فورمىسى كىيگەن نۇرغۇن ئايال مۇھاپىزەتچى خادىملار ئۇلارنى قىستاپ ئۆتۈپ ۋۇگزال سەھنىسىگە كېلىپ رەتلىك تىزىلىپ تۇرۇپ كېلىۋاتقان پويىزنى ساقلاپ تۇردى. پويىز يېتىپ كەلگەندە بىر توپ كىشى ۋوگزال خادىملىرىنىڭ ۋاقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماستىن يۈگۈرۈلۈپ كېلىپ ئىشىكلەرگە ياماشتى ۋە يۈك - تاقلىرىنى ئوچۇق دەرىزىلەردىن ئىچىگە تاشلاشقا باشلىدى. توپ بولۇپ سەپەرگە چىققان بۇ غەلىتە سىياق كىشىلەر جۇڭگونىڭ گەنسۇ ۋە سىچۈەن قاتارلىق نامرات رايونلىرىدىن پويىزدا كەلگەن دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار ئېھتىمال ئۈرۈمچىدىن پويىز بىلەن قەشقەرگە كېتىۋاتاتتى.
داخىيەن بېكىتىدىكى توپ - توپ خەنزۇ كۆچمەنلەر قىستاڭچىلىقلار ئىچىدە ئالدىراش يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئىچكىرى جۇڭگودىن شىنجاڭغا ئىش ئىزدەپ چىققانلار بولۇپ، ھەر كۈنى ئەڭ ئاز 7000 كىشى شىنجاڭغا كېلىۋاتاتتى.
بۇ مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىسادى تەرەققىيات پىلانى «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنى» ئىچىدىكى بىر كۆرۈنۈش بولۇپ، ماۋزېدۇڭ 1958 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان، سىستىق نامى پۇر كەتكەن چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى، يەنى مىللىي رايونلارنى خەنزۇ ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇش پىلانى بىلەن ئوخشاش ئىدى.(1)
ئۈرۈمچىدىن 120 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى قاقاس جۇڭغار ئويمانلىقىغا جايلاشقان شىخەنزە شەھىرىگە كەلگەن كىشى غەربكە كۆچۈش يۇقىرى دولقۇنىدىكى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق بىر مەنزىرىنى كۆرەلەيدۇ. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان يىلدا بىنا قىلىنغان بۇ شەھەردە خەنزۇلاشتۇرۇشنىڭ نەمۇنىچى بايراقدارى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ باش

www.uyghurweb.net

شىتابى بار ئىدى. دۇنيا بانكىسىنىڭ مەبلەغ ياردىمى بىلەن ياسالغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا شىخەنزە ئىچىگە قەدەم باسقان كىشىنى چوڭ ئىپلان تاختىسىدىكى فورما كىيگەن بىر يىگىتنىڭ يىراقلاردىكى چۈشكە ئوخشايدىغان بىر گۈزەل كەلگۈسى غايىۋى دۆلەت شەھىرىنى ئىشارەت قىلىپ سىزگەن قول پۇلاڭلىتىۋاتقان رەسىمى قارشى ئالىدۇ. شىخەنزىدىكى ھەممە نەرسە ھەيۋەتلىك يوغان شەكىلدە لايىھىلەنگەن. ئاسفالىت يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى كەڭرى ئىتىزلىقلاردا ئۈزۈم تاللىرى بولۇپ، بۇلار شىخەنزە ھاراق زاۋۇتىنىڭ ئۈزۈملۈك بېغى ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يول شىكەر زاۋۇتى، شوخلا كونسىرۋاسى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ۋە ئىپلىكتىر ئىستانسىسى قاتارلىقلار جايلاشقان غالىبىيەت كوچىسىغا تۇتىشىدىكەن. يېڭى بىنالار قەد كۆتۈرگەن كوچىنىڭ بېشىدىكى بىر بىنادىن ئۆتكەندىن كېيىن، 120 مىڭ يۈەن (15مىڭ دوللار) باھاغا سېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپلان چىقىرىپ قويۇلغان بالىكونلۇق دەرىزىلىرى بار ئۈچ ھۇجرىلىق ئولتۇراق بىنالىرى بار بىر كوچا بار. بۇ باھا جۇڭگونىڭ مۇشۇ رايونىغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن جىق پۇل ئىدى. شەھەرنىڭ ئاساسلىق تۆت كوچا ئېغىزىدىكى بىر بىناغا يوغان خەتلەر بىلەن شىخەنزە روھى: «مالىيە مېھمانخانىسى» دەپ يېزىلغان ئىدى.

بۇ يېڭى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىسمىنى مەن بىلمەيدىغان بىنالارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىغا قىيپاش تەرىپىگە، ئارقىسى سىبىرىيەنىڭ تەلۋە بورانلىرى كېلىدىغان تەرەپكە قارايتتى. 1997 ـ يىلى 70 مىڭ خەنزۇ كۆچمەن شىخەنزىنىڭ زاۋۇت ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەش ئۈچۈن كەلدى. بۇ شەھەردە يىلىغا 10 مىڭ نوپۇس كۆپىيىش بىلەن شەھەر كېڭەيمەكتە. خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئىچىدە ياڭزىجياڭ دەرياسىدىكى سەنشيا يادرو ئېلىكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى تۈپەيلى تارقاقلاشتۇرۇلغان دېھقانلار بار ئىكەن.(2) بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم، شىمالىي ئويمانلىقتىكى خەلقنىڭ ساندىن جەنۇبتىن كەلگەنلەرنىڭ سانى ئېشىپ كەتتى.

19 ـ ئەسىردە رۇسىيەلىك نىكولاي پرېژېۋالىسكى قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى چىنى تۈركىستانغا كېلىشكە مەجبۇر قىلغان بايلىق ئىزدەش قىزغىنلىقى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ پىكىر خىيالىنى ئۆزگە بەنت قىلىۋاتقان تەرەققىيات قىزغىنلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا ھېچگەپ ئەمەس.(3) جۇڭگولۇقلارنىڭ مەقسىتى 1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جىياڭ زېمىن شىئەندە ئوتتۇرىغا قويغان «غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پىلانى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق، غەربىي رايوننى جۇڭگونىڭ كالىفۇرنىيەسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئون بەش يىللىق تەييارلىق ۋە ئۈچ يۈز نەپەردىن ئارتۇق تەتقىقاتچىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە ھازىرلانغان دۆلەتلىك قۇرۇلۇش پىلانىغا تۇنجى يىلى تەخمىنەن ئون مىليارد (1 مىليارد 300 مىليون دوللار) مەبلەغ ئاجرىتىلدى ۋە شىنجاڭنى ھالقا قىلغان ھالدا جۇڭگو ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدىغان ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەردىكى 78 قۇرۇلۇش تۈرى پىلانغا كىرگۈزۈلدى. جۇڭگو ئاخبارات ساھەسى ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا بەس ـ بەستە خەۋەر قىلدى. «خەلق گېزىتى» شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن مۇخبىرلار ئۆمىكى ئىگەللىگەن ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق يازدى:

«شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىدۇ. يۇقىرى قاتلام ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى يەرلىك خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ،

www.uyghurweb.net

جەڭگىۋار روھ بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئېچىش دولقۇنىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە».(4)

ھالبۇكى، غەربلىك تەھلىلچىلەر، «غەربىي رايوننى ئېچىش» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسىنىڭ قېزىپ چىقىرىش، ئاشكارىلاش، ھەقسىز ئېلىۋېلىش دېگەن مەنىلەردە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. ئۇلار «ئېچىش» سۆزىنىڭ توغرا تەرجىمىسى «شىلىپ ئېلىۋېلىش» دەپ كۆرسەتكەن.(5)

شىنجاڭ ئۆتمۈشتە ھەقىقەتەن ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىنغان. ئەمما كوممۇنىستلار كېلىشتىن ئىلگىرى سىستېمىلىق ھالدا ئېچىلمىغان. ھالبۇكى، قاقاس كەبى كۆرۈنگەن بۇ زېمىننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە مۇنبەتلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەر ئېيتىلغان ئىدى. مەسىلەن: مەنچىڭ زامانىدا بىر سەيياھ ئاقسۇ بوستانلىقىدا ئۆسكەن غايەت يوغان گۈرۈچ دانلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. 1940 ـ يىللاردا شېڭ شىسەينىڭ قوماندانلىق شتابىغا كەلگەن بىر زىيارەتچى ئىككى ئادەم تەسلىكتە ئاران كۆتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە چوڭ كۆمۈر پارچىسى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.(6)

بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېيتىلغان بىر يۇمۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

«ما فامىلىلىك بىر ئادەم لەنجۇدىكى خۇاڭخې دەرياسى ئۈستىگە ئامېرىكىلىقلار سېلىپ بەرگەن تۆمۈر كۆۋرۈكنى كۆرۈش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. گەنسۇ كارىدورىدا توختاپ چاي ئىچىپ تۇرغان ئىكەن، قۇمۇلنىڭ داڭلىق قوغۇنىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يەنە بىر ما فامىلىلىك ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بىرىنچى ما:

— ئاغىنە، ماڭا سىنىڭ يۇرتۇڭ لەنجۇدىكى تۆمۈر كۆۋرۈك توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسەڭ، دەپتۇ.

— ماقۇل، دەپتۇ ئىككىنچى ما. ئۇ كۆۋرۈك شۇنچىلىك ئېگىز ئىكەنكى، ئۆتكەن يىلى بىر ئادەم كۆۋرۈكتىن سەكرىگەن ئىدى، مەن يولغا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا بەدىنى تېخى سوغا تەگمىدى.

— پاھ، قالتىسكەن. دەپتۇ بىرىنچى ما. ئەمما مەن سىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، سىنىڭ بىزنىڭ قوغۇنلىرىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاتايىتەن قۇمۇلغا بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ قوغۇنلار شۇنچىلىك يوغىنايدۇكى، كىلەر يىلى مۇشۇ چاغدا سەن لەنجۇدا تۇرۇپمۇ ئۇنى كۆرەلەيسەن.»(7)

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى شىنجاڭنى پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرغان. يەرلىك بەگلەر ۋە خەنزۇ جازانىخورلار خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كۆنۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار شىنجاڭدا داڭلىق قاشتېشىدىن باشقا كان بايلىقلىرىنى قېزىشنى ۋە چاي سېتىشتىن باشقا بىر بازار ئېچىشنى ئويلاپ باقمىغان.(8)

چىڭ سۇلالىسى خان ئوردىسىدىكى كاتىپ 29 ياشلىق گۇڭ زىجېن شىنجاڭنىڭ مۇستەملىكە قىلىش تەسەۋۋۇرىنى رەسمى ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان تۇنجى كىشى ئىدى. ئۇ 1820 ـ يىلى يازغان يىراقنى كۆرەر بىر ماقالىسىدە، ياۋايىلارنى ياۋايىلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن. جۇڭگو غەربكە مەبلەغ سېلىشى كېرەك، يەنى سۇغۇرىدىغان قاناللار ۋە بورانغا قارشى ئورمانلىقلار بەرپا قىلىشى، ئۇ يەرنى ئىشسىز خەنزۇ دېھقانلار ۋە مانجۇ چېرىكلىرى ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش كېرەك. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىدە ئۇنىڭ ئەسىرىدىن بىر ئابزاسنى ئارىيەت ئالغانلارنىڭ دېگىنىدەك، مەركەز خەلقنى بىپايان غەربىي رايونغا قويۇۋېتىش ئارقىلىق غەربكە ياردەم قىلىشى كېرەك. غەربىي رايون بولسا بايلىقلىرىنى بېرىش ئارقىلىق

www.uyghurweb.net

مەركەزگە ياردەم قىلىشى كېرەك. بۇ پىلانغا يىگىرمە يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ تەخىر قىلىپ ساقلاشقا ئەرزىيدۇ دەيدۇ گۇاڭ زىجېن. تۇققۇز يىلدىن كېيىن گۇاڭ زىجېن ئەمەلدارلىق ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئوچۇق - ئاشكارا ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ: «شىنجاڭنى قولغا ئالدۇق، ئۇنى قايتا قولدىن چىقىرىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ مەركەزگە قاراشلىق تۇنتۇق مەھكىمىسى، ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ تۈركچە ۋە موڭغۇلچە ئىسىملىرىنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە ئىسىملارنى قويىدۇ.(9)

گۇاڭ زىجېننى ئاتالمىش «مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ ئەزاسى ۋېي يۈەن قوللاپ چىقتى. ئۇ مېڭزىنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن تىكەنلىك چاتقاللىقلار داغدام يوللارغا ئايلىنىدۇ، تار سايلارنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنىڭ ئورنىغا ئاپتاپلىق يورۇق كۈندۈزلەر كېلىدۇ، ياۋايى جاڭگاللار كىيىم كىيگەن مەدەنى ئىنسانلار ياشايدىغان يەر بولىدۇ، كىگىز كەپىلەرنىڭ ئورنىغا يېزىلار بەرپا قىلىنىدۇ ۋە ئىشلار ياخشى بولىدۇ» دېگەن ۋە ھۆكۈمەتنى «بۇ مۇنبەت تۇپراقنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىۋېلىشقا» چاقىرىپ، بىر قەدەر قۇلاي ئىدارە قىلىش ۋە پايدىلىنىش ھەققىدە تەكلىپ - لايىھەلەر سۇنغان. ئۇلار يەنە «ھامان بىر كۈنى بۇ پىكىرلەر رېئاللىققا ئايلىنىدۇ» دېگەن.(10) چۈنكى ئەينى چاغدىكى چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلارنى «قەتئىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلغىلى بولمايدىغان، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان خەلق» دەپ ھېساپلايتتى.(11) ئەمما ۋېي يۈەننىڭ كۆز قارىشى زوزۇڭتاڭغا تەسىر قىلدى. زوزۇڭتاڭ كۆرگىنىمىزدەك شىنجاڭنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇپ، بۇ رايوننى قاچالمايدىغان دەرىجىدە جۇڭگو تېررىتورىيەسى ئىچىگە ئەكىردى. ئۇ يەرلىك خەلقنىڭ تەبىئىي ھالدا خەنزۇلارنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوللىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

1930 - يىللاردا ئەيچېن ۋۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرىدە شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ گەرچە «يەرلىك خەلقكە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش كېرەك، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما مىليونلىغان خەنزۇنىڭ ئىچكىرىدىكى قىستا - قىستاڭ شەھەرلەردىن شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىشىشىنى تەشەببۇس قىلغان. شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچلەندۈرۈش، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش، پايتەختنى قايتىدىن تەرەققى قىلدۇرۇش، تۆمۈر يولنى غەربىي شىمال چېگرىغا قەدەر ئۇزارتىش، يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چىرىكلىشىپ بۇزۇلۇشىغا يول قويۇش كېرەك. ئۇ يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، كۆمۈر ۋە تۆمۈر رودىسى قېزىشنى، سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى ياخشىلاشنى ۋە نېفىت زاپىسىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ: «شىنجاڭ 1849 - يىلدىن ئىلگىرىكى كالىفورنىيەگە ئوخشايدۇ. ئالتاي 1867 - يىلدىن ئىلگىرىكى ئالاسكا (ئالياسكا) غا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇلار روسلارنىڭ قولىدا تۇرسا. بىز بۇ بىپايان ئۆلكىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دەرھال ئىشقا باشلىشىمىز كېرەك. بۇ ئىلگىرىكى مەلۇم زامان يارلىغان گۈزەل قاشتېشىغا ئوخشايدىغان ماكان بىزنىڭ قىممەتلىك مۈلكىمىز سۈپىتىدە دۇنياغا ئايان بولىدۇ» دەپ يازغان.(12)

گومىنداڭ ۋاقتىدا موسكۋا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭ ماھىيەتتە سوۋېت

www.uyghurweb.net

ئېتتىپاقىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان. 1930 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت گېئولوگلىرى مانگان، مىس، قوغۇشۇن، قەلەي، ۋولفرام ۋە نېفىت زاپىسى جايلاشقان يەرلەرنىڭ خەرىتىلىرىنى سىزىپ چىققان. 1941 ـ يىلى سوۋېت ئېتتىپاقى ناتسىست گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۆز غېمىدە قالغان چاغلاردا، ئۇلار ئىلگىرى شىنجاڭدا بورغىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن نېفىت قۇدۇقلىرى ئوبدان ئىشقا يارىغان.(13)

گومىنداڭ رەھبىرى جاڭ كەيشى 1942 ـ يىلى «غەربىي شىمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرىكىتى» نى چاقىرىق قىلىپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا نامرات خەنزۇ دېھقانلارنى كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. بۇ چاقىرىق كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى كۈچلۈك قوزغاپلا قالماستىن، يەنە ئون يىل بۇرۇنقى قۇمۇل قوزغىلىڭىدا يەر مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان كىشىلەرنى ئويغىتىپ قويغان. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى «ئادەم يۈزلۈك چېكەتكىلەر ماكانى» دەپ تەسۋىرلەنگەن يەردە تېرىقچىلىق قىلىپ يەم ـ خەشىكىنى قامدايتتى.

شىنجاڭنىڭ سانائىتى ئاساسلىق شىمالغا مەركەزلەشكەن. بولۇپمۇ كېيىن قاراماي‌دا نېفىت بارلىقى بايقالغاندىن كېيىن ۋە كومپارتىيەنىڭ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان خەنزۇ كۆچمەنلەر ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە ئەتراپىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلارغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. ماۋزېدۇڭ بۇ رايوننىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز جۇڭگونى زېمىنى كەڭرى، بايلىقى مول ۋە نوپۇسى كۆپ بىر دۆلەت دەيمىز. ئەمەلىيەتتە خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسى كۆپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېرى كەڭرى ۋە بايلىقى مول».(14)

ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سابىق سوۋېت ئېتتىپاقى جۇڭگونىڭ سانائىتىدە ئۆرنەك بولغان ئىدى. 1960 ـ يىلى ئىدىيە جەھەتتە بۆلۈنۈش پەيدا بولغاندىن تارتىپ كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشكە خاتىمە بېرىلدى. پارتىيە ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى تۇنجى 25 يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 20 ھەسسە ئۆسكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىنگلىزچە نەشىر قىلىنغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىدا ئوقۇرمەنلەرنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ ئېيتقان «سانائەت تېز تەرەققى قىلىۋاتقان چاغدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خۇشاللىقى» ھەققىدىكى شېئىرلار بار:

«ئىلگىرىلىمەكتە يېزىمىز،
يېتەلمەيدۇ قىرىق ئات قوغلاپ.
يايلاقلاردا قۇرۇلدى زاۋۇتلار،
سېرىق ماي سىقماقتا ماشىنىلار،
كەلمەكتە پويىز، تاغلىق يېزىمىزغا قاراپ». (15)

ئەمەلىيەتتە پارتىيە شۇنى ئېنىق بىلدۈكى، بۇ يايلاقلار يەنىلا چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىگىلىكىدە ئىدى. 1962 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مەركەزدىكى پىلانلىغۇچىلار تەرەققىياتنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلارنى پرولېتارىياتلارغا ئايلاندۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى مەخپىي ھالدا ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن ئىدى.(16)

www.uyghurweb.net

1990 - يىللاردا مەركەز شىنجاڭنى «رايون خاراكتېرلىك ئېنېرگىيە بازىسى» غا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ زور مىقداردا مەبلەغ ئاجراتتى.(17) بۇ ئېنېرگىيە بازىسى «بىرى ئاق، بىرى قارا» نېفىت ۋە پاختىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇلار ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە كۆپ ساندا خەنزۇ كۆچمەن جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىدى. تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئاستىدا نېفىت زاپىسى بايقالغاندىن كېيىن نېفىت مەھسۇلاتى جەنۇبتىن چىقىدىغان بولدى. ئەمما بۇلار مۆلچەردىكىدەك ياخشى چىقمىدى. شۇنداقلا بۇ ئۆلكە جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ پاختا بازىسى بولالمىدى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى پاختا مەھسۇلاتى مىقدارىنىڭ 25%نى ئىشلەپچىقاردى. شاڭخەيدىن تۇقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىلىرى يۆتكەپ كېلىپ ئىش باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىمپورت قىلىنغان پاختىلار بەكرەك ئەرزان بولغاچقا، دۆلەت ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ماللارنى ساتالماي يىغىپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدى.(18)

ھۆكۈمەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ۋە كىچىك كارخانىلارنى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ مالىيەسىدە ئېغىر دەرىجىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، مەركەزنىڭ قوتقۇزۇشىغا بېقىندى بولۇپ قالدى. ۋەدە قىلىنغان باجنى كېمەيتىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىدى. مەركىزى ھۆكۈمەت «يالغانچىلىق» قىلدى. مالىيەدە ئېغىر قىيىنچىلىق يۈز بەردى.(19) گەرچە كۆچەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆلكە چەتئەل مەبلىغىنى دىگۈدەك جەلپ قىلالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىكلەرنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە، كۆچمەنلەرگە ۋە ھەربىي قىسىمغا قارشى ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن زور چىقىم قىلىندى. كۆرگىنىمىزدەك تۆمۈر يول ئۈزارتىلىپ بىر ئۇچى غەربىي شىمال چېگرىدا، يەنە بىر ئۇچى قەشقەرگە قەدەر كەلدى. تۆمۈر يولنىڭ يەنە بىر تارماق يولى، يەنى كورلىدىن يۈنىلىش ئۆزگەرتىپ قۇملۇقنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ، لوپنۇر چۆلىدىن ئۆتۈپ، كۈئىنلۈن تاغلىرىدىن ھالقىپ، چىڭخەي ئۆلكىسىگە كىرىپ كېتىدىغان قىسمىنى ياساش پىلانلاندى. دۇنيا بانكىسىنىڭ كوپتۇنغا بەرگەن مەبلىغى ياردىمىدە تۇرپان شەھىرى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسىدىكى 300 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول كېڭەيتىلدى ۋە قازاقىستان چېگرىسىغا قەدەر ئۇزارتىلدى. يېڭى ئايرىدۇرۇم ياساش پىلانلاندى ۋە كونىلىرى رېمونت قىلىندى. كەڭرى كوچىلاردا جۇڭگوچە مېھمانساراي ۋە شىركەت بىنالىرى، ھەشەمەتلىك رىستورانلار قەد كۆتەردى.

«يىپەك يولى ساياھىتى» قىلىدىغان ساياھەتچىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ساياھەت شىركىتى ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەرنى ئاپتوبۇس ياكى ئىچىدە ھاۋا تەڭشىگۈچىسى بار كىچىك ماشىنىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ دۇنخۇاڭ غارىدىكى تام رەسىملىرىنى ساياھەت قىلدۇرىدۇ. ئاندىن تارىمنىڭ شىمالىدىكى يولنى بويلاپ، قۇمۇلغا، تۇرپانغا ۋە ئاخىرىدا قەشقەرگە ئاپىرىدۇ. شياڭگاڭ پۇلى كىينىچە خەجلىنىدىغاندەك قىلىدۇ. مېھمانسارايلار يولۇچى مېھمانلارنى جەلپ قىلىش بىلەن ئاۋارە. مەنزىرىلىك تاغ رايونلىرىدا مۇنار ۋە ئارامگاھلار بارلىققا كەلدى. قازاق ۋە قىرغىز ئائىلىلەرنى كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ساياھەتچىلەر ئۈچۈن يازلىق چېدىر، ياتىدىغان يوتقان - كۆرپە ۋە ناشتىلىق تەييارلاپ، كۆچمەن چارۋىچى ھاياتىنى كۆرسىتىشكە ئۈندەيدىغان تەشۋىق بار. جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى تارىخى ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەيدىغان ئالاقىدار ئورگانلار قۇرۇلدى. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا بۇنداق بىر تارىخىي ئىز ھەقىقەتەن يوق ئىدى. 1999 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى بىر تارىخىي

www.uyghurweb.net

ۋەسقىلەر ئىشخانىسى ئۈرۈمچى شەھىرى بۈندىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى بىنا قىلىنغان بولماستىن، بەلكى مىلادى 650 ـ يىلى بىنا بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. ئىسپات كۆرسەتمىدى. ئەمما ئۈرۈمچى مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇ بايقاشنىڭ «ئاھالىلەرنى پەخىرلەندۈردىغان ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق» ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. بەلكىم ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى قەدىمىي بەشبالىق شەھىرىنى دىمەكچى بولغان بولىشى مۇمكىن. بەشبالىق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ھازىر ئۇنى ھۆكۈمەت ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇھاپىزەت رايونى دەپ بېكىتىپ جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى بىر باغچىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەدىمىي كىرورەن شەھىرى جايلاشقان يەرگە جۇڭگو بۇددىستلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى، مۇزېي ۋە مېھمانسارايى سېلىش، قۇمتاغ چۆلىدىكى ياۋايى تۆگىلەر ياشايدىغان مەيداننى كېڭەيتىش توغرۇلۇق پىلانلار تۈزۈلدى. لوپنۇردىكى يادرو سىناق مەيدانىنىڭ 1996 ـ يىلىدىكى مەنئى قىلىشتىن كېيىن بىكار قىلىنغانلىقى قايتا ـ قايتا تەكىتلەندى.

ھەممە ئىشتىن بەكرەك مۇھىم بولغىنى شۇكى، 1995 ـ يىلى تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان، جەنۇبتا نىيىدىن بۇگۇرگىچە ۋە شىمالدا كورلىغىچە كېلىدىغان ئارىلىقتا چوڭ تىپتىكى تاشيول ياسالدى. گۇرۇپ ـ گۇرۇپ يول سۈپۈرگۈچى ئىشچىلار نۆۋەتلىشىپ يولنى تازىلاپ تۇراتتى. گەرچە بۇ ئىشچىلار سىچۇەندىن كەلگەن خەنزۇ كۆچمەنلەر دەپ تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇنى ئۇيغۇرچە دوپپا كىيگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار يەرلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدىكى جىنايەتچىلەر بولىشى مۇمكىن.(20) بۇ چۆل يولىنىڭ ئەڭ باشتىكى مەقسىتى تارىم نېفىتلىكى قۇدۇقلىرىدىن چىققان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى تېز سۈرئەتتە توشۇش ئۈچۈن قولايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ يولۇچىلار ئۈچۈن ئېچىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ستراتېگىيەلىك فونكسىيەسى بولسا جەنۇبى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان جېدەلخور ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىش، جىددى ئەھۋاللاردا تېز، راۋان قاتناش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. ھەربىي ياردەمچى قوشۇن ھازىر شىمالدىن بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا يېتىپ كېلەلەيدىغان بولدى. قۇملۇق يولى بىر سىمۋولدۇر. چۈنكى كەڭ كۆلەملىك لايىھە، بۈيۈك مەبلەغ ۋە ئەسەبىلەرچە ئېلىپ بېرىلغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادى قۇرۇلۇش كەبى كۆرۈنگەن بىلەن ھەممىسىنىڭ سىياسىي مەقسىتى بار. غەربنى ئېچىش دولقۇنىنىڭ ھەقىقى نىشانى ئىچكى مەخپىيەتلىك، يەنى پارتىيىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «مۇقىملىق» ئۈچۈندۇر، پارتىيە ھازىر باي شەرق بىلەن نامرات غەرب ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئۆز ئىچىدە بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشماقتا. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر شىنجاڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كەتسە، ئۇنداقتا باشقا ئۆلكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا جۇڭگو بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرى بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغانغا ئوخشاش ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنالمايدۇ.(21)

شىنجاڭدا 1940 ـ يىللاردا گومىنداڭ 1960 ـ يىللاردا كومپارتىيە دۇچ كەلگەن مەسىلە، يەنى خەلقنىڭ دۈشمەنچە پوزىتسىيەسى بىلەن چېگرانىڭ تىنچسىزلىقى مەسىلىسى بېيجىڭدىكى يېڭى

www.uyghurweb.net

پراگماتىزمچىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتماقتا. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى تەھدىت ئىدى. ئەمدىلىكتە تەھدىت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پارچىلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى رادىكال ئىسلامچىلاردۇر. غەربىي رايوننى ئېچىش دولقۇنى چاقىرىقىنىڭ يۇگوسلاۋىيە پارچىلانغاندىن كېيىن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرەپتە تۇرۇپ، كوسوۋۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان سېرپلارنى بومباردىمان قىلىشىدىن كېيىنلا ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپى ئەمەس. جۇڭگونىڭ غەربنى ئېچىش ئىقتىسادى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى چىن دۇڭشەن 2000 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئىقتىسادشۇناس خۇ ئەنگاڭ ئېيتقان: «بىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئەڭ ناچار سىنارىيە جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيەگە ئوخشاش پارچىلىنىپ كېتىشىدۇر، يۇگوسلاۋىيە پارچىلىنىپ كېتىشتىن ئاۋۋال رايونلار ئارىسىدا ئىقتىسادىي تەكشىسىزلىك ئېغىر ئىدى» دېگەن سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ «ئاسىيادىكى بىر كوسوۋۇ» نى مەيدانغا چىقىرىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.(22) يەنە بىر ئېچىنىشلىق ئۆرنەك، شەرقىي تىمۇرنى يوقىتىپ قويغان ھىندونېزىيەدۇر، كاۋكازدىكى چېچەنلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى رۇسىيە ۋەھشىيانە ئۇرۇش قىلماقتا.

غەربىي رايوننى ئېچىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىر يىلدىن كېيىن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى لى دېجۇ «مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» توغرىسىدىكى مەبلەغ سېلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.(23) بۇنىڭ يېگى بىر ئىش بولىشى ناتايىن. 1996 ـ يىلى پارتىيە پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئارقىلىقلا ساددا ئامىمنى قايمۇقتۇرغان «غەربلىك دۈشمەن كۈچلەر» يەنى ئامېرىكا ۋە رادىكال ئىسلامچىلارنىڭ ناچار تەسىرلىرىگە قارشى زەربە بەرگىلى بولىدۇ ۋە پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە خىلمۇ خىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش»قا قايىل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.(24) بۇندىن ئاز ۋاقىت ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى قەشقەردە يۈز بەرگەن پارتلىتىش ۋەقەسىدىن كېيىن مىللىي كادىرلارغا بەرگەن يوليورۇقىدا «رايونىمىزنىڭ يەر ئاستى بايلىقى مول، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇقىملىقنى ساقلاش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ باشقا يەرلىرىنىڭ توسالغۇسىز تەرەققى قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن.(25)

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن، بەزى غەربلىك كۆزەتكۈچىلەر جۇڭگودىكى بۆلۈنۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار رايونلارغا دىققىتىنى تېخىمۇ قاتتىق مەركەزلەشتۈردى. چۈنكى بۆلۈنۈش ئېھتىمالى جۇڭگونىڭ كەلگۈسىنىڭ پارلاق ئەمەسلىكىنىڭ بىشارىتى ئىدى. (26) ئەڭ چوڭ خەتەر چەتئەل رىقابىتى تۈپەيلى ئىشسىز قالغان 100 مىليون دېھقانىنىڭ پۈتۈن جۇڭگودا بىر دېھقانلار قوزغىلىڭى قوزغاپ سېلىش ئېھتىمالى ئىدى. مەركەز شىنجاڭغا ئۈچ بىسلىق تاكتىكا قوللانماقتا. بۇنىڭ بىرىنچىسى ئۇيغۇرلار جان بېقىۋاتقان يەر ۋە تەبىئى بايلىقلارنى سۈمۈرۈپ ئېلىپ، بۇنى ئىچكىرى جۇڭگونىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەتمەك. ئىككىنچىسى زور مىقداردا كۆچمەن كۆچۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى سان جەھەتتىن ئازلاشتۇرۇش. ئۈچىنچىسى ئۇيغۇرلارغا بىر قەدەر

www.uyghurweb.net

ياخشى تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ غەزىۋىنى پەسەيتىش ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش، ئەگەر مەقسەتلەر بىر ـ بىرىگە زىت بولسا، ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ.

2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى رەئىس جياڭ زېمىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئاپتونومىيە هوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى 1984 ـ يىلى يولغا قويۇلغان قانۇننىڭ بىر قانچە ماددىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى قانۇننى تەستىقلىدى. ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن قانۇندا ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئازايغان. ئەمما دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، مەركەز بىر تۇتاش پىلانلاش بازار ئېھتىياجى قاتارلىق تېمىلار ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر كۆپەيگەن، بۇ قانۇندا دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مەبلەغ، بانكا قەرزى ۋە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئارقىلىق ياردەم قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پىلانى»نىڭ مەقسىتىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش» ئىكەنلىكىنى بىر قانچە يەردە ئۇرغۇلۇق تەكرالىغان.(27) غەربلىك بەزى تەھلىلچىلەرنىڭ كۆزىتىشىچە، بۇ يەردە ئوچۇق ھالدا قانۇن ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز رايونلىرىدىكى يەرلەر ۋە بايلىقلاردىن ئۆزى پايدىلىنىش ھوقۇقىنى دۆلەت تارتىۋالغان.(28) ھالبۇكى بۇ يەردىكى ئىجابىي بىر نۇقتا شۇكى، بەلگىلىمىدە تەبىئى بايلىقلار بار ۋە ئىكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئۈچۈن پايدىسى بار رايونلاردىكى يەرلەرنى دۆلەت قوللانغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادى تۆلەم بېرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، ئەمما جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بۇ تۆلەم بېرىش مەجبۇرىيىتى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.(29)

رەھبەرلەرنىڭ نۇقتىئىينەزىرى بويىچە قارىغاندا، بۇ بەلگىلىمىلەر زورۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەرتلەرچە مۇئامىلە قىلىنغان. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10 پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئەمما ئاپتونوم رايونلارنىڭ زېمىنى پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگەللەيدىغان شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ئاتمىشتىن بىرىدىن ئازراقى ياشايدۇ. ئۇندىن باشقا بەزى مۆلچەرلەرگە قارىغاندا پۈتۈن جۇڭگودىكى كان بايلىقلىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى شىنجاڭدىن چىقىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، بارلىق يەرلەر ۋە قېزىلما بايلىقلار دۆلەتكە تەئەللۇق. ئامېرىكىلىق بىر ئالىم: «بۇ يەردە شۇنداق بىر تۈيغۇ باركى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن نېمە ئالسا، ھەممىسىدە تەنقىدكە ئۇچرىدى، ھازىر ئۇلار كونا ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئامېرىكىنىڭ غەربكە قانداق يەرلەشكەنلىكى ۋە ئىندىئانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قانداق يوقاتقانلىقىدىن ئۆگىنىۋاتىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقىمىزنى تەكرارلىماقچى» دېدى.(30)

ئەگەر شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر پارچىسى بولسا، ئۇنداقتا شىنجاڭنىڭ بايلىقىمۇ جۇڭگونىڭ بولىدۇ. يەنە ئەگەر پارتىيىنىڭ ئىشەنگىنىدەك شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بايلىقلىرى توغرۇلۇق تالاش ـ تارتىش قىلىش ھاجەتسىز. ئەگەر ھەر ئىككى خىل كۆز قاراش گۇمانلىق بولسا، (ئەمەلىيەتتىمۇ ھەقىقەتەن شۇبھىلىك) ئۇنداقتا

www.uyghurweb.net

پارتىيىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پارتىيىنىڭ مۇقەررەر تەقدىرى دەپ باشقا بىر سەۋەبكە مۇراجەت قىلىش تۇرغانلا گەپ.

كۆڭزى ۋە مېڭزى زامانىدىن باشلاپ 25 ئەسىر ئىچىدە جۇڭگونىڭ تەقدىرى ھامان ئۆزگىرىپ تۇردى. بەزىدە خەنزۇ مىللىتىنىڭ ياۋايى قەۋملەرنى مەدەنىيلەشتۈرۈش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار دېيىلدى. بەزىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەممىسى خۇاشيا مىللىتى دېيىلدى. يەنە بەزىدە خەنزۇ مىللىتىنىڭ پۈتۈن ئاسىيا ۋە ھەتتا دۇنياغا ھۆكۈمران بولىشى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن دېيىلدى. 17 ـ ئەسىردىكى خەنزۇ پەيلاسوپ ۋاڭ فۇشى: «يات قەۋملەرنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش ئادالەتسىزلىك ئەمەس. يات قەۋملەرنى ئۆلتۈرۈش ئىنساپسىزلىق ئەمەس، يات قەۋملەرنى ئالداش سەممىيەتسىزلىك ئەمەس» دەپ يازغان.(31) پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر سۆزىنى چىيەنلۇڭ خان غەربىي رايونغا ئۇرۇشقا ئەۋەتىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرىدا قوللانغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى سىياسىيونلار مەسىلىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىزاھلىغان. 20 ـ ئەسىردىكى گومىنداڭ فاشىست ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىپ ئىرقى زۆرۈرىيەت دېگەندەك سۆزلەر بىلەن شەرھلىگەن.

بۇلار ئەلۋەتتە پېشانىگە پۈتۈلگەن تەقدىر ئەمەس. پۈتۈنلەي جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىمتىيازى خالاس. «شەرقىي بايلىق ماكانى» دەپ ئاتالغان سىبىرىيەنى ئاچقان رۇسىيەلىك تەۋەككۇلچىلەر ئۆزلىرى بايقىغان بۇ يەرنىڭ قانچىلىك يات ۋە پەرقلىق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ھېچقاچان بۇلارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ يۈرمىگەن.(32) M.N يادرىنستېۋنىڭ 1882 ـ يىلىدىكى خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، سىبىرىيەنىڭ يەرلىك خەلقى «قوپال ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان». «قورallıق رۇسلارنىڭ ئۆزىگە قارشى چىققان ۋە ئولجىلارغا شېرىك بولماقچى بولغان يەرلىكلەرنى ئۆلتۈرۈشى ئادەتتىكى ئىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىشغالىيەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا يەرلىكلەر خۇددى ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرگىنىدەك ئۆلتۈرۈلگەن.»(33) سوۋېت يازغۇچىلىرى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىندىئانلار ماكانىنى قانلىق ھالدا يوتىۋېلىشىنى رۇسلارنىڭ شەرقنى تىنچ ھالدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى بىلەن سېلىشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، رۇسىيەلىك بوز يەر ئاچقۇچىلار «ئاددى ـ ساددا، كەمتەر ئەمگەكچى رۇس خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى» بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان يەرلىك خەلقلەر بىلەن «راۋان ئالاقە» قىلغان.(34) بۇ ئىشلارنىڭ ئەينەن ئەھۋالى تاكى 1980 ـ يىللاردىكى «ئېچىۋېتىش» قا قەدەر ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىدى. ئامېرىكىلىق ئىندىئانلارغا ئوخشاش سىبىرىيەدىكى قەبىلە خەلقى قەرزگە بوغۇلۇپ، يەرلىرىنى گۆرەگە قويۇپ، كۆندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىدا پۈتۈنلەي ئىشغالچىلارغا بېقىنىپ قالغان ۋە چېچەك، يۇقۇملۇق زۇكام، سېبىلىس قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا جان تالاشقان ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بولشېۋىكلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا قىلىنغىنىغا ئوخشاش يولداش دەيدىغان بولدى. ئۇلار ئاچ قالغان قەبىلە خەلقىگە ئاشلىق ئەۋەتتى. دوختۇرخانىلار سالدى. قەرزلەرنى بىكار قىلدى. ئەمما بۇ زامان ئىچىدە يەرلەر تارتىۋېلىنىپ موسكۋا تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ يەرلەر خىمىيىلىك ماددىلار تەسىرىدە ئېغىر دەرىجىدە

www.uyghurweb.net

بولغاندى ۋە ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇردى. سوۋېتنى تەنقىد قىلغۇچىلار بۇ جەرياننى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئافرىقىدىكى بۇلاڭچىلىقى ۋە ئامېرىكا ئامازون يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدىكى بۇزغۇنچىلىقلارغا ئوخشىتىدۇ. 1989 ـ يىلى خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ بىر ئەزاسى سىبىرىيە قەبىلىلىرى ئۇچرىغان مۇئامىلىنىڭ يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ئۇچرىغان قىسمەتتىن ياخشىراق ئەمەس ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى.(35)

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى پېشانىگە پۈتۈلگەن تەقدىر سۆزىگە ئىنتايىن بەك ئىشەنگەن. ئاردىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن خەنزۇ شائىر ۋېي يۈەن جۇڭگونىڭ ئۇزاق غەربىدىكى «باي زېمىن» ھەققىدە شېئىر يازغاندا شېئىرنىڭ مەزمۇنى: «تاشلىق تاغلار» شېئىرىدىكىگە ئوخشايدۇ. Cheyenne Daily Leader بۇنى ئوقۇرمەنلەرگە بۇ شەكىلدە سۇنغان: «ۋۇمىڭدىكى بۇ گۈزەل ۋە ئاۋات يېزىلار ئانگلو ساكسون ئىرقىنىڭ ئىگەللىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قارلىق تاغلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقلارنى تەڭرى مەدەنىيەتنى قوغدىغۇچى قەھرىمان روھلار ئۈچۈن رىزىق قىلىپ ساقلىغان... ئىندىئانلار بىر چەتتە تۇرىشى ياكى كۈندىن ـ كۈنگە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان، كۆپىيىۋاتقان كۆچمەنلەر دولقۇنى ئىچىدە غەرق بولۇپ تۈگىشى كېرەك... زېمىننىڭ گۈمران بولۇشىنى ئىرادە قىلغان تەڭرى ئامېرىكىدىكى قىزىل ئىرقلارنىڭ نەسلىنىڭ يوقىلىشىنى تەقدىرقىلدى.»(36)

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرى ئاساسەن ئوخشاش. توماس جېففېرسون مەدەنىيلىشىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشنى رەت قىلغان ئىندىئانلارغا قارىتىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن توغرا بولۇشى ھەققىدە تەشۋىقات قىلغان. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئامېرىكىلىقلار ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىدى، خۇددى ماۋزېدۇڭ ۋە جۇئېنلەيىنىڭ جۇڭگو مىللەتلەرنىڭ بىر چوڭ ئائىلىسى دېگىنىگە ئوخشاش.(37) ھەيران قالارلىقى شۇكى، جېففېرسون قۇللار ۋە يەرلىكلەرگە نىسبەتەن مەدەنىيەت تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىمپېرىيە بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ پادىشاھچىلىك كەڭ قورساق بولالمىدى. ئۇ: «بۇ دېگەن شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتى» دېدى. ئىندىئانلاردىن ئۆۋچىلىقنى تاشلاپ، دېھقانچىلىق ۋە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش تەلەپ قىلىندى. ئاق تەنلىكلەر كۆپ يەرلەرنى تارتىۋالغانسېرى، ئۇلارنىڭ يەرلىرى شۇنچە ئاز قالدى. يىراقنى كۆرەر زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، جېففېرسون ئېيتقان: «مەدەنىيلىشىش جەريانىنى جەزمەن يېزا مەكتەپلىرىدىن باشلاش كېرەك» دېگەن پىكىرگە كەلگەن. ئىندىئانلارنىڭ خرىستىئان دىنىغا كىرىشى «كۆڭۈلدىكىدەك ئەمما زۆرۈرىيەتسىز» بىر ئىش. ئۇلارنىڭ لاتىنچىسى راۋان بولۇشى كېرەك، ئەمما گىرېكچە زۆرۈر ئەمەس. لېكىن ئىنگلىزچىنى سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدى جېففېرسون. ئامېرىكىنى «ئۇلارنى قوغلاپ يوقىتىشنىڭ بەدىلى ۋە ئاغرىقى» قۇتۇلدۇرىدۇ.(38)

جېففېرسون ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يەرلىكلەرنىڭ زېمىنىنى مۇستەملىكە قىلىشنىڭ ھەقىقىي موتورىنىڭ ۋىرجىنىيە (Virginian) لىكلەرنىڭ ئۆزى مەبلەغچى بولۇشى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئەمما ئۇلار ئەخلاقى، ئاندىن كېيىن سىياسىي بىر دەلىل ئىزلەشكە مەجبۇر بولغاچقا يەرلىكلەردىن تارتىۋالغان يەرلەرنى قايتا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى رەت قىلغان ئەنگلىيە

www.uyghurweb.net

پادىشاھلىقىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش ئاق تەنلىك ئامېرىكانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇرچى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىزنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، جۇڭگونىڭ يەرلىك مەسىلىلەرگە بەرگەن جاۋابى نەزەرىيە جەھەتتە مەككارلىقتا ئۇچىغا چىققان، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىنتايىن شەپقەتسىزدۇر. ئەمما مەنىسى نەقەدەر چۈشىنىكسىز بولىشىدىن قەتئىينەزەر، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنىنىڭ ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىگە قارىغاندا بىر قەدەر پۇت تىرەپ تۇرالىشى يوق گەپ. غەربىي رايونغا 300 مىليون ئىشسىز كىشى ۋە 100 مىليون كۆچمەن ئىشچى ئېقىپ كەلگەندە، مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆرۈلگەن ۋە چىقىم ئېشىپ كەتكەندە، غەرب ئاساسي جەھەتتىن بېقىنىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئورۇنلىرى ۋەيران بولغاندا ۋە خەلق پۇل ئامانەت قويغان بانكىلار نورمان ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغاندا، يەرلىك ھۆكۈمەت چىرىكلىشىپ، دېھقانلار ئېغىر باج ـ سېلىق ئاستىدا چىدىغۇسىز ھالغا كەلگەندە دۆلەت بېرىشكە ۋەدە قىلغان قۇتقۇزۇش ياردەم مەبلىغىنى بېرەلەمدۇ يوق؟ بۇ ھەقتىكى گۇمانلار ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىزاھلاندى. تېز تەرەققى قىلغان ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە ئۇزاقتىكى غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەر، بىر قاراشتا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئەمما ئىككىنچى قېتىم ئوبدانراق سەپسالغاندىن كېيىن كىشىنى خاتىرجەمسىز قىلىدۇ. ئەسىر ئالماشقاندا جۇڭگونى بىئارام قىلىدىغان ئىقتىسادى چېكىنىشكە قارشى غەربىي رايوننىڭ قىلچىلىك ئىممۇنت كۈچى يوق. ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز بىنالارنىڭ ئىچى بوش. قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرى ساتىدىغان دۇكانلار ۋە چوڭ سودا سارايلىرىدا خېرىدار ئىنتايىن ئاز.

غەربىي رايوننى ئېچىش پىلانى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ماددى مەبلەغنىڭ جايىدا ئىشلىتىلمىگەنلىكى ھەققىدە تەنقىدلەر ياغدى. 2002 ـ يىلى ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارى جۇڭگوغا كېيىنكى قېتىملىق قەرزىنىڭ ئاساسلىقى ئاساسىي قاتلامدىكىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ھۆكۈمەتنىڭ تۈزگەن پىلانلىرىنىڭ ئاللىقاچان چەككە يەتكەنلىكى، ئەمما يەرلىك خەلقنىڭ ئېستەكلىرىنىڭ بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغانلىقىنى ئىشارەت قىلغان ئىدى. پىلانلىغۇچىلار خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا تولۇق سەپسىلىپ قاراپ بولالمىغان ئىدى. يېڭى ئاپتونومىيە قانۇنىدا تاغلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش ئېھتىياجىنىڭ بارلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئەمما بۇ ئېھتىياج ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىلمىغان. ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى قامداش ئىشى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ گەدىنىگە چۈشكەن، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ كارى بولمىغان. بۇ خىل زىددىيەتلەر سىرتتىكىلەرنىڭ گۇماننى كۈچەيتتى خالاس. بېيجىڭدىن كەلگەن بىر مۇخبىر بۇ ئەھۋاللارنى باھالاپ: «خەلق توپىلاڭ چىقارسا باستۇرۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ يولى راۋان بولىشى ئۈچۈن تاشيول ۋە تۆمۈر يوللار ياسىلىپتۇ. مەركەز ئۈچۈن لازىمى ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيىسىنى كونترول قىلىش. قىسقىسى، «غەربكە يۈرۈش» ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇنچىلىك.» دېگەن.(39)

ئېچىش ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ شەخسلەر مەبلىغى، چەتئەل مەبلىغى، ھەتتا چەتئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئېھتىياجى بار ئىدى. نېفىت،

www.uyghurweb.net

ئېلېكتر ئېنېرگىيە ۋە تېلېگراف ساھەسىدىكى بىر قانچە چەتئەل شىركىتىدىن باشقا، يىراق غەربكە قىزىقىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى.(40) شىركەتلەر بۇ رايوننىڭ يىراقلىقى ۋە ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىنىڭ بيۇروكراتلىقى، ھەييارلىقى قاتارلىق توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايتتى. ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ھادىسلەر ھەققىدە لىڭگىلتاقتاق گەپلەرنى قىلىشى، يەنى بەزى قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ھەققىدە چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن كۆرۈشكەندە ھېچبىر چاتاق، ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوقلىقىنى سۆزلەپ، چەتئەللىك دىپلوماتلار بىلەن كۆرۈشكەندە بولسا، ۋەقەنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ بىر خىل ۋەقەگە نىسبەتەن ئىككى خىل گەپ قىلىشى، مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. يىراقتا نەزەر سالغاندا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنى بەلكىم مەركەز ئارزۇ قىلغان ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما يېقىنغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شىنجاڭدىكى مۇقىملىق باستۇرۇش تەدبىرلىرى ئارقىلىق «مەجبۇرىي» ئەمەلگە ئاشقان مۇقىملىقتۇر. ئەگەر بۇ يەردە خېيىم ـ خەتەر بولسا، ھۆكۈمەت چەتئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلالمايدۇ، شىركەتلەرمۇ جۇڭگو «كۈچلۈك ھەربىي ۋاستىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق كونترول ئاستىدا تۇتقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى» دا ئىش باشلاش ئۈچۈن قىزغىن ھالدا تۇختام ئىمزالىمايدۇ.(41)

سىياسىي تالاش ـ تارتىشلارغا يول ئاچىدىغان ئىشلارمۇ ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدۇ. 7 ـ باپتا بايان قىلغىنىمىزدەك، بىر چاغلاردا تارىم دەرياسى بويىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا ياردەم قىلدى دېگەن شىكايەت بىلەن دۇنيا بانكىسى قاتتىق ئەيىبلەنگەن ئىدى. بۇ ئەيىبلەشنىڭ ئۈنۈمى بولدى. دۇنيا بانكىسى ئۇندىن كېيىنكى قۇرۇلۇشلارغا مەبلەغ ئاجرىتىشتا شەرتلەرنى قاتتىق ئېغىرلاشتۇردى. چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى تىبەتلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللىي رايونغا خەنزۇ دېھقانلارنى يەرلەشتۈرۈش پىلانىغا مەبلەغ ياردەم بېرىشتە بانكا ئىلگىرىكىدەك مەرتلىك قىلمىدى. نەتىجىدە جۇڭگو قارشى چىقتى ۋە پىلانلار پېتى قالدى، ئەمەلگە ئاشمىدى. جۇڭگو تەرەپ ئۇندىن كېيىن چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىگە سەل قارىيالمايدىغان بولدى.

غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پىلانى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ پىلانلارنىڭ بىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گازنى بىۋاستە شاڭخەيگە توشۇپ ئاپىرىدىغان 2600 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى ئىدى. «غەربتىن شەرققە» دەپ ئاتالغان بۇ تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى پىلانىدا بىۋاستە تەبىئىي گاز قۇدۇقى، پومپا ۋە شاڭخەيدىكى ئائىلىلەر، زاۋۇتلار ۋە ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى تورلاشتۇرۇپ تەمىنلەيدىغان ئۇسكۇنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جەمئىي 18 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى (2001 ـ يىلدىكى باھا) خىراجەت كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ مىقدارى غەربنى ئېچىش پىلانىنىڭ تۇنجى يىلىدا خەجلەش مۆلچەرلەنگەن جەمئىي مەبلەغدىنمۇ ئارتۇق ئىدى. تەنقىدچىلەر شاڭخەي تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممە ئىشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلىشى ستىراتېگىيە جەھەتتىن خاتا دەپ ئەيىبلىدى. شىنجاڭنىڭ بايلىقى شەرقىي دېڭىز بويلىرىدا ئىشلىتىلمەكچى. بۇ بايلىقنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «تەرەققىيات» دەيدىغان بىر نەرسە يوق. ھۆكۈمەت بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلارنى قىلچىلىك نەزەرگە ئېلىپ قويمايدۇ.

www.uyghurweb.net

كېتىدىغان خىراجەت مىقدارى ئىنتايىن زور بولغاچقا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى چەتئەل شىركەتلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ چەتئەل شىركەتلىرى چەتئەللەردىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن نارازىلىق خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەبلەغ سېلىشقا تەكلىپ قىلىنغان شىركەتلەردىن BP نېفىت شىركىتى 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئارقىغا چېكىنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىئىينەزىرى تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى شىركىتى ئۈچۈن بۇيەردە تۇرۇۋك پايدا يوقلىقىنى ھېس قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. يەنە بىر شىركەتكە «شىنجاڭدىكى سىياسىي جىددىيلىك ۋە قانلىق تۇقۇنۇش» ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇمۇ بۇ ئىشتىن باش تارتتى.(42)

ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاقتى ـ سوقتى قىلىنىشى ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، ھەر كۈنى ئۇلارغا خەنزۇ ھۆكۈمرانلىقىنى خاتىرىلاتقان نەرسە، يەنى كۆچمەنلەرنىڭ ئاققۇنلارنىڭ كۆپلەپ كېلىشى مەسىلىسىدۇر.

1949 ـ يىلى ئومۇمىي نوپۇسى 4 ـ 5 مىليون كېلىدىغان شىنجاڭدا 300 مىڭ ئەتىراپىدا خەنزۇ بار ئىدى. يەنى خەنزۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئون بەشتىن بىرىنى ئىگەللەيتتى. كېيىنكى يىللاردا بۇ يەردىكى خەنزۇ نوپۇسى سانى ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ سېلىشتىن ئەندىشە قىلىنىپ، «دۆلەت مەخپىيەتلىكى» سۈپىتىدە ئاشكارىلانمىدى. 2000 ـ يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە 19.25 مىليونلۇق ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ 7.5 مىليوننى ئىگەللەيدىغانلىقى، يەنى جەمئىي نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن جىقراقى خەنزۇ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا، نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغىنى ئۇيغۇرلار، يەنى 8 مىليون، ئۇنىدىن قالسا خەنزۇلار، ئۇنىدىن قالسا مۇڭغۇل، خۇيزۇ (تۇڭگان)، قازاق، قىرغىز قاتارلىقلاردۇر. ئەمما بۇ نوپۇس تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆپ ساندىكى قوراللىق ئەسكەرلەر ۋە ئەڭ مۇھىمى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كۈنلۈكى ئاستىدا سايىداپ ياشاۋاتقان 2.5 مىليون خەنزۇ نوپۇسىنىڭ سانى تىلغا ئېلىنمىغان. ئەگەر بۇ سانلار ھەممىسى قوشۇلسا، ئۇنداقتا شىنجاڭدا ياشاۋاتقان خەنزۇ ئاھالە سانى 12 مىليونغا يېقىنلىشىدۇ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئەڭ كۆپ سانلىق مىللەت خەنزۇ بولىدۇ.

شەرقتىن خەنزۇ كۆچمەن ۋە ئاققۇن ئىشچىلار كۈنىگە 7000 كىشىلىك سۈرئەت بىلەن ئېقىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىدا ياتسىراشقا باشلىدى. بۇ شىنجاڭدا كۆرۈلگەن ئەڭ چوڭ مۇستەملىكچىلىكتۇر. غەربلىك بىر تارىخچى بۇنى «ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دېموگرافىك (نوپۇس تەركىبى جەھەتتىكى) ئۆزگىرىش» دەپ ئاتىدى.(44) ئۇيغۇر مىللەتچىلەر بۇنى دېمۇگرافىك ئىرقى قىرغىنچىلىك يەنى نوپۇس جەھەتتە ئۇيغۇر خەلقىنى مىللىي يوقىتىش دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىسپاتلىدى.

ھالبۇكى، بۇ بايانلار بەك ئېنىق ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەمەلىيەتتە نوپۇس تەكشۈرۈش دوكلاتىدا بېرىلگەن مەلۇماتتىكى ساندىن كۆپ بولىشى مۇمكىن. خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۆۋەن تۇغۇش نىسبىتى تۈپەيلى ئۆزلىرىنىڭ 2030 ـ يىلغا بارغاندا ھازىرقى نوپۇسىنىڭ يېرىمىنىڭ كېمىيىپ

www.uyghurweb.net

كېتىشىدىن ئەنسىرىمەكتە.(45) بۇنىڭدىن نىمىشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقىنى (بۇنى 6 ـ باپتا بايان قىلدۇق) ۋە شىنجاڭغا ھەركۈنى كۆپلەپ خەنزۇنىڭ نىمە ئۈچۈن يەرلەشتۈرۈلىۋاتىلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ ماۋزېدۇڭ ئۆلگىچە بولغان ئارلىقتا 5 مىليونغا يېقىن خەنزۇ كەلگەن ئىدى. 1984 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ نوپۇسى13.5 مىليونغا چىقتى ۋە جۇڭگودا خىيلۇڭجياڭدىن كېيىن نوپۇسى ئەڭ تېز كۆپىيىۋاتقان ئۆلكە شىنجاڭ بولدى. كېيىن شۇجى خۇياۋباڭ غەربىي شىمالنىڭ جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 200 مىليوننى ئازادە سىغدۇرالايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يەنە شىنجاڭغا بەش مىليون كۆچمەن يۆتكەش پىلانىنى ئىشەنچىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ پىلان كېيىن ئاشكارىلاندى.(46) باشقا خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 2010 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭغا 20 مىليون خەنزۇ كۆچمەن، يەنى ھازىرقى نوپۇس مىقدارىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىنى كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈش مەخپىي ھالدا پىلانلىنىپ بوپتۇ.

تۆمۈر يولى كورلىغا قەدەر ئۇزارتىلىپ، پويىز كەلگەندە كىشىلەر پويىزنىڭ كەلگەن چاغدىكى گۈدۈك ئاۋازىنى چىپ، چىپ، چىپ (يەيمەن، يەيمەن، يەيمەن)، پويىزنىڭ قوزغىلىپ كەتكەن چاغدىكى ئاۋازىنى چىباۋلىپ، چىباۋلىپ (تويدۇم، تويدۇم، تويدۇم) دېدى دېيىشىپ چاخچاق قىلىشاتتى. يەرلىك خەلق تەبىئى گاز تۇشۇش تۇرۇبا يولىنى بىزنىڭ نېفت، ئۇران، گىلەم توقۇيدىغان يۇڭ قاتارلىق بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ ماڭىغان ئوغرى دەپ قارايتتى. مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ شىكايەت قىلىشىچە، شىنجاڭنىڭ نېفت ساتقان پۇلىنىڭ پەقەت ئىككى پىرسەنتى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىلگەندە، بۇنى 7 پىرسەنتكە ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بىر ئۇيغۇر باشلىق بېيجىڭغا چاقىرتىلىپ، ئۇ يەردە ئۆيىگە نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان. غەربلىك تەنقىدچىلەر شىنجاڭدەك تەبىئى بايلىقى ئىنتايىن مول يەردە ياشاۋاتقان تۈركلەرنىڭ قانداقسىگە «ئاچ ـ يالىڭاچلىق، مۇھتاجلىق ئىچىدە» قىينىلىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالماقتا.(47)

غەربىي رايوننى ئېچىشنىڭ قارىماققا يەرلىك خەلققە كېچىككىنە پايدىسى تەككەندەكمۇ قىلاتتى. شەرقىي دېڭىز بويى رايونلىرىغا تۇشۇپ كېتىلمىگەن بايلىق، يەنى يەر، ئولتۇراق ئۆي ۋە خىزمەت قاتارلىقلار ئەڭ ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىچىدىكى يەرلىك خەنزۇلارغا بېرىلدى.

دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلەر خەنزۇلارغا ئەرزان باھادا بېرىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانى بىرىنچى بەتكە بېرىلگەن بىر ئېلاندا چەرچەن ناھىيىسى لوپىن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 4977 مو كېلىدىغان «مۇنبەت بوز يىرى» نىڭ ئالدى بىلەن ئىككى يىل ھەقسىز ئىجارىگە بېرىلىدىغانلىقى، بۇ يەرنىڭ «سۇغۇرۇشقا ئەپلىك، سۈيى مول، قۇياش نۇرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدىغان» ئىسىل بىر يەر ئىكەنلىكى يېزىلغان. تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى قىرغىقىغا جايلاشقان چەرچەننىڭ قۇياش نۇرىدىن ئوبدان بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى يېزىپ يۇرۇش ئارتۇقچە بىر ئىش. چۈنكى بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئېلاننىڭ يەنە بىركەمچىلىكى شۇكى، بۇنىڭغا چەرچەننىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر رايون ئىكەنلىكى، بۇ يەردە تىرىلغۇ يەرنىڭ ئىنتايىن قىس ئىكەنلىكى، ھەتتا كىشى بېشىغا توغرا

www.uyghurweb.net

كېلىدىغان يەرنىڭ ئۈچ موغىمۇ يەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئېلاندا ھېچقانداق گەپ يوق.(48) يەر ۋە سۇ تالىشىش تۈپەيلى بۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدا ئاللىقاچان جېدەل ـ ماجرالار كۆپ چىققان ئىدى. بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ دېيىشىچە ئاساسلانغاندا، ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان خەنزۇ دېھقانلارغا ئاتاپ سۇ ئامبىرى ياساش ئۈچۈن 1971 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆستەڭلەرنىڭ يۇقىرى ئېقىمى توساق بىلەن توسۇلۇپ، سۇلار سۇ ئامبىرىغا قويۇلغان. نەتىجىدە چەرچەندە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر قۇرۇپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئىنتايىن ئېغىر بولغان.(49) دۆلەتنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ يەردە سۇ قىسلىقى دېھقانلارنىڭ ئەڭ چوڭ دەردى ۋە توقۇنۇش، جېدەل ـ ماجرالارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىكەن. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ رەقىبى يالغۇز خەنزۇ كۆچمەنلەرلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۆلكىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ يېرىمىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتقان كۈچلۈك بېكتۇەن ئىدى. 1996 ـ يىلى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىغا يوللانغان «يەرلىك دېھقان چارۋىچىلار بىلەن بېكتۇەن ئوتتۇرسىدىكى يايلاق، سۇ ۋە باشقا تەبىئى بايلىقلارنى تالىشىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان توقۇنۇش، جېدەل ـ ماجرالار» ھەققىدىكى بىر دوكلاتتىن كېيىن، پارتىيە مەسىلىدىن خەۋەردار بولدى.(50)

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەممىسى دېھقان ۋە شۇنداقلا ئۆشۈاق دېھقان، جۇڭگونىڭ باشقا يەرلىرىدىكى دېھقانلارغا ئوخشاش، ئۇيغۇر دېھقانلار چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى، ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە كىرىمىنىڭ ئازلىقىدىن شىكايەت قىلىشماقتا. بۇ دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى زىرائەتلىرىنى تېرىشتىن مەنئى قىلىنىپ، بىر تۇتاش پىلان بويىچە مەجبۇرى پاختا تېرىشقا بۇيرۇلغان. دۆلەت پاختا باھاسىنى چۈشۈردى. دېھقانلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىكى پۈتۈن مەقسەتنىڭ يەرلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شەرقتىن كېلىۋاتقان كۆچمەن خەنزۇلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.(51)

بۇنىڭدىن ھەتتا پېشقەدەم خەنزۇ ئاھالىلەرمۇ نارازى ئىدى. ماۋزېدۇڭ دەۋرىدە شىنجاڭنى ئېچىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن ۋە ھازىر ئۆزلىرىنى «پېشقەدەم شىنجاڭلىق» دەپ قارايدىغان خەنزۇلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىۋاتقان خەنزۇ كۆچمەنلەر تۈپەيلى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن شىكايەتچى ئىدى. «بىڭتۇەندىكى ئەينى چاغدا ئىنتايىن جاپالىق ئىشلىگەن ۋە ھازىر پېنسىيىگە چىققان خەنزۇ دېھقان ۋە پېشقەدەم ئەسكەرلەر كېلىپلا ھەقسىز شەخسى يەرلەرگە ئېرىشكەن يېڭى كۆچمەن خەنزۇلارغا ئىنتايىن ئۆچ.»(52)

كۆپلەپ كېلىۋاتقان كۆچمەن مەسىلىسى مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئېكولوگىيىسىدىكى ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇق ھالەتنى بىئارام قىلدى. ھەر يىلى ئەتىيازدا بۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش سېگنالى شىمالىي جۇڭگودىكى ئېكولوگىيىسى ئاللىقاچان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان نەچچە يۈز شەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان قۇملۇق قارا قۇيۇنى، چاڭ تۇزانى شەكلىدە كېلىپ سېگنال بەردى. شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقىنى سۈپۈرۈپ كەلگەن بورانلار قۇملۇق ئەتراپىدىكى مۇنبەت بوستانلىقلاردا گۆركىرەپ چىقىپ، شەھەر ئاسمىنىنى خۇددى نويابىرنىڭ تۇمانلىرىدەك كۆرسىتىدىغان ئاچچىقى يامان بۇلۇتلار بىلەن ھەر كۈنى قورشاپ تۇردى. ئۆيلەرنىڭ دەرىزە تەكچىسىگە ئورۇنلاشقان توپا ـ چاڭلار

خۇددى دەرەخلەردىن تامچىلاۋاتقان شەبنەمدەك تېلىپفۇن سىملىرى قاتارلىق ئۈچۈرغانلىكى ھەر يەردە يەر ئالغان ئىدى.

ئىلگىرىكى 2500 يىللىق تارىخ ئىچىدە تەكلىماكان قۇملۇقى جەنۇبقا قاراپ 60 ئىنگلىز مىلى كېڭەيگەن. جۇڭگولۇق ئالىملارنىڭ ھېسابلىشىچە، شىنجاڭدىكى پۈتۈن قۇملۇق كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى پەقەت يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە شەكىللەنگەن. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا بىر قېتىم ئازايغاندىن باشلاپ بارغانسېرى ئازىيىۋاتقان تاغدىكى مۇزلۇقلار، ھازىر ئىنسانلارنىڭ ئاچكۆزلىكى تۈپەيلى تېخىمۇ تېز ھالدا ئېرىپ يوق بولماقتا. قارىماققا يەر ئاچقۇچىلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىۋاتىدۇ. بىر تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىشىچە، قۇملۇقتا تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن 15 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى بوز يەر ئېچىلغان، ئەمما بۇ چاغدا قۇملۇق ئۆزلىكىدىن 19 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېڭەيگەن. (دېمەك تارتقان جاپا بىكارغا كەتكەن) جۇڭگونىڭ مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، شىنجاڭدىكى 87 ۋىلايەت، ناھىيەنىڭ 53 ى قۇملۇققا تۇتاش ۋە قۇملۇق كۆلىمى كېڭەيمەكتە. نۇرغۇنلىغان كۆللەر، بولۇپمۇ تارىم دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆللەر قۇرىماقتا ئىكەن.(53) ئوتلاقلار ھەققىدىكى باشقا دوكلاتلاردا دېيىلىشىچە، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىشلىتىش تۈپەيلى ئوتلاقلار، ئورمانلىقلار كۆلىمى بارغانسېرى كىچىكلەۋېتىپتۇ.

غەربلىك ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بوز يەر ئېچىش تەرققىياتتىكى بىر مۇجمەل تاللاشتۇر. خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قاقاس چۆللەرنى سۇئىي ئورمانلىقلار بىلەن يېشىللىققا ئايلاندۇرىمىز دەپ بىكار ئاۋارە بولۇشنىڭ ئورنىغا، خەلقنى مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن بىلەن تەربىيىلىگەن ياخشىراق. ئەگەر چۆللەردە ئارتۇق سۇ بولسا ئىدى، بۇ يەرلەر ئەلۋەتتە مۇنبەت تۇپراقلارغا ئايلانغان بولاتتى. ئەمما ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىكى نۇقتىلىق كېۋەز تېرىش تۈپەيلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى ئاسىيا قىسمىدا ئېغىر مۇھىت ئاپىتى يۈز بەردى. پىلانلاشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقى، خىمىيىۋى ئوغۇتنى خالىغانچە ئىشلىتىش، ئامۇ ۋە سىر دەريا سۇلىرىنىڭ بۇلغىنىشى، ئارال كۆلىنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى يەرلەر بۇرغۇنچىلىققا ئۇچراپ، نەچچە مىڭلىغان نامرات ئاھالىلەرنىڭ سالامەتلىكى زور زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىدى.

جۇڭگولۇق بىر تۇتاش پىلانلىغۇچىلار بەلكىم مەۋجۇت ئورمانلىقلار ۋە ئوتلاقلارنى «يېڭى ئېچىلغان بوز يەر» دەپ كۆرسىتىۋاتقان ساختا قىلمىشلار، تەستىقسىز ھالدا باشلانغان ئالاھىدە قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇھىتقا بولغان زىيىنىنى 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تونۇپ يەتكەن تېخنىكلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھالدا كەلگۈسىگە يۈرۈش قىلغاندەك قىلاتتى. 2002 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن «تۆتىنچى ئەۋلاد» رەھبەرلەردىن ئىقتىسادى پىلانلاشقا مەسئۇل ۋېن جياباۋ سۇ ۋە ھاۋا بۇلغىنىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن غەربىي رايوننى ئېچىش پىلانى قۇرۇلۇشلىرىنى ئاستىلىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.(54)

يېزىلاردىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ھەممىشە كۆرۈپ يەتكىلى بولمايدۇ. سىرتتىن قارىغانلارغا نىسبەتەن سەھرادىكى دېھقانلارنىڭ ھاياتى گەرچە بىر ئاز ئىپتىدائى بولسىمۇ، ئەمما تېرەكلەر سايىسىدا شۈكۈر ـ قانائەتچانلىق بىلەن ياشاۋاتقان، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقتا سۇلار شىلدىرلاپ

www.uyghurweb.net

ئېقىۋاتقان، ئايالى ۋە قىزى ھويلىدا پاختا تىرىۋاتقان، يېرىم يالىڭاچ كىچىك بالىلىرى تۇپىدا ئويناۋاتقان ۋە ئېشىكى ئېغىلدا ھاڭراۋاتقان بىر دېھقان ھاياتىنىڭ رەسىمىدىكى كۆرۈنۈشى گۈزەلدۇر. پەقەت شەھەرلەردىلا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مىللىي كەمسىتىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەتكە قېقىشلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

قەشقەرنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر ئېتىزلىقتا، يەنى ئاپپاق غوجىنىڭ ھەشەمەتلىك مەقبەرىسىگە يېقىن بىر يەردە بېشىغا قالپاق كىيىۋالغان كىشىلەر تېئودولىت ۋە باشقا ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بىلەن يەرلەرنى ئۆلچەۋاتاتتى. بېشى باشتاق كىشىلەر بولسا خەندەك كولاۋاتاتتى ۋە قول ھارۋىسىدا تۇپا توشىماقتا ئىدى. يىراقتا بۇ كىشىلەرگە بىر ئۇيغۇر پادىچى نەزەر سېلىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان نەچچە يۈز كىشى مەيلى قۇرۇلۇش ئىشچىسى، ئىنژېنىر ۋە ھۆددىگەر بولسۇن ھەممىسى خەنزۇ ئىدى. داخىيەن پويىز ئىستانسىسىدا ۋاقىراپ ـ جاقىراپ يۈرگەن كىشىلەرگە ئوخشاش، بۇلارمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىققان كۆچمەن مەدىكارلار ئىدى ۋە شەھەر ئەتراپىدا سېلىنىۋاتقان كۆپ قەۋەتلىك بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتاتتى. بازاردىن باشلاپ كونا شەھەرنىڭ چېگرىسىغىچە ئۆزۈل ئېلىنغان يېڭى سېمونت يول بۇ قۇرۇلۇشلارنى بوياپ، بىر قاتار خارابە ئۆيلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ مەركىزدە چايخانا، پەيسۇ (ساقچىخانا)، بەزى كونسۇل ئىشخانىلىرى ۋە كىچىك تەنزىلەر بار بىر يېزىغا تۇتىشاتتى. ئەگرى ـ بۈگرى سېمونت يول بۇ يەردە ئاخىرلىشاتتى.

بۇ يەر شەھەر مەركىزىدىن كۆچۈرۈلگەن نەچچە يۈز ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ يېڭى ماكانى قىلىنماقچى ئىدى. ئېتىزلىقتىكى قەۋەتلىك بىنالار ئۇلار ئۈچۈن سېلىنىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھېتگاھ جامەسىنىڭ ئەتراپىدىكى تار كوچىلاردىكى ئۆيلىرى چېقىۋېتىلگەن ئىدى. بۇ ئائىلىلىكلەرگە ئىلگىرىكى ئۆيلىرىنىڭ بازار باھاسىنىڭ پەقەت 50 پىرسەنتى تۆلەم ھېسابىدا بېرىلمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ھېچكىم بۇ ئىش توغرۇلۇق كېڭەشكە چاقىرىلمىدى. (بۇ ئىش مەجبۇرى قىلىندى.) ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا تۇسالغۇ بولغانلىقى، تازىلىق ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ تار كوچىغا كىرەلمەسلىكى ئىدى خالاس. ئۇلارغا قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ھويلىلاردا ساقلانغان «مىللىي بۆلگۈنچىلەر» ۋە «تېررورچىلار» نىڭ خەنزۇلار ئۈچۈن زور تەھدىت ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلمىغان ئىدى.

بەزىلەر ئۆزىنىڭ يوقسۇل كونا ئۆيىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا سۇ ۋە يېقىلغۇ ئەسلىھەلىرى تەل، چىنە خىش مۇنچىسى بار، راھەت زامانىۋى بىنالارغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. يەنە بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سودىغا ماھىرلىقى بىلەن ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشلىتىپ يېڭى بازارغا سەكرەپ چۈشۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ داڭدار كارخانىچىلارغا ئايلاندى.

غەربىي رايوننى ئېچىش ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىگە زىيان ئېلىپ كەلمىدى. بۇنىڭ پاكىتلىرىنى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ، غۇلجىنىڭ بىر پۈشقاقلىرىدا قەد كۆتۈرگەن گىلاسزارلىق ۋە تاللىق داچىلار، گۈزەل بىنالار ۋە بىر ئۇيغۇر مىليونېرنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن سالدۇرغان ياتاقلىق مەكتىپىنىڭ كلاسسىك ئۇسلۇبتىكى ئىمارەتلىرىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. قەشقەرنىڭ سىرتىدا بىر مېۋىلىك باغنىڭ ئىچىدىكى لاي تاملىق كونا ئۆي ھەشەمەتلىك شەكىلدە رېمونت قىلىنىپ، خىش تام بىلەن

كېڭەيتىلگەن ۋە ئىشىك، دەرىزىلىرىگە چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغان. يازدا سايىدايدىغان ئايۋاننىڭ ئۆگزىسىگە تۇڭلۇك ئېچىلغان.
تازا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ بىرى رابىيە قادىر ئىسىملىك بىر ئايال بولۇپ، ئۇ كىيىم يۇيۇش دۇكىنى ئېچىپ ئىش باشلىغان ۋە سودا شىركىتى قۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ باي ئايالغا ئايلىنىپ داڭق چىقارغان. رابىيە قادىر بىناسى ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبى ئازاتلىق يولى كوچىسىدىكى ئۇيغۇر بازىرىنىڭ يېنىدا. رابىيە قادىر سىياسىي جەھەتتە ئاكتىپ بولۇپ، باشقا ئاياللارغا ئۈلگە بولغان. ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1995 ـ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاياللار قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. ئەمما بۇ قۇرۇلتايلارغا قاتنىشىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ پاسپورتى مۇسادىرە قىلىنغان. قارىماققا بۇ 1996 ـ يىلى ئامېرىكىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئېرى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان سىدىق ھاجىدىن ئېلىنغان ئىنتىقامدەك قىلاتتى. كېيىن 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا رابىيە قادىر زىيارەتكە كەلگەن ئامېرىكا كېشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتقاندا قولغا ئېلىنغان ۋە چەتئەللىكلەرگە دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىدى دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئۇ مەخپىي سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، 2000 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ھۆكۈمدىن ئاشكارىلىنىشىچە، ئۇ ئامېرىكىدىكى ئېرىگە ئەۋەتىش ئۈچۈن غۇلجا، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى گېزىتلىرىدىن ئېلىنغان كۆپىيىلەرنى توپلاپ چەتئەللىككە بەرمەكچى بولغاندا تۇتۇلغان.
رابىيە قادىر قولغا ئېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە كاتىپى قولغان ئېلىنىپ سوراق قىلىنمايلا، ئوغلى ئىككى يىللىق، كاتىپى ئۈچ يىللىق «ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش» جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ ئىككەيلەن قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنغان ۋە تاياق يېگەن. رابىيە قادىر بولسا تۈرمىدە ئېغىر كېسەل بولغان. ئۇنىڭ قولغان ئېلىنىشى ھەققىدە قازاقىستان ۋە قىرغىزستاندا نامايىشلار بولغان، ئامېرىكا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا پارلامېنتى مەسىلىنى ئانالىز قىلغان.
كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ئۇلار شوتىنىڭ بىرىنچى بالدىقىغا چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ھايات بەك قاراڭغۇ ياكى خەتەرلىك بىلىنىپ كەتمەيدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 2000 ـ يىلى ئېلان قىلىشىچە، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىشسىزلار 15% ئىكەن.(55) بەلكىم ئۇنىڭدىن بەكرەك يۇقىرى بولىشى مۇمكىن. ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىدا مۇقىم خىزمەت تاپالايدىغانلار تەبىئى ھالدا خەنزۇلاردۇر. جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك كىشىنىڭ ھەقىقەتەن غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدۇ.
ئۇيغۇرلار ھەتتا ئۆز رايونىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلانمىش قۇرۇلۇشلاردىمۇ ئىشقا ئېلىنمايدۇ. غەربىي رايوننى ئېچىش قۇرۇلۇشىدىكى ئىش توختاملىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى سودا ـ سانائەت شىركەتلىرى بىلەن ئىمزالانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا توختاۋسىز كېلىۋاتقان خەنزۇ كۆچمەنلەر تۈپەيلى شەھەر كۈچلىرى جان بېقىش كويىدا يۈرگەن ئىشسىز مۇسۇلمان ئەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇلار ئىش ئىزدەپ يۈرۈشەتتى. ئەگەر ئىش

www.uyghurweb.net

تاپتى دېگەندىمۇ، ئۇلارنى بەربىر ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا سالىدۇ. ھەقىقى ياللاپ ئىشلەتمەيدۇ. نۇرغۇن كىشى سىرتتا كاۋاپچىلىق قىلىدۇ، غالتىكى بار ھارۋىلاردا لەڭپۇڭچىلىق قىلىدۇ. ھەتتا گۆش باھاسى ئۆسۈپ كەتكەن چاغلاردىمۇ تاماق باھاسى تۆۋەنلەپ تۇرىدۇ.

قىيىن ئەھۋالدا قالغان بەزىلەر جان بېقىش ئۈچۈن ئېچىنىشلىق ئىشلارنىمۇ قىلغان ، ئەمدىلا يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن بىر قىز ئوقۇش پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن بىر رىستۇراندا كېچىلىك كۈتكۈچى بولغان. ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇ قەشقەرنىڭ بىر يېزىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. ھازىر ئۇ پۇل تېپىپ ئۆزىنىڭ چىقىمىنىلا قامداپ قالماستىن، بەلكى يەنە بىر كىچىك سىڭلىسى بىلەن ئىنىسىنىمۇ ئوقۇتۇۋېتىپتۇ. بۇ قىز بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ دۇمبىسى ھەقىقەتەن ئاجىز ۋە يۇمشاقتى، مۇشتۇمزۇرنىڭ مۇشتۇمى بولسا كۈچلۈك ۋە قاتتىق ئىدى.

ۋەتەننى تاشلاپ چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن بىر ئايال رىنتىگىنچى ئۇيغۇرلارنىڭ داۋالىنىشتىكى نامراتلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر كۈنى ئىشخانامغا ھەر يەردىن كېسەللەر كېلەتتى ۋە كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرەتتى. كىشىلەرگە دۆلەت ياردەم بەرمەيتتى. مەسىلەن، خوتەندىن بىر ئەر ـ خوتۇن كەلدى. ئايالى بالياتقۇ راكىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇلار داۋالىتىش خىراجىتى تۆلەش ئۈچۈن ئۆيىنى ۋە بەش بالىسىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئايال قاتتىق ھەسرەت ۋە ئازاپ ئىچىدە قالغان». دوختۇر چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغانلىكى كىشى ھەقسىز داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئەمما ھازىر ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئاز.»(56)

غەربىي رايوننى ئېچىش دولقۇنىنىڭ بىر سەلبى تەرىپى شۇكى، كىشىلەرنى رىقابەت ئېڭى بىلەن تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان تەلىم ـ تەربىيە نەتىجىسىدە شەھەرلىكلەر پۇل تېپىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان ساختىكار بولۇپ يېتىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىزمەت تەقسىماتىدا ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىگە نىسبەتەن خالىغانچە چەتكە قېقىش ھادىسىلىرى ئەۋج ئالدى. ھەممە ئىشتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ھوقۇقى ئاللىقاچان يوق بولغان ئىدى. ھازىر مىللىي خادىملار ئىشلەيدىغان ھەر قايسى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ھەممىسى خەنزۇ ئىدى. نېفىت سانائىتى ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى قاتارلىق پۈتۈن تارماقلار خۇددى ئۇلار ئۈچۈن زاپاس ساقلانغاندەك قىلاتتى. ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۇقىرىغا ئۆسۈش يولى ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئىقتىدار جەھەتتە ئۇلارغا قىلچە يەتمەيدىغان خەنزۇلار ئۇلارغا باشلىق ئىدى. خەنزۇلارغا ئورۇن بوشىتىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك شىركەتلەرنىڭ مىللىي دىرېكتورلىرى يۆتكىۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ھەر قانداق ئىشتىن بوشىتىش ۋە يۆتكەش ئىشلىرىدا ھەر زامان ئۇيغۇرلارنىڭ خىزمەتتىن ھەيدىلىدىغان بىرىنچى ئوبيېكت ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتكە ئىشىنىدىغان بولدى.(57) يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتلەرنى خەنزۇلار ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇلار شەخسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان ئىجازەتنامىلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئالالايتتى. بانكا ئۆسۈمسىز قەرز تارقاتقاندا ئالدى بىلەن ئۇلارغا بېرەتتى. شەھەردە نەچچە يىل

www.uyghurweb.net

ياشاپ، شەھەر نوپۇسى بولالمايدىغان ئۇيغۇرلار كۆرمەك، ئەمما خەنزۇلار ناھايىتى ئاسانلا شەھەر نوپۇسى بولالايتتى.

كەمسىتىلگەنلىكتىن شىكايەت قىلغانلار دەرھال خىزمەتتىن ھەيدىلىدۇ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئۇيغۇر دېرىكتور: «ھازىر ئۆز خىزمىتىگنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا چوڭ ئىش بولۇپ قالدى» دەيدۇ. سوۋېت قىلالىغانلار خىزمەت قىلماقتا. مەسىلەن، مەن كورلا سىرتىدا پويىزدا كۆرۈشكەن سابىق مەخپى ساقچى، سوۋېت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتتىن ھەيدىلىپتۇ.(58)

خەنزۇچىنى راۋان بىلمىگەنلەرنىڭ ياخشى خىزمەتلەرگە ئورۇنلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە ئۆلچەم ئۆزگەرمىدى. 1957 ـ يىلى ھەممە گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلىش دولقۇنىدا كىشىلەرگە دەرت ـ شىكايىتىنى ئاشكارا سۆزلەشكە ئىجازەت بېرىلگەندە، بىر پوچتىخانىنىڭ ئۇيغۇر باشلىقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«ئىدارىمىزدا كەمسىتىش ھادىسىسى بار. ئاز سانلىق مىللەت كادىرى خىزمەت قىلماقچى بولسا خەنزۇچىنى بىلىشى ۋە سۆزلىيەلىشى كېرەك دەيدىغان. بىز بۇنداق قىلالمىغاچقا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدۇق. مىللىي كادىرلار ئۆزىنىڭ ئاپتونوم رايونىدا ياشاۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن جەزمەن خەنزۇچە سۆزلەش تەلەپ قىلىنىدۇ؟»(59)

بۇ پوچتىخانا باشلىقىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ پايدىسى بولغان. ئەمما بۇگۈنكى ئىستىقباللىق ياشلارنىڭ ئىشلىرى بەكلا تەسلىشىپ كەتتى. خەنزۇچىنى ياخشى بىلىش ۋە ئالىي مەكتەپ دىپلومى بولۇشنىڭ ئۆزىلا ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ كاپالىتى بولالمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتتىن ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرگە تەبىئىي ھالدا خىزمەت تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتى دېگەندىمۇ، ئۇلار ئەڭ نامرات ۋە ئەڭ يىراق جايلارغا ئەۋەتىلىدۇ.(60) ئەڭ ياخشى خىزمەتكە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارلا ئېرىشەلەيدۇ. ئىقتىساد تېز تەرەققى قىلىۋاتىدۇ دەپ قارالغان بىر ۋەزىيەتتە خەنزۇلارنىڭ ئىقتىساسلىقلار بازىرىنى مونوپول قىلىۋېلىشى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان بىر ئىش. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن غەربىي رايوننى ئېچىش ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغاندەك گۈزەل كەلگۈسى ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادىتىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى پارچىلايدىغان خەنزۇلارنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەنزۇلارنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا روناق تېپىشقا ياردەم بېرىدۇ خالاس.

ھۆكۈمەت ئېيتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىش سۆزى ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدى. كۆپ ساندىكى دۆلەتلەردە كۆچمەنلەر دەسلەپتە تۆۋەن قاتلاملاردا ئىشلەپ، ئاندىن يۇقىرىغا ئۆرلەش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىدۇ. شىنجاڭدا بولسا يېڭى كەلگەنلەر ئەمەس، بەلكى يەرلىكلەر شۇتىنىڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئەمما بۇ شوتا ئىنتايىن تېيىلغاق ۋە ئۈست بالداقلىرى ھەرىدەپ كېسىۋېتىلگەن ھالەتتە.

شۇڭا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قورۇلۇشىغا تۆھپە قوشالايدىغان، خەنزۇ ھاكىمىيىتىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن تەربىيە كۆرگەن خەنزۇچە سۆزلەيدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرنىڭ «بىردىنبىر يول سىرتقا چىقىپ كېتىش ئىكەن» دېگەن قارارغا كەلگەنلىكىگە ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ.

www.uyghurweb.net

ئىزاھاتلار

(1) بۇ باپنىڭ تېمىسىنى تىبەت ئۇچۇر تورىنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربكە قاراپ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلىشى» ناملىق كىتابچىسىدىن ئالدىم. 2000 ـ يىل نويابىردىكى بۇ كىتابچىدا ئېچىش ھەرىكىتى ئىنتايىن توغرا ئانالىز قىلىنغان.

(2) بېكقوئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 6 ـ75ـ بەتلەر. ئۇنىڭ دېيىشىچە 1997 ـ يىلى بىڭتۇەن ئۇلكىنىڭ مىللىي دارامىتىنىڭ 14 پىرسەنتى ۋە تاشقى سودىسىنىڭ بەشتىن بىرى (يەنى 20 پىرسەنتى)گە توھپە قوشقان. كېيىنكى يىل توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ 40 پىرسەنتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 24 پىرسەنتى ۋە پاختا مەھسۇلاتىنىڭ 40 پىرسەنتىگە ھەسسە قوشقان.

(3) 1714 ـ يىلى سىبىرىيەدىكى رۇس ھۆكۇمدار خوتەننى بېسىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن كانىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى قەستلىگەن.

(4) «خەلق گېزىتى» 2000 ـ يىل 14 ـ نويابىر.

(5) تىبەت ئۇچۇرلىرى تورى «جۇڭگونىڭ غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» بۇ رايونلار: شىنجاڭ، تىبەت، نىڭشىيا، چوڭچىڭ، سىچۇەن، گۇيجۇ، يۈننەن، شەنشى، گەنسۇ ۋە چىڭخەي.

(6) نورىنس: «ئاسىياغا كىرىش ئېغىزى: شىنجاڭ» 34 ـ بەت.

(7) نورىنس: «ئاسىياغا كىرىش ئېغىزى: شىنجاڭ» 34 ـ بەت.

(8) مىللۋارد: «تاغ يولىنىڭ نېرىسى» 81 ـ بەت. بۇ يەردە ئۆلكىنى كېسىپ ئۆتىدىغان سودا يولى بار. ئەلۋەتتە، يىپەك، فار ـ فۇر بۇيۇملار، دورا ـ دەرمان ۋە كۇمۇشلەر شەرققە كېتىدۇ.

(9) مىللۋارد: «تاغ يولىنىڭ نېرىسى» 3 ـ 241 ـ بەتلەر.

(10) ۋېي يۈەن: «Sheng wu ji» دا مىللۋاردنىڭ «تاغ يولىنىڭ نېرىسى» 244 ـ بەتتىن نەقىل ئالغان.

(11) ھامادا: «شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ يېيىلىشى» (فرانسۇزچە).

(12) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 7 ـ 261 ـ بەتلەر.

(13) فوربېس: «مىللەتارستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 8 ـ 147 ـ بەتلەر.

(14) «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5 ـ جىلد. چەتئەل تىلى نەشرىياتى 1977 ـ يىل. خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى 1999 ـ يىل شىنجاڭغا ئائىت بىر خەۋەردە نەقىل ئالغان.

(15) «جۇڭگونىڭ گۈللىنىشى» 1976 ـ يىل فېۋرال.

(16) موسېلىپى: «جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىگە يېڭىۋاشتىن يېقىنلىشىشى» 4 ـ 22 ـ بەتلەر.

(17) شىنجاڭنى دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئۆلكىلەر ۋە «ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر» گە ئوخشاش ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان رايونغا ئايلاندۇرۇشقا، ئۇرۇمچىنى بولسا «ئەژدەرھانىڭ بېشى» ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ۋەدە قىلىنغان. 1992 ـ يىلى ئۇنىڭغا دېڭىز بويى ئۆلكىلەر بەھرىمەن بولغان باجدا ئېتىبار قىلىش ئىمتىيازى بېرىلگەن. مىللىي رايون بولغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك باجنىڭ 80% نى

www.uyghurweb.net

ئۆزگە ئېلىپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. ئىلگىرى باجنىڭ 50% نى دۆلەتكە تاپشۇراتتى. «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 71 ـ بەت.

(18) بېكفۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 67 ـ بەت. «1998 ـ يىللىق شىنجاڭ يىلنامىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1991 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاساسىي قاتلامغا سېلىنغان مەبلەغ 730 مىليون يۈەندىن بىر مىليارد 650 مىليونغا يەتكەن ۋە ئۆلكىنىڭ مىللىي دارامىتى 750 مىليون يۈەندىن 1 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يەتكەن. 1997 ـ يىلى پاختا تېرىيدىغان يەر كۆلىمى ئىككى ھەسسە كېڭەيتىلگەنلىكتىن دانلىق زىرائەت تېرىيدىغان يەر كۆلىمى ئازايغان.

(19) 1998 ـ يىلى سانائەت ئەسلىھەلىرىنىڭ 82 پىرسەنتى كوللىكتىپ ئىگىلىكىدە ئىدى. چەتئەللىكلەر بىۋاستە مەبلەغ سالغان 31 ئۆلكە ئىچىدە شىنجاڭ 28 ـ ئورۇندا تۇراتتى. 1990 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كىرىمىنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپ 654 مىليونغا يەتكۈزۈش مۆلچەرلەنگەن. ئەمما چىقىم ئۈچ ھەسسە ئېشىپ بىر مىليارد 460 مىليونغا يەتكەن. بېكفۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 3 ـ 72 ـ بەتلەردە بېيجىڭنىڭ ئارتۇق ئالغان باجنى تۆلەپ بېرىش جەھەتتىكى «ئالدامچىلىقى»نى تىلغا ئالغان. بۇنى ئۇنىڭغا شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدىكى بىر تەتقىقاتچى سۆزلەپ بەرگەن.

(20) بىر ساياھەتچىنىڭ كۆز قارىشى.

(21) ماككېرراس: «1990 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ ھەققىدە بەزى كۆز قاراشلار» 120 ـ بەت.

(22) «ھەپتىلىك خەلقئارا خەۋەرلەر» 2000 ـ يىل 2 ـ ئىيۇل. تىبەت ئۇچۇرلىرى تورى: «جۇڭگونىڭ غەربنى ئېچىشى» 7 ـ بەت.

(23) پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» نىڭ 2000 ـ يىل 1 ـ ئىيۇندىكى سانىغا بېسىلغان ماقالە. تىبەت ئۇچۇرلىرى تورى. «جۇڭگونىڭ غەربنى ئېچىشى» 8 ـ بەتتە نەقىل قىلىنغان.

(24) پارتىيىنىڭ «مۇقىملىق» توغرىسىدىكى يىغىنى ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەر 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان. BBC ئارقىلىق بۇنى ئاڭلىغان ماككېرراس «1990 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ ھەققىدە بەزى كۆز قاراشلار» نىڭ 112 ـ بېتىدە نەقىل قىلغان.

(25) شەرقىي تۈركىستان تېلېگراما خەۋىرى. 1993 ـ يىل ئۆكتەبىر. دىللون: «شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر، بۆلگۈنچىلىك ۋە كونترول» دا نەقىل قىلغان.

(26) مەسىلەن: جۇڭگوغا بارغان ياۋروپا پارلامېنتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى پېرگاختون 2001 ـ يىلى ئۆكتەبىردە بۇنى سۆزلىگەن.

(27) شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى خەۋىرى. 2001 ـ يىل 28 ـ فېۋرال.

(28) تىبەت ئۇچۇرلىرى تور بېتى، 2001 ـ يىل 13 ـ مارت.

(29) تىبەت ئۇچۇرلىرى تور بېتى، 2001 ـ يىل 13 ـ مارت.

(30)گلادنىي: «خەلقئارا خەۋەرچى مۇنبىرى» 2001 ـ يىل 21 ـ ئاۋغۇست.

www.uyghurweb.net

(31) گورېۋىچ: «جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى» ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر تورى نەقىل قىلغان. 2000 ـ يىل مارت.
(32) فورسىس: «سىبىرىيە خەلقلىرى تارىخى» 197 ـ بەت.
(33) فورسىس: «سىبىرىيە خەلقلىرى تارىخى» 34 ـ بەت.
(34) فورسىس: «سىبىرىيە خەلقلىرى تارىخى» 11 ـ 110 ـ بەتلەر.
(35) فورسىس: «سىبىرىيە خەلقلىرى تارىخى» 398 ـ بەت. ك. مىخالسكو: «سوۋېت ئىتتىپاقى خەۋەرلىرى ـ 1989 ـ يىل» دىن ئېلىنغان نەقىل.
(36) 1870 ـ يىل 3 ـ مارتتىكى «Cheyenne Daily Leader». بىرووۋن يازغان. « Bury My Heart at Wounded Knee» دىن ئېلىنغان نەقىل.
(37) مىسال ئۈچۈن، جۇئېنلەيىنىڭ 1957 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چىڭداۋدا سۆزلىگەن نۇتقىغا قاراڭ.
(38) نەقىل كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەر ۋاللاس يازغان «جېففىرسون ۋە ئىندىئانلار» 273 ـ 278 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.
(39) زىگلېر: «غەربىي رايوننى ئېچىش بۈيۈك ھەرىكىتى»5 ـ بەت.
(40) جۇڭگودىكى بىۋاستە چەتئەل مەبلىغىنىڭ تەخمىنەن ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ.
(41) دىللون: «جۇڭگو غەربكە يۈرۈش قىلدى».
(42) ئەنۋەرجاندىن كەلگەن مەكتۇپ. شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى. 2002 ـ يىلى 13 ـ ماي.
(43) مەسىلەن، 1964 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلىنمىغان.
(44) فورېبس: «مىلىتارىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 234 ـ بەت.
(45) بېكقۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 69 ـ بەت.
(46) 1992 ـ يىلى شياڭگاڭدا چىقىدىغان بىر ژۇرنالدا بۇ ئاتالمىش «يۇەن مۇ» پىلانى ئاشكارىلانغان.
(47) دىللون: «شىنجاڭ، ئازسانلىق مىللەتلەر، بۆلگۈنچىلىك ۋە كونترول» 25 ـ بەت.
(48) بېكقۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 76 ـ بەت. ئۇ بۇ ئېلاننى تاپقان.
(49) باربېر: «ئۈرۈمچىدىكى مومىيالار» 171 ـ بەت.
(50) شىنجاڭ سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ پارتىيە مەركىزى كومىتېتى سىياسىي بىرو يىغىنىغا يوللىغان دوكلاتى، 1996 ـ يىل 19 ـ مارت.
(51) بېكقۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 3 ـ 81 ـ بەتلەر.
(52) بېكقۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 84 ـ بەت.
(53) «شىنجاڭ گېزىتى» 1998 ـ يىل 6 ـ ئىيۇن. بېكقۇئېلىن «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 83 ـ بەتتە نەقىل ئالغان.
(54) ناسان ۋە گىللىپى: «جۇڭگونىڭ يېڭى ھۆكۈمدارلىرى».
(55) تۇڭ يۇفەن: «شىنجاڭ جەمئىيىتى ۋە ئىقتىسادى» 4 ـ سان. ئەنۋەرجان راخمان «غەربىي رايوننى ئېچىش ستراتېگىيىسى» دە نەقىل ئالغان.

www.uyghurweb.net

(56) مۇئەللىپىنىڭ سۆھبىتى.
(57) مۇئەللىپىنىڭ سۆھبىتى قەشقەر ۋە لوندون.
(58) مۇئەللىپىنىڭ سۆھبىتى.
(59) «شىنجاڭ گېزىتى» 1957 ـ يىل 5 ـ ئىيۇن. لىپي: «شىنجاڭدا تۈرك مۇسۇلمان مەسىلىسى» 300 ـ بەتتىن نەقىل ئالغان.

**(60) بېكقۇئېلىن: «90 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ» 85 ـ 94 ـ بەتلەر.**

www.uyghurweb.net

# توققۇزىنچى باب چەتئەلدىكى مۇساپىرلار

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئىسسىق شاماللىق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ چوڭ كوچىسىدا غەرب تەرەپنى بويلاپ كېتىۋاتاتتىم. مىمار سىنان لايىھىلىگەن شاھزادە جامەسىگە كەلدىم ۋە كوچىنىڭ بىر تەرىپىنى بويلاپ قاتار سېلىنغان گۈمبەزلىك ھۇجرا ئۆيلەرگە نەزەر سالغاچ بىر كىشىدىن يول سوراشنى نىيەت قىلدىم. مەن بايەزىد مەيدانىغا يېقىن يەردىكى بىر كىچىك جامەنى ئىزدەۋاتاتتىم، چۈنكى ماڭا ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەقفىنىڭ ئىشخانىلىرى ئىكەنلىكى، باشلىقى بولسا مەن تونۇيدىغان «گېنېرال» يەنى، مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان ئىدى.

بىر قانچە ئاي ئىلگىرى لوندوننىڭ جەنۇبى قىرغىقىدىكى پۇرسەل زالى (Purcell Room) غا ئويۇن قويۇش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇر مۇقام ئۆمىكىگە شۇ ۋەجىدىن رەھمەت ئېيتىمەنكى، ماڭا گېنېرال ھەققىدە ئۇلار مەلۇمات بەرگەن ئىدى. مەن كونسېرت باشلىنىشتىن ئىلگىرى زالدا تاماشىبىنلارنى كۈزىتىۋاتقان ۋاقتىمدا، تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىۋاتقان ئىككى نەپەر كىشىگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئىككەيلەننىڭ بىرى پاكارراق ۋە قارىۋاش، يەنە بىرى ئېگىز، قاۋۇل ۋە چىرايى موڭغۇللارغا بىر ئاز ئوخشايتتى. ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇر مۇساپىرلار ئىكەنلىكىنى، خەنزۇلار تەرىپىدىن يوقىتىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن كونسېرت كۆرگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇلاردىن جىقراق بىرنەرسە سوراپ ئۆگىنىۋېلىش تەقەززالىقىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پىشقەدەمراق بىرىنى ئەتىسى چۈشتە بىرلىكتە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم. تاماق يېگەچ ئۇلار ماڭا گېنېرال (پاشا) ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

ئەمدى پاكار بىر ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن ئۆزەمنى ئۇنىڭ تەرىپىدە بىر مەسجىد ۋە ئەتراپىدا قاتار ئۆيلەر بار بىر ھويلا ئىچىدە كۆردۈم. بۇ يەر قارىماققا ئۆتمۈشتىكى بىر مەدرىسىگە ئوخشايتتى. مەسجىد كارىدورىدا بىر كىشى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئايىغىنى سېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدىغان ياكى سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا ھويلىنىڭ ئەينەكلىك بالكونى كۆرۈنۈپ تۇرغان يەنە بىر تەرىپىنى ئىشارەت قىلدى. كارىدورنىڭ ئۈچچىدا بىر ئىشىك ئوچۇق ئىدى ۋە ئۇ يەردىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم. ئۇلار ماڭا ئەينەكلىك بالكوننىڭ چېتىدە ئولتۇرغان بىر پىشقەدەم كىشىنى كۆرسەتتى. مەن يېقىنلاپ كەلگەندە، كاستيومى ئۆزىگە ياراشقان، رەتلىك ۋە قاملاشقان بۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى ۋە ئازراق ئىگىلىپ سالام قىلىپ، ئىنگلىزچە ئەھۋال سورىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە «سىز جەزمەن شۇ گېنېرال» دېدىم.

1925 ـ يىلى خوتەندە تۇغۇلغان ۋە 9 يېشىدا شىنجاڭدىن ئايرىلغان مۇھەممەد رىزا بەكىن تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان گېنېرالى، كورىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان تەجرىبىلىك ئەسكەر ۋە مەركىزى كېلىشىم تەشكىلاتى Cento (ئەنگلىيە، ئىران، پاكىستان ۋە تۈركىيەنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادى ئىتتىپاقى)نىڭ سابىق ياردەمچى شتاپ باشلىقى بولغان، يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ئۇ مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىق رەھبىرىگە ئايلاندى. ئۇ باشقۇرىۋاتقان بۇ ۋەقفە 18 ـ ئەسىردە سېلىنغان دامات ئىبراھىم پاشا جامەسى ھويلىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەرنى ئىگەللەپ

www.uyghurweb.net

تۇراتتى. مەن گېنېرال بىلەن بۇ يەردە سۆھبەتلەشتىم. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان بۇ ئىش بېجىرىش ئورنىدا بىر كاتىپ ئىشخانىسى، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇيغۇر تارىخى دەرسلىرى ئۆتۈلىدىغان بىر سىنىپ، بىر كۈتۈبخانا ۋە بىر ئاشخانا بار ئىدى. گېنېرال ئولتۇرىدىغان ئىشخانا بىر قەدەر ئازادە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تامغا تارىخى يادىكارلىقلار ئېسىلغان ئىدى. سىرتقا ئېسىغلىق تۇرغان رەسىم، يەنى 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ رەسىمى يېنىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنىڭ رەسىملىرى ئېسىغلىق ئىدى. 1944 ـ يىلىدىكى ئىلى قوزغىلىڭىدا قۇرۇلغان مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبىرى، كېيىن ئۈن ـ تۈنسىز يوقىلىپ كەتكەن ئىلىخان تۆرە، مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاقساقىلى ۋە 94 يېشىدا ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان ئىككى قېتىم ۋەتەندىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلغان ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنىنىڭ رەسىمىنىڭ يېنىدا ئۇلۇغ مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن 1932 ـ يىلىدىكى ئۆمرى قىسقا شەرقىي تۈركىستان تۈرك ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ خوتەندە ملتىق ۋە بايراق كۆتۈرگەن ئەسكەرلىرىنىڭ پاراتتىن ئۆتىۋاتقانلىق كۆرۈنىشى خاتىرىلەنگەن رەسىمى ئېسىغلىق ئىدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرى سابىت داموللام ۋە غوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي كوماندىرى مەھمۇد مۇھىتى سىمالىرى تامدىن قاراپ تۇراتتى. ئەمما مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ ئوبرازلىرى ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قەتئىيلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان خوتەن ئەمىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىدى.

« ـ ئۇ مېنىڭ تاغام» دېدى گېنېرال ۋە 1934 ـ يىلى ئائىلىسىنىڭ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن بىرلىكتە تۇڭگان قوشۇنلىرىدىن قېچىپ، كۇئېنلون ۋە قارا قورۇم تاغلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ قانداقلارچە لاداققا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ يەردىن بۇ مۇساپىرلار ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى ھىندىستاندىكى سىرىناگارغا بارغان ۋە ئۇ يەردىن ئافغانىستانغا كۆچكەن. ئافغانىستاندا شاھ مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا تەمىنات بەرگەن. ئۇنىڭ كىچىك جىيەنىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇشقا كىرگەن.

1938 ـ يىلى گېنېرال رىزا بەكىننىڭ ئائىلىسى تۈركىيەگە كەلگەن ۋە بەكىن بىر ھەربىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان. 1946 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كورىيە ئۇرۇشىدا ئىككىنچى لېيتېنانت بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن ھەربىي ئاخبارات ۋە زەمبىرەك ساھەسىدە تەربىيىلىنىش ئۈچۈن گېرمانىيەگە ۋە ئامېرىكىغا ئەۋەتىلگەن. ئاندىن كېيىن ھەربىي ئەمەلدار سالاھىيىتى بىلەن تۈركىيەنىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن. ھەربىي شتاپ ئىنىستىتۇتىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلگەن ۋە ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان. Cento (ئەنگلىيە، ئىران، پاكىستان ۋە تۈركىيەنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادى ئىتتىپاقى) دا تۈركىيە ۋەكىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

رىزا بەكىننىڭ ئانا يۇرتى ئۈچۈن ھەققانىيەت تەلەپ قىلىشى بىر ئاز ئۆزگىچە كۆرۈنىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇ ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن يىللىرىنىڭ ھەممىسىنى چەتئەلدە ئۆتكۈزگەن. باشقا بىر دۆلەت بايرىقى ئاستىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۆزى ماسلاشقان بۇ دۆلەتكە زور تۆھپە قوشقان. مەن ئۇنىڭدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى نېمە ئۈچۈن تۈركىستان داۋاسىغا

www.uyghurweb.net

بېغىشلىغانلىقىنى سورىغىنىمدا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قېيىن ئەھۋالىغا قاراپ كۆز يۇمۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ: «تۈركىيە خەلقى ئۆزىنىڭ مىللىي تۈپرىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 - يىلدىن باشلاپ ئۆزلىرى بىلەن قانداش، دىنداش، ئىرقداش ۋە قېرىنداش ئىكەنلىكىمىزنى بىلىدۇ» دېدى.

ئېھتىمال ئۇ تاغىسى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرادىن قالغان مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆزى ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئافغانىستاندا بىر قانچە يىل يالغان ئىسىم بىلەن ياشىغان ۋە بۇ يەردە ئۇ پادىشاھنى قىزىقتۇرۇپ ياپونلارنى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى بىلەن بىر قاتاردا شەرقىي تۈركىستاننىمۇ ئۆزىنىڭ قوغدايدىغان رايونى شەكلىدە قولغا كىرگۈزۈشكە دەۋەت قىلىدىغان بىر مەخپى پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ياۋايى پىلانغا ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەممە كىشى قاتتىق قارشى چىققان. 1943 - يىلى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا جياڭ كەيشىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بېرىشكە قايىل قىلىش ئۈمىدىدە جۇڭگوغا قايتىپ، گومىنداڭ پايتەختى چۇڭچىڭغا بارغان. پايتەختتە ئۇ 1932 - يىلى دىكتاتور شېڭ شىسەيدىن قېچىپ چىققان قەشقەرلىك زىيالى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئىككەيلەن بىرلىشىپ «تۈركىستان ئاۋازى»، «تەڭرىتاغ» ۋە «ئالتاي» قاتارلىق ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ژۇرنىلىنى نەشىر قىلىدۇ. 1945 - يىلى ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۇلار شىنجاڭغا قايتىپ، كەڭ قورساق جاڭ جىجوڭنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىدە مىنىستىرلىققا تەيىنلىنىدۇ. 1949 - يىلى كوممۇنىستلار كەلگەندە، بۇ ئىككەيلەن يەنە قېچىشقا مەجبۇرى بولىدۇ. قەھرىتان قىشتا ئۇلار نەچچە يۈز كىشى ۋە ئات - ئۇلاغ بىلەن بىرلىكتە قارا قۇرۇم تېغىدىن ئۆتىدۇ. مۇدھىش سوغۇق ۋە ئېگىز تاغقا يامىشىشنىڭ جاپاسىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ قىزى يولدا ۋاپات بولىدۇ. لېخكە يېتىپ كەلگەندە، بۇ ئىككى رەھبەر بىر قانچە يىل ئىلگىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كەلگەن يولنى بويلاپ سرىناگارغا كېلىدۇ. كەشمىردە شەيخ ئابدۇللاھ ئۇلارغا باشپاناھ بولىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا تۈركىيەگە يەرلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى جۇڭگو ئىشغالىيىتىگە قارشى كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا 1965 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ پېشۋاسى ئوبرازىنى ساقلىغان ئىدى.

ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى كېيىن ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەيسا ئالىپتېكىن 1970 - يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنى پامىر تېغىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇستەقىل تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلىدى. بىر ئۇيغۇر مۇھاجىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىشقا ھېلىھەم زوقمەن بولۇپ، 1972 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ باشچىلىق قىلىشى ۋە شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇرگۈن قىلىنغان ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا 10 دىۋىزىيە قوشۇن ۋە تانكا بەرمەكچى بولغان. ئالىپتېكىن بۇ ئىشتا بىر ھىلە بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ھۇجۇم پىلانىنى

www.uyghurweb.net

مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن موسكۋاغا ئايرۇپىلاندا كېلىشكە چاقىرىلغان تەكلىپىنى رەت قىلغان. ئۇ 1995 ـ يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىستانبولدا ياشىغان. تۈركىيەدە بەزى باغچا ۋە كوچىلارغا ئۇنىڭ ئىسمى قويۇلغان.

ئۇ قالايمىقانچىلىق يىللاردا هايات قالغان يەنە بىر كىشى بولسا قۇمۇل هۆكۈمدارىنىڭ ۋەزىرى يولۋاسخان ئىدى. يولۋاسخاننىڭ بۇۋاق گېنېرال ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىشى ۋە ئاسىي تۇڭگان ئارمىيىسىنىڭ ئۆلكىگە كىرىشى بىلەن مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى ئەتراپقا يېيىلغان. قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقاندا، يولۋاسخان نەنجىڭغا قېچىپ كەتكەن. گومىنداڭ ئۇنى «ئالاهىدە ئىجرائىيەت كومىسسارى» قىلىپ تەيىنلەپ 1946 ـ يىلى شىنجاڭغا قايتا يولغا سالغان. ئۇ پىشقەدەم بىر گومىنداڭ ئەزاسى بولسىمۇ، ئەمما قازاق رەهبەر ئوسمان باتۇرغا ئوخشاش، كوممۇنىستلارغا تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، بىر توپ جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە ئاق رۇسلارنى ئەگەشتۈرۈپ تاغلارغا چىقىپ كەتكەن. هازىر تەيۋەندە بىختەر تۇرىۋاتقان يولۋاسخاننىڭ سابىق خوجايىنلىرى ئۇنىڭ بۇ خىل قارشىلىق كۆرسىتىش روهىنى ئونتۇپ قالماي، ئۇنى شىنجاڭنىڭ هۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئەمما يولۋاسخان تېزلا ماددى جەهەتتىن ئىنتايىن قىينالغان. ئۇنىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغاندا، ئاخىرقى سەۋر قاچىسى يېرىلغان. قېلىپ قالغان يۈزگە يېقىن ئادىمى بىلەن بىرگە هىندىستان ئارقىلىق تەيۋەنگە كېتىش مەقسىتىدە تىبەتكە قاراپ يولغا چىققان. ئۇنىڭ ئادەملىرى قەهرىتان قىشتا تىبەت ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەن. ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتىۋاتقاندا، قىزى ئۆلۈپ كەتكەندەك، يولۋاسخانمۇ تاغدىن ئۆتىۋاتقاندا ئايالى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. لىخاساغا يېتىپ كەلگەندە كۆپ ساندىكى مۇساپىرلارنىڭ هەممىسى دالاي لاما تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، ئەمما يولۋاسخان بىلەن بىرگە ئازراق كىشىنىڭ هىندىستانغا كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنغان. ئۇلار 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تەيۋەنگە يېتىپ كەلگەن.

يولۋاسخان تۇنجى ئايالىدىن تۇغۇلغان ئىككى ئوغلىغا ياقۇپ بەگ ۋە نىياز دەپ ئۆزى هۆرمەتلەيدىغان قەهرىمانلارنىڭ ئىسمىنى قويغان. يولۋاسخان تەيۋەنگە يەرلىشىپ، دۆلەت سىرتىدىكى شىنجاڭنىڭ پىنسىيىگە چىققان پەخرى هۆكۈمدارى مۇئامىلىسى بىلەن ياشىغان. ئاتمىش ياشلىق يولۋاسخان 19 ياشلىق بىر قىز بىلەن توي قىلغان. ئۇنىڭ سەكسەن نەچچە ياشتا ۋاپات بولغانلىقى سۆزلەنمەكتە.(1)

شىنجاڭدىكى ۋەقەلەردە دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئاز ساندىكى بەزى سىمالارنى سانىغىلى بولىدۇ. ئەمما ئەپسۇسكى جانلىق قازاق رەهبەر ئوسمان باتۇر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق. ئۇ هېچقاچان چەتئەلگە قاچمىغان. 1946 ـ يىلىدىكى سوۋېتپەرەس بىرلەشمە هۆكۈمەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئوسمان باتۇر ئاتلىق قوشۇنى ۋە چېدىرلىرى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى 4000 چېدىرلىق 15 مىڭ كىشى ئىكەن) نى ئېلىپ بۇغدا تېغىنىڭ شىمالى يانباغرى تەرەپكە چېكىنگەن. بۇ يەردە ئۇ «هۆكۈمرانغا ئوخشاش» ياشىغان.(2) كوممۇنىستلار كەلگەندە يەنىلا قارشىلىق كۆرسىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، لوپنۇر چۆلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبتىن ئۇزاق يول يۈرۈپ كەلگەن باشقا پىدائىيلار بىلەن بىرلىشىپ، چەيدام ئېگىزلىكىدىكى چۆللەردە پاناهلانغان. ئوسمان باتۇر خەلق ئازاتلىق

www.uyghurweb.net

ئارمىيىسىنىڭ 1951 ـ يىلىدىكى ھۇجۇمىدا قولغا چۈشكەن ۋە ئۈرۈمچىگە ئاپىرىلىپ ئەكسىلئىنقىلابچى دېيىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى چارلىغۇچى كوممۇنىستلار ئايرۇپىلان بىلەن ئىزلىگەن. 3000 دىن ئارتۇق كىشى كوئېنلۇن تاغلىرىدىن مۇشەققەت بىلەن ئۆتۈپ، تىبەت ئىگىزلىكى ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتكەن. يولدا نۇرغۇن كىشى ئۆلگەن. ئوسمان باتۇرنىڭ ئوغلى 1953 ـ يىلىغا قەدەر تاغلارنى ئىگەللەپ تۇرغان ۋە كېيىن «ئۆزگەرتىلىپ» كادىر بولۇش ئۈچۈن كۆرەشنى توختاتقان.

شۇڭلاشقا، 1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللاردىكى سىياسىي مالىمانچىلىق جەريانىدا مەغلۇپ بولغان داڭلىق كىشىلەر تۇنجى قېتىملىق ھىجرەت دولقۇنىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدۇر. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىرىشچان تارىخىدا سىرتقا قېچىش جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى بولۇپ قالغان. ئەمما ئۆتمۈشتە تاغلاردىن ھالقىپ قېچىش مۇمكىن بولغان بىلەن، ئۇرۇش تۈگەپ ئالەم تىنچلانغاندا يېڭىۋاشتىن ئۆيگە قايتىش، بولۇپمۇ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن ئىدېئولوگىيە دۈشمەنلىرى دەپ ئاتالغان گومىنداڭ ھىمايىچىلىرى ۋە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ ئائىلىسىگە قايتىش ئۈمىدى پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلانغان ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ھىجرەت بىر ئۆمۈرلۈك ئىدى. جۇڭگو ئىچىدىكى غەيرى كۆز قاراشتىكى خەنزۇ مەھكۇملار شەرقتىن بىر ئۆمۈرلۈك سۈرگۈنگە ھەيدىلىپ شىنجاڭ گۇلاگىنىنىڭ (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىدىغان جازا لاگېرىنىڭ) پۇقراسى بولۇپ جازالىناتتى. خەنزۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلار دۆلەت ئىچىگە قامىلاتتى. تۈركىي مۇسۇلمان ئەكسىلئىنقىلابچىلار بولسا سىرتتا سەرسان ئىدى. يەنى ئۇلار سۈرگۈنلەر تۇرىدىغان تۇپراقتىن سىرتقا سۈرگۈن بولغان ئىدى.

كوممۇنىست ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئىچكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ سۈرگۈن قىلىنغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سېپىگە يەنە كوممۇنىزمغا زىت كۆز قاراشتا بولغانلار، تۈرمىدە يېتىشتىن قورقىدىغان زىيالىيلار ۋە يەرلىرى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ ۋەيران بولغان چارۋىچىلار كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەخپىي قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بەزىدە ئۇلار قويۇۋېتىلدى. كۆرگىنىمىزدەك 1961 ـ يىلى پارتىيە چەتئەل بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چەتئەلگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلىپ بىر دەرىزە ئاچتى. ھالبۇكى ئېچىلغان بۇ دەرىزە 1962 ـ يىلى قازاقلار ۋە باشقىلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ سىرتقا چىقىشى (بۇنى 5 ـ باپتا بايان قىلدۇق) ۋەقەسى سەۋەبىدىن تەكرار قاتتىق يېپىلىپ قالدى.

پۇرسەت كەلگەندە سىرتقا چىقىۋالغانلار ئىچىدە داڭلىق رومانچى زىيا سەمەدىمۇ بولۇپ، ئۇ 2000 ـ يىلى ۋاپات بولغاندا «20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ زور تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇر يازغۇچىسى» دەپ تەسۋىرلەندى.(4) قازاقىستاندا تۇغۇلغان ۋە تەربىيىلەنگەن زىيا سەمەدىنىڭ ھاياتى زور ۋەقەلەرگە شاھىتتۇر. ئۇ ئون نەچچە يېشىدا غۇلجىغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى سېلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. كېيىن مۇستەبىت شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ 1937 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ يەتتە يىل تۈرمىدە ياتقان. ئىلى ئىنقىلابىدا ئازات قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە پولكوۋنىكلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ئازاتلىققا قەدەر ياشاپ، 1958 ـ يىلىدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىگە قەدەر يۇقىرى ئەمەلدارلىق ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولغان. شۇ يىلى باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش

www.uyghurweb.net

تەقدىرگە ئۇچراپ، مىللەتچى دەپ پاش قىلىنىپ «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، زىيا سەمەدى ئىككىنچى قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئائىلىسىنى ئېلىپ قازاقىستانغا كەتكەن. بۇ يەردە ئۇ كېيىنكى 40 يىللىق ئۆمرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكە بېغىشلىغان.

1966 ـ يىلى باشلانغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆرگىنىمىزدەك، مىللىي سىياسەتنىڭ تۇراقسىز كومپاسى تەتۈر يۆنىلىشكە قاراپ ئايلاندى. 1960 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا پاسپورت ئالغان، چەتئەل بىلەن ئالاقىسى بار ئائىلىلەر قورقۇنچلۇق زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، يەنى پاسپورت دېمەك، تۈرمىگە كىرىش بىلەتى دېگەنلىك بولدى. چېگرا ئېغىزى چىڭ تاقالدى. تاغلىق رايونلاردىن چەتكە قېچىشمۇ تەسلىشىپ كەتتى. ئۇ ھالەت ئون يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. 1983 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چېگرا ئاتلاپ تۇغقان يوقلاشقا روخسەت قىلىندى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1991 ـ يىلى پارچىلىنىشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن مۇسۇلمان قورallلىق كۈچلىرى سەۋەبىدىن تېخى تولۇق ئېچىلمىغان تاغ يوللىرى تېخىمۇ ئازايتىلدى. مەسىلەن: 1993 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قايتا ئېچىلغان خونجىراپ ئېغىزى پاكىستان بىلەن تۇتاش ئىدى. (شۇڭا ئۇ 2002 ـ يىلى ئەل ـ قائىدە تېررورچىلىرىغا زەربە بېرىش داۋامىدا يەنە ئېتىۋېتىلدى). 1994 ـ يىلى ئەگەر جۇڭگودىكى قازاقلار يېڭى مۇستەقىل بولغان قازاقىستاندا يەرلىشىشنى ئارزۇ قىلسا، چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا دائىر ئىجازەت بېرىلدى. ئەلۋەتتە بۇلار قازاقىستان جۇمھۇر رەئىسى نۇرسۇلتان نەزەر بايېۋ ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدىكى سىياسىي پائالىيەتچىلەرنى قاتتىق كونترول قىلىشقا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى.

زىيا سەمەدىنىڭ چەتكە كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كېتىشىنى ئىقتىساسلىق خادىملارنىڭ سىرتقا ئېقىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە ئەڭ كېيىن سىياسىي پاناھلىق ئىستىگەنلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي جەھەتتە پىكىر ئىختىلاپى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدىنقى باپتا بايان قىلغىنىمىزدەك خىزمەت جەھەتتە چەتكە قېقىلىش ۋە مىللىي كەمسىتىش تۈپەيلى چەتئەلگە چىقىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلغان تەربىيە كۆرگەن ياشلاردىن ئىدى. ھازىر جۇڭگو ئۇلارنى بەك توسالمايدىغان بولدى. بۇ ياشلارنىڭ مەسىلىسى بولسا، ئۇلارنى ئېلىپ قېلىشنى خالايدىغان بىر دۆلەت تېپىش ئىدى.

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول دوختۇرخانىسىنىڭ سابىق راك كېسەللىكلىرى ئوپېراتسىيە دوختۇرى ئەنە شۇ ئىككىنچى ئەۋلاد مۇساپىرلارنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئۇ قاتتىق كەمسىتىلىشتىن نارازى بولۇپ، 1997 ـ يىلى جۇڭگودىن ئايرىلغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا ئۆستۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ ھازىرلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى يېرىلغان. ئۇ تۈركىيەگە كېلىپ، بۇ يەردىكى بىر ئەنگلىيە تېلېۋىزىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ لوپنۇردىكى يادرو سىنىقى مەيدانىدىن رادىئاكتىپ ماددىلارنىڭ تارقىلىشى تۈپەيلى شىنجاڭدا مېيىپ تۇغۇلۇۋاتقانلار ھەققىدە بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىشىگە ھەمكارلاشقان. بۇنىڭلىق بىلەن جۇڭگو تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالغان. بۇ ھۆججەتلىك فىلىم ئاشكارا قويۇلغاندىن

www.uyghurweb.net

كېيىن، تۈركىيەدە بىخەتەر تۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، 1999 ـ يىلى لوندونغا كېتىشنى قارار قىلغان ۋە ئەنگلىيەدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن.

باشقا بىر ئايال رېنتگىنچى دوختۇرمۇ تېببى ئىنىستوتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرىلەش يولىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇرۇمچىدىكى بىر ئالىي مەلۇماتلىق تاتار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ دوختۇر ئايال قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە نىسبەتەن ھەقىقەتەن تۇسالغۇ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. بۇ ئايال ياپونىيەدە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولغان بولسىمۇ، بېرىشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقى، ئامېرىكىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئوخشاش سەۋەب بىلەن رەت قىلىنغانلىقى، ئاندىن گېرمانىيەدە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلسا، ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ھەتتا ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەخسۇس تاتار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قالدۇرۇلغان. ئۇ: «مېنىڭ ئۆيلىشىمچە، ئاۋىستىرالىيە ئەلچىخانىسىدىكى جۇڭگولۇق خادىم مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆزىنىڭ خەنزۇ دوستىنى سەپلىدى» دېدى. ئۇنىڭ ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشتىكى بىرىنچى سەۋەبى، پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇش، ئىككىنچى سەۋەبى بولسا ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇش ئىدى. «مەن سۆزلىيەلمەيمەن، ھەر ۋاقىت گەجگەمدە ئېغىر بىر بېسىم بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. ھەركۈنى ئىشقا بارغاندا ئۆزەمنى بىچارە سېزىمەن. دوختۇرخانىنى ۋە ھەمىشە چېشىمغا تېگىدىغان باشلىقنى ياخشى كۆرمەيمەن» دېدى ئۇ.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىر ئۇنىۋېرسىتېت لېكتورى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلىۋاتقان مەزگىلدە شىنجاڭغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا قايتىپ بارغان يېرىدە دوستلىرىغا جۇڭگونىڭ كېلەچىكىدىكى دېموكراتىيە ھەققىدە قىزغىنلىق بىلەن پاراڭ قىلىپ بەرگەن. بۇ گەپ ـ سۆزلەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يەتكەندىن كېيىن ئۇ دەرھال گۇمانلىق شەخس قاتارىدا ئەنگە ئېلىنىپ ئىستىقبالى تۈگەشكەن. ئۇ قازاقىستاندىكى چوڭ ئانامنى يوقلاپ كېلىمەن دەپ رۇخسەت سوراپ ۋەتەندىن چىقىپ كەتكەنچە، تاشكەنتكە كەلگەندە موسكۋاغا بارىدىغان پويىزغا چىققان. ئۇنىڭ رۇس تىلىنىشى يوق، پۇلىمۇ ئاز ئىدى. موسكۋالىق بىر ئاقكۆڭۈل ئەر ـ خوتۇن ئۇ ۋىزا ئېلىش ئۈچۈن غەرب دۆلەتلىرى ئەلچىخانىلىرىغا قاتراپ يۈرگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ئاخىرىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ۋىزا بەرگەن. تۆمۈر يول بىلەن ياۋرۇپانى كېسىپ ئۆتۈشكە ئىككى قېتىم ئۇرۇنغاندىن كېيىن ئۇ ئاخىرىدا لوندونغا يېتىپ كەلگەن.(5)

يۈرتنى تاشلاپ چەتئەلگە چىققان مىليوندىن ئارتۇق تۈركنىڭ بەزىلىرى شىۋىتسىيە ۋە ئاۋىستىرالىيە قاتارلىق يىراق دۆلەتلەرگە كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خوشنا جۇمھۇرىيەتلەردە، بولۇپمۇ قازاقىستاندا ياشىماقتا. گەرچە پاكىستان مۇسۇلمان كۆچمەنلەرگە ھېسداشلىق قىلسىمۇ، بۇ يەرگە كەلگەنلەر چېگرلاردا غۇربەتچىلىك تارتقان. 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ سەئۇدى ئەرەبىستاندا مەككىگە ھەجگە كېلىپ يەرلىشىپ قالغان بىر توپ ئۇيغۇر جامائىتى بار بولۇپ، بۇلار ئاساسلىق باي سودىگەرلەردۇر. تۈركىيەدىكى 40 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر جامائىتى قازاقىستاندىكىگە قارىغاندا ئاز بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشى

www.uyghurweb.net

چەكلەنگەن ئائىلىلەر، ئوسمان باتۇرنىڭ قازاق كارۋىنىدىكى تاغ ـ داۋان ئېشىپ ھىندىستان ۋە پاكىستانغا كەلگەندە يولى تۇسۇلغان بىچارە كىشىلەر قاتارلىق مۇشەققەتتە قالغانلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغان. يەنە شۇ تۈركىيە 1952 ـ يىلى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىنلەرنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەرگە سىياسىي پاناھلىق بەرگەن.(6)

دەسلەپتە كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىستانبۇلدىكى زەيتىنبۇرنۇ رايونىغا يەرلەشكەن. ئۇندىن كېيىن كەلگەنلەر ئانوتولىيەنىڭ مەركىزىدىكى ئاساسلىق شەھەر قەيسەرىنىڭ يەسەۋى مەھەللىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئالىم فرېدېرىك ژېننى بېسون بۇ يەرنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تۆت كوچا دوقمۇشى بىلەن تۇتاشقان ئىككى كوچىدىكى باغچىسى بار بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش شەكىلدە سېلىنغان ... مۇساپىرلارنىڭ ئۆز ئۆيىدىكىدەك ياشىشى، ئۆزىگە خاس كىيىنىش ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ھەتتا ئۇلار تۈركىيەدىن تاپالمايدىغان شەرقىي تۈركىستان كۆكتاتلىرىنى كىچىك ئېتىزلىقلىرىدا تېرىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن.»(7) گەرچە ياش بىر ئەۋلاد كەڭ جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزىگە خاس كىملىك تۇيغۇسىنى كۈچلۈك ھالدا ساقلاپ كەلمەكتە. مەسىلەن: قەيسەرىدىن ئايرىلىپ ئىستانبۇلغا بارغان بىر گۇرۇپپا ئۈچ ئايرىم ئۇيغۇر جەمئىيىتى بولارنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن يېقىنلاشقان. ئەمما ئۇلار بۇ جەمئىيەتلەرگە يېقىنلىشىشنى رەت قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئىستانبولدىكى قەيسەرى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنى قۇرغان. بېسوننىڭ كۆزەتكىنىدەك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ياۋروپالىقلارنىڭ ئالدىدا تۈرك، تۈركلەرنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا ئۆز ـ ئارا قەشقەرلىك، كېرىيەلىك ياكى خوتەنلىك دېيىشكە ئۇستا.

يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇر مۇھاجىرلار غەربى ياۋروپا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، كانادا ۋە ئاۋستىرالىيەگە باردى. ئەمما بەزىلىرىنىڭ شىمالىي ياۋروپادىكى سكاندىناۋىئاغا قەدەر ئاپىرىلىشى تارىختا ھەقىقەتەن بىر تاساددىپى ۋەقەدۇر. ئۇلارنى 1920 ـ يىلى خرىستىئان دىنىنىڭ پروتېستان مەزھىبىدىكى مىسسىئونېرلار شىۋىتسىيەگە ئېلىپ بارغان. گەرچە يۈز يىل ئىلگىرى بۇ مىسسىئونېرلار ئالاھىدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار جۇڭگونىڭ غەربىدە بەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. ئېكسپېدىتسىيىچى سېۋېن ھېدىن باغلىغان ئۇيغۇرلار بىلەن شىۋىتسىيەنىڭ بۇ ئالاقە زەنجىرىنى تۈركىستان ھەۋەسكارلىرى ئۈزلۈكسىز ساقلاپ كەلمەكتە. بۈگۈن بۇلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ستوكھولىم كۆچمەنلەر كۇلۇبى، يەنى شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى بار. ئۇلار ئايال ئۇسسۇلچىلار ئۆمىكى بىلەن بىر ئۇيغۇر پۇتبول كوماندىسىنى باشقۇرماقتا.

گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى بايان قىلىش ئاسانراق. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مىيۇنخېن ئەتراپىدا ياشايدۇ. ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىقتىسادىي گۈللەنگەن غەربىي گېرمانىيەگە تەلەي سىناپ كەلگەن تۈركىيەلىك «مېھمان ئىشچىلار» غا ئەگىشىپ كەلگەن ۋە بۇ يەرگە ماكانلىشىپ قالغان. ئۇيغۇرلارمۇ تۈرك قېرىنداشلىرىغا ئوخشاشلا ئاسانلىقچە ئاسسىمىلياتسىيە بولمايدۇ. ئۇلار ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تۈرك خوجايىنلارغا ياللىنىپ ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. گەرچە گېرمانىيەدە جۇڭگو ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ جاسۇسلىرى پائالىيەتچىلەرنىڭ نەدە نېمە ئىش

www.uyghurweb.net

قىلىۋاتقانلىقىنى يېقىندىن كۆزىتىپ ماڭىسمۇ، ئەمما بۇ يەردە سىياسىي پائالىيەتلەر ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرەدىكىدەك قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. بەزىلەر، مەسىلەن، مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئوغلى ئەركىن ئالىپتېكىن ئەركىن ياۋروپا رادىئو ئىستانسىسىدا ئىشلەيدۇ. كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان بۇ رادىئو ئىستانسىسى تۆمۈر پەردە ئارقىسىدىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن 1950 - يىلى مىيونخېندە قۇرۇلغان. مىيۇنخىن كېيىنچە ياۋروپادىكى ئۇيغۇر ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ بازىسى سۈپىتىدە تونۇلدى.

ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا يول قويۇلغان بەزى ئۇيغۇرلار ئەگەر ئۆزىنىڭ ئىرقى جەھەتتىن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى قەۋملەردىن بىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەلىسىلا ئۇلارنى دۆلىتىگە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن چاغدا، ئاۋستىرالىيەدىكى ئادېلائىد مۇساپىرلار پاناھلىنىدىغان بىر يەر قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. ئۇيغۇرلاردىن بەزىلىرى مەلبورنى ۋە سىيدنېيغا كۆچتى. مەسىلەن، ئۇلاردىن بىرى تاشكەنتتە تۇغۇلغان ۋە جۇڭگو تۈرمىسىدە ئون بىر يىل ياتقان ژورنالىست ئەخمەت ئىگەمبەردى ئىدى. ئۇ (بۇ كىتاب يېزىلىۋاتقان مەزگىلدە) سىيدنې ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئىدى.

ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەنگلىيەگە يېتىپ كېلىپ، لوندوننىڭ شىمالىدىكى تۈركلەر تەرىپىدىن ئالىلقاچان ئاۋات بولۇپ كەتكەن بىر رايوندا بىر كىچىك گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەندى. 2001 - يىلى تېررورچىلار ھۇجۇمىغا ئۇچراشتىن ئىلگىرى ئامېرىكا ئۆزىنىڭ كۆچمەنلەرگە تۇتقان مۇلايىم پوزىتسىيەسى بىلەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ئامېرىكىغا كېلىشكە جەلپ قىلغان ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىۋېرسىتېت ئاكادېمىكلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇلگۇرۇپ كەلگەن ياردەم مەدەتلىرى بىلەن ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. بەزى باي ئۇيغۇرلار يېتەرلىك كاپىتال ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق جۇڭگولۇققا ئىشىكى ئوچۇق بولغان كاناداغا كۆچمەن بولۇپ كەتتى.

غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەر رۇسچە كىيىم - كېچەك كىيىدىغان، ئۆز ئارا رۇسچە سۆزلىشىدىغان ھالەتتە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. تۈركۈملەپ چىققان كۆپ ساندىكى مۇھاجىرلارنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ناھايىتى ئېنىق ساقلانغان. سىياسىي ئەسلىمىسى يوق ياشلار شىنجاڭدىكى ئائىلىسىنى ئاسانلا زىيارەت قىلىپ يوقلاپ تۇرالايدۇ. بۇ سەۋەبتىن غەرپ دۇنياسىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەبىقىلىشىشكە، يەنى سىنىپىلىشىشقا قاراپ تەرەققى قىلماقتا.(8) ھوقۇق نوپۇز ئاقساقال كىشىلەر ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ھايات تەجرىبىلىرى ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ بەدىلىنى تونۇتقان ۋە ئۇلارنى مەسئۇلىيەتچان بىر مىللەتچىگە ئايلاندۇرغان. ئۇلار بەلكىم تۈرمىدە ياتقان، زىندانلاردا يالغۇز قالغان ۋە قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان بولىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار قېنى قىززىق ياشلارنى ئاسانلىقچە قوللاپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە، جەمئىيەتتە ئىناۋىتى بار پېشقەدەملەر ئادەتتە سىياسىي كۈرەشلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغانلاردىن ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر مۇھاجىرلار پارچە - پارچە تارقاق گۇرۇپ - مەزھەپلەرگە پارچىلىنىپ

www.uyghurweb.net

كەتكەن، بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، گۇمان بىلەن قارايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. بىسۇن مۇنداق يازغان: «چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باش ئاغرىقى ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى قوغداشقا قارىغاندا، كۆپرەك ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈلۈق تۈگىتىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشتىن ئىبارەت».

بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى تىرىشمىدى دېيەلمەيمىز. ئامېرىكا تېررورچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 2001 ـ يىلى كۈز پەسلىنىڭ بىر كۈنى مەن بىلگىيە پايتەختى بىرۇكسېلدىكى ياۋروپا مېھمانخانىسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى يىغىن زالىدا ئولتۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» دەپ ھەيۋەتلىك تىما بېرىلگەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتىم.

رەئىس مۇنبىرىدە ئولتۇرغان كۆلرەڭ چاچلىقلار ئىچىدە مەن بىر قاراپلا گېنېرال رىزا بەكىننى تونىدىم. ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئېسىغلىق تۇرغان يۇغان بايراق كۆك رەڭلىك بولۇپ، ئاق رەڭلىك ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇز نەقىشلەنگەن ئىدى. بۇ بايراقنىڭ شەكلى ئىسلامىيەتتىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى قەدىمكى بۇددىستلار تىنچلىق سىمۋۇلى دەپ قارايدىغان ئوغاق ئاي ۋە يۇلتۇز شەكلىدىن كەلگەن. ئەتراپتىكى قالغان ئۈچ ئۈستەل ئۇزۇنچاق شەكىلدە تىزىلغان بولۇپ، ئاتمىش ۋەكىل ئولتۇراتتى. ئۇلار يېشىغا قاراپ سەپ بولۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، يېشى ئەڭ چوڭ بولغىنى رەئىس سەھنىسىگە شۇنچە يېقىن ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ پەرقلىق تۇرقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. كەڭ ياپىلاق يۈزلۈك موڭغۇل چىرايلار، بېشى ئۇچلۇق، بوينى توم ياۋروپالىق سىلاۋيانلارغا ئوخشايدىغانلار، بىر قاراشتىلا قوماينى ئەسلىتىدىغان ئىرانلىق تۈركلەر ۋە ھەتتا ئەڭ چەتتىكى بۇرجەكتە ئولتۇرغان كىشى بەئەينى ياپونلۇققا ئوخشايدىغان چىرايدا ئىدى. كاستيوم ۋە خۇرۇم چاپان كىيىۋالغان ئەرلەر فوتو ئاپارات ۋە سىنئالغۇلارنى كۆتۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئاياللار شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بوغما ئىشتان ۋە جىلىتكە، سۇس سۆسۈن ھەم توق سۆسۈن رەڭدە ئۈستىگە گۈل چىكىلگەن تەڭگە قادالغان كۆينەك، پۇتىغا رۇسچە قىسقا ئۆتۈك كىيگەن ئىدى. بىر تامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بىر قىرغىز مومايىنىڭ بېشىدا گۈللۈك ياغلىق بار ئىدى. مومايىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان يىگىرمە ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قاپقارا شەھلا كۆزلۈك بىر گۈزەل قىز ھەشەمەتلىك مېھمانسارايىنىڭ قىممەتلىك جابدۇقلىرىغا تەبئىي بىر ھەۋەس ئىچىدە قارىماقتا ئىدى.

ۋەكىللەر يىغىننىڭ باشلىنىشىنى ساقلىغاچ ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئەمەس، رۇسچە سۆزلەشكەنلىكلىرىگە قارىغاندا كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. كېيىن شىنجاڭدىن كەلمەكچى بولغان يىگىرمە نەپەر ۋەكىلنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن رۇخسەت ئالالمىغانلىقتىن كېلەلمىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە ھەيران قالمىدىم. بىر ئاز غەلىتە بولغىنى شۇكى، (لوندوندىن كەلگەن بىر نەپەر يىغىن تەشكىللىگۈچىدىن باشقا) غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن بىرمۇ ئادەم كەلمىگەن ئىدى. ئىككىنچى غەلىتىلىك، ئەڭ باشتىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى لەۋھەگە يوغان قىلىپ يېزىلغان «شەرقىي تۈركىستان

www.uyghurweb.net

(ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» دېگەن خەتلەر ئىدى. تىرناق ئىچىدىكى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىردەمدىن كېيىن چۈشەندۈرىمەن.

قۇرۇلتاي ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن بىر ئاقساقال كىشىنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشى بىلەن باشلاندى. بۇ كىشى جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە بەش يىل، كوممۇنىستلار تۈرمىسىدە 26 يىل ياتقان، هازىر ئەنقەرەدە مۇهاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان تارىخچى هاجى ياقۇپ ئانات ئىدى. ئۇنىڭ دۇئاسى تەشكىلات كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بەش ئاي ئىلگىرى قازاقىستاندا گۇمانلىق هالدا سۇدا بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالغان دىلبىرىم سامساقوۋانىڭ روهىغا بېغىشلاندى. ۋەكىللەر باشلىرىنى ئىگىپ، ئىككى ئالقىنىنى دۇئاغا ئېچىپ تۇردى. دۇئا تۈگىگەندە قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى سىلىدى. ئاندىن هەر بىر ۋەكىل نۆۋەت بىلەن تونۇشتۇرۇلدى. تونۇشتۇرۇلغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ بوشىراق ئىگىلىپ سالام بېرىپ ئولتۇردى.

مۇهاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى سىياسىي تەشكىلاتى 1963 ـ يىلى ئالمۇتادا قۇرۇلغان بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق هەرىكىتى» دەپ ئاتالغان. بۇ تەشكىلات كۆپ قىسمى 1940 ـ يىللاردىكى مۇستەقىل جۇمهۇرىيەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن 50 مىڭ كىشىلىك مۇهاجىردىن تەشكىللەنگەن «ئازاتلىق ئارمىيە» نى كونترول قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. يۇقىرىدا ئازراق بايان قىلغان رومانچى زىيا سەمەدى ئازاتلىق كومىتېتىغا باشچىلىق قىلغان. ئارمىيەگە ئېلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان يەنە بىر ئۇيغۇر زۇنۇن تېيپوۋ يېتەكچىلىك قىلغان. ئەمما ئازاتلىق كۈرىشىنى رەسمى هالدا ئېلىپ بېرىش پىلانى تاكى 1990 ـ يىللارغا قەدەر باشلىنالمىغان ئىدى. 1991 ـ يىلى قازاقىستاندىكى بىر ئۇيغۇر ئازاتلىق تەشكىلاتى ئۆزىنى سىياسىي پارتىيە دەپ رەسمى تىزىمغا ئالدۇردى. كېيىنكى يىلى ئالمۇتادا بىر خەلقئارا ئۇيغۇرلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا قىرغىزىستاندا ئەركىن ئۇيغۇرىستان پارتىيىسى قۇرۇلدى. 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر قۇرۇلتاي ئىستانبۇلدا ئېچىلدى. بۇ قۇرۇلتاي تەشكىللەشنىڭ يېتەرسىزلىكى، مەبلەغ كاملىقى ۋە بولۇپمۇ 18 دۆلەتتىن كەلگەن 40 نەپەر ۋەكىل ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ئىختىلاپلار تۈپەيلى كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىدى. قۇرۇلتاينىڭ تۈرك رىياسەتچىسى يىغىن كۈنتەرتىپىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر مۇستەقىل تۈركىستان قۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. هەر ۋەكىل ئۆزىنى قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى دۆلەتنىڭ بىرىنچى قول رەهبىرى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ ئويلايتتى. شۇنداق قىلىپ پىلان بۇزۇلدى.

هالبۇكى، 1998 ـ يىلى غۇلجا ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ دەهشەتلىك ئاقىۋىتى نەتىجىسىدە ئىلهاملانغان ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە ۋە گېرمانىيەدىكى مۇهاجىرلار جەمئىيەتلىرى ئەنقەرەگە توپلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتى. كېيىنكى يىلى بۇ مىيونخىندا ئېچىلغان بىر يىغىندا مىللىي قۇرۇلتاي دەپ ئۆزگەرتىلدى. مىيۇنخېن شەهىرىدە بىر كاتىبات ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، 15 كىشىلىك يېتەكچى خادىم سايلاپ چىقىلدى. شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلىيىتى (ETNC) ئون ئۈچ دانە مۇهاجىرلار جەمئىيىتىنى ئاكتىپ قوللاش تەشەببۇسى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەرت ـ هەسرىتىنى خەلقئاراغا

www.uyghurweb.net

ئاڭلىتىش ئارقىلىق دۇنيا جامائىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ۋە ياۋروپا پارلامېنتى، ئەرەب ئىتتىپاقى، ئىسلام قۇرۇلتىيى ۋە ئەلۋەتتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا ئورگانلار ئارقىلىق جۇڭگو رەھبەرلىرىگە بېسىم ئىشلىتىش ئىمكانلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشتىكى قانۇنلۇق بىر ۋاستىچىسى سۈپىتىدە تونۇلۇشىنى ۋە پۈرستى كەلگەندە جۇڭگولۇقلار بىلەن ئاپتونومىيە ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغۇچى سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

بىلگىيەدىكى برۇسىېل قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئەڭ ھاماقەت بىر كۆزەتكۈچىمۇ شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشىنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى قاراپلا بىلىۋالالايتتى. يىغىن ئېچىلىۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە گېنېرال رىزا بەكىن يولداشلىرىنىڭ ھورۇنلىقىنى ۋە كۈرەشنى بىر ئىزدا توختىتىپ قويغانلىقىنى ئەيىبلىدى ۋە «تەشكىلاتىمىزدا بىزنى پارچىلاش ۋە رەھبەرلىك ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقان جۇڭگو ساقچى دائىرىلىرىنىڭ جاسۇسلىرى بار» دېدى. سىياسىي جەھەتتە تەجرىبىلىك ئەركىن ئالىپتېكىن گېنېرالنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىلەشتىكى ئىككى دۈشمىنىنىڭ ھورۇنلۇق ۋە تەربىيەسىزلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«بۇ كۈرەشنى جەزمەن ئەقىل بىلەن تىنچ يولدا ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. كۈچىمىز يەتمەيدىغان ئىشقا ۋەدە قىلمايلى. قولىمىزدىن بىر ئىش كەلمىسە، قىلالايدىغان قىياپەتكىمۇ كىرىۋالمايلى. ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنەيلى. چۈنكى تۇرىۋاتقان يەرنىڭ تىلىنى بىلمىسەك، مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈرەلمەيمىز ۋە قارشى تەرەپنى قايىل قىلالمايمىز. شۇنى ئەستىن چىقارمايلىكى، ھازىر دۇنيادا ئالتە مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ.»(9)

ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممە كىشى قايىل بولغۇدەك تەڭداشسىز بىر رەھبەرنىڭ يوق ئىكەنلىكى بولىشى مۇمكىن. ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئېنىق ۋارىسلىق قىلغۇچى بولمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلىكلەرنىڭ دالاي لاماسىدەك دىپلوماتىيە جەھەتتە قابىلىيەتلىك، يالغۇز ھالدا ھەممە كىشىگە گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان بىر داھىسى يوق. (ئەلۋەتتە دالاي لامانىڭ سالاھىيىتى ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تېئوكراتىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇقەددەس بىلىنىپ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ تۈپەيلى ئۇ 1959 - يىلى ھىمالايادىن ئۆتۈپ قاچقاندىن كېيىن ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى دارامسالادا قۇرۇلغان مۇساپىر ھۆكۈمەتنىڭ بىردىنبىر داھىسى دەپ تونۇلغان).

ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى ئاجىزلىقىدىن تۇغۇلغان ئىككىنچى ئاجىزلىقى بولسا، تاكتىكا جەھەتتىكى چوڭقۇر ئىختىلاپلاردۇر. شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى (ش ت م ق) تېرروردىزمنى ئەيىبلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تىنچلىق سىياسەت قوللىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما نۇرغۇنلىغان مۇھاجىرلار بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەر (شىنجاڭنىڭ ئىچىدىكى قوراللىق ياشلارنى تىلغا ئالمىدىم) زوراۋانلىق كۈچكە تايىنىشنى

www.uyghurweb.net

بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، مىيونخېندىكى تەشكىلاتقا قاتنىشىشى رەت قىلىندى. ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانى بازا قىلغان مۇشۇ خىلدىكى بىر گۇرۇپپىنىڭ ئىسمى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق فرونتى بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبىرى شىنجاڭدىكى بىر قاتار ئاپتونوم پارتىلىتىش ۋە ھەربىي بازىلارغا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ فرونتنىڭ رەھبىرى سەكسەن ياشلىق يۈسۈپ 1944 ـ يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسىنىڭ سابىق ئوفىتسىرى بولۇپ، ئۇ 1957 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىقىشتىن ئىلگىرى كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى باشلىقى بولغان ئىكەن.(10) ئەركىن ئالىپتېكىن بۇ بۆلۈنۈش ئىختىلاپلارنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ئەگەر بەزى ئۇيغۇرلار ئاچچىقىغا پايلىماي، زوراۋانلىق قىلغان بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ نەچچە مىليون ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى تېرروررچى دېگەنلىك ئەمەس، دېگەننى قوشۇپ قويدى. «كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار تىنچلىق يولى بىلەن نىشانغا يېتىشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار 125 يىلدىن بۇيان دۆلەت تېرروررىزمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى قۇربانلار بولۇپ كەلدى.» (يەنى زورۇۋېلىنىڭ شىنجاڭنى بېسىۋالغاندىن باشلاپ.)(11)

ھەتتا ش ت م ق نىڭ ئىچىدىمۇ كەلگۈسىدىكى مۇستەقىل شىنجاڭنى نېمە دەپ ئاتاش ھەققىدە ئىختىلاپ بار. بەزىلەر ئۇنى كۆپ مىللەتلىك بىر جۇمھۇرىيەت دېگەننى ئىپادە قىلسۇن ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بەزىلەر «ئۇيغۇرىستان» بولسۇن دەپ ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلات لەۋھەگە ئىككى خىل مەنىسى بار ئىسمنى يېزىشقا مەجبۇر بولغان. ھاجى ياقۇپ ئاناتنىڭ دېگىنىدەك، بۇ خىل تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتۇر «بۇنى ھەل قىلىش ئاسان» دەيدۇ. ئۇ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىگە: «بىز ئەركىنلىككە ئېرىشكەن چاغدا قايسى ئىسىمنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى خەلقنىڭ قارارىغا قويۇپ بېرىمىز».

«رەھبەرلىكتىكى يۈرتۋازلىق، ئاخبارات ساھەسى ۋە ئۆتكۈنچى مەسىلىلەردىكى كۆپ يىللىق جېدەل ـ ماجىرالار» غا خاتىمە بېرىپ، ئۆز ئارا ئىشەنچىنى كۈچلەندۈرۈشتە لازىم بولىدىغان، غەربلىك كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن «پائالىيەت ئەخلاقى» دەپ ئاتالغان مۇھىم بىر تېما مۇزاكىرىدىن ساقىت قالدى.(12) ئادەم يوق يەردە بىر ئۇيغۇر ۋەكىل ماڭا قاخشاپ بەردى. ئۇ مۇھاجىر رەھبەرلىرىنىڭ بىلىم ئېلىش ئەمەس، بەلكى باي بولۇش يولىنى تاللىغانلىقى، ھەممىسىنىڭ باش بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ:

— «ئۇيغۇرلار دېۋەڭ. بىرەر كىشىنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە يېزىشىنى ئارزۇ قىلىمەن»، دېدى.

«— نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى دېۋەڭ دەيسىز؟

— چۈنكى ئۇلار خەنزۇلارنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن قالتىس چاغلايدىغان ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ھەتتا ئۇلار ۋەتىنىمىز تېخى مۇستەقىللىقىغا ئېرىشمىگەن ئەھۋالدا ھەممىسى كىمنىڭ جۇمھۇر رەئىس بولىدىغانلىقى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ.»(13)

ش ت م ق بىر تەشۋىقات ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە رولىنى كۆرسەتتى. باشقا بۆلگۈنچىلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ ئىنتېرنېت تورىدا ئەرزان ھەم ئاسان ئۇچۇر تارقىتىش يولىنى تاپتى.

www.uyghurweb.net

ھاۋاي ئونىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دىرۇگلادنې بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى يوق. دەرۋەقە ئۇلار كومپيۇتېردا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى قىلىۋاتىدۇ» دېدى ۋە قوشۇمچە قىلىپ: «لېكىن ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىشى، رەھبەرلىكى ۋە قوماندانلىق ئورنى كەم. بۇ ئۇنىڭغا سەل قارىساقمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس» دېدى.(14) ھالبۇكى، ئىنتېرنېتنىڭ قوراللىما جەھەتتە ئۆزگە چۈشلۈق ئاجىزلىقى بار. تېلېۋىزىيە قانىلى، رادىئو ئىستانسىسى ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئوخشاش ئەۋەتىلگەن خەۋەر مەزمۇنلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ تەھرىرلەيدىغان تەھرىرى، مۇخبىرى ياكى ۋاستىچىسى يوق. ئوقۇرمەنمۇ ئىنتېرنېتتا دېيىلگەن گەپلەرنىڭ قانچىلىك ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىگە بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئىنتېرنېت ھەم مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنى قوللىغۇچىلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ ھۇجۇم قىلىشىنى ھەقىقەتەن ئاسانلاشتۇردى ھەم جۇڭگولۇق باياناتچىلارنىڭ بۇ ئەيىبلەش سۆزلىرىنى «ئازسانلىق مىللەتلەرگە سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىن ۋەكىللىك قىلالمايدىغان تەلۋە ئەسەبىلەر تەرىپىدىن جار سېلىنغان خاتا تەشۋىقات» دەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنى ئاسانلاشتۇردى. خەۋەرلىرىنىڭ ئىشەنچىلىكلىكىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق ئورگانلاردىكى تەكشۈرگۈچىلەر ش ت م ق نىڭ بىر ئاز كەسىپ ئەھلى ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچىدە خەۋەر دوكلاتچىسى، تورلاشتۇرۇلغان مۇخبىر خادىمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن خەۋەرلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بۇ خەۋەرلەرنى بەك ئېتىۋارغا ئالمايدىغان بولدى. ھالبۇكى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ ئىشەنچىلىكلىكىنى كاپالەت بىلەن ساقلىدى. شۈبھىسىز بۇ قوللىغۇچىلار بولمىغان بولسا، ئۇيغۇر مۇھاجىرلار بەلكىم ئاۋازىنى باشقىلارغا ئاڭلىتالماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

2000 ـ يىلىنىڭ ھارپىسىدا غەربتە تىبەتتىكى زۇلۇمدىن ئاللىقاچان خەۋەردار ئازساندىكى كىشىلەر شىنجاڭ توغرىسىدا خېلى بىر نەرسە ئاڭلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دەرت ـ ھەسرىتى بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر قوزغاشقا باشلىدى. ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىدىن بىر ـ ئىككى كىشى ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆز قىلدى. ئاقساراي ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىدى. ئىرلاندىيەنىڭ سابىق پرېزىدېنتى مارىي روبىنسۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئورگىنىدا يېڭى تەسىس قىلىنغان ۋەزىپە — كىشىلىك ھوقۇققا مەسئۇل ئالىي كومىسسار بولۇپ تەيىنلەندى ۋە خىزمەت كۈنتەرتىۋىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئۈچۈن ئاتايىتەن جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى.

2001 ـ يىلى كۈز پەسلىدە ش ت م ق ئۆزىنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى برۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنت بىناسىدا مەخسۇس تېمىدا ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىندى. ئاز بولسىمۇ ئەمما ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ئۈچۈن مۇھىم بولغان تەشۋىقات ھۇجۇمى ئەمەلگە ئاشتى. ياۋروپا بىرلىكى يىغىنىنىڭ تېمىسىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن يىغىن مەيدانى تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولدى. يىغىن «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشغالىدىن يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى» ناملىق تېمىدا ئېچىلماقچى ئىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن بۇ تېما ۋە يىغىن مەيدانىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ يۈزىگە ئىككى شاپىلاق

www.uyghurweb.net

ئۇرغانلىق ئىدى. «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسى جۇڭگودا چەكلەنگەن بىر ئىسىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «ئىشغال» سۆزى بېيجىڭدىكى ھۆكۈمرانلىقنىڭ قانۇنلۇقلىقىغا نىسبەتەن ئاشكارا ھالدا جەڭ ئېلان قىلىش ھېسابلىناتتى.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياۋروپا پارلامېنتى ئۇيغۇرلارنىڭ دەرت ـ داۋاسى ھەققىدە بىر ھەل قىلىش لايىھەسى ماقۇللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى بۇ توغرىدا سۆھبەتلىشىشكە چاقىرغان ئىدى. ئەمما بۇ يىغىنىنىڭ ساھىپخانى ياۋروپا پارلامېنتى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىر تەركىبى قىسمى ھېسابلانمىش ترانسناسئونال رادىكال پارتىيە ئىدى. بۇ پارتىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزگە خاس ئۆزگىچە قاراشلىرى بولۇپ، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ يەتتە نەپەر ئەزاسى ۋە ياۋروپا ھەيئىتىنىڭ بىر نەپەر ئەزاسى بۇ پارتىيىگە تەۋە ئىدى.(15)

برۇسېلدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو ئەلچىسى يىغىنىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەبئىي ھالدا قولىدىن كېلىشىچە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. ئىشقا يارىغان جامائەت پىكرى بىلەن مەيدانغا كەلگەن غۇلغۇلا نەتىجىسىدە ئەھۋال يىغىن تەشكىللىگۈچىسىگە پايدىلىق بىر شارائىتقا ئۆزگەردى. بۇ رادىكال پارتىيىنىڭ باش كاتىپى ئولىۋىئىر دۇپۇئىس كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ تېزلىكتە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ پرېزىدېنتى نىكولى فونتائىنېگە بىر پارچە ئوچۇق خەت يازدى. بۇ زەربە بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كەلگەن غەزەپلەنگەن مېھمانىنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ قالدى.

يىغىن ئېچىلغان كۈنى جۇڭگونىڭ برۇسېلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىن بىر خادىم ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق گېزىتى»نىڭ ئۈچ نەپەر مۇخبىرىنىڭ ئاخباراتچىلار ئۈچۈن ساقلانغان ئورۇندا ئۆزلىرىگە بىۋاستە سانچىلىۋاتقان ئالاھىدە تىكەنلەرگە سەۋر قىلىپ چىداپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مۇنبەردىكى رىياسەتچىلەردىن جۇڭگوغا بارغان ياۋروپا پارلامېنتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەئىسى پېرگاخىرتون بىر ئازدىن كېيىن، ياۋروپا بىرلىكى رەسمىي سىياستىنىڭ «بىر جۇڭگو» نى قوللايدىغانلىقىنى تاماشابىنلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدى ۋە قوشۇمچە قىلىپ: «ئەمما بىز كەلگۈسىنى باشقۇرالمايمىز» دېدى. ئانچە دىپلوماتىك ئەمەس يەنە بىر رىياسەتچى بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئالدىغا تېررور تاكتىكىلىرىنى ئىشلىتىپ بۇ تەلەپنى قاندۇرماۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئولتۇرۇپ بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلاش ئىككى خەنزۇ ئۈچۈن خۇشياقىدىغان بىر ئىش بولمىدى. يىغىن ئوتتۇرىسىدىكى دەم ئېلىش ئارىلىقىدا مەن «خەلق گېزىتى» نىڭ مۇخبىرىدىن گېزىتكە يېزىش ئۈچۈن بىر ھېكايىگە چۇشلۇق ماتېرىيال توپلىيالىغان ياكى توپلىيالمىغانلىقىنى سورىدىم.

ـ ياق، دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ: «قىزىقارلىق ئەمەسكەن».

ئاممىۋى سورۇندا قىزىقارلىق بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما مەخپىي ھالدا جۇڭگونىڭ شىنجاڭلىق مۇھاجىرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئىنكاسى شىددەتلىك ۋە بەزەن قورقۇنچلۇق تۈس ئالماقتا. رەھبەرلىكنىڭ ھەققى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ـ جۈملىلەر 1996 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى سىياسىي بيوروسىنىڭ ئارمىيە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ ئاچقان يىغىنىنىڭ يىغىن خاتىرىسىدە خاتىرىلەنگەن.

www.uyghurweb.net

بىر ئاماللار ئارقىلىق ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن بۇ ھۆججەتتىن مەلۇم بولىشىچە، بۆلگۈنچىلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن «سىياسىي ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ» قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ھەمكارلىشىش ۋە ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىش تەكلىۋى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ خاس كىشىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «ئالاھىدە سەگەك بولايلى. سىرتتىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ھەرىكىتىگە قارشى بارلىق كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ بۇنىڭ ئالدىنى ئالايلى، بۆلگۈنچىلەرنى ئۆز ئىچىدە پارچىلاپ، كۆپ سانلىقىنى يېنىمىزغا تارتىپ، ئاز ساندىكى بىر ئۈچۈم بۆلگۈنچىلەرنى يېتىم قالدۇرايلى ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلايلى». ھۆججەتتە يەنە جاسۇسلۇققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قابىل تەجرىبىلىك كىشىلەرنى ئىشلىتىش كېرەك دېيىلگەن.

جۈملىگە «جۇڭگولۇقلار ۋە چەتئەل تەۋەلىكىگە ئۆتكەن جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ئولتۇراقلاشقان رايون ۋە شەھەرلەرگە ئولتۇراق ئۆيلەر تەسىس قىلايلى» دېگەن جۈملە قوشۇمچە قىلىنغان.(16) (بۇ يەردە 1990 ـ يىلىدىكى بارىن توپىلىڭىدىن كېيىن جۇڭگولۇقلاردا پەيدا بولغان بىر خىل كۆز قاراش، يەنى ھەر قانداق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئارقىسىدا بىر چەتئەل جاسۇسى بار دەپ قارايدىغان نوقتىئىينەزەرنى تىلغا ئېلىش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. 1986 ـ يىلى پارتىيە رەھبىرى خۇياۋباڭ چەتئەل كۈچلىرى تۈزۈك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ دەپ قارىغان ئىدى).

جۇڭگو بىخەتەرلىك ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئىككى خىل قارىمىقى بار. بىرى، بەزى نۇقتىلىق مۇھاجىرلارنى قاتتىق نازارەت قىلىش، يەنە بىرى بۇ مۇھاجىرلارنى قوينىغا ئالغان ساھىپخان دۆلەت ھۆكۈمىتىگە دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىش. ھالبۇكى، مۇھاجىرلار سىياسىي جەھەتتە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستلىرىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى. شۇڭا گېنېرال رىزا بەكىننىڭ ش ت م ق دا ئېيتقان ئارىغا سىڭىپ كىرگۈچى جاسۇسلار ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرىشى ھەرگىزمۇ بىكارغا ئېيتىلغان مۇبالىغە سۆز ئەمەس. ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن شىنجاڭغا قايتقان مۇھاجىرلارنى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار كۈتىۋالغان. زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىتىدىكى ناتوغرا ئەھۋاللار ھەققىدە بىر نەرسە يېزىش ياكى گەپ ـ سۆز قىلىشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا لىكسىيە سۆزلىگەن. بۇ خىل قورغاتقۇچى سۆزلەر قارىماققا ئەگەر ئۇلار دىققەت قىلمىسا، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنى چەتئەللەردە بەزى «دوستلار» ئىزدەپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى كىشىنى بىئارام قىلىدىكەن. بۇلار ئېھتىمال مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلىرى، تەربىيىلەنگەن تېرروروچىلار ياكى جۇڭگو جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ خادىمى بولىشى مۇمكىن.

جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىم ئىشلىتىشتىكى مەقسىتى ئۇ يەردە ئۇيغۇر قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى جىمىقتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سوۋېت ئىتتىپاقى سەكراتتىكى يىللىرىدا بېيجىڭنىڭ ئاسىيا رىسپوبلىكىلىرىدىكى جۇڭگوغا قارشى پائالىيەتچىلەرنى باستۇرۇشىغا ئاكتىپ ھالدا ياردەم قىلدى. سوۋېت غۇلاپ چۈشكەندىن

www.uyghurweb.net

كېيىن، تۇيۇقسىز مۇستەقىل بولغان جۇمھۇرىيەتلەردە سىياسىي مۇساپىرلارنىڭ ياشىشى ئاسان بولىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئەكسىچە، جۇڭگونىڭ بېسىمى تۇپەيلى تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە مۇئەييەن دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدۇرغان جۇڭگو بىر قانچە يىل ئىچىدىلا چېگرىسىنى مۇستەھكەملەپ قازاقىستان، قىرغىزستان ۋە تاجىكستان، شۇنداقلا رۇسىيە بىلەن قاچقۇنلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1996 - يىلى شاڭخەيدە ئىمزالانغان كېلىشىمگە قول قويغۇچىلار «جىنايەتچىلەر»نى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. كۆرگىنىمىزدەك بۇ «جىنايەتچى» ئاتالغۇسى جۇڭگودا ھەقىقەتەن كۆپ ساھەگە چېتىلىدىغان بىر ئىباردۇر. كېلىشىم بويىچە ئورتاق چېگرىنى بويلاپ 80 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ئېھتىيات سىزىقى ھەربىي قاراۋۇللار بىرلىكتە چارلاش ئېلىپ بارىدىغان يەر قىلىپ بېكىتىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ ئۆز دۆلىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەشرىيات ئورۇنلىرىنى پېچەتلىدى. جۇڭگونى تەنقىد قىلغان ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالدى. تەشۋىقات ماتېرىياللىرى، پول ۋە قورال يۆتكەش ئىشلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى.(17)

«شاڭخەي ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قازاقىستان جۇمھۇر رەئىسى نۇرسۇلتان نەزەرباييېۋ ئەگەر شىنجاڭدىكى قازاقلارغا تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك بېرىلسە، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلارنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆزىتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ئىدى. بۇ ۋەدە 1997 - يىلى غۇلجا ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىتىبارغا ئېرىشتى. چۈنكى بۇ چاغدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى قەشقەردە مەخپىي پارتلاتقۇچ ياساش زاۋۇتىدىن ئىككىنى ۋە بىر ھەربىي تەربىيىلەش بازىسىنى پاش قىلغان. شۇنداقلا ئاپتۇمات، تاپانچا، يىراقتىن سىگنال بېرىش ئۈسكۈنىسى، تانكىغا قارشى گىرانات ۋە تېمپېراتۇرا ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان بومبا قاتارلىق قورالالارنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كىرىۋاتقان تۆت دانە يۈك ماشىنىسىنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى.

نەزەرباييېۋنىڭ قازاق ساقچىلىرى جۇڭگو چېگرىسىدىن قېچىپ چىقىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەنلەرنى ئوۋلىدى. ئۇيغۇر رەھبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيىتىدە ئايغاقچىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، مەسچىد ۋە ئىماملارنىڭ دۆلەتنىڭ نازارىتىدە ئىكەنلىكى، ئاممىۋى يىغىلىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساقچىلار قاتتىق باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى قاتارلىقلاردىن شىكايەت قىلىشماقتا.(18) ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنى بۇ قەدەر قاتتىق باستۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. گەرچە قازاقىستان شاڭخەي ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ بايانااتچىسى غەرب ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ئەركىن - ئازادە ھالدا پىكىر بايان قىلالىدى.

سانى نامەلۇم سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەر جۇڭگوغا قايتۇرۇۋېتىلدى. بۇ كىشىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايدىغان يەرگە ئەۋەتىۋېتىش كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا «قانۇنسىز قوغلىۋېتىش» ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، 1999 - يىلى 1 - ئايدا قازاقىستان دائىرىلىرى ئۆز دۆلىتىدە ئىككى يىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى جۇڭگوغا قايتۇرۇۋەتتى. 2001 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگودىكى سوت مەھكىمىسى ئۇلارنى

www.uyghurweb.net

چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈپ «دۆلەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەپ، ھەممىسىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. يەنە مۇشۇ ئايدا قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى يەرلىك ئوفىتسىر ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئەيىبلەش ئاساسسىزدۇر» دېگىنىگە قارىماستىن تۆت ئۇيغۇر يىگىتنى ئوش شەھىرىدە ئاپتوبۇسقا بومبا قويماقچى بولغان دەپ تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلغان، ئاقلىغۇچى ئادۋوكات يوق ئەھۋالدا ئۈچ ياشنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان، بىرىنى 25 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. بىر مەمۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خادىملىرىغا ئېيتىشىچە بۇ يىگىتلەرنىڭ پارتلىتىش بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق ئىكەن. ئەمما ھۆكۈمەت جۇڭگونىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا مۇشۇنداق قىپتۇ.(19) قىرغىزىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق خادىملىرىنىڭ ئىگەللىشىچە، شاڭخەيدە ئىمزالانغان كېلىشىمدىن كېيىن 80 مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇر قولغا ئېلىنغان ۋە بۇلارنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكى تۈرمە مەيدانلىرىغا يوللانغان. قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ھازىر پايتەختى بىشكەكتە تېررورىزمغا بىرلىشىپ تاقابىل تۇرۇش مەركىزى قۇرۇپ ئىشقا باشلىدى.

قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلغان سەرخىل كىشىلىرى تۇيۇقسىز ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلىدىغان ئىشلار يۈز بەردى. 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دىلبېرىم سامساقوۋانىڭ جەسىتى ئالماتادىن 70 ئىنگلىز مىلى ئۇزاقلىقتىكى قاپچىغاي كۆلىدىن تېپىلدى. دىلبېرىم سامساقوۋانىڭ ئىككى نەپەر بېقىۋالغان بالىسى بار ئىدى. ئۇيغۇرلار 44 ياشلىق سىياسىي پائالىيەتچى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى خادىمى دىلبېرىم سامساقوۋانى باغلاپ ئېلىپ قېچىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارايدۇ. دىلبېرىم سامساقوۋا بېقىۋالغان بالىلانىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بىر قازاق ساقچىنىڭ قاتىلى دەپ گۇمانلىنىلغان ۋە شەھەر سىرتىدىكى قورallıq ئېتىششتا ئۆلتۈرۈلگەن.(20) ئىككى يىل ئىلگىرى «ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەھبىرى ئۆز ئۆيىدە قاتتىق ئۇرۇلغان ۋە ئېغىر يارىلانغانلىقتىن ئۆلگەن. قازاقىستاندىكى بىر ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ ۋاكالەتچىسى ئۆلتۈرۈلگەن. بىشكەكتە يەنە بىر ئۇيغۇر ھەرىكىتى «ئىتتىپاق» نىڭ باشلىقى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۆيىنىڭ سىرتىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.(21)

ئۆزبېكىستان ئەسلىدە شاڭخەي ئىتتىپاقىدىكى بەش دۆلەتنىڭ بىرى ئەمەس ئىدى. ئەمما سودا ۋە مەبلەغ تېمىسى بىخەتەرلىك كونتېرتېپىگە قوشۇلغان چاغدا، يەنى 2001 ـ يىلى ئۆزبېكىستانمۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. بۇ دۆلەتنى ئۇزۇشخۇمارلار قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، دۆلەت ئۆلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن ھەتتا ساقال قويغانلىكى ئادەمنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆزبېكىستان تۈرمىلىرىدە 7000 نەپەر سىياسىي مەھبۇس يېتىغلىق ئىكەن.(22) ھۆكۈمەتكە بولغان ئاساسلىق قارشىلىق ئوچۇق ھالدا دىن بىلەن سىياسەت بىرلەشتۈرۈلگەن شەرىئەت دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرىۋېتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىنقىلابچىلار، يەنى ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى ئەزالىرىدىن كېلەتتى. ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىمۇ ئەزالىققا قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئافغانىستاننىڭ روسىيەگە قارشى ئۇرۇشىغا قاتناشقان تەجرىبىلىك ئەسكەرلەر، پاكىستان مەدرىسلىرىدە ئوقىغانلار ئافغانىستاندا تالىباننىڭ تەربىيىلەش مەيدانلىرىدا يېتىشكەنلەر بار ئىدى.

www.uyghurweb.net

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرى سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە قارشى چىققانلارغا ئىنتايىن ئۆچ (كۆپىنچىسى مىللەتچى شەپكىسى كىيىۋالغان سابىق كوممۇنىست جاسۇسلار) ئىدى. بۇلار جۇڭگونىڭ پىلانىغا ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن قوشۇلدى. ئۇلارنى بۇنىڭغا ئۈندىگەن نەرسە پايدىلىق ئىكسپورت توختاملىرى ۋە پاراكەندىچىلەرنى كونترول قىلىشقا ياردەم بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىنامىلەر ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار جۇڭگونىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلىنىپ كەتكەنلىكىدىن قورقاتتى. ئىككى تەرەپنىڭ غەرەزلىك بېسىمى ئاستىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۇيغۇر مۇساپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ دەردىگە پەقەت بۇ ئىشقا دىققەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەيىبلەشلىرى ئارقىلىقلا دەرمان بولغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو سىياسىي بىرۇسى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقان شەھەرلەر تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىدىكىسى ئەلۋەتتە ئىستانبۇل ئىدى. تۈركىيە رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق ئىكەنلىكىنى جاكارلاشتا تارتىنىپ تۇرمىدى. مەسىلەن، سابىق باش مىنىستىر سۇلايمان دەمىرەل تۈركلەر بىلەن «ئىرقداش» ئۇيغۇرلارنى خەنزۇلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا مۇزاكىرە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئىز باسارى تۇرغۇت ئۆزالغا ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئۇيغۇرچە تون (ئۇزۇن چاپان)، دوپپا ۋە بايراق تەقدىم قىلغاندا ئۇ: «مەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئېلىپ بارىمەن... تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمىي يۇرتىدا بىر ئەركىن دۆلەتنى كۆرۈشكە ھەممىمىز تەشنا» دېدى.(23) بېيجىڭدا بۇ گەپنىڭ مەنىسى تۇرغۇت ئۆزال بالقاندىن سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى زېمىننى تۈرك يۇرتى قىلىپ تەسۋىرلىدى دەپ چۈشەندۈرۈلدى.(24) جۇڭگونىڭ نەزىرىدە ئېگەي دېڭىزىدىن سىبىرىيەدىكى ياقۇتستانغا قەدەر ئارىلىقتىكى كەڭ تېررىتورىيەگە ھۆكۈمران بولغان ئوسمانلىلار ئىمپېرىيىسى زامانىدىن قالغان كۆپ دۆلەتلەرگە تارقالغان تۈركچە سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىشى يەنى پانتۈركىزم تىرىلدى. جۇڭگو 19 ـ ئەسىردە بەدۆلەت ياقۇپبەگنىڭ ئىستانبۇلغا ئىلتىجا قىلغانلىقىنى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلتان ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ قەشقەرگە كېلىپ مەكتەپلەردە جەدىتچىلىك مائارىپى يولغا قويغانلىقى ۋە تۈركىيەدىن ئۆمەكلەرنىڭ تەشكىللىنىپ كەلگەنلىكى، باللارغا سۇلتاننى ئۆزىنىڭ رەھبىرى دەپ تونۇشنى ئۆگەتكەنلىكى قاتارلىق تارىخنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

يېقىنقى يىللاردا جۇڭگو ئىككى قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى تۈركىيەدىكى جۇڭگوغا قارشى پائالىيەتلەرنىڭ ئىسپاتى ھەققىدە تۈركىيە رەھبەرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. 2000 ـ يىلى رەئىس جياڭ زېمىن كەلدى. ئۇ دالالەتنى تولۇق قوبۇل قىلدۇرالمىدى. تۈركىيەدە جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە قارشى ئاممىۋى نامايىشلار بولدى. تۈركىيە رەھبەرلىرى جياڭ زېمىنغا ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن ئەمەس، بەلكى تۈركىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى قىممەتلىك «دوستلۇق كۆۋرىكى» دەپ قارىشى ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن زۇڭلى جۇرۇڭجى كەلگەندە (جۇڭگو تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىگە قارىغاندا) بۇلەنت ئەجەۋىتتىن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر «تېررورچىلار» نى كونترول قىلىش توغرىسىدا ۋەدە ئالغان. بۇ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشىدا جۇڭگو ئۆزىنىڭ تۈرك دوستلىرىنى ئۆز ئارا ھەربىي ۋە سودا ئالماشتۇرۇش

www.uyghurweb.net

جەھەتتىكى ئورتاق مەنپەئەتلەرگە دىققەت قىلىشقا چاقىرىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تۈركىيەنىڭ شەرقىي ئاناتولىيەدىكى كۈرد بۆلگۈنچىلەرگە قارشى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقى مەسىلىسىگە ئوخشايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

جۇڭگونىڭ تۈركىيەدىن گۇمانلىنىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. 1999 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىستانبول ساقچىلىرى شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى ناملىق گۇرۇپپىنىڭ بىر ئەزاسى ئىككى نەپەر خەنزۇ رىستوران خوجايىنىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، جۇڭگو ئەلچىخانىسىغا نېفىت بومبىسى ئاتقانلىقى ۋە ئەلچىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ 10 نەپەر ئەزاسىنى قولغا ئالدى. تۈركىيەدە تۇغۇلغان 22 ياشلىق بۇ يىگىت شىنجاڭدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ دادىسىنىڭ يۇرتىدا يادرو ـ خىمىيۋى قوراللارنى سىناق قىلغانلىقىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلغانلىقىنى سۆزلىدى.(25) بىر ئايدىن كېيىن «ياشلار ئۆيى» ناملىق يەنە بىر گۇرۇپ، تۈركىيەدە 2000 نەپەر ئەزاسى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش تانكا كوماندىرلىرى، كۈرەشچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى، بۇلارنىڭ جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. «شىنجاڭ خاماس» دەپ ئاتالغان بۇ گۇرۇپپىنىڭ رەھبىرى ئۆزلىرىنىڭ پەلەستىنلىك تېرروررچىلارنى ئۆرنەك قىلىدىغانلىقىنى تەيۋەندىن كەلگەن بىر مۇخبىرغا سۆزلەپ: «بىز ھەر بىرىمىز بىر بومبا» دېدى.(26) (تەيۋەنلىك زىيارەتچىگە كۆز ـ كۆز قىلىنغان بۇ قەھرىمانلىق تاساددىپىي ئەمەس ئىدى. ئۆتمۈشتە جۇڭگونىڭ سىرتقا ھۇجۇمىنىڭ ھەممىشە ئىچكى توپىلاڭغا سەۋەب بولغانلىقىنى كۆزەتكەن ئۇيغۇر مىللەتچىلەر پات ـ پات جۇڭگونىڭ تەيۋەن ئارىلىدىكى سابىق گومىنداڭ ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىشى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ چىقىشىنىڭ سىگنالى دېيىشەتتى) تۈركىيە تۇپرىقىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ گەپلەر جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ تۈركىيەدىن ئاغرىنىشىغا بىر ئاز باھانە ـ سەۋەب تېپىپ بەردى.

تېخىمۇ ئوبدان دىققەت قىلغان جۇڭگولۇقلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا مەسجىد ۋە مەكتەپلەرگە ياردەم قىلىش مەقسىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىراندىن مەخپىي ھالدا پۇل كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئەمما بۇ پۇل بېرىش ئىشىغا ھۆكۈمەت چېتىشلىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار تېرروررچىلارنى قوللىمايتتى. سەئۇدى ئەرەبىستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس جەمئىيەتلەرنى قۇرۇشىنى چەكلىگەن بىلەن، ئۇلارنىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى مۇساپىرلارغا ياردەم بېرىشىنى توسۇپ قالالمىغان ئىدى. ئامېرىكىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.(27) ھالبۇكى بۇ يەردە ئورتاق پىلان بارلىقىدىن گۇمانلىنىلماقتا. بۇ ئۇسامە بىن لادىن ۋە 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىكى ئايروپىلان بولىغۇچىلارنىڭ سەئۇدىلىق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خان جەمەتىنىڭ بىن لادىن ۋە ئۇنىڭ ساھىپخانى تالىبانغا دۆلەتتىكى ئامېرىكا نىشانلىرىغا يەنە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاز 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قوغدىنىش پۇلى بەرگەنلىكىنى جاكارلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان.(28) ئۇندىن باشقا سەئۇدى ئەرەبىستاندىن تارقالغان ۋەھھابىزمغا بولغان ھېسداشلىق، ئىسلامنى قايتا گۈللەندۈرۈشنى تەشۋىق قىلىدىغان موللىلارنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان تەبلىغلىرى، ياۋرۇپا ۋە ئاسىيا مەسجىدلىرىدە كىچىك ماكانلارغا قانائەت قىلمىغان يىگىتلەرنى جىھاد چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا ئۈندىمەكتە.

www.uyghurweb.net

نيۇيۇرك ۋە ۋاشىنگتونغا تېرروروچىلار ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ بىلەن يېقىن چېگرىداش بولغان پاكىستان ۋە ئافغانىستان بېيجىڭ ئۈچۈن بىر ئەندىشە بولغان ئىدى. جۇڭگولۇق دىپلوماتلار ئىتتىپاقدىشى پاكىستاندىن ئۆز تەسىرىنى تالىبانغا ئىشلىتىپ، تالىباننىڭ ئۇيغۇرلارنى ھەربىي بازىلاردا تەربىيىلىشىنى توختىتىشنى، پاكىستاندا پاناھلىنىۋاتقان گۇمانلىق كىشىلەرنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.(29) 2000 ـ يىلى پاكىستان ئىنىستوتلىرىدا ئوقۇۋاتقان كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار قايتۇرىۋېتىلدى ۋە ئىسلامئابادتىكى قەشقەر رىبات ۋە خوتەن رىبات مېھمانخانىسى ساقچىلار تەرىپىدىن تاقىۋېتىلدى. 1997 ـ يىلى غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن پاكىستانغا قېچىپ چىقىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئون ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر تالىپ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇلار جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە كىرىشى بىلەن 12 نەپىرى تېزلىكتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. يەنە خەۋەرلەرگە قارىغاندا پاكىستاندا تەربىيىلەنگەن ئىككى ئۇيغۇر كاۋكازدىكى چېچەن جۇمھۇرىيىتىدە رۇسىيە قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشكەن ۋە جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

غەربلىك ئانالىزچىلارغا ئوخشاشلا جۇڭگولۇقلار پاكىستاندىكى مەدرىسىلەرنى مۇسۇلمان دىنىي ئەسەبىيلەرنى تەربىيىلەيدىغان ئۇۋا، ئەل ـ قائىدە بولسا ئۇلارنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان مەكتەپ خالاس دەپ قارايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ جۇڭگونى ئافغانىستاندىكى تالىبان ھۆكۈمىتىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياردەم بېرىشتىن توسۇپ قالالمىدى. ئەركىن ئالىپتېكىن جۇڭگونىڭ تالىباننى قوللىنىپ ئوتتۇرا شەرقتىكى مول نېفىت زاپىسى بار دۆلەتلەرنى مۇقىمسىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغانلىقىنى ۋە 1998 ـ يىلى تالىبان بىلەن قوغدىنىش كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقى، تالىباننىڭ ئامېرىكا ئافغانىستانغا تاشلاپ پارتلىماي قالغان باشقۇرىلىدىغان بومبىلارنى جۇڭگوغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.(30)

جۇڭگونىڭ تەشكىللىك تېرروروچىلار تەھدىتى توغرىسىدىكى گۇمانى ئامېرىكىنىڭ 2001 ـ يىلى كۈز پەسلىدە ئافغانىستاندىكى ئەل ـ قائىدە تېرروروچىلار بازىسىغا ئىنتىقام ئېلىش خاراكتېرلىق ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى بالا ـ قازاغا ئۇچراتقانلىقى ھەققىدىكى دەسلەپكى خەۋەرلەر بىلەن ئىسپاتلاندى. بۇ خەۋەردە بىر قىسىم «جۇڭگولۇق» ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنغان. ئامېرىكا قوشۇنلىرى تالىبانغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ھەقىقەتەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئەسىرگە ئالغان. بېيجىڭ 1000 نەپەر شىنجاڭلىق مۇسۇلمان ئوسامە بىن لادىن مەيدانلىرىدا مەشىقە قاتناشتۇرۇلغان دەپ مۆلچەرلىدى. ھالبۇكى، بۇ مۆلچەردىكى سان بەك يۇقىرى بوپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ جۇڭگو ئىچىدىكى ۋە يا سىرتتىكى ئۇرۇشلار ئۈچۈن تەربىيىلىنىپ ـ تەربىيىلەنمىگەنلىكى باشقا بىر مەسىلىدۇر.

مۇھاجىرلار جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ پرېزىدېنت بۇشنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن «تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش» قوزغىغانلىقى پۇرسىتىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن مىڭلىغان كىشى قامالغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. بەزى رايونلاردا دىنىي ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە بولغان چەكلىمىلەر ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن قانۇنسىز ئۆلتۈرۈش، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشقا قارشى نارازىلىقلار

www.uyghurweb.net

يېڭۋاشتىن كۆچەيگەن. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ھېسابلانغان توي مۇراسىمى، دەپنە مۇراسىمى، خەتنە قىلىش، ئۆي كۆچۈش، ھەتتا مۇنجاق ئېسىش ئىشلىرىغا قەدەر چەكلىمىلەر ئاۋۇغان.(31)

2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ بىر باياناتچىسى جەمئىيەتتىكى غولغۇلىغا رەددىيە بېرىش يۈزىسىدىن ئېلان قىلىنغان بىر باياناتتا چېگرا رايونلاردا چوڭ تىپتىكى ھەربىي مانۆۋىر ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەتنىڭ پەقەتلا «جىنايى ھەرىكەتلەر» گە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى، بۇنىڭدا مەلۇم بىر مىللەت ياكى دىنىنىڭ نىشانغا ئېلىنمىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى قانداقتۇ بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «باستۇرۇش» ئىشىنى باشلىغىنى يوق ھەم بۇنداق قىلىشى زۆرۈر دەپمۇ قارىمايدۇ» دېدى.(32)

جۇڭگو رەھبەرلىرى زارىقىپ كۈتكەن ئىشنى ئامېرىكا ئۆزى باشلاپ بەردى. يىللاردىن بېرى جۇڭگونى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشتا رىكورت ياراتتى دەپ تەنقىد قىلىۋاتقان، ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلدى دەپ ئاگاھلاندۇرىۋاتقان ئامېرىكا 2002 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ناملىق بىر گۇرۇپپىنىڭ پۈلىنى توڭلىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چۈنكى بۇ گۇرۇپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېرروررچى تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. ئامېرىكا گۇۋۇيۇەنىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى «جۇڭگودا مەخپى ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، ئاپتۇۋۇز پارتلىتىش، كىنوخانا، سودا سارايلىرى، بازار ۋە مېھمانسارايلارنى پارتلىتىش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى نۇرغۇن قېتىم سادىر قىلغان».(33)

بۇنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا خەتەرلىك دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىق توغرىسىدىكى داۋرىڭى ئىسپاتلانغاندەك بولدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇر رەھبەرلەر بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇردى. ئامېرىكىنىڭ باياناتى گويا ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى زوراۋانلىقنىڭ تېررورىزم بىلەن ئالاقىسى يوقلىقى، ئۇنىڭ پەقەت جۇڭگونىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتىگە قارشى خەلقنىڭ تەبىئى ئىنكاسى ئىكەنلىكىگە دۇنيا خەلقىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى نۆلگە ئايلاندۇرىۋەتكەندەك قىلاتتى. بۇ ھەقتە مىيونخىندا تۇرۇشلۇق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى: «ئۇيغۇر ھەرىكىتىنى تېررورچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش جۇڭگونىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتىنى تىزلىتىشكە يېشىل چىراق يېقىپ بەردى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېررورچى دەپ ياساپ ـ جابدۇپ كۆرسەتكەن تەشۋىقات جېڭىنىڭ بىر قېتىملىق غەلىبىسىدۇر» دېدى.(34)

گۇمانلانغۇچىلار ئامېرىكىنىڭ نيۇيۇرك ۋە ۋاشىنگىتون ھۇجۇمغا ئۇچراپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قارارغا كېلىشى، بۇ تەشكىلات (ئىلگىرى جۇڭگو نۇرغۇنلىغان پەرقلىق ئىسمى بار گۇرۇپپىلارنى قارىلىغان ئىدى) ھەققىدە قاتتىق دەلىل ـ ئىسپاتلارنى توپلىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى پرېزىدېنت بوش ئالدىلقاچان پىلانلاپ بولغان ئىراق ئۇرۇشىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دەپ كۆرسەتتى.

غەربلىك باھالىغۇچىلار جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى توپەيلى غەربنىڭ تەنقىدىگە مەرۇز قالماسلىقى ئۈچۈن ھەمىشە شىنجاڭدىكى تېررورچىلارنىڭ سانىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ

www.uyghurweb.net

كۆرسەتكەنلىكىگە ئىزچىل ئىشىنىپ كەلدى. جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە ئۆزگىچە كۆز قاراشقا ئىگە بىر ئامېرىكىلىق ئەرباپ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ھەمىشە ئۇيغۇرلار تەلىم ئېلىش ئۈچۈن تالىبانىنىڭ يېنىغىمۇ كېتەرمۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. ئەلۋەتتە كېتىدۇ، ئەگەر بۇ يەردە يول بولسا. چۈنكى بۇ كىشىلەرنىڭ باشقا تاللاش يولى يوق. بۇلار ھەممىسى چىقىش يولى تاپالماي قالغان ئىنسانلار. ئەگەر بىر كىم ئۇلارنى ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن تەمىنلىسە ئۇلار بۇنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگىمۇ كەلگەن بولاتتى».(35)

مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ تەجرىبىسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، سەرسانلىقنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئاسانلا روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە تەپرىقچىلىق كېلىپ چىقتى. روھىي چۈشكۈنلۈك مۇساپىرلارنىڭ جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. بۇ كەيپىيات ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوينىغا ئالغان ساھىپخانىغا بولغان تۇيغۇلىرىغىمۇ تەسىر قىلدى. بۇ ھالەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن داڭلىق مۇھاجىر سولژېنىتسىننىڭ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان چاغدىكى روھىي ھالىتىگە بەكلا ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ بىرى شىنجاڭلىق مۇھاجىرلارغا ھەققەتەن ئورتاق ھالدا بىلىنگەن تايانچسىزلىق ۋە ياتسىراش تۇيغۇسىدۇر.

ھالبۇكى، بەزىلەر سىياسىي مۇنازىرە قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى توغرا ئەمەس دەپ قاراپ، بۇ خىل مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىشنى رەت قىلدى. ئۇلاردىن بىرەيلەن مۇنداق دەيدۇ: «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى پاراڭلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى. ئەللىك يىللىق ئىشغالىيەتتىن كېيىنكى مۇھاجىرلارنىڭ خىزمەت كۆنتەرتىۋى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەگەر ۋەتەندىكى خەلقكە خەنزۇلارغا قىلىنغان مۇئامىلىنىڭ 50% پىرسەنتى قىلىنغان بولسا، ئۇلار رازى بولغان بولاتتى». چەتئەلگە چىققانغا ئازراق پۇشايمان قىلغان بەزىلەر ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۈمىتسىز بىچارە كىشىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ توغرا قىلغانلىقىنى تونۇپ قايتىپ كەلگەن. چەتكە چىقىپ كېتىشنىڭ پايدىسىدىن گۇمانلانغان ئائىلىسى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى ئەمدىلىكتە ئۇلارغا ئوچۇق ھالدا ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلىدىغان بولغان. چەتئەلدە ئون يىل تۇرۇپ 2001 - يىلى ئۈرۈمچىگە قايتقان بىر مۇھاجىر ئىلگىرىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە كەچلىك تاماققا داخىل بولغان. ساۋاقداشلىرىدىن بىرى: «سەن چىقىپ كېتىپ ياخشى قىلدىڭ» دېگەن.(36)

مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا شىنجاڭ سىرتىدىكى (چەتئەلدىكى) بۆلگۈنچىلەرنىڭ پىلانىغا ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئىچىدىكى ئائىلىسى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى قارشى چىقماقتا. چۈنكى بېيجىڭ «يەنە بىر كەشمىر» ياكى «ئاسىيادىكى كوسوۋو» ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنى قانچە كۆپ تاپشۇرۇۋالغانسېرى، دۆلەت ئىچىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالارغا شۇنچە قاتتىق زۇلۇم سالىدىغان بولۇپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارغا گەرچە ئانا تىلىدا سۆزلەش ۋە بەزى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى داۋام قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ساھەلەردىكى رولى بارغانسېرى ئاجىزلىماقتا. سالاھىيىتى شۇنچە غۇۋا ۋە تۇتۇقلاشماقتا. بىرەيلەن ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى خەنزۇ ئىشغالچىلار تەرىپىدىن ياسالغان «ئويدۇرما سالاھىيەت» كە ئايلىنىپ قالماقتا. شىنجاڭدىكى ئىرقى كەمسىتىشنى كېيىنكى باپتا مۇلاھىزە قىلىمىز.

www.uyghurweb.net

ئىزاھاتلار

(1) فوربېس: «مىلىتارىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» قوشۇمچە 1، 254 ـ بەت.
(2) ئا. دوئاك بارنېتت بۇنى فوربېسنىڭ «مىلىتارىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار» 224 ـ بەتتىن نەقىل ئالغان.
(3) لىئاس: «قازاقلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ سىرتقا چىقىشى» 191 ـ بەتلەر.
(4) دولقۇن ياسىن: ئۇيغۇر ئۇچۇر ئاگېنتلىقى 2000 ـ يىل 20 ـ نويابىر.
(5) مۇئەللىپنىڭ سۆھبىتى.
(6) بېنسون: «شەرقىي تۈركىستان سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار» 3 ـ 4 ـ بەتلەر.(فرانسۇزچە).
(7) بېنسون: «شەرقىي تۈركىستان سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار» 4 ـ بەت.
(8) بېنسون: «شەرقىي تۈركىستان سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار» 5 ـ 6 ـ بەتلەر.
(9) شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق. 2001 ـ يىل 18 ـ ئۆكتەبىر. ئەركىن ئالىپتېكىننىڭ شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىدا ھېچقانداق ۋەزىپىگە تەيىنلەنمىگەنلىكى، ئەمما ۋاكالەتسىز مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ تەشكىلاتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورگاننىڭ باش كاتىپى ئىكەنلىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.
(10) ساۋچاڭچىلىڭ: «جۇڭگونىڭ باشقا ئۆلكىسىنى ئازات قىلىش ئۇچۇن كۈرەش»، «تەيبېي ۋاقتى» گېزىتى، 1999 ـ يىل 10 ـ نويابىر.
(11) «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشغالىدىن يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى» ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق. 2001 ـ يىل 17 ـ ئۆكتەبىر.
(12) تىمونسي كۈپېر: جۇڭگو دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ «سەيياره ئەلچىسى» 2001 ـ يىل 17 ـ ئۆكتەبىر.
(13) مۇئەللىپنىڭ سۆھبىتى 2001 ـ يىل ئۆكتەبىر.
(14) مۇئەللىپكە يېزىلغان تەقرىز. 2002 ـ يىل 21 ـ مارت.
(15) كېيىنكى كىشى ئىتالىيەدىن كەلگەن سابىق ئاكتىپ ئوقۇغۇچى ۋە سولقانانلار پارتىيىسىدىن ئېمما بونىنو. نامى چىققان جۇڭگولۇق ۋېي جىڭشېڭ بۇ پارتىيىنىڭ ئەزاسى.
(16) جۇڭگو كومپارتىيىسى سىياسىي بيروسى يىغىنىنىڭ يىغىن خاتىرىلىرى 1996 ـ يىل 19 ـ مارت.
(17) راشىد: «جىھاد» 202 ـ بەت.
(18) « Financial Time» 1998 ـ يىل 17 ـ ئىيۇن.
(19) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى «ئالاھىدە خەۋەر» 8 ـ بەت.
(20) «ئۇيغۇر ئىشلىرىغا نەزەر» 1 ـ جىلد، 1 ـ سان. 2001 ـ يىل سىنتەبىر.
(21) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى «ئالاھىدە خەۋەر» 8 ـ بەت.
(22) «خەلقئارا خەۋەرچى مۇنبىرى» 2001 ـ يىل 2 ـ ئۆكتەبىر.
(23) شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان 1992 ـ يىل مارت.

www.uyghurweb.net

(24) «خەلق گېزىتى» 1992 ـ يىل نويابىر.
(25) رېتېر ئاگېنتلىقى 1999 ـ يىل 11 ـ ئۆكتەبىر.
(26) «تەيبېي ۋاقتى» گېزىتى 1999 ـ يىل 10 ـ نويابىر.
(27) بېسسون: «شەرقىي تۈركىستان سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار» 5 ـ بەت (فىرانسۇزچە)
(28) «يەكشەنبە ۋاقتى» گېزىتى 2002 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست ئامېرىكىدىكى شىكايەتلەرنى خەۋەر قىلغان. 1995 ـ يىلى نويابىردا ۋە 1996 ـ يىل ئىيولدا ئامېرىكىلىق خىزمەتچى خادىملار سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بازىلاردا تېررورچىلار ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلگەن.
(29) « Financial Time» 2001 ـ يىل 18 ـ ئۆكتەبىر. «خەلقئارا خەۋەرچى مۇنبىرى» 2001 ـ يىل 12 ـ نويابىر.
(30) «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشغالىدىن يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى» ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن بىر نۇتۇقتىن تەرمىلەر. بىرۇسېل 2001 ـ يىل 17ـ ئۆكتەبىر.
(31) خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2002 ـ يىل 22 ـ مارت. «خەلقئارا خەۋەرچى مۇنبىرى» 2001 ـ يىل 12 ـ نويابىر. فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى 2002 ـ يىل 8 ـ يانۋار.
(32) « Financial Time» 2002 ـ يىل 22 ـ يانۋار.
(33) Philip T. Reeker of the US State Department «نىيۇيورك ۋاقتى» 2002 ـ 13 ـ سىنتەبىر.
(34) ئەنۋەرجان: شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كولىن پوۋېلغا يازغان مەكتۇپتىن تەرمىلەر 2002 ـ يىل 7 ـ ئۆكتەبىر.
(35) پروفېسسور درۇگلادنىي، ھاۋايى ئۇنىۋېرستېتى. «نىيۇيورك ۋاقتى» 2000 ـ يىل 19 ـ نويابىر.
(36) مۇئەللىپكە يېزىلغان تەقرىزلەر.

# ئونىنچى باب ئايرىم مۇلاھىزىلەر

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان مارالبېشى پاختا زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى كوممۇنىست جۇڭگودىكى بارلىق سانائەت ئىشچىلىرىغا ئوخشاش سوۋېت مودېلى بويىچە زاۋۇت ئىچىدە ياشايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يولداشلاردىن پەرقلىق بىر تەرىپى شۇكى، ئۇلار بىرى خەنزۇلار، يەنە بىرى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن تەييارلانغان ئىككى ئايرىم چوڭ ھويلا ئىچىدە ياشايتتى.
ھەر كۈنى ئەتىگەن زاۋۇتقا ئىشقا بېرىش ئۇچۇن خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلىسىدىن ئۆتۈپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ يەردە ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتلىرى قاۋاپ تالايتتى ۋە قوغلايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار شەھەر مەركىزى ۋە بازارغا بېرىش ئۇچۇن خەنزۇلارنىڭ ھويلىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى ۋە ئۇلارغا خەنزۇلارنىڭ ئىتلىرى ھۇجۇم قىلاتتى. ئەلۋەتتە ھەر ئىككى ھويلىدىكى باللار ئۆز ئارا بىر ـ

www.uyghurweb.net

بىرىگە تاش، چالما ـ كېسەك ئېتىشاتتى. بەزىدە يۈز ـ كۆزى قانغا بويىلاتتى. ھەر ئىككى تەرەپتە تەبىئىكى بالىلار كۆپ بولۇپ، قارشى تەرەپكە تاش ئاتاتتى.

ئىككى مىللەتنىڭ بالىلىرى ئايرىم ياشايتتى ۋە ئوخشىمايدىغان مەكتەپلەرگە باراتتى. بىر ئالاھىدە ئەھۋال شۇكى، زاۋۇت پارتكومىنىڭ ئۇيغۇر مۇئاۋىن سېكرېتارىنىڭ خەنزۇلارنىڭ ھويلىسى ئىچىدە ياشىشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، بەزىدە خەنزۇ زاۋۇت باشلىقى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مۇئاۋىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى يوقلاپ قوياتتى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن بۇنى ئەسلىگەن ئۇيغۇر بالىلاردىن بىرى «بۇ يەردىكى ئەھۋال شىمالىي ئىرلاندىيەدىكىدىن ناچار ئىدى. ئۆز ئارا ئالاقە يوق، ھەتتا ئورتاق تىلمۇ يوق ئىدى» دەيدۇ.(1)

1970 ـ يىللاردىكى ئۇ كۈنلەردە چالماچاقىدا خەنزۇ بالىلار يېڭىلىپ قالاتتى. ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى. شىنجاڭدا ياشاۋاتقان خەنزۇلار ئېھتىمال سانى ئۇيغۇرلاردىن جىقراق ۋە زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقانلار سانىمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى. مەسىلەن: ئۇيغۇر يۇرتى قەشقەردىكى بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا 12 مىڭ 800 نەپەر ئىشچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاران 800 ى ئۇيغۇر.

مارالبېشى پاختا زاۋۇتى تاقالدى. توغرىسى ئۇنى كېڭەيگەن شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى دېگەن تۈزۈك. زاۋۇتنىڭ تېمى ۋە قوغداش بۆلۈمى ئۆدۈلىدىكى دېرىكتور ئىشخانىسى، ئامبار ۋە ماشىنا چاقى ئىزلىرى قالغان چوڭ ئاسفالت مەيدان قاتارلىقلار يەنىلا ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئىلگىرىكى ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ھازىر چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇ ھويلا ئىچىدە ياشىماقتا. بۇ ھويلىنىڭ كۆپ قىسمى ياغاچ مەيدانغا ئايلىنىپتۇ. بالىلار ئۇستىدىن تاش ئېتىشىپ ئوينايدىغان تام يەنىلا جايىدا تۇرۇپتۇ.

مارالبېشىدا ئۆزگىرىشلەر كۆپ. پاختا زاۋۇتىغا بارىدىغان يولنىڭ بېشى ئىچكىرى جۇڭگودىن كەلگەن جىنايەتچىلەرنى ئۆدۈل شىنجاڭدىكى ئەمگەك مەيدانلىرىغا ئېلىپ بارىدىغان پويىز بېكىتى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە. 2002 ـ يىلى مەن كۆرگەن چاغدا بۇ يەرلەردە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلماقتا ئىكەن. قارىماققا ئولتۇراق ئۆيلەر سېلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. پاختا زاۋۇتىدىن ۋەلىسىپىت مىنىپلا بارغىلى بولىدىغان ئىلگىرىكى شەھەر مەركىزى ھازىر نامرات بىر چەت ياقىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ يەردە پەقەتلا ئۇيغۇرلار ياشىماقتا ئىدى. چوڭ يولغا تۇتاش تار كوچىلاردا چاڭ تۇزان ئۆرلەپ تۇراتتى. بۇ يەرلەردە قاتار كەتكەن ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئۆيلىرى بولۇپ، بۇلار لايدىن ۋە سېغىزدىن سېلىنغان ۋە بەزىلىرى خىشتىن قايتا سېلىنغان ئۆيلەر ئىدى. چوڭ مەسجىدنىڭ دالىنى ئىنتايىن كونىراپ كەتكەن ئىدى. كوچىنىڭ سىرتىدىكى بازار تەنزىكەشلەر، ئېشەك ھارۋىسى، مەپە ۋە تېزلىكتە قىستىلىپ ئۆتىۋاتقان مۇتىسكىلىتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. نامراتلىق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر دېھقان بوۋاي ئالدىغا چاپىنىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ يېشىل پىياز (سۇڭپىياز) سېتىۋاتاتتى. ئۇزۇن پىچاق كۆتىرىۋالغان ئىككى ئايال بىر ـ بىرىگە قاراپ دۈەيلەپ جېدەللىشىۋاتاتتى.

بازاردىن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىنكى يول بىر ئۆستەڭگە تۇتىشاتتى. بۇ ئۆستەڭ ئىلگىرى قىرغاقلىرى ياپ يېشىل ئېگىز دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان بىر دەريا ئىدى. پاختا زاۋۇتىنىڭ بالىلىرى يازدا تۇمۇز ئىسسىقتا مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە سۇغا چۈمۈلەتتى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بىرقانچە بالا بۇ يەردە سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالغان ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ

www.uyghurweb.net

ئۆستەڭدىن توخۇلارمۇ ئۆتەلەيدۇ. بۇ يەرگە تاشلانغان ئەسكى ـ تۈسكى ئەخلەت ـ چاۋا، سۇلىياۋ خالتىلار ۋە پاسكىنا نەرسىلەر تۆپىلى سۇ ئېقىنى توسۇلۇپ قالغان.

بۇ تەرەپلەردە خەنزۇلار كۆرۈنمەيتتى. پاختا زاۋۇتىدىكىگە ئوخشاش خەنزۇلار كەڭرى كوچىلىرىدا قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار، ئىشخانىلار قەد كۆتۈرگەن يېڭى شەھەر رايونىغا كۆچۈپ كېتىشكەن قۇملۇقنىڭ ئەتراپىغا قەدەر ئۇزالغان كەڭرى كوچا يوللىرىغا پىيادىلىكلەر يولى بىلەن ماشىنا يولىنى ئايرىش ئۈچۈن توسمىلار ياسىلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بۇ يەردە مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئاۋازى يوق. پەقەت پارتكومىنىڭ كانايدا خۇشخەۋەر جاكارلاپ تۇۋلىغان ئۈنلۈك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. 40 مىڭ كىشىلىك ئاھالىسى بار مارالبېشى ناھىيىسى ئوتتۇز يىل ئىچىدە 240 مىڭ كىشىلىك نوپۇسى بار بىر شەھەرگە ئايلاندى. شەھەر شەرقتىن كېلىۋاتقان كۆچمەنلەرگە قونالغۇ بولۇش ئۈچۈن ھەدەپ كېڭەيتىلمەكتە. ئەمما بۇ يەردىكى پېشقەدەم ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ كونىسېرى قورۇپ كىچىكلەۋاتقان دەرياسىغا قاراپ ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە باش چايقىماقتا. ئۇلار دەريا تەلتۆكۈس قۇرۇپ كېتىشتىن ۋە تەبىئەت ئۆزى توختا دەپ توۋلاشتىن ئىلگىرى شەھەر يەنە قانچىلىك كېڭىيەلەيدۇ دەپ سورىدى.

جۇڭگولۇقلار كەلگۈسى ھەققىدىكى خاس تەسەۋۋۇرلىرىنى شىنجاڭدا گەۋدىلەندۇرمەكتە. مارالبېشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ھەممىلا يەردە ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن رايونلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېڭى شەھەرلەر بىنا قىلىنىپ، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار شەھەر سىرتىغا ھەيدەلدى. ئۇلار شەھەر ئەتراپىدا بىر ـ بىرىگە كاۋاپ ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى سېتىپ جان باقىدۇ. شەھەرلەردىن سىقىپ چىقىرىلغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى يېزىلاردا ياشايدۇ. ئەمما بۇ خىل سىقىپ چىقىرىش ئۇزۇل ـ كېسىل ئەمەس. يەنى ئۇيغۇر كادىرلار ئائىلىسى خەنزۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە بىنالاردا ئولتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار رايونىغا يەرلەشكەن ۋە ئەڭ جاپالىق ئىشلارنى قىلىدىغان بەزى نامرات خەنزۇ كۆچمەنلەرنى ئۇيغۇر خوشنىلىرى قوبۇل قىلغان.(2)

مارالبېشىنىڭ شەرقىگە ۋە تەڭرىتاغلىرىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان كۇچا بۇ جەھەتتە تىپىك بىر مىسالدۇر. ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى بۆك ـ باراقسان ئاق تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان قىستا ـ قىستاڭ تار كوچىلىرى دەريا قىنىغا قەدەر تۇتاشقان كونا شەھەردە ياشايدۇ. ئۇزۇن قورغاقچىلىق پەسىللەردە دەريا قىنىدا مال ـ ۋاران سودىسى بولىدۇ. كۆۋرۈك يېنىدا مەسجىد بار. تەكشىسىز يول ئەتراپىدا رەتسىز تىزىلغان دۇكان ۋە تەنزىلەر ئېچىلىغلىق. چوڭ يول ئۈستىدىكى يولى ئاسفالىت كوچىلاردا زامانىۋى بىنالار ۋە مېھمانسارايلار قاتار تىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئۇدۇل خەنزۇلار تۇرىدىغان شەھەرگە ئېچىلىدۇ.

پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمي مۇسۇلمان شەھىرى قەشقەر ھازىر كىچىك بىر پايتەختكە ئايلاندۇرۇلۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە. مارالبېشىدىكىگە ئوخشاش، تۇپا تاملار ۋە چوڭ دۇقمۇشلار يۇقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا كونا شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئاسفالىت يوللار ياسالغان. خەنزۇلار قەشقەرنىڭ مۇھىم مەركىزىنى خەلق مەيدانى، يەنى بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى شەكلىدە پائالىيەت مەيدانى قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. قەشقەردىكى خەلق مەيدانىدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ يوغان ھەيكىلى قاراپ تۇرىدۇ. ساياھەت قوللانمىلىرىدا بۇ مەيدان تاكى «رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى نوقتىسى» قىلىپ بېكىتىلگەندىن باشلاپ، قەشقەردىكى بىرىنچى

www.uyghurweb.net

دەرىجىلىك ساياھەت قىلىنىدىغان يەر دەپ يېزىلغان. بۇ مەيدان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تاش كۆۋرۈكلەر، ئەژدىھالار ۋە يەرلىك چاخچاقچىلار «مۇشۇكلەر» دەپ ئاتايدىغان جۇڭگوچە شىر ھەيكەللىرى ۋە يان تەرەپكە ئېسىلغان قىزىل يوغان پانۇسلار بىلەن زىننەتلەنگەن. مەيداننىڭ شەرقىدە خەلق كۆچىسىدىن پەسكە قارىغان يەردىكى سۈنئىي كۆلدە مۇنار ۋە ئارال شەكلى بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە يوغان بىر چاقپەلەك بار ئىدى. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى بولسا باراقسان تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان سالقىن بىر باغچا بولۇپ، كىشىلەر دەم ئېلىش كۈنلىرى بۇ يەردە سەيلى قىلىشاتتى. توپ ـ توپ ئۇيغۇر كىشىلەر ناخشا ئېيتىشاتتى، پىۋا ئىچىپ مەست بولاتتى ۋە ئۇرۇشاتتى.

سىز شەھەر سودا رايوننىڭ لايىھىلىنىشىگە قاراپ، قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىردىن ئازراقىنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكىنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەيسىز. بۇ شەھەر خۇددى خەنزۇلارنىڭكىدەكلا لايىھىلەنگەن. يەنە تېخى كۆچىسىنىڭ غەربى ئۇچچىدا مەخسۇس ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان خەنزۇلار ئۇچۇن ئۇلارغا خاس دۇكان، بازار ۋە ئاشخانىلار بار. بۇ قەدىمي شەھەر قورشىۋېلىنغان بولسىمۇ ئەمما تەسلىم بولمىغان. ئۇنىڭ پارقىراق زامانىۋى قېپى ئاستىدا چاڭ ـ تۇزان باسقان ئۇيغۇر شەھىرى يەنىلا نەپەس ئېلىپ تۇرماقتا. سېغىز خىشنىڭ ئورنىغا سىمۇنىت خىش ئالماشتى. نۇرغۇنلىغان تۇڭلۇكلۇك ئايۋانلار يوقالدى. كوچىلارغا زەگەرچىلىك دۇكىنى، ياغاچچىلىق دۇكىنى، ساتىراشخانا، ناۋايخانا، ئاشخانا ۋە چايخانا قاتارلىقلار تىزىلىپ كەتتى. شەھەرنىڭ ھەقىقى مەركىزى بولسا پانۇس ئېسىلغان مەيدان ئەمەس، بەلكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ سىرتىدىكى چوڭ مەيدان بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرگە يىغىلىپ ئاياغ ۋە كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ ـ ساتاتتى. چاي ئىچىشەتتى، پاراڭلىشاتتى ۋە ياغاچ بوتكىلارنىڭ ئالدىدا توپلىشىپ تېلېۋىزور كۆرەتتى.

ئۆلكىنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان شەھىرىدىمۇ كىچىلىرى نىئون لامپىلىرى پارلاپ، رۇژىېستۇۋۇ ئارچىسى ئۈستىدىكى زىننەت چىراقلىرى نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىر يېڭى جۇڭگو شەھىرى بار. شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ خىل ئۇسلۇپتىكى يېڭى بىنالار، زاغرا تىلدا «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال زامانىۋىلاشقانلار» دەپ تەسۋىرلەنگەن. كۆك رەڭلىك ئەينەك ۋە ئاپپاق چىنە خىشلار مودا بولغان. بەزىلەر بۇنى چىرايلىق دەيدۇ، بەزىلەر سەت دەيدۇ. گەرچە ئىسلامى ئۇسلۇپتا لايىھەلەنگەن بىنالار ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ، ئەمما كۆپىنچىسى ھەقىقەتەن ئامېرىكىدىكى بىنالارغا ئوخشايدۇ. بەلكىم بېيجىڭ شىنجاڭنى يېڭى كالىفورنىيەگە ئوخشىتىشنى خالىسا كېرەك، يەنى تۇرپاننى كىچىك لاس ۋېگاس، قەشقەرنى دەنۋېر، ئۈرۈمچىنى بولسا لوس ئانجىلىس كەبى دېگەندەك.

بىر چاغلاردا ناھايىتى ئاسانلا كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان پايتەخت شەھەر ئۈرۈمچى 1930 ـ يىللاردا «كۆچىلىرىدا تۆگىلەر سۇغا غەرق بولىدىغان قۇملۇقتىكى شەھەر» دېگەن ئىسىم بىلەن نامى چىققان.(3) 1980 ـ يىللاردا ئۇ يەنىلا بىر كىچىك شەھەر ئىدى. بۈگۈن 1930 ـ يىللاردىكى ئامىۋى بىنالار ھەممىسى چېقىپ تاشلاندى. ئۈرۈمچى ئاسىيادىكى ئاۋات شەھەرلەردىن بىرىگە ئايلاندى. ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز بىنالار بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك، پىرامىدا ۋە مۇنارلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ سودا سارىيىنىڭ ئارقىسىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت سارىيى ئاق مەرمەردە بىزەلگەن بىر يېڭى كلاسسىك ئوردىدۇر. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تامدىن 1933 ـ يىلى قورقۇنچاق دوبەن جىن شۇرېن سەكرەپ قاچقان ئىدى. بۇ يەردىمۇ شىنجاڭنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكىگە ئوخشاش زامانىۋىلىشىش يۇقىرى پەللىگە چىقماقتا. بەش يولتۇزلۇق مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ ساپ قەھۋە ئىچەلەيسىز. گېرمانىيەدە

www.uyghurweb.net

تىكىلگەن كاستيوملارنى ئالالايسىز. ئىنتېرنېت تورخانىلىرىغا كىرەلەيسىز ۋە شەخسلەر ئاچقان ئۈۋۈلاش ئۆيلىرىدە پۇتلىرىڭىزنى ئۇۋۇلىتىپ راھەتلىنەلەيسىز. ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىق جەنۇبى ئازاتلىق يولىدىكى بىر قانچە كوچىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەردە مەسجىدلەر، بازارلار ۋە دۇكانلار بار. ئۈرۈمچىگە نىسبەتەن ئۇيغۇرلار ئاز سانلىق (بىر مىليون 250 مىڭ ئاھالىنىڭ 13 پىرسەنتى ئۇيغۇر)، مانجۇلار (چىڭ سۇلالىسى) زامانىدا بىنا قىلىنغان ۋە دىخۇ دەپ ئاتالغان ئۈرۈمچى ھازىر جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتماقتا.

شىنجاڭدا خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئى ئايرىملىق ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئەمەس. بىز مانجۇلارنىڭ قانداق قىلىش ئارقىلىق ئىشغال ئاستىدىكى خەلقلەرنى باشقۇرغانلىقىنى، جۇڭگولۇق كۆچمەنلەرنىڭ بۇ يېڭى زېمىندا ئولتۇراقلىشىشىنى مەنئى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. 1865 ـ يىلى ئۇچتۇرپاندا پارتلىغان «جىگدە قوزغىلىڭى» دىن كېيىن، جۇڭگولۇق تىجارەتچىلەر يەرلىك سودىگەرلەردىن ئايرىم ياشاشقا بۇيرۇلغان، يەرلىكلەرنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن، چېرىكلەرنىڭ تۇركلەر ئولتۇراقلاشقان رايونىغا كىرىشى مەنئى قىلىنغان. بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى ئايرىمچىلىق شۇ تارىختىن قەپقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش دېگەن سۆز ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

ھالبۇكى، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى كىچىكرەك بوستانلىق شەھەرلەردە خەنزۇلارنىڭ ئوبرازى خۇنۇك. كومپارتىيە ئەمەلدارلىرى تويوتا ماركىلىق ماشىنىلارنى ھەيدەپ ئېشەك ھارۋىسىدا ماڭغانلارغا يۇقىرى ئاۋازدا سىگنال بېرىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈشۈپ كېتىدۇ. جۇڭگودىكى بۇ ھوقۇقدار كادىرلار ھەشەمەتلىك مېھمانسارايلاردا تۆگمەس يىغىنلارنى ئېچىپ زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش نەتىجىدە شەھەردىكى سېغىز خىشلارنى ئاخىرى سمۇنت خىشلارغا ئايلاندۇردى.

نەچچە ئون مېتىر يىراقلىقتا ھايات ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزگەرمەي داۋام قىلىۋاتاتتى. يول توپىلاڭ ئىدى. ئۆستەڭنىڭ ئۇستىدە بىر زاكو چوقچىيىپ تۇراتتى. كىۋەز، بۇغداي ۋە قۇناق ئېتىزلىرىنىڭ ئارىسىغا قۇم بورانغا قارشى تۇرسۇن دەپ ئاق تېرەكلەر قېلىن ھالدا رەتلىك تىكىلگەن ئىدى. توپىلاڭ يولنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە لاي ۋە سېغىزدا سېلىنغان پاكار ئۆيلەر ياكى ئورمان ۋە ئاكاتسىيە دەرىخى تۇراتتى. ھەر ئۆينىڭ ئۇتتۇنخانىسى ۋە ئېشەك، توخۇ، ئۆچكە، قويلارنى سۇلايدىغان ئېغىللىرى بار ئىدى.

قۇملۇققا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شىمالىي يۆنىلىشكە ئاقىدىغان دەريانىڭ بىر تارماق ئېقىنىغا ئەگىشىپ ئۇ قۇملۇققا سىڭىپ غايىپ بولىدىغان يەرگە كەلگەندە بىر قانچە خەنزۇنى كۆرەلەيسىز. ئۇلار بەلكىم ئارخىئولوگلار ياكى نېفىت چارلىغۇچىلار بولىشى مۇمكىن، كېرىيە دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا مەن بىر ئولتۇراق يەرنى زىيارەت قىلغىنىمدا، ئۇنىڭغا غەلىتە ھالدا «جۇڭگولۇقلار بۇ يەرگە كەلگەن» دەپ نام قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. تېرەك شاخلىرىدا سېلىنغان بىر قانچە كەپە ئىككى ئاكا ـ ئوكا ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، تۆت كەپە ئىچىدىكى ئەڭ چوڭىدا گۈلخان يېقىپ تاماق پۇشۇرۇلىدىكەن. كەپە ئىچىدە پاختا كۆرپە، كىگىز ۋە پاكىستاننىڭ زاۋۇتلىرىدا ئىشلەنگەندەك كۆرۈنىدىغان باشقا جابدۇقلار بار ئىكەن. بۇ كەپىلەر بىپايان قۇملۇقتىكى باشقا تۇرالغۇلارغا ئوخشاش ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان ھېچ ئۆزگەرمىگەندەك كۆرۈنەتتى. بۇلار ھەممىسى ئوخشاش تېرەك

www.uyghurweb.net

ياغىچىدىن ئوخشاش شەكىلدە قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، تەكلىماكانغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خارابە شەھەرلەردىكى بۇددستىلارنىڭ تۇرالغۇسىغا ئوخشايتتى.

ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالغان. دەريادىن تەخمىنەن 100 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەڭ ئىسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ بېشىدىكى ئاق رومىلى ئۈستىگە پىيالە چوڭلۇقىدا دوپپا تاقىغان بىر توپ ئايال بىر كەپىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توپلىشىپ تۇراتتى. چىتلاق سىرتىدىكى ئەرلەر ھەممىسى بېشىغا قۇڭغۇررەڭ تەلپەك كىيگەن بولۇپ، ئۆرە تۇرۇپ پاراڭلاشقاچ قارىشىپ تۇراتتى، قارىماققا ئۇلار بىر نەرسىگە ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ئىشىك ئالدىدىكى ئاياللار ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول بوشاتتى. گىلەم ئۈستىدە كۆتۈرۈلگەن ئېغىر بىرنەرسە كۆرۈندى. كىشىلەر توپىنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ كۆرۈشكە نىسىپ بولدىكى، ئۇلار كۆتۈرگەن گىلەم ئۈستىدە بىر ياش ئايال خۇددى بىر بۇۋاق بالىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ بىر يىرى ئاغرىۋاتقاندەك ۋە ماغدۇرى قالمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ قىز بىر پىكاپقا چىقىرىلىپ دەريا بويىدىكى تېخىمۇ يىراقراق بىر مەھەللىگە ئېلىپ كېتىلدى. مەن ياندا قاراپ تۇرغانلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغان بولسامىمۇ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۇقالمىدىم. ئۇرۇنۇشۇم بىكارغا كەتتى. مەن ئۇ ئايال توي مۇراسىمىدىكى كېلىن بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم.

كېرىيە دەرياسى قۇمغا سىڭىپ غايىپ بولىدىغان يەردە جەنۇبى يولدىن 120 ئىنگلىز مىلى ئۇزاقتا يەنى تەكلىماكاننىڭ يۈرىكىدە يەر شارىدىكى ئەڭ يىراق يېزىلاردىن بىرى توڭگۇز باستى يېزىسى بار. يېزىدىكى ئەللىك ئائىلە ئۇلارنى قوم بوراندىن مۇداپىئە قىلىدىغان بىر توسما كەينىدىكى چاتقاللىقتا ياشايدۇ. گەرچە بۇ كېرىيەلىكلەر مەدەنىيەتتىن يىراق قالغان بولسىمۇ، ئەمما باشقىلاردەك ئۆيلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ تېرەك ياغىچىدا سالغان ئۆيلىرى مەزمۇت بولۇپ، ئۈستى تەرەپ ۋاسا (كىچىك بالداقلار) بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن. دەريادا سۇ يوق چاغدا، يېزىدىكىلەر يالغۇز بىر قۇدۇققا تايىنىپ جان ساقلايدۇ. 10 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى بۇ قۇدۇقنى ساقلاشقا يېزىنىڭ ساقچىسى مەسئۇل. بۇ ساقچى يەنە بۇۋاقلار ئۇچۇن سۈت پاراشوكى، كونا رادىئو ۋە كونا تەلپەكلەرنى ئۆيىنىڭ كەينىدىكى سايىۋەندە ساتاتتى. ئۇنىڭ ئىككىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كىنىشكىسى ھېساپلانغان نەرسە — كرېملىن (كرېمىل) نىڭ ئىزناسى بار خاتىرە بۇيۇمى ياتاق ئۆيىدىكى تامغا قاداپ قويۇلغان ئىدى. توڭگۇز باستى يېزىسىدىكى ئاساسلىق كەسىپ تۆگىچىلىك ئىدى. يېزىدىكى تۆگىچىلەر بەزىدە يېزىنىڭ شىمالىدىكى بىر يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى قارا دۆڭ شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئارخېئولوگ ئەترەتلىرىگە ۋە قۇملۇقتا سەپەر قىلىدىغان ساياھەتچىلەرگە يول باشلايتتى.

توڭگۇز باستى كىچىك ۋە يىراق بولغاچقا، جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان. ئۇنىڭغا قارىغاندا ياۋا توڭگۇز بىر ئاز تەلەيسىز. 1974 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو سۇلالىلەر خەرىتىسى»دە ئەندىر بىلەن نىيا ئوتتۇرىسىدىكى جەنۇبى قۇملۇق يولىدا پەقەت ياۋا توڭگۇز يېزىسى دېگەن ئىسىملا بار. ئەمما 1995 ـ يىلى زىيارەتكە كەلگىنىمدە ئۇ، بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى ياۋا توڭگۇز دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىن شىمالغا قاراپ 50 ئىنگلىزمىلى ئۇزاقتا بىر كۇمۇشرەڭ تۇزلۇق كۆل يېنىدىكى ئېزىتقۇ قوملۇق دېلتىسىدا ئىكەن.

www.uyghurweb.net

بۇنىڭ سىرىنى سۈيىن ھېيدىن ئېلىپ كەلگەن ئاسارە ئەتىقىلەر كۆرگەزمە قىلىنغان ستوكھولىم ئىرقشۇناسلىق (ئېتنوگرافىك) مۇزىيىنىڭ باشلىقى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ قىزغىن يىللىرىدا ھۆكۈمەت ئادەملىرى بۇ يېزىدىكىلەرنى يوقلاپ كەلگەن ۋە ئۇلارنى «كومپارتىيە ئازاتلىقىنىڭ پايدىسىدىن مەھرۇم قالغانلار ئىكەن» دەپ قاراپ، ئۇلارنى جەمئىيەتكە ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن بار ـ يوق مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، يولنى بويلاپ كۆچۈشكە بويرىغان. تۆگە بىلەن ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار دەريانىڭ ئاخىرقى ئۈچچىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قالغان. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قامدايدىغان ئۆزىنىڭ ئاشلىقى، پاختىسى، مېۋە ـ چىۋە، سەي ـ كۆكتاتلىرى ۋە قورغاق پەسىللەردە كارغا كېلىدىغان سۇ ئامبىرى قاتارلىق نەرسىلىرى قالغان ئىدى. لازىملىق ھەر قانداق نەرسىنى ئەڭ يېقىندىكى دۇكاندىن ماشىنىدا بىر ھەپتە يۈرۈپ ئەكەلگىلى بولاتتى. ئېھتىمال ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىنى قوغداش ئۈچۈن بولسا كېرەك، 1993 ـ يىلى يېزىدىكىلەرگە ئىدىيە جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن بىر كومپارتىيە سېكرېتارى تەيىنلەنگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن مەن زىيارەتكە كەلگەندە دۇنيانىڭ رەيتارىنى بىلىدىغان بۇ سېكرېتارنى كۆردۈم. ئىلگىرى بۇغالتىرلىق قىلغان بۇ كىشى چىرايلىق كۆك كۆڭلەك كىيگەن، قولىغا ئىسىل سائەت تاقىغان ئىدى. سېكرېتار كەلگەندە يېزىدىكى پىشقەدەملەردىن بىرى ئىنتايىن ھەيران بولۇپ: «پارتىيە كېلىشتىن ئىلگىرى بىز ئازات، ئەركىن ئىدۇق» دېگەن. بۇ گەپنى قىلغان بوۋاينىڭ بوينىدا يوغان پۈقاق بار ئىكەن. توغرا، ئەلۋەتتە ئازات ئىدى. بەزەن يېقىندىكى ئەمگەك مەيدانلىرىدىن قېچىپ كەلگەن جىنايەتچىلەر ياۋا توڭگۇزغا كېلىپ پاناھلىق تىلىگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان، قەشقەردىن قېچىپ كەلگەن بىر پومېشچىك ئوغلى خەنزۇ يىگىت يېزىدا بىر قانچە يىل يوشۇرۇنغاندىن كېيىن يېزىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، پۇل يىغىپ، ئۇنى گۇاڭشى ئۆلكىسىگە يولغا سېلىپ قويغان.

يېزىدىكىلەر تەرەققىياتقا قارشى ئەمەس، ئەمما مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ھەققىدىكى ئەقەللىي چۈشەنچىسىنى يېزىدىن 12 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يېڭى تاشيولغا ئۇلاپ، يېزىدىن بىر يول ياساشقا ھۆكۈمەتنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئىكەن.

يېزىدىكى دوختۇر بېشىغا «World Cup» ماركىلىق بىر شلەپە كىيگەن بولۇپ، ئۇنى ئەندىرنىڭ بازىرىدىن ئاپتۇ، ئۇ دوختۇرلۇقنى ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتتى. يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى ئۇرۇمچىدە ئىكەن. يېزىدا ئىككى ئىمام بولۇپ، قارىماققا زۆرۈرىيەتتىن بىر ئاز ئارتۇقتەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئىككى ئىمام ئىماملىق قىلىدىغان كىچىك مەسجىد 1989 ـ يىلى سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىغا سېلىنغان، ئىچىدە بىر قانچە پارچە كونىراپ كەتكەن گىلەم ۋە مەككىنىڭ ھەيۋەتلىك رەسىمى بار ئىكەن. گەرچە بۇ ئىككى ئىمام تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما جامائەتنى ئارىسىدىكى ئەخلاقىي بىخەستىلىكلەرگە ئانچە بەك تەسىر كۆرسىتەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. نىكاھتىن ئاجرىشىش ئاسان. ئەمما توي قىلىشتا دىنىنىڭ ئەمرلىرىگە ئانچە بەك رىئايە قىلىنمىغان. بۇ يەردە ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەردىن ئاز ئىكەن. بىر ـ بىرىگە قانداش كېلىدىغان نورغۇن باللار بار ئىكەن.

توپتىن ئايرىلغان ياۋا توڭگۇز يېزىسى شۈبھىسىزكى بىر كۈنى قۇملۇقتىكى باشقا خارابە شەھەرلەرگە قوشۇلۇپ غايىپ بولىدۇ. بۇ يېزىدىكىلەر چوڭ يولدىكى ھاياتنىڭ قىزىقتۇرىشىنى، زامانىۋىلىشىشنى رەت قىلغان ۋە نوپۇسى كۆپەيگەن تەقدىردىمۇ، جەنۇبى بوستانلىقلاردا قۇرغاقچىلىق مۇقەررەر ھالدا ئېغىرلىشىدۇ. دەريا سۈيى قۇملۇققا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا كۆپ قىسمى شلانكىدا سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ.

www.uyghurweb.net

ياكى ئۆتمۈشتە نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەندەك ئېقىن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يېزا ئېگىزلىكتە سۇسىز قۇرغاق قاقاس ھالەتتە ئىلگىرى بىر زامانلار بۇ يەردە مېۋىلىك باغلار ۋە گۈللەپ ياشنىغان بىر ھايات بولغانلىقىغا دائىر بىر ئىزنا قالدۇرۇپ قويۇپ قۇملۇق ئاستىغا چۆكىدۇ.

گەرچە شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ قۇملۇقتا ياشىغانلار تەلەيسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ياشاش ئۇسۇلى ئەسلى شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان. ئەلۋەتتە بۇ كۈنىمىزدىكى ھەيران قالارلىق پاكىت. ھەتتا چوڭ شەھەرلەردىكى خەنزۇلاشقان رايونلاردا ھەر قانداق نەرسە تېپىلسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىگە بىر ساياھەتچىنىڭ ئىشىنىشى ھەقىقەتەن تەس.

ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار پاراللېل دۇنيادا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەتراپىدىكى بۇ مەنزىرە رەسىمدىكىگە ئوخشاشلا ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى. رەسىمدە بىر تەرەپتە قۇرام تاش ۋە قار - مۇزلاردىن شەكىللەنگەن يوغان قەلئەلەر بار، يەنە بىر تەرەپتە تۈمۈز ئىسسىقتىكى قاقاس قۇملۇق بار.

خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بىر مەسىلىدۇر. بىر تەرەپتىن ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ئىپتىدائى، خۇراپىي، مۇتەئەسسىپ، ئىشەنچسىز ۋە خەتەرلىك دەپ ئۆگەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە جەلپكار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. بۇ ئىككى خۇسۇسىيەت چەتئەللىك ساياھەتچىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ خامان تۈگىگەندە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى، ئۆزىنىڭ غەلىتە سازلىرىنى چېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر خۇشخۇي يەرلىك خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بىر ئاتكىرىتكا ئەلبۇمىدا ئەكس ئەتكەن. «ھارۋىدىكى خۇشال ناخشىلار» ناملىق بىر رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدە: «قەدىمكى زاماندا غەربىي رايوندا بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ماكانى ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ قۇملۇقىغا يېقىن بىر يېزا يولىدا. قەدىمىي ئۇسلۇپتىكى ھارۋا ۋە خۇشچاخچاق ئۇيغۇرلاردىن ھۇزۇر ئالغايسىز» دەپ يېزىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشتىن باشقىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ھەقىقەتەن راست، ئەمما خەنزۇلارنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەشنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىكىمۇ بىر ئەمەلىيەت.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئازاتلىقتىن كېيىن يېتىشكەن ماتېرىيالىست خەنزۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى يوق مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ خاس ئۆرپ - ئادىتىگە نىسبەتەن سەزگۈر كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئۆز خەلقىگە بولغان ھېسسىياتى ئارىلاشقان.

مەسىلەن: ئەنگلىيەلىك بىر ئۆمەككە ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭغا بارغان بىر ئۇيغۇر ئاكادېمىك جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قەدەم باسقىنىدا، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدە تەجرىبىسىزلىك ئالامىتى كۆرۈلگەن. ئۇ كېيىن ئۆزى ھەققىدە ئېيتىلغان ماختاشلارنى ئاڭلىغان. يەنى ئۇ ئۆمەكتىكىلەرنى يېمەكلىكتىن زەھەرلەنسۇن دەپ تازىلىقى ناچار ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا باشلاپ بارغان. ئۇ نېمىنى ئىسپاتلىماقچى؟ يەنى ئۆزىنىڭ غەربلىكلەرگە ھېسداشلىق قىلمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز مىللىتىگىمۇ كۆيۈنمەيدىغانلىقىنى، بەلكى ۋەتىنى جۇڭگوغا سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى.(4) دېگەندەك.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، خەنزۇ بالىلار بىلەن ئويناپ، خەنزۇ مىجەز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرىگە كۈچلۈك ئۆچمەنلىك قارىشى بار. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇمۇ ھەممىشە ئاسان ئەمەس. پەقەت يالغۇز قالغان چاغلىرىدا بىر - بىرىگە دېيىشىدۇ. غەربلىك بىر ئىرقشۇناس

www.uyghurweb.net

ئاڭلىغان بىر ھېكايە بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر ئايال باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ توي قىپتۇ. ھەممە ئادەم ئۇنى ساپ ئۇيغۇر دەپ بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېرى قېيناتا ۋە قېيناتىسىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. چۈنكى ئايالى ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىكەن. بىر كۈنى ئېرى ئۆيگە كېلىپ قارىسا بىر ناتونۇش كىشى ئۆيدە ئولتۇرۇپ لەغمەن يەۋاتقۇدەك، بۇ مېنىڭ قېيناتام بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ ئەر. ئەمما سىنچىلاپ قارىسا قېيناتىسى ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، قولىدىكى چوكىدا لەغمەننى بىر قاچىدىن، گۆش ۋە كۆكتاتتا ھازىرلانغان قورۇمىنى باشقا بىر قاچىدىن ئېلىپ يەۋاتقۇدەك. بۇنىڭغا قاراپلا ئۇ بۇ كىشى ئۇيغۇر ئەمەس، خەنزۇ ئىكەن دەپ ئويلاپتۇ. بۇ ئەر ـ خوتۇن كېيىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ.(6)

شىنجاڭدا يېمەكلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. خەنزۇلار ئۇيغۇر تاماقلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانىلىرىدىن تاماق يەيدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇ ئاشخانىلاردا تاماق يەيدىغانلار يوق دىيەرلىك. ئەلۋەتتە بۇ خەنزۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ھېسابلانغان چوشقا گۆشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت تۈپەيلىدىندۇر. بەزىلەر ھەتتا خەنزۇنىڭ قولى تەككەن ھەر قانداق نەرسىنى يېيىشنى رەت قىلىدۇ. شەھەرلىك ئۇيغۇرلار خۇيزۇ ئاشخانىلىرىدا تاماق يېيىشنى بەك خالىمىسىمۇ رەت قىلمايدۇ. لېكىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار خەنزۇ ئاشخانىلىرىغا كىرىشنى، ھەتتا بىر پىيالە چاي ئىچىشنىمۇ قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلغانلىق مەلۇم جەھەتتە خەنزۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىق بولارمىش، ھەممە يەردە ۋە ھەر ياشتا، يېمەك مېھماندوستلۇقنىڭ بەلگىسى، ئۇيغۇرلار بۇ قائىدىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر خەق. قانداق ۋاقىتتا ئۆيگە بېرىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ھەر قانداق ئۇيغۇر سىزگە داستىخان سالىدۇ. ھەتتا بىر قىسقا ئېكىسكۇرسىيەمۇ جەزمەن بىر ئاشخانىدا ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا بىر ئۇيغۇر خەنزۇ ئاشخانىغا كىرىپ، خەنزۇ «ساھىپخان» نىڭ مېھماندوسلۇقىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنى ئۆز يۇرتىدا مېھماندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار خەنزۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كەتكىلى ئۇنىماي، ئۇزۇن تۇرىۋالغان خۇشياقماس مېھمان دەپ قارايدۇ.

ئوخشاش مەنتىقتە، خەنزۇ كۇتكۇچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تاماقخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئەمما زىيان ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيسىز. ئۇلار ھەتتا ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى كىيىۋالغان، بېيجىڭدىكى «ئۇيغۇر كوچىسى»دا ئۇيغۇرغا ئوخشاش كۆرۈنەيلى دەپ، بېيجىڭدا ئىنگلىز مەيخانىلىرىدىن «ياۋايى غەرب سالۇنى» (Wild West Saloon) مەيخانىسى دېگەندەك يەرلەردە ساياھەتچىلەرنى كۈلدۈرىدۇ.( )

تائاملار تىزىمىمۇ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. گەرچە ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ يېشىل چېيىغا قارىغاندا ھىندىستاننىڭ قارا چېيىنى بەكرەك ياخشى كۆرسىمۇ، ھەر ئىككى مىللەت چاي ئىچەتتى. ئىككىلىسىگە نىسبەتەن لەغمەن (بەلكىم خەنزۇلار ئىجاد قىلغان بولىشى مۇمكىن) ئاساسلىق يېمەك ئىدى ۋە چوكا بىلەن يەيتتى. پەرقى شۇكى، ئۇيغۇرلار لەغمەننى ھەمىشە شۇ ۋاقىتتا ئېتىپ بېرەتتى. خەنزۇرلارنىڭ لەغمىنى بولسا سولياۋ خالتا ئىچىدىن چىقاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ لەغمىنىدە قوي گۆشى بىلەن ئاچچىق ـ چۈچۈك كۆكتاتتا ھازىرلانغان قورۇما ئىستېمال قىلىنىدۇ. قانچە ياغلىق بولسان شۇنچە ياخشى. ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدىكى ھەممە كوچىدا قوي گۆشى زىخ كاۋىپى ۋە پولۇ سېتىلىدۇ. تىپىك ئوتتۇرا ئاسىيا تامىقى ھېسابلانغان پولۇ گۈرۈچ، سەۋزە، گۆش قاتارلىق خۇرۇچلار بىلەن پۇشۇرىلىدۇ. دۇكانلار بار ھەر كوچىدا تونۇرغا ئوتۇن قالاپ، نان ياقىدىغان ناۋايخانىلار بار.

www.uyghurweb.net

خەنزۇلارنىڭ تائاملىرى گەرچە كالا گۆشى، چوشقا گۆشى، توخۇ ۋە بېلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئەمما ئۇلار كۆكتاتنى جىق يەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە هوردا پۇشۇرىلغان موما (جىڭموما) ۋەيا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولكا قاتارلىقلارنى يەيدۇ. سەھىيە خادىملىرى شۇنىڭدىن ئەنسىرەيدۇكى، خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ باغلىرىدا تەبىئى قۇياش نۇرىدا قۇرۇتۇلغان گۈللەر (ئۆرۈك قېقى) نى ئالماي، بەلكى خىمىيىلىك ماددا ئارىلاشتۇرۇپ بۇيالغان گۈللەرنى قىممەت باھادا سېتىۋالماقتا.(7)

ئاشپەزلىك تەڭسىزلىكنىڭ بىر ئالامىتى بولۇپ قالدى. كىچىك ئاشخانىلار ۋە ئۇستى ئوچۇق بازارلار شەھەرلەردىكى ئىشسىز ئاھالە ئۈچۈن بىر چىقىش يولى بولدى. ھەر شەھەردە كاۋاپچىلىق قىلىدىغان، چۆشتە ۋە كەچتە ئاۋاتلىشىدىغان يەرلەر بار. ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەردە كاۋاپ ساتىدۇ. مۇشۇنداق يەرلەردىن بىرى غۇلجىدا، باغچىنىڭ يېنىدىكى ئىككى چوڭ يولنىڭ تۇتاشقان دوقمۇشىدۇر. ھەر ئاخشام بۇ پىيادىلىكلەر يولى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى چاقىرىپ ھارمايدىغان كاۋاپچى، لەڭپۇڭچى، لەغمەنچى قاتارلىقلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە پۇلاڭلاپ تۇرغان لامپىلار ئەتراپنى يورۇتقان ۋە ئۇلارنىڭ يۈزىگە بىر خىل جانلىقلىق بېغىشلاپلا قالماستىن، يەنە كاۋاپداندىكى چوغدىن چىقىۋاتقان ئىس ـ تۈتەكنى بىر خىل قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇ يەردە تۇرۇپ قارىسىڭىز يەتتە قەۋەتلىك يېپ ـ يېڭى بىر بىنانى كۆرەلەيسىز. بۇ ئۆي جاھازلىرى سودا سارىيىدۇر.

بۇ يەردىن يۈز مېتىرچە يىراقتىكى جاي غۇلجىدىكى نامايىشنىڭ باستۇرۇلغان يېرى، يەنى ئىلى مېهمانخانىسىنىڭ ئالدى دەرۋازىسى، ئىلگىرى بۇ رۇسىيە ئەلچىخانىسى ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا پارتىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەمىشە كېلىدىغان بىر جايدۇر. بۇ يەردە لېنىن ھەيكىلى بار. رەڭلىك دەرىزىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئەمەلدارلار كۆرۈنگەندەك قىلاتتى. ئۇلار بۇ يەردە تۈگىمەس يىغىنلارنى ئاچىدۇ. قۇلىقى يۇمشاق مەكتەپ بالىلىرىدەك ئۈستەلدە سائەتلەرچە ئولتۇرۇپ «ئىلى قازاق ئوبلاستى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قۇرۇلىشىدا پارتىيىنىڭ رولىنى كۈچەيتەيلى» دېگەندەك تېمىلاردىكى ئۇزۇن نۇتۇقلارنى ئاڭلاپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خاتىرە يازىدۇ. ئىلى مېهمانخانىسىنىڭ مەيدانىغا خۇددى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلەۋاتقاندەك، سمۇنتتىن سېلىنغان بىر يىغىن زالى يۇغان بىر قازاق چېدىرى شەكلىدە سېلىنغان.

دەرۋازىنىڭ يېنىدا بىر ئۈستى ئوچۇق تاماقخانا بار. ئاخشام ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چىراقلىرى يېنىپ ـ ئۆچۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئۆپكە ـ ھېسىپ، قېرىن ۋە تۇخۇلار لەززەتلىك پۇشۇرۇلۇپ خېرىدارلارغا سۇنۇلىدۇ. جىگەر ۋە گۆشلەر زىققا سانچىلىپ، كاۋاپدانغا تىزىلغان. كاۋاپداندىكى چوغنى يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ تۇرىدىغانلار كۆپىنچە ئاياللار. ساتقۇچىلار بىر ـ بىرى بىلەن رىقابەتتە. تازىلىقى ياخشى ئەمەس بىر بوتكىدىن بىر كوماك كىشى: «قاراڭلار، ئۇلار بۇ يەردىن ھېچنەرسە يېمەيدىكەن» دەپ ۋاقىرىۋىدى، باشقىلار ھەممىسى كۈلۈشتى.

ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئارا توي قىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. 1979 ـ يىلىغا قەدەر جۇڭگونىڭ قانۇنىدا تۈركلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ توي قىلىشى چەكلەنگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئىتىدىمۇ شۇنداق. ئەمما بۇ خىل نىكاھلىنىشقا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ توسقۇنلۇق قانۇنغا قارىغاندا يەنىلا ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلاردىن كېلەتتى. ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ يېزىدىكىلەر خەنزۇ بىلەن توي قىلغان پەرزەنتلىرىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتى. ئائىلە رىشتى ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر خەلققە نىسبەتەن ئائىلىدىن جۇدا بولۇش دېمەك ھەقىقەتەن ئېغىر بىر ئىشتى. شۇڭا ھۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ

www.uyghurweb.net

تويى قىلىشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، بۇ خىل تويى قىلغانلارغا كىشى بېشىغا 1000 يۈەن، يەنى 126 ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىشنى يولغا قويغان. (مەن بۇنى يېزىۋاتقاندا شۇنداق ئىكەن). شىنجاڭدا تۇغۇلغان ياش خەنزۇ ئاياللارغا ھۆكۈمەت 3000 يۈەن تويلۇق پۇلى بېرىپ، ئۇيغۇر ئەرلەر بىلەن ئۆيلىنىشۇن دەپ نامرات يېزىلارغا ئەۋەتكەن. ئۇيغۇر ئەرلەر خەنزۇ ئاياللار بىلەن تويى قىلسا ياخشىراق خىزمەت تاپالايدىكەن.(8) ئۇلارنىڭ باللىرى خەنزۇ دەپ قارىلىپ تەربىيىلىنىدىكەن.

بەزەن خەنزۇ ئەرلەر ئۇيغۇر ئەرلەرگە قارىغاندا ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان، ئايالىنى ئۇرمايدىغان ياخشى ئەر دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇيغۇر ئاياللار ئۇلارنى «ئەركەكلىك خۇسۇسىيىتى» كام دەپ قارايدۇ. بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئىچىدە بىرەيلەن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ، يەنە ئائىلىدە جېدەل چىقىشى مۇمكىن. خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئۇيغۇرلارغا ھەمىشە باشقىلار گۇمان بىلەن قارايدۇ. بەزىدە ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ «يېرىم ئۇيغۇر» ياكى «ئون تۆتىنچى مىللەت» دەپ ئاتايدۇ. (ھۆكۈمەت شىنجاڭدا ئون ئۈچ مىللەت بارلىقىنى ئېلان قىلغان).(9)

دىنىنىڭ مەۋجۇتلىقى ياكى يوقلىقى مەدەنىيەتلەر پەرقىنى چوڭايتتى. شىنجاڭدىكى يەرلىكلەر ئىسلام دىنىنىڭ مۆتىدىل سۈننى مەزھىپىگە تەۋە. دىن بىلەن سىياسەت ئايرىلغان يەھۇدى، خرىستىئان مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى ياۋروپا خەلقىگە ئوخشاش، ھېچكىم ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاق جەھەتتە ھەقىقىي دىنىي ئەقىدىدىن قانچىلىك يىراقلاشقانلىقىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرى خەنزۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە قىممەت قارىشىغا نىسبەتەن بىر ياردەم قىلالمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىلەن بىرگە ياشىيالايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام بىلەن قانچىلىك يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي ئەنئەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇلار يېرىم ئەسىردىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىنى ئىنكار قىلىدىغان، بارلىق مەنىۋى تېمىلارنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى خۇراپات دەپ ئەيىبلەيدىغان ئاتېئىزم دۇنيا قارىشىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلغان.

ئەلۋەتتە، تىل ۋە يېزىق بۇ مىللەتلەرنى ئايرىدى. ئۇيغۇرچە — رايوندىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ رەسمىي تىلى. ئەمما مەكتەپتە خەنزۇ تىلىنى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە ئۆگىنىش شەرت. ھاياتىدا مەكتەپ يۈزى كۆرەلمەيدىغان نۇرغۇن نامرات باللار ئىلىپبەسى يوق، تونلۇق ۋە 30 مىڭدىن ئارتۇق پەرقلىق خېتى بار خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشتە ئالاھىدە زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بۇ تىل قىيىنچىلىقىنى غەربلىكلەر ئوبدان بىلىدۇ. ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغان ئاز ساندىكى بەزى ئۇيغۇر باللار خەنزۇچە 3000 خەت ئۆگىنىپ ئوقۇش ۋە يېزىش ئېھتىياجىنى ھەل قىلالىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە ئاز ساندىكى بەزىلەر بۇ ئۆلچەمگە يېتىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا موھتاج بولماقتا. مەسىلەن: 2001 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنىستىتوتىدا 180 نەپەر ئوقۇغۇچى خەنزۇچىدا ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي، قايتا ئىمتىھانغا قالغان. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئانا تىلىنى ئىشلىتىشتىن چەكلىگەن «سىياسىي» قارارىنى ئەيىبلىدى. يېقىندا ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە بارلىق دەرسلەرنىڭ پەقەتلا خەنزۇ تىلىدا ئۆتىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر پەرمان چىققان ئىدى. 2002 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ياۋروپا پارلامېنتىدا سوئال تېمىسى بولغان بۇ قارار ئەھۋالدىن قارىغاندا «ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپ قىلىشى» ۋە «كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەلىۋى» گە دۇچ كەلگەنلىكتىن چىقىرىلغانمىش.(10) يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر مائارىپ

www.uyghurweb.net

پروگراممىسىدىن پەخىرلىنىپ ئۇقۇش - يېزىش جەھەتتە چوڭ ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى.(11)

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ كەلگۈسىنى ۋە تىل قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بالىلىرىنى خەنزۇ مەكتەپكە ئەۋەتتى. ئەمما خەنزۇ مەكتەپتىكى ئۇيغۇر بالىلار ئۆزلىرىنى ئايرىم بىر تەبىقە ھېس قىلدى.

ئۈرۈمچىدىكى بىر كادىرنىڭ ئوغلى ئەنۇەر توختى مانا شۇلاردىن بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى 1960 - يىللاردا يەسلىدىكى چاغدىلا ھېس قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ خاتىرىلىشىچە، يەسلىدە مۇئەللىم باشقا ئوقۇغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولسا ئەنۇەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، باشقا بالىلارغا: «يېغلىماڭلار، بولمىسا سىلەرنى چالوۋې (خەنزۇچە ”قازاق“ دېگەن سۆز بىلەن ”ئۇيغۇر“ دېگەن سۆزنىڭ بىرلەشمىسىدىن ياسالغان بىر كەمسىتىش سۆزى: (chalowe) ئېلىپ كېتىدۇ» دەيدىكەن. 14 ياشلىق ئەنۇەر سىنىپىدا يالغۇز ئۇيغۇر بولۇپ، دەرسلەردە ئەلا ئىكەن. خەنزۇلارنىڭ باھار بايرىمىدا ئۇنى بىر ساۋاقدىشى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ ۋە چوشقا گۆشى قويۇپ «يېگىن» دەپتۇ. ئەنۇەر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ رەت قىپتۇ. كېيىن ئوقۇتقۇچىسى سىنىپتىكى بالىلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ «چوشقا گۆشى يېيەلمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ئەجدادىنىڭ چوشقا» ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.(12)

ئەنۇەر توختىمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش پۈتۈنلەي جۇڭگو تۈقعان شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىپتۇ. بىر قېتىم تاسادىپى ھالدا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ دۆلىتى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ دادىسىدىن بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغان ئىكەن. دادىسى ئۇنىڭغا بۇنداق سوئاللارنى بۇندىن كېيىن سورىماسلىق ھەققىدە تەنبىھ بېرىپتۇ. ئەمما ئانىسى ئۇنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇنى ھېچكىمگە دېمەسلىكىنى جېكىلەپتۇ.

ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى سۈكۈت تېلېۋىزورلارغىچە تارقالغان. كىچىك بالىلار داستىخاندىكى لەغمەن يېيىدا ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇرچە تېلېۋىزور قاناللىرىدا قويۇلىۋاتقان كارتون فىلىم ئۆدەك Donald نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ كۆرىدۇ. ئەمما داڭلىق تارىخى دراممىلار شىنجاڭنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، «توغرا تارىخ» قا زىت كەلگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ «شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېگەن سۆزىگە نىسبەتەن شۇبھە پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن يېقىندا چەكلەنگەن.

ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىلگەن. ئەركىن بازار ئىگىلىكى مۇھىتىمۇ سودا ئېھتىياجى ۋە خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولغان. مەسىلەن: غۇلجىدا بانكا خادىملىرىغا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش توغرۇلۇق تەلىم - تەربىيە بېرىلگەن. ئەمما ئەجىر قىلىپ ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن خەنزۇلارنىڭ سانى بەك ئاز. ئۇيغۇر خوجايىن ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بىر خەنزۇ شوپۇرنى كۆردۈم. ئۇ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيدىغان «يەرلىكلىشىپ كېتىپتۇ» يەنە بىر تەرەپتىن، خۇيزۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىككى تىللىق ئىكەن.

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۆتكەن ئەللىك يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم ئۆزگەرتىلىشى ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرت قوشتى . كۆرگىنىمىزدەك ئەسىرلەردىن بېرى قوللىنىلىۋاتقان ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق 1960 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لاتىن يېزىقى دەسسىتىلدى ۋە يىگىرمە يىلدىن كېيىن تەكرار ئەرەب يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ خىل بىمەنىلىك نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئائىلىلەردە

www.uyghurweb.net

بىر ـ بىرىگە خەت يېزىشالمايدىغان پەرقلىق ئەۋلادلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمما خەنزۇلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بەزى ئۇيغۇر مىللەتچىلەر بۇ ئەھۋالنىڭ ئۇيغۇرلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تىلىغا قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى كۆرسەتتى. تېخىمۇ چۈشىنىكسىز بولىۋاتقىنى شۇكى، ئۇيغۇر ئىلىم ئىگىلىرى كومپيۇتېر بىلەن يېقىن دوست بولۇش ئۈچۈن، يېزىقنى يەنە قايتىدىن لاتىن ئېلىپبەسىگە ئۆزگەرتەيلىمۇ يوق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرىۋاتىدۇ.

مەن پاراللېل دۇنيانى تىلغا ئالدىم. مېنىڭ بۇ خىل كۆزىتىشىم پەقەت ئۇيغۇرلار (تاغدىكى قىرغىز ۋە قازاقلار) كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان چەت ياقا رايونلاردا كۈچكە ئىگە. شەھەر هاياتى ۋە مەكتەپلەردە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار بىر ـ بىرىگە يۇزمۇ يۇز قارىشىپ بىللە تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. گەرچە ئۇلار ئايرىم بىنا ئۆيلەردە ياشىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاممىۋى تۇرمۇشى بىردەكلىككە يۇزلەنمەكتە، ئادەتلىرى ئۆزگەرمەكتە، غەربتە سەككىز يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتقان بىر مۇهاجىر ئۇرۇمچىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ هەيران قالغان. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئالىي مەكتەپتىكى دوستلىرى ئاياللىنى ئۆيدە قويۇپ قۇيۇپ سىرتقا كەچلىك تاماققا چىققان يەردە باشقا ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە هېس قىلىدىغان بىر ئادەت شەكىللىنىپتۇ. ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار مېهماننى هەمىشە ئۆيدە مېهمان قىلىدىكەن. ئەمدى بولسا سىرتتا ئاشخانىدا.

يېزىدىكى تاغا ـ هەدىلەر شەهەرگە تۇغقان يوقلاپ كەلسە، تار پادىچىلار ئىشتىنى ياكى قىسقا يوپكىلارنى كىيىۋالغان، ئەڭ يېڭى مودا كوپتا ۋە ئاياغلارنى ئىزدەپ دۇكان ئارىلاپ يۈرىيدىغان ياسىنىپ دىسكوخانىلاردا ئويناپ كېچە يورتىدىغان غەرب دۇنياسىدىكى ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە يېرىم يالىڭاچ بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇر جىيەنلىرىنى كۆرۈپ هەيران قالمىغان تەقدىردىمۇ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. نازۇك، بۇغداي ئۆڭ ئۇيغۇر قىزلىرى خەنزۇلارغا بەك چىرايلىق كۆرىنىدۇ. 18 ـ ئەسىردە پادىشاھ چيەنلۇڭ خانىش ئىپارخاننىڭ گۈزەللىكىدىن مەستخۇش بولغان. 20 ـ ئەسىردە دىكتاتور شىڭ شىسەي ئۇيغۇر قىزلىرىنى هاياجان بىلەن تەسۋىرلەپ: «ئۇزۇن، قايرىلما كىرپىكلەر ئوقيا بولۇپ، ئەرلەرنىڭ يۇرىكىگە ئېتىلىدۇ... » دەپ يازغان.

لېكىن ئۇيغۇر ئاياللار ئادەتتە مۇسۇلماندەك كىيىنىشكە دىققەت قىلىدۇ. ئۇلار قېلىن ئىشتان ئۈستىگە يوپكا كىيىدۇ. گۈللۈك جىلىتكە ئۈستىگە چاپان كىيىدۇ. بېشىغا ياغلىق ئارتىدۇ. پەقەت ئاز بىر قىسىم جايلاردا، مەسىلەن: قەشقەردە يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ئاياللار خېلى بار.(13)

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياش ئەرلەر بېغىررەڭ كىيىم كىيىدۇ. كۆلرەڭ ئىشتان ۋە ياقىسى يوق كۆڭلەك ئۈستىدىن كۆلرەڭ چاپان، بېشىغا سىدام شاپاق بۆك كىيىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر بېشىغا تۆت بۇرجەكلىك بار يۇمىلاق بادام دوپپا كىيىدۇ. بۇ ئىسلامنىڭ بەلگىسىدۇر. بوۋايلار تېخىمۇ ئەنئەنىۋى بولۇپ، ئۇزۇن تون ۋە مەسە ـ كالاچ كىيىدۇ. بېشىدا تەلپەك، ئاپپاق ئۇزۇن ساقىلى بار.

كۆچمەن چارۋىچىلار تاغدىن ئايرىلىپ شەهەرگە كىرىپ تىجارەتچىلەرگە ئايلانماقتا. ئاتلىرى ئاتقا مىنىپ كالا ۋە قوي پادىلىرىنى بېقىپ يۇرىدىغان قازاق يىگىتلەر بوش كوچىلاردا موتۇسىكلىتنى دوقۇرىتىپ يۇرىدۇ. هالبۇكى، ئۆرپ ـ ئادەتلەر بوستانلىق يېزىلاردا تەپسىلىي ۋە ئېنىق ساقلىنىپ قالغان. كىشىلەر بىر ـ بىرىگە يولۇققاندا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئازراق ئىگىلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئەرەپچە سالاملىشىدۇ. شەهەرلەردە بولسا، هەر كۇنى «ياخشىمۇسىز!» دېيىشىپلا قويىدۇ.

www.uyghurweb.net

سۆھبەتلەشكەندىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ گەپنى قىسقا قىلىشىپ، بىر - بىرىگە يول قويىدۇ. يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندۇسلۇقى ئەسىرلەردىن بۇيان تىللاردا داستان. ساھىپخان مېھماننى ئىككى - ئۈچ كۈن ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ كۈتىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سوراپ دەردىگە يېتىدۇ ياكى يولغا سېلىپ قويىدۇ.

يېزىدا ۋە شەھەردە تېپىك ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھويلىسى بار. بىر تەرەپتىكى تۈۋرۈكلۈك دالان ئۆگزىسىگە قەدەر نەقىشلەنگەن. ياز پەسلىدە ئائىلە كىشىلىرى بۇ يەردە تاماق يەيدۇ ۋە ئۇخلايدۇ. كىيىم - كېچەك يۇيىدىغان، نان ياقىدىغان، تاماق ئېتىدىغان ئىشلار ھويلىدا قىلىنىدۇ، ھويلىدا سۇ تۇربىسى ياكى باسما قۇدۇق بار. تاماق ئەتكەندە ئوتۇن قالايدۇ. بۇ كۈنلەردە يۇمىلاق گاز تۇڭى ئىشلىتىدىغانلار ئاۋۇپ كەتتى. ئۆي ئىچى گىلەم بىلەن بېزەلگەن. تامغا ۋە يەرگە گىلەم سېلىنغان. ئۇيغۇرلار خەنزۇلارغا ئوخشاش كاڭدا ئۇخلىمايدۇ. خەنزۇلارنىڭ كېڭى — ئاستىغا ئوت قالاپ ئىسسىتىلىدىغان بىر سۇپا (سۇكە: خۇتەن شىۋىسى) دۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ سۇپىسى ئۈستىگە تولۇق يۆگەپ گىلەم سېلىنغان. ھەر ئاخشام ئۇخلايدىغان چاغدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقان - كۆرپە ۋە ياستۇقلار قويۇلىدۇ. ياستۇقلار پاختا ياكى يوڭدىن تۇقۇلغان رەختلەر ياكى تاۋاردىن تىكىلگەن. ئۇنىڭ ئىچىگە ماموق (ئۆدەك تۈكى) تىقىلغان.

كىچە بەزمىسى مەدەنىيەت پەرقىنى كىچىكلىتەلەيدىكەن. بەزەن ئۇيغۇر رىستورانلاردا يۇمىلاق زىياپەت ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، مۇسۇلمان ساھىپخان بىلەن قەدەھ سۆزى سۆزلىشىۋاتقان خەنزۇلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى جىمجىت بوستانلىقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى قەدىمىي تۈركلەرنىڭ كەڭرى يايلاقلىرىنى ئەسكە سالىدىغان موڭلۇق ئاۋازى ۋە جانلىق داپ رىتىمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇردۇر.(14) ئەمما بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلارمۇ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئېلېكترونلۇق چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن تونۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، شەھەردىكى كېچىلىك بەزمىخانىلاردا ئېلېكترونلۇق سازلار بىلەن ئورۇنلانغان تۈركچە باللادالار قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئاۋازدا جاراڭلاپ تۇرىدىغان بولدى. بەزىدە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك ئىنتايىن چىرايلىق ئۇسسۇلچىلارنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. نېپىز شايى - ئەتلەسلەرگە پۈركەنگەن، ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان قىزلار تىياتىرخانا سەھنىسىدە لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئەمما ئۇلار تۈركىيەدىكى ئۇسسۇلچىلاردەك كىندىكىنى كۆرسىتىپ، بەل تولغاپ تاماشىبىنلارنى قىزدۇرىۋېتىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلمايدۇ. ئۇيغۇر ئۇسسۇل ئويۇنلىرىدا، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىسى نەپىس، گۈزەل ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. قەددىنى تىك تۇتۇپ، بىلەكلىرىنى شوتلاندىيەلىكلەر ۋە كاۋكازلىقلاردەك كەڭ ئاچىدۇ. بارماقلىرى بالىت ھەرىكىتى قىلغاندەك، قوللىرىنى چۆگىلەتكەندە نەپىس ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. پۈتلىرى يېقىملىق مۇزىكىغا ئەگىشىپ يۆتكىلىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدىمۇ ئېلېكترونلۇق سازلار يۇقىرى ئاۋازدا چېلىنىدۇ. ئەمما مۇزىكىلار غەربچە. ئۇلار ئاھاڭغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان خەلق ناخشىلىرى، مودا ناخشىلار ۋە باللار ناخشىلىرى ھەممىسى شۇنداق. بىر قانچە يىلدىن بۇيان پەقەت ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭلىرى قارىغاندا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقىتىلغاندەك قىلىدۇ، خەنزۇلار ئۇيغۇرلاردىن ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا، شەرقنىڭ ئادىتىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن. 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو سىرتقا ئېچىلىشقا باشلىغاندا، بېيجىڭدا ياش ئەر - خۇتۇنلار

www.uyghurweb.net

«جىڭگىل بەل» (Jingle Bells) نىڭ ئاھاڭىغا ئەگىشىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان بىر قانچە ئۇسسۇل زالى بار ئىدى. شىنجاڭلىق تۆۋەن ئاۋازلىق ناخشىچىلار بەك تەرەققى قىلمىغان. مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سەنئەت پروگراممىسى ۋە كونسېرت زاللىرىدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرىدىن بەزى نامايەندىلەر ساقلىنىپ قالغان.

گەرچە ئايرىم ئۇستەللەرگە ئولتۇرغۇزۇلسىمۇ، ئەمما بەزەن خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىملىرىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ياخشىراق تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىلىك بەزمىخانىلىرىدىكى ھاراقكەشلىك، ئۇرۇش - جېدەل ۋە پاھىشىۋازلىقتىن قېچىپ، قىز دوستلىرىنى خەنزۇلارنىڭ تانسىخانىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ بەزمىخانىلىرىغا بارسا، ئۇيغۇر قىزلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان دېگەن گەپكە قالىدىغانلىقى ۋە ئاۋارىچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن ھەرگىز بارمايدۇ.(15) پەقەت ئېتىقادى چىڭ مۇسۇلمانلارلا ئىسپىرتنى قەتئى رەت قىلىدۇ. ئولتۇرۇشلاردا ئۇيغۇرلار ساقى ئايلاندۇرۇپ تۇرىۋاتقان قەدەھتىكى ھاراقنى بوشىتىش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەندە، ئۇنى ياندۇرمايدۇ. گەرچە مۇسۇلمانلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھاراقنى ئەكەلگەنلەر شۇ خەنزۇلار دەپ ئەيىبلەشكە ئامراق بولسىمۇ، ئەمما ھاراققا ئۆچ كىشىلەرگە زورلاپ ئىچۈرۈش ھادىسىلىرى ئەۋج ئالغان. ئۇلار بىر رومكا ئىچىپ بولغىچە، مەست بولۇپ يىقىلىپ قالىدىغان، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىدىغان خەنزۇلارغا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ھاراق كۆتۈرەلەيدىغان كۈچىنىڭ بارلىقىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتسا كېرەك.

ۋاقىت مەسىلىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئەرزىمەس جاھىللىقىنىڭ ئېنىق بىر مىسالى: بېيجىڭنىڭ «پايتەختتىن قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممەيلەن بېيجىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلىشى كېرەك» دېگەن تەشەببۇسىدۇر. بۇ ئىدىيە ئېھتىمال سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئارىيەت ئېلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پويىز ئىستانسىلىرىدا موسكۋا ۋاقتى قوللىنىلىدۇ. يىراق سىبىرىيەنىڭ شەرقىدىكى تۆمۈر يول بېكەتلىرىدە چىڭقى چۈش مەزگىلىدە، سائەت ئەتىگەن ناشتا ۋاقتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شىنجاڭدا بارلىق ئاپتوبۇس ۋە پويىز بېكەتلىرى، ھاۋا يولى قاتنىشى ئىشخانىلىرىدا، خەنزۇلار زور كۆپ ساندىكىسى يەرلىك ۋاقىتتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى بولغان بېيجىڭ ۋاقتىغا ئاساسەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك بوستانلىق كېرىيەدە ئۇخلاۋاتاتتىم، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ناھىيە مەركىزىدىكى كانايدىن ئۈنلۈك چېلىنغان ھەربىيچە سۇناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىم - دە، ئەتىگەندە ئىش كىيىملىرىنى كىيىپ ئىشقا ماڭغان ئەرلەر ۋە لەۋلىرىگە قىپ - قىزىل لەۋ سۇرۇخ، يۈزلىرىگە قېنىق ئۇپىيا سۇرۇپ، ۋەلسىپىت مىنىپ، ئىشقا كېتىۋاتقان ئاياللارنى كۆردۈم.( ) ئادەتتە ئىدارە - جەمئىيەت ۋە بانكىلارنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى داۋاملىق ئۆزگەرتىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خىزمەتچىلەر قاراڭغۇدا ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قالمايدۇ ۋە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى يازدا ئۇزۇن، قىشتا قىسقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە سائەتنى شىنجاڭ ۋاقتىغا ئۇدۇللاپ قويىدۇ. ھەقىقەتەن، كۆپىنچە كىشى مۇشۇنداق قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بىخەتەر قارشى چىقالايدىغان كىچىك يوللىرىدىن بىرىدۇر. بىر ئىرقشۇناس ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە، سىز شىنجاڭدا بىر كىشىنىڭ سائىتىدە قوللانغان ۋاقتىغا قاراپلا، ئۇنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايسىز.(17)

ھۆكۈمەت تەبئىيكى شىنجاڭدا مىللىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي زىددىيەت يوق دەپ قارايدۇ. قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئاپپاق غوجا مەقبەرىسى جۇڭگودىكى ئەڭ چىرايلىق ئىسلامىي ئۇسلۇبتىكى

www.uyghurweb.net

قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى، مەقبەرىنىڭ سىرتىدىكى چۈشەندۈرۈش تاختىسىدا يېزىلغان خانىش ئىپارخان ھېكايىسى «قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھەر مىللەت ئارىسىدىكى ئۆز ئارا مۇھەببەت بىلەن ئىتتىپاقلىقنىڭ ياخشى تىلىكى.... ئۇيغۇر ئايال بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ پاكىتى» سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

بۇ پەقەت بىر تىلەكتۇر خالاس، پاكىت ئەمەس. خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ قەدەر چوڭ ئىكەنكى، ھەتتا خەنزۇلارنىڭ ئىشغالچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غىدىقلىشى يوق بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بۇ يەردە مىللەتلەر ئارىسىدا جەمئىيەتتە توقۇنۇش، جىددىيلىكنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى، مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان بىر ئىشتۇر. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن تارىخى بار. ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن خىزمەتچىسى ئىسلام بەي بىلەن كورلىدىكى بازاردا كېتىۋاتقاندا، خاننىڭ گېرىبىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر چېرىك ئەمەلدارى ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قارشىلاشقان. بۇ ۋاقىتتا ئىسلام بەي ئۇچرىغان مۇئامىلىنى تەسۋىرلەپ سۋېن ھېدىن مۇنداق دەپ يازغان: «ھەممە ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ سىمۋولغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە مەجبۇر ئىكەن. ئەمما ئىسلام بەي رۇسىيە دۆلەت تەۋەلىكىدە بولغاچقا ئولتۇرغان يېرىدىن قوپمىدى. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر توختاپ ئۇنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بوينىنى ئېچىپ، قان ئاققۇچە قامچىلىدى».(18)

جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارمۇ تۈركلەرگە ئوخشاش غۇرۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇر. 1935 - يىلى تۇڭگانلار كونتروللۇقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنى ساياھەت قىلغان پېتېر فلېمىڭ بىر بۇۋاينىڭ تۇڭگان قوماندانىنىڭ ئايىغى ئاستىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئائىلىسىنى ئۇۋالچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يالۋۇرۇپ تىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئەسكەرلەر بۇۋاينى قوغلىۋەتكەن. فلېمىڭنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ۋەقە ۋە باشقا ۋەقەلەر ياپونلارنىڭ مانجۇرىيەدىكى يۈرۈش - تۇرۇشىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالغان. «ئاسىيالىقلار بەزەن قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنى بويسۇندۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ يەردە ھەرگىز ئۇزۇن مۇددەت يۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ» دەپ يازغان فلېمىڭ.(19) باشقا غەربلىك كۈزەتكۈچىلەر خەنزۇ ياشلارنىڭ مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئەدەپسىزلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرىۋالغانلىقى ۋە ئۇلار ماڭا تازىم قىلىۋاتىدۇ دېگەندەك، ئۆزىنى شەرەپلىك ھېس قىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

ھەر كۈنى غەزەپ - نەپرەتكە سەۋەب بولىدىغان ھاقارەتلەر تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. بوراندىن كېيىن تۇزاڭ قاپلىغان تۇپ تۈز قۇملۇق يولدا ئىچى لىق يولۇچى بىلەن تولغان بىر ئاپتوبۇستا كېتىۋاتىمەن. بىر جۈپ ياشانغان ئەر - خوتۇننىڭ سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئورۇن ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار ئىككى كىشىلىك ئورۇننى ئىگەللەپ پۈتىنى سوزۇپ ئولتۇرغان، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان بىر خەنزۇ يىگىتتىن بىر ئاز يۆرۈشۈپ ئولتۇرۇشنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ جاۋابى ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشىدىغان تەرەپكە تېخىمۇ سوزۇلۇپ، بىر پاچىقىنى چىقىرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇش بولدى. جەمئىيەتتە ھۆرمەت كۆرسىتىشكە تېگىشلىك بولغان سورۇنلاردا نۇرغۇنلىغان خەنزۇ ياشلار ئىنتايىن ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەدەپسىزلىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بىخەستىلىكىگە ئوخشاشلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. مەسىلەن: مەيلى دىندار ياكى دىندار ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمانلارنىڭ چوشقا گۆشىگە يېقىن كەلمەيدىغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلىپ تۇرۇغلۇق، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئايرۇپىلانىدا پىچىنە

www.uyghurweb.net

سۈپىتىدە پەقەت خوتدوگ (يۇمىلاق، يۇمشاق پۇشۇرۇلغان بولكىنىڭ ئىچىگە چوشقا گۆشى كولباساسى ۋە توغرالغان پىياز، قىچا تالقىنى قاتارلىقلارنى قويۇپ ھازىرلانغان يېمەكلىك) بېرىلىدۇ. بۇنداق ئىشلار ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار. ئەمما بۇگۈنكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاغزىدا سۆزلىسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئاھالىگە قارشى كونا پەدە بويىچە كەمسىتىش ئېلىپ بارماقتا. ئەسلى ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ھۆكۈمەتكە قارشى قوتراتقۇچىلاردۇر.

خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىشنى بىر تەرەپتىن تارىختىن ئۆگەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئۆزلىرى مۇستەملىكە قىلىۋاتقان خەلقتىن قورقۇپ ياشايدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيىسىغا چېقىشتىن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىسىدە يالغۇز يول مېڭىشتىن قورقىدۇ. شەرقتىكى نۇرغۇنلىغان خەنزۇلارنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭ كۈرەش بولىۋاتقان، بېرىشقا بولمايدىغان بىر جايدۇر. بۇ خىل قورقۇش خەنزۇلارنى دەرىجىدىن تاشقىرى چارىلەرنى قوللىنىشقا يېتەكلىگەن. قاتتىق زەربە بېرىش ئايلىرىنى بەلگىلەپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا بولمىغانلار «بۆلگۈنچىلىك، مىللەتچىلىك، ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىكى ۋە تېررورلۇق» قا قارشى كۈرەش قىلىش باھانىسى ئاستىدا قاتتىق باستۇرۇلۇپ ئىبرەت قىلىنىدۇ، كۆپ ساندىكى خەلق نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاجىز ھالدا سۈكۈتتە قالىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇگۈن يالغۇز چەتئەللىكلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئارامۇ گەپ قىلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھۆكۈمەتكە ياقمايدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلىش دېمەك، خىزمەتتىن ئايرىلىش ۋە تېخىمۇ ناچار ئاقىۋەتلەرگە قېلىش دېمەكتۇر. كىشىلەر ھەتتا تۇغۇلغان كۈنى ئولتۇرۇشىدا دېيىشكەن گەپلەر تۇغرۇلۇقمۇ قولغا ئېلىنىغان. ئۇلار زىيارەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغاندا بىر - بىرىنى «سىياسىي» تېمىلار ھەققىدە سۆزلىمەسلىككە ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئادۇۋكاتلار، ژۇرنالىستلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى تەكرار - تەكرار ئىسىگە سېلىنىدۇ. 2002 - يىلى بىر پروفېسسور بىر زىيارەتچىگە «ھازىر ئەھۋال مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاشلا ناچار» دېگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم تارىخى ۋە كىملىكى ھەققىدە سۆز - جۈملىلەر بار. 1990 - يىلىدىن كېيىن يېزىلغان بارلىق ماقالىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، گېزىتلەر ئارخىپلاردىن يىغىۋېلىنىغان «بۆلگۈنچىلىك» نىڭ زىيىنى ھەققىدە ئون نەچچە بەت ماقالە يېزىشقا بۇيرۇلغان بىر ئادۇۋكات ماقالىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ ئەكەلسە، يازغىنىنىڭ يېتەرسىزلىكى سۆزلىنىپ، يەنە قايتا كۆپرەك يېزىشقا بۇيرۇلغان. گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردىن بىرى ھېسابلانغان بىر ئۇيغۇر ئاكادېمىك: «بۇ كۈنلەر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن تەس بولماقتا. ھەممە ئىشىمىز كونترول ئاستىدا. ھەممىنى خەنزۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراپ تۇرماق ھەقىقەتەن چىدىغۇسىز بىر ئەھۋال» دېدى. شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلق بۇندىن كېيىن ئەمدى كۆپ سانلىق ئەمەس، سان جەھەتتىن ئاز قالدۇرۇلغان، باستۇرۇلغان ۋە چەتكە قېقىلغان بۇ خەلق ئۆز يۇرتىدا ئۆزىنى چەتئەللىكتەك ھېس قىلماقتا، ياتسىرىماقتا.

www.uyghurweb.net

ئىزاھاتلار

(1) مۇئەللىپنىڭ سۆھبىتى 2001 ـ يىل 11 ـ ئاپرىل.

(2) بىللىبرھانى: «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 8 ـ 67 ـ بەتلەر. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىقىنى تىخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىۋاتقاندا، يەرلىك توپىلاڭ يۈز بەرگەن. يەرلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، «جىنايى ھەرىكەتلەر»دە توققۇز نەپەر ئۇيغۇر ئۆلگەن. ئاپتورنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سادىدا دېھقانلار چىرىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى خەنزۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن.

(3) ئەيچېن ۋۇ: «تۈركىستان قوزغىلىڭى» 93 ـ بەت.

(4) شىنجاڭغا بارغان بىر زىيارەتچى سۆزلەپ بەرگەن ۋەقە.

(5) بىللىبرھانى : «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 65 ـ بەت.

(6) بىللىبرھانى : «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 76 ـ بەت.

(7) بىللىبرھانى : «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 75 ـ بەت.

(8) شەرقىي تۈركىستان (ئەنگلىيە) ئۇچۇر تورى: «جۇڭگو سىياسىتى» 8 ـ بەت.

(9) بىللىبرھانى : «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 6 ـ 65 ـ بەتلەر.

(10) ترانسناسئۇنال رادىكال پارتىيە، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى خەۋىرىدىن نەقىل. ياۋروپا ھەيئىتىدىن سورىغان بىر سوئال 2002 ـ يىل 13 ـ ئاۋغۇست.

(11) شەرقىي تۈركىستان (ئەنگلىيە) ئۇچۇر تورىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بالاغەتكە يەتكەن تۈركلەرنىڭ 60 پىرسەنتى يەنىلا ساۋاتسىز ئىكەن. «جۇڭگو سىياسىتى» 10 ـ بەت.

(12) ئەنۋەر توختى بۇغدانىڭ مۇئەللىپكە سۆزلەپ بەرگەنلىرى 2000 ـ يىل 13 ـ ئاپرىل.

(13) بىللىبرھانى: «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 70 ـ بەت.

(14) ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى داڭلىق بولىشى مۇمكىن. ئەمما لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىرىتانىيەلىك مۇزىكشۇناس دوكتور راشېل ھاررىس جۇڭگودا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى ھەققىدە دوكلات بەرگەندە، يىغىن زالىدا بىرمۇ ئۇيغۇر ۋەكىلىنى كۆرمىگەن. «جۇڭگو ئوبزورى» 2000 ـ يىل كۈز ۋە قىش پەسىللىك (ژورنال) 42 ـ بەت.

(15) بىللىبرھانى: «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 62 ـ بەت.

(16) بىللىبرھانى: «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 68 ـ بەت.

(17) بىللىبرھانى: «ئۆزگىرىشچان خوشنىلار» 60 ـ بەت.

(18) ھېدىن: «ئېكسپېدىتسىيىچىلىك ھاياتىم» 167 ـ بەت.

(19) فلېمىڭ: «Tartary دىن كەلگەن خەۋەرلەر» 308 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

www.uyghurweb.net

ئىلاۋە:

# ئەژدىھا بىلەن بۆرە

ھۆكۈمدارلارنىڭ ئېيتىشىغا قارايدىغان بولساق، شىنجاڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلىدىن باشلاپلا جۇڭگونىڭ بىر قىسمى. ئەمما ئەڭ توغرىسى ئۇنى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە جۇڭگونىڭ 6 ـ ياكى 7 ـ قېتىملىق تاجاۋۇزى ئارقىلىق بېسىۋېلىنغان بىر دۆلەت دېگەن تۈزۈك.

بىرىنچى قېتىملىق تاجاۋۇز مىلادىدىن بۇرۇنقى 102 ـ يىلى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان. ئىككىنچىسى مىلادىدىن كېيىنكى 1 ـ ئەسىردە بەن چاۋنىڭ قوماندانلىقىدا ۋاقىتلىق غەلىبە قازانغان. 7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تاڭ سۇلالىسى قىسقا ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 13 ـ ئەسىردە بۇ زېمىننى موڭغۇللار ئىگەللىۋالغان. 18 ـ ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى ئىشغال قىلىۋالغان. ئەمما 19 ـ ئەسىردە ياقۇپبەككە تارتقۇزۇپ قويغان. زوزۇڭتاڭنىڭ قايتا ئىشغال قىلىشى بولسا ئەسىر ئاخىرىدا پادىشاھلىقنىڭ ئاغدۇرۇلىشى بىلەن تەڭ كۈچىنى يوقاتقان. پەقەت 1949 ـ يىلىدىن كېيىنلا ئىگىلىك ھوقۇقى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

مەدەنىيەت تەسىرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ «يېڭى زېمىن» (شىنجاڭ) نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرغان. مىلادىدىن كېيىنكى 2000  يىللىق تارىخ ئىچىدە جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ھەقىقى كونترول قىلغان ۋاقتى 500 يىل ئەتراپىدا دېيىشكىمۇ قەتئى بولمايدۇ. پەقەت بۇندىن 250 يىل ئىلگىرى چيەنلۇڭ خان غەربتىن بىر كىلىن ئىلىپ كەتكەن. ئۇنى تاكى بۇندىن 50 يىل بۇرۇن يەنە بىر قاسقان شەپكىلىك، قىزىل يولتۇز تاقىغان خان كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بويسۇندۇرالمىغان. يېڭى كەلگەن كوممۇنىست خان بۇ نازىنىننىڭ كۆڭلىنى ئىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئالالماي ئاخىرىدا بويسۇنۇشقا قاتتىق مەجبۇرلىغان. بۈگۈن بۇ نازىنىن جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا ھەيدەلمەكتە. ھەقىقى ئىتتىپاق بولىمىز دەپ قىلىنغان يالغان ۋەدىلەر ئۇنۇتۇلدى.

ماۋزېدۇڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ سېھرىلىك فورمۇلىسىنى قوللاندى. بۇ مەغلۇپ بولدى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماستىن، ئۇنىڭ تۈركلەرنى ئىجتىمائىي ئىدارە قىلىشى ئىنتايىن زىيانلىق بولدى ۋە بۈگۈن ھەممە يەردە ئەۋج ئالغان مىللىي كەمسىتىش ۋە ئىرقى ئايرىمچىلىققا يول ئاچتى. ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ رايوننىڭ قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرغان ھالىتىگە خاتىمە بېرىشنى نىيەت قىلغان ماۋزېدۇڭنىڭ ۋارىسلىرى، بۇ رايوننى خەنزۇلاشتۇرۇش ئۈچۈن «غەربىي رايوننى ئېچىش» (غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىش) شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىش باشلىۋەتتى.

مىللەتچىلىك يەر ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ ـ بۇ ئەمما يەر يۈزىگە چىقىشتىن يىراق ئەمەس. ئەگەر جۇڭگونىڭ مەقسىتى تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش بولسا، يات تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ياكى ئىدارە قىلىنغان باشقا ئەللەرنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ئۇنىڭغا خۇش ياقمايدۇ. مەسىلەن: نەچچە يۈز يىل ئىنگلىز ھاكىمىيىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، ئىرلاندىيەلىكلەر كۈچلۈك بىر دۆلەتتىن مۇستەقىللىقىنى تارتىپ ئالغان چاغدا ۋېلشلەر (Welsh) يەنىلا ۋېلش، شوتلاندىيەلىكلەر يەنىلا

www.uyghurweb.net

شوتلاندىيەلىك پېتى قالدى. ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقىلارمۇ مانا مۇشۇنىڭدەك قىلىشى مۇمكىن. گەرچە تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر ئاز ئۆزگەرسىمۇ، ئەمما زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر تۈرك مىللىتى ئىككەنلىكىدىن ئىبارەت ئوبرازىنى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلالىشى مۇمكىن.

تۈركلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقى يەنە چوڭقايمايدۇ. رىمنىڭ قۇرغۇچىسى رومۇلۇس بىلەن رېمۇسقا ئوخشاش، تۈركلەر ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئۆتمۈشتە بۆرە تەرىپىدىن ئېمىتىلگەنلىكىنى سۆزلەيدىغان ئەپسانىلەرگە قۇلاق سالىدۇ. خەنزۇلاردا بولسا ئەژدەرھا خاقانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىككەيلەن پەخىرلەنگەن جانىۋارلار بىر زېمىندا بىللە ياشىيالمايدۇ.

ئوخشىمىغان ئىرقتىكى كىشىلەرنى ئورتاق بىر بوشلۇقتا بىللە ياشاشقا كۆندۈرمەك ئاسان ئىش ئەمەس. ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مىللىي يوقىتىش، شىمالىي ئىرلاندىيەدىكى دىنىي گۇرۇھ ئۇرۇشى ۋە ئىسرائىلىيەدىكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرىدىكى بومبا پارتلىتىشلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەمەلىيەتنىڭ زامانىۋى ئىپادىلىرىدۇر. ئەمما خىلمۇ خىل مىللەت ۋە قەبىلىدىن ئۇيۇشقان بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشتا، مەيلى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى، ئەنگلىيە ياكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بولسۇن، بۇ ئىش ئۇلارنى بىر قىلىپ ياكى ئوخشاش بىر رامكا ئىچىگە كىرىشكە مەجبۇرلاش يولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مىللەتلەرنىڭ پەرقىنى نەزەر ئېتىۋارغا ئېلىش لازىم.

ئەگەر ئۇشبۇ ئىككى ئىشتىن بىرى يۈز بەرسە، جۇڭگونىڭ غەربىدىكى بوگۇنكى ۋەزىيەت ئۆزگىرىدۇ: يا شىنجاڭدىكى مىللەتچىلەر تازا كۈچلىنىشى كېرەك، يا جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى تازا ئاجىزلىشىشى كېرەك.

جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن شىنجاڭدا 1820 - يىللار، 1860 - يىللار، 1930 - يىللار، 1940 - يىللار ۋە 1990 - يىللاردا چوڭ تىپتىكى قوزغىلاڭلار بولغان. بۈگۈن ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ئەگەر «شەرقىي تۈركىستان» ئىچىدىكى زۇلۇم يەنە ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋەرسە، ئۇ چاغدا مىللىي توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن تەكرار ئاگاھلاندۇرماقتا. بېيجىڭ ئۆزى قورقىدىغان باشقا بىركەشمىر ياكى كوسوۋونىڭ بارلىققا كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانماقتا. ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ يۈز بېرەرمۇ؟

ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئاجىز. دۆلەت سىرتىدىكىلەر بولسا ياخشى تەشكىللەنمىگەن. تەھدىت پەيدا قىلالىغۇدەك ماغدۇرى يوق. ھەتتا ئوت يۈرەك بۆلگۈنچىلەر شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئۇيغۇرلار ھازىر خەنزۇلارنىڭ ئارمىيە، قوراللىق ساقچى، بىڭتۇەندىكى ھەربىي قىسىملىرى ۋە تانكا - ئايروپىلانلىرى بىلەن تۇتىشالىغۇدەك، ئۇلارنى يېڭەلىگۇدەك ۋەزىيەتتە ئەمەس. ئەگەر قوزغىلاڭ كۆتۈرسە، مۆلچەرلىگۈسىز زىيان بولىشى تۇرغانلا گەپ.

تارىختىن بۇيان بوستانلىق خەلقى ئىتائەتچان بولۇپ، ئادەتتە سىرتتىن كەلگەنلەر، مەسىلەن: قوقەنتلىك غوجىلار، تەۋەككۈلچى ياقۇپبەگ ۋە تۇڭگان مىلىتارىستلارنىڭ قاتتىق زۇلمى ئاستىدا غەزەپ - نەپرىتى تولۇپ تاشقاندا ئاندىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. خەنزۇ ئەيچىن ۋۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ خەلق جاھىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتى، ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. باشقىلار ياخشى ھۆكۈمرانلىق قىلسىمۇ، ياتلارنى خالىمايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى تۈرك ۋە مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار ۋاي دېگۈدەك ياخشى چىققانمۇ ئەمەس.

www.uyghurweb.net

ھازىر ئەھۋال بەك ئۆزگىچە بولۇپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار شەھەرلەشكەن بولۇپ، ئۇلار تەربىيە كۆرگەن، تەجرىبىلىك ۋە غايىلىك. ئۇلار خەنزۇ ئىشغالچىلارغا شۇنچە نەپرەتلەنگەنسېرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزى ئاسىياسىدىكى ئاسانلا ئەركىنلىككە ئېرىشكەن نەۋرە تۇققانلىرىغا شۇنچە ھەۋەس قىلىدىغان بوپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنىنىڭ ھەربىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقانلىقىنى بولسا بىلمەيتتى. پىشقەدەم ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ 1940 - يىللاردىكى قالايمىقانچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ خەنزۇلارنى قانداق قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ۋە جىدەلسىز خاتىرجەم ياشىيالايغان چاغنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىغا كۆزى ئىلمەيدۇ. ھەر قانچە بىزارلىق بولسىمۇ، يېڭى بازار ئىگىلىكى جەريانىدا قولغا كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئاسانراق. تېخىمۇ ئەپلىكرەك زامانلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋار بولغان تۈزۈك.

قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ ئوسال چارىنى ئىشلىتىپ، ھۆكۈمەتنى بىرەر ئۆزگىرىش ياساشقا مەجبۇرلىيالايدىغان مۇسۇلمان ئەسلىيەتچىلەر شىنجاڭدا ھەرىكەت قىلماقتا. ئەمما ھازىرقى قىيىنچىلىقلار، كەلگۈسى ئۈچۈن بىر چىقىش يولى ئىزدەيدىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقى ۋە تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلام دىنىنى ئويلىشىپ تۈرۈپ تۈزۈلگەن بىر زامانىۋىلاشتۇرۇش پروگراممىسىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى لازىم. نارازىلىق ئىككى خىل زوراۋانلىق شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، بېسىم ۋە زۇلۇمغا قارشى ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ قارشى چىقىش. يەنە بىرى، پىلانلىق ھالدا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، رايوننى مۇقىمسىزلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرغىلى بولمايدىغان ھالەتتە ئەۋج ئېلىش. بۈگۈنگە قەدەر شىنجاڭدا ئاساسلىق كۆرگىنىمىز بىرىنچى خىل شەكىلدىكى قوزغىلاڭلاردۇر.

قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى جەزمەن دىنىي خاراكتېر ئېلىشى لازىم. چۈنكى ئىسلام بۈيۈك بىر سالاھىيەت بەلگىسىدۇر. خۇددى كوممۇنىست پولشادىكى كاتولىك دىنىغا ئوخشاش. ئەمما ئىسلامنىڭ ئۆزى قوزغىلاڭ سەۋەبى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادى ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوزغىلاڭلار كۆپ بولىدۇ. 1930 - يىللاردا خوتەندە قۇرۇلغان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىن باشقا، ھېچبىر بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئۆتمۈشتە بىر مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلمىغان، پەقەت ياخشىراق بىر ھۆكۈمران تەلەپ قىلغان، خالاس.

ئۇيغۇر ئەركىنلىك جەڭچىلىرى شىنجاڭ ئىچىدە تونۇلغان بىر رەھبەرنىڭ يوقلىقى تۈپەيلى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. گەرچە شۇنداق بىر ئادەم بار دېگەندىمۇ، ھەقىقىي ئاپتونومىيەگە ئىگە شىنجاڭنىڭ قانداق قىياپەتتە بولىدىغانلىقى، ھەر مىللەتنىڭ بىرلىشىپ بىر ھۆكۈمەتنى قانداق قۇرىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تەس. ئىنقىلاب قاتمال ھالەتتە، پاراكەندە ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيادا سىياسىي ھوقۇقنى مىللەتچى قىياپەتكە كىرىۋالغان سابىق كوممۇنىست كادىرلار قولغا كىرگۈزىۋالغاندەك. ئىسلامىي شۇئار ئاستىدىكى قوزغىلاڭلار تاغلاردىن باشلىنىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر رەھبىرى، داھىسىنىڭ يوقلىقى چەتئەلدىكى مۇھاجىر تەشكىلاتلارنىمۇ قاتتىق بىئارام قىلدى. بىر كىشى تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىشى ۋە مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى كېرەك. ھەربىي قوراللىق كۈچلەر (ئۇرۇشقاقلار) قانداق كونترول قىلىنىدۇ؟ بۇ كۈرەش پەقەت دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈنمۇ ياكى تولۇق مۇستەقىللىق ئۈچۈنمۇ؟ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن دېگەن

www.uyghurweb.net

نىيەت مۇستەقىللىق ئۈچۈن دېگەن نىيەتكە زىيان يەتكۈزەمدۇ ـ يوق؟ شىنجاڭغا ئاللىقاچان يەرلىشىپ بولغان خەنزۇلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەلىكى ئىچىدە بولالامدۇ ـ يوق؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدىغان بىرەيلەن بولىشى لازىم.

ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقەتەن يېڭى ئىتتىپاقداشلىرى بار. غەربلىك نۇرغۇنلىغان سىياسىيونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ۋە تېخىمۇ كۆپ خەلق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. بۇندىن يۈز يىل ئىلگىرى جۇڭگو شىنجاڭدا نېمە قىلسا قىلسۇن ھېچكىم ئۇنىڭغا ھەيران قالمايتتى. چۈنكى ئۇنى ئامېرىكىلىق ئىندىئانلارنىڭ شاللىنىش جەريانىغا ئوخشاش، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مۇقەررەر ھالدا قالاق مەدەنىيەتنىڭ ئورنىنى ئېلىش جەريانى دەپ قارايتتى. تۈرك مەدەنىيىتى «قالاق» مۇ ئەمەسمۇ دېگەن سوئالنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرايلى، شاللىنىش كۆز قارىشىنى ئەمدى ھېچكىم قوبۇل قىلمايدىغان بولدى. جۇڭگو ئۈچۈن پالاكەت شۇكى، ئۇنىڭ شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلىشى كېچىكىپ قالدى ۋە ئۆزگەرگەن كۆز قاراشلار، بولۇپمۇ قانۇنلۇق ھالدا «ئىچكى ئىش» ھېسابلانغان بالقانلاردىكى جېدەلگە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قوراللىق ئارىلاشقاندىن كېيىنكى كۆز قاراشلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. جۇڭگو ھازىر دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقان ۋە ئىچكى مەبلەغنى جانلاندۇرۇش كويىدا يۈرگەن ئىكەن. غەربلىكلەر ئوتتۇرىغا قويغان سودىدا ئادىل، ھەققانىي بولۇش پرىنسىپىغىمۇ ئەمەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمگەك مەيدانلىرى ھەققىدە سوئاللارغا دۇچ كېلىدۇ.

ئەگەر تۈركلەر ھۆكۈمەتنى بىرەر ئۆزگىرىش ياساشقا مەجبۇرلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىز بولسا، ئۇنداقتا، بېيجىڭدىكى ھۆكۈمەتمۇ سەۋر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچسىزمۇ؟

بەزى باھالىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە، جۇڭگودىكى رەھبەرلىك بىر ۋاقىتتى ئۆتكەن پىراگماتىزمچى كوممۇنىست بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان دەۋر خاراكتېرلىق بوھراننىڭ ئالامىتى. بۇ بوھراننى بەزىلەر سەكراتتىكى سۇلالىنىڭ يىغىندى كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىغان. بىر قانچە يىللىق كۈچلۈك مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرققىياتتىن كېيىن، چىرىكلىك ئەۋج ئالدى، مائاشى ئاز مەمۇرلار دېھقانلارنى سىغىپ ئىچىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى دېھقانلار قوزغىلىڭى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردا بۇ خىل قوزغىلاڭلار كۆپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمىغىلا دىققەت قىلىندى. تۈزۈلمە جەھەتتىكى باشقا ئاجىزلىقلار ئىچىدە يەنە بانكا سىستېمىسىنىڭ تۇراقسىزلىقى، ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى (دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىدۇ) ۋە باي بىلەن نامراتلار، شەرقىي رايوندىكى ئۆلكىلەر بىلەن غەربىي رايوندىكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ كۈنسېرى چوڭىيىپ كېتىشى قاتارلىقلار مەركەزدىن يىراقلىشىش خاھىشىنى كۈچەيتىدۇ. جۇڭگو رەھبەرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئىلگىرىكى نەچچە ئون يىلدىكىگە قارىغاندا كۆپ ئاجىزلاپ كەتتى. ئىقتىسادنى لىبېراللاشتۇرۇش (ئەركىنلەشتۈرۈش) يولغا قويۇلغاندا بۇ، ئومۇمغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەخسىي ئاچكۆزلۈك قىلىشنى دەسسىتىشتەك قىلمىشلارغا نىسبەتەن يېڭى ئىلھام بولدى. كونا ئىدېئالىزم ۋە كونا مۇتلەقچىلىك يوقالدى. كوممۇنىزم ئاللىقاچان غايىپ بولدى، ئەمما كوممۇنىست رەھبەرلەر ئۆزىنىڭ قانۇنسىز ھۆكۈمرانلىقىنى ئىقرار قىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈم خېتىگە قول قويالمايدۇ.

www.uyghurweb.net

سوۋېت رۇسىيەسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ئوبدان ساۋاق ئالغان كومپارتىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن كونتروللىقىنى كۈچەيتىشكە، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى تەبىئى بايلىقلارنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىشقا تىرىشىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىچىدىكى بىر خىل كۆز قاراش بويىچە، ئەگەر دۆلەت پارچىلانسا، ئۇنداقتا بىرىنچى بولۇپ ئايرىلىدىغان ئۆلكە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەڭ باي. ئۇنىدىن كېيىن مانجۇرىيە (خېيلۇڭجىياڭ)، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇل. شىنجاڭ ئەڭ ئاخىرىدا قۇتۇلىدۇ. ھەتتا ئۇنىدىن كېيىن، ئۇ بەلكىم يەرلىكلەرنىڭ قولىغا ئەمەس، بەلكى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي كەبى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن خەنزۇ دىكتاتورلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

خوش، ئۇنداقتا شىنجاڭ بېيجىڭنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزلىكىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىشى، ھەتتا ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى كۈتۈپ يېتىشى كېرەكمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا 2003 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تەيىنلەنگەن يېڭى رەھبەرلەردىن ئۇيغۇرلار بىرەر ئۆزگىرىشنى تاما قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئەڭ ئەقەللىيسى، شۇجى خۇجىنتاۋ تىبەتتە ئىشلىگەن ۋاقتىدا، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگودا ئالقىشلانغان بىر سېپى ئۆزىدىن كوممۇنىستتۇر. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى بار.

بىرىنچى، مۇھىت مەسىلىسى، ئىقتىسادقا مەسئۇل يېڭى باشلىقلار ھاۋا بۇلغىنىشى، سۇ قىسلىقى ۋە قۇملىشىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن غەم قىلماقتا. قۇم ـ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرى سۈپىتىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەرنى قورشاپ قىرىققۇلاق تىكىش ئادىتى بار ئىدى. شىنجاڭنى ئالدىراپ تەرەققى قىلدۇرۇشتىمۇ قىرىققۇلاق تىكىلىدى. ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خالىغانچە ئېچىلغان «بوز يەرلەر» ئىشقا يارىمىدى. كۆپ ساندا كۆچمەن يۆتكەپ كېلىش پىلانى كىچىكلىتىلدى.

ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى قايتا تەكشۈرۈۋاتقانلىقى ھەققىدە گەپ ـ سۆزلەر بار. ھۆكۈمەتنىڭ فالۇن گۇڭ ھەرىكىتى، ئىسلام ۋە باشقا «چەتئەل» ئەقىدىلىرىگە قارشى قوزغىغان كۈرىشى مەغلۇپ بولدى، بۇ ئەھۋال ئۇنى، ئاتېئىست دۆلەتتە نېمىلەرگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە قايتىدىن بىر بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىشقا يېتەكلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بەزى يازغۇچىلار كوممۇنىستلار ماركسىنىڭ «دىن خەلقنىڭ ئەپيۇنى» دېگەن سۆزىنى خاتا چۈشەندۈردى دەپ قاراشماقتا.

ئۈچىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى يېقىندا يېڭى شوتلاندىيە پارلامېنتىگە كېلىپ، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى كۆردى. غەربلىك ئاكادېمىكلەر، جۇڭگو ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بولغىنى بىر فېدراتىپ ھۆكۈمەت، بۇنداقتا تەيۋەن سىياسىي جەھەتتە تەسلىم بولماي تۇرۇپمۇ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. ھازىر ئەھۋالدىن قارىغاندا جۇڭگونىڭ ئىچىدە بەزىلەر بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆرۈۋېتىپتۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ھازىر ئۆزى بەھرىمەن بولىۋاتقان يالغان ئاپتونومىيەگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشىراق بىر ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولسا بولىدۇ.

جۇڭگو ئىلگىرىكىگە قارىغاندا سىرتقا تېخىمۇ بەك ئېچىلىدۇ. يېڭى ئىدىيەلەر بېسىمغا ئۇچرىمايدىغان بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا خەنزۇ زىيالىيلار گەرچە مۇسۇلمان تېرروروچىلاردىن قورقۇپ تىترەپ تۇرسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇيغۇرلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇن تېرروروچى دەپ قارىغانلىقى تۈپەيلى كېيىنكى ئاقىۋەتلەردىن قاتتىق غەم يەيدىكەن. بەلكىم بۇ يېڭى

www.uyghurweb.net

رەھبەرلەر ئىچىدە بىرەيلەن بۇنى ھېس قىلىشى، ماۋزېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى رەھبەرلەرنىڭ قىلغىنىدەك، زۇلۇمنى يەڭگىللىتىشى مۇمكىن. ئۇلار قورقىدىغان ئېغىر توپىلاڭ يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھۇ - زارىنى خەلقئالەمدىن مەڭگۈ يوشۇرۇپ تۇرالمايدۇ.
شىنجاڭ بىر چېگرا رايوندۇر. ھازىر بۇ چېگرا جۇڭگونىڭ سودا ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى تەسىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتىشى ئۈچۈن ئېچىۋېتىلدى. جۇڭگونىڭ خانلىق تارىخىدىكى ئۆزگەرمەس بىر تېما شۇكى، چېگرا رايوننى جەزمەن تىنچ - خاتىرجەم تۇتۇش كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ بىر يولى، چېگراغا ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇش، خۇددى بۈگۈنكى كۈندە قىلىۋاتقىنىدەك. يەنە بىر يولى جۇڭگودىكى تۈركى ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارغا خەنزۇلار بىلەن باراۋەر ھوقۇق بېرىش. ھېچ بولمىغاندا، ئاتالمىش تۆتىنچى ئەۋلاد رەھبەرلەر كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان بۇ كىلىمات — شىنجاڭ «ئاپتونوم» رايونىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چېغىمۇ ئەمەسمۇ دەپ كۆڭلىدە چوت سوقۇۋاتقانلىقى ئېنىق.

جۇڭگونىڭ قولىدىن كېلىدىغان يەنە بىر تاللاش يولى بولسا، ھېچ نېمىگە قارىماستىن، ئەسىرلەردىن بۇيان كۆز تاشلاپ ۋەسلىگە يېتەلمەي يۈرگەن ياۋايى غەربىي رايونغا نىسبەتەن، ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىشتۇر. جۇڭگو بىلەن ئارىلىق ساقلاپ، ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەي تۇرىۋالغان شىنجاڭ كەينى - كەيندىن جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان. بەزەن كونترول قىلىشقا چۈشۈپمۇ قالغان ۋە ئاخىرىدا ئىشغال قىلىنىپتۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ خەلقى ۋە بۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزلىرى تونىمايدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغان «ئانا ۋەتەن» ئىچىگە مەجبۇرى سۆرەپ كىرىلمەكتە.

www.uyghurweb.net

# Bibliography

Alptekin, Erkin, 'Eastern Turkestan after 32 Years of Exile', Central Asia Survey, Vol. 1, No. 4, April 1983
Amnesty International, 'People's Republic of China: Gross Violations of Human Rights in the Xinjiang Uighur Autonomous Region', 21 April 1999
— 'Women in China Imprisoned and Abused for Dissent', 28 June 1995
— 'People's Republic of China. Secret Violence: Human Rights Violations in Xinjiang', November 1992
Anderson, Robert S., 'The Attractipn of Sand Dunes', Nature, Vol. 379, January 1996
Anti-Slavery International, 'Can Prisoners Be Subjected to Forced Labour?', 1995
Arlington, L.C., and Lewisohn, William, in Search of Old Peking (Beijing, Henri Vetch, 1935)
Barber, Elizabeth Wayland, The Mummies ofUrumchi (London, Macmillan, 1999)
Baumer, Christoph, Southern Silk Road (Bangkok, Orchid Press, 2000)
Becker, Jasper, Hungry Ghosts: China's Secret Famine (London, John Murray, 1996)
— The Chinese (London, John Murray, 2000)
Becquelin, Nicolas, 'Xinjiang in the Nineties", China Journal, No. 44, July 2000
Beller-Hann, Ildiko, 'Script Changes in Xinjiang', in Shirin Akiner (ed.), Cultural Change and Continuity in Central Asia (London and New York, KeganPaul, 1991)
— 'Work and Gender among Uighur Villagers in Southern Xinjiang',Cahiers d'etudes sur la Mediterranee orientale et le monde turco-iranien, No. 25,January-June 1998
— 'Temperamental Neighbours: Uighur-Han Relations in Xinjiang, Northwest China', in Günther Schlee (ed.), Market, Culture and Sotiety: Vol. 5, Imagined Differences: Hatred and the Construction of Identity (Hamburg, Lit Verlag, 2002)
Bellew, H.W., History of Kashgharia (Calcutta, 1875)
Besson, Frederique-Jeanne, 'Leş .Ouigours hors du Turkestan oriental: de l'exil âla formation d'une diaspora', from 'Les Ouigours au vingtieme siecle', Cahiers d'etudes sur la Mediterranee orientale et le monde turco-iranien, No. 25, January-June 1998
Blackmore, Charles, The Worst Desert on Earth (London, John Murray, 1995)
Brown, Dee, Bury My Heart at Wounded Knee (London, Barrie & Jenkins, 1971)
Cable, Mildred, and French, Francesca, 77te Gobi Desert (London, Hodder & Stoughton, 1942)
Chen, Jack, The Sinkiang Story (New York, Macmillan, 1977) Chinese Academy of Sciences, Wondrous Taklimakan (Beijing and New York, Science Press, 1993)
Chinese Communist Party, Central Committee, 'Report on Xinjiang of the Political-Legal Commission', delivered to a meeting of the Politburo, 19 March 1996
Chinese Communist Party, Research Group Council, 'The Anti-Separatism Struggle and Its Historical Lessons since the Liberation of Xinjiang', August 1993
Davies, Robert H., Prisoner 13498: A True Story ofLove, Drugs and jail in Modern China (Edinburgh and London, Mainstream Publishing, 2002)
Debaine-Francfort, Corinne et al., 'Premiers resultats de l'expedition franco-chinoise de la Keriya' (Paris, Academie deş Inscriptions & Belles-Lettres, 1993)
Dikötter, Frank, The Discourse ofRace in Modern China (London, Hurst & Co., 1994)
Dillon, Michael, 'China Goes West: Laudable Development? Ethnic Provocation?' The Analyst, 6 December 2000
— 'Xinjiang: Ethnicity, Separatism and Control in Chinese Central Asia', Durham East Asian Papers, No. 1, 1995
Dubs, Homer H., A Roman City in Ancient China (London, China Society, 1957)
East Turkestan Information Centre, 'A Special Report about the Human Rights Situation in Eastern Turkestan for the Period of January—May 2002', Munich, 1 May 2002
— 'A Special Report on Violations of Human Rights of Uighurs in East Türkistan by the Chinese Authorities', Munich, 1 o September 2000
Eastern Turkistan Information Network UK, 'Freedom and Independence for East Turkistan', London, January 2000
— 'Chinese Policy, Human Rights Abuses and the Consequences', London, March 2000
Eberhard, Wolfram, A History of China, trans. E.W. Dickes (London, Routledge, 1950)
Fairbank, John King, China, A New History (Cambridge, Mass., Belknap Press, 1992)
Fitzgerald, C.P., China, A Short Cultural History (London, Cresset Press, 1950)

www.uyghurweb.net

Fleming, Peter, Newsfrom Tartary (London, Jonathan Cape, 1936)
Foltz, Richard C., Religions of the Silk Road (London, Macmillan, 1999)
Forbes, D.W., Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A Political History of Republican Sinkiang, 1911-1949 (Cambridge, Cambridge University Press, 1986)
Forsyth, James, A History of the Peoples of Siberia: Russia's North Asia Colony, 1581—1990 (Cambridge, Cambridge University Press, 1992)
Forsyth, T.D., 'Report of a Mission to Yarkund in 1873 under the Command of Sir T.D. Forsyth, KCSI, CB, Bengal Civil Service, with Historical and Geographical Information Regarding the Possessions of the Ameer of Yarkund' (Calcutta, 1875)
Franck, Irene M., and Brownstone, David, The Silk Road: A History (New York and Oxford, Facts on File, 1986) Gernet, Jacques, A History of Chinese Civilization, trans J.R.Foster and Charles Hartman (Cambridge, Cambridge University Press, 1996, second edition)
Gladney, Dru C., 'The Ethnogenesis of the Uighur', Central Asian Survey, Vol. 9, No. 1, 1990
Glob, P.V., The Bog People (London, Faber, 1969)
Golden, Peter B., '-The Karakhanids', in Denis Sinor (ed.), The Cambridge History of Early Inner Asia (Cambridge, Cambridge University Press, 1990)
Gore, Rick, 'Journey to China's Far West', National Geographic, Vol. 157, No. 3, March 1980
Hamada Masami, 'La transmission du mouvement nationaliste au Turkestan oriental,' Central Asia Survey, Vol. 9, No. 1, 1990
Han Kangxin, 'The Study of Ancient Human Skeletons from Xinjiang, China', Institute of Archaeology, Chinese Academy of Social Sciences, Beijing, from Sino-Platonic Papers, No. 51, November 1944
Hare, John, The Lost Camels of Tartary (New York and London, Little, Brown, 1998)
Hedin, Sven, My Life as an Explorer (London, Cassell, 1926)
Henze, Paul B., 'The Great Game in Kashgaria', Central Asian Survey, Vol. 8, No. 2, 1989
Hopkirk, Kathleen, A Traveller's Companion to Central Asia (London, John Murray, 1993)
Hopkirk, Peter, Foreign Devils on the Silk Road (London, John Murray, 1980)
— The-Great Game (London, John Murray, 1990)
Jarring, Gunnar,'The Toponym Takla-makan,' Turkic Languages, Vol. 1, 1997, pp. 227-40
Julien, S., 'Relation d'un voyage officiel dans le pays des Ouighours (de 981 â 983) par Wang-yen-te,'Journal Asiatique, No. 4, 1847
Kim Ho-dong, 'The Muslim Rebellion and the Kashgar Emirate in Chinese Central Asia, 1864—1877', Ph.D thesis, Harvard University, 1986
King, Frank, History of the Hongkong and Shanghai Banking Corporation: Vol. 1, The Hongkong Bank in Late Imperial China, 1864—1902, 'On an Even Keel' (Cambridge, Cambridge University Press, 1987)
Laogai Research Foundation, 'The World Bank and Forced Labour in China', 23 October 1995
Lattimore, Owen, High Tartary (New York, Little, Brown, 1930)
Le Coq, Albert von, Buried Treasures of Chinese Turkestan (London, Allen & Unwin, 1928)
Lee Fu-hsiang, 'The Turkic-Moslem Problem in Sinkiang: A Case Study of the Chinese Communists' Nationality Policy', Ph.D thesis, Rutgers University, 1973
Lias, Godfrey, Kazak Exodus (London, Evans Brothers, 1956) Lonely Planet, Central Asia (London, Lonely Planet, 2000, second edition)
Macartney, Catherine, An English Lady in Chinese Turkestan (Hong Kong, Oxford University Press, 1985, reprint)
Mackerras, Colin, 'The Uighurs', in Deniş Sinor (ed.), The Cambridge History of Early InnerAsia (Cambridge, Cambridge University Press, 1990)
— 'Some Observations on Xinjiang in the 1990s', World of the Silk Roads: Ancient and Modern, Proceedings of the Second Conference of the Australasian Society for Inner Asian Studies, Macquarie University, 21—22 September 1996
Maillart, Ella, Forbidden journey (London, Heinemann, 1937) Mallory, J.P., and Mair, Victor H., The Tarim Mummies (London, Thames & Hudson, 2000)
McMillen, Donald H., 'Chinese Communist Power and Policy in Xinjiang, 1949-1977' (Boulder, Co., Westview/ Dawson Replica Editions, Folke- stone, 1979)
Meyer, Karl, and Brysac, Shareen, Tournament of Shadows: The Great Game and the Race for Empire in Asia (London, Little, Brown, 2001)
Millward, James A., Beyond the Pass: Economy, Ethnicity & Empire in Qing Central Asia, 1759-1864 (Berkeley, Calif, Stanford University Press, 1998)

www.uyghurweb.net

— 'A Uyghur Muslim in Qianlong's Court: The Meanings of the Fragrant Concubine'.Journal of Asian Studies, Vol. 53, No. 2, May 1994
Mirsky, Jeannette, Sir Aurel Stein, Archaeological Explorer (Chicago and London, University of Chicago Press, 1998) Moriyasu Takao, 'The Sha-chou [Dunhuang] Uighurs and the West Uighur Kingdom', Acta Asiatica: Bulletin of the Institute of Eastern Culture, No. 78
Moseley, George, 'China's Fresh Approach to the National Minority Question', China Quarterly, No. 24, October-December 1965
Nathan, Andrew, and Gilley, Bruce, 'China's New Rulers New York Review of Books, 26 September and 1 o October 2002 Needham, Joseph, The Shorter Science & Civilisation in China: Vol. 1, an abridgement, by Colin A. Ronan (Cambridge, Cambridge University Press, 1978)
Norins, Martin R., Gateway to Asia: Sinkiang (New York, John Day, 1944)
Pasqualini, Jean, known as 'Bao Ruo-wang' (with Rudolph Chelminski), Prisoner of Mao (Harmondsworth, Penguin Books, 1976)
Polo, Marco, The Travels, trans. Ronald Latham (Harmondsworth, Penguin, 1958) Prejevalsky, Nikolai, From Kulja, across the Tian Shan to Lob-Nur, trans. Morgan (London, Sampson Low, 1879)
Rashid, Ahmed,Jihad: The Rise of Militant İslam in Central Asia (New Haven and London, Yale University Press, 2002) Rahman, Anwar, 'Western Development Strategy: Chinese Exploitation in Eastern Turkestan', Uighur Affairs Survey, Vol. 1, No. 1, September 2001
Renfrew, Colin, Archaeology and Language: The Puzzle of Indo-European Origins (London, Jonathan Cape, 1987)
Rorex, Robert A., and Wen Fong (eds.), Eighteen Songs of a Nomad Flute: The Story of Lady Wen-chi (New York, Metropolitan Museum of Art, 1974)
Rudelson, Justin Jon, Oasis Identities: Uyghur Nationalism Along China's Silk Road (New York, Columbia University Press, 1997)
Sadri, Roostam, 'The Islamic Republic of Eastern Turkestan: A Commemorative Review', Voice of Eastern Turkestan, Vol. 3, No. 9, April 1986
Salisbury, Harrison, The New Emperors: Mao and Deng, A Dual Biography (London, HarperCollins, 1993)
Schafer, Edward H., 'The Camel in China Down to the Mongol Dynasty', Sinologica, Vol. 2, 1950
Shaw, Robert B., Visits to High Tartary, Yarkand and Kashgar (London, John Murray, 1871)
Sinor, Denis, 'The Establishment and Dissolution of the Türk Empire', in Denis Sinor (ed.), The Cambridge History of Early Inner Asia (Cambridge, Cambridge University Press, 1990)
Skrine, C.P., Chinese Central Asia (London, Methuen, 1926) Skrine, C.P., and Nightingale, Pamela, Macartney at Kashgar: New Light on British, Chinese and Russian Activities in Sinkiang, 1890-1918 (Hong Kong, Oxford University Press, 1987, reprint)
Smart, Ninian, The World's Religions (Cambridge, Cambridge University Press, 1998, second edition)
Soucek, Svat, A History of Inner Asia (Cambridge, Cambridge University Press,2000)
Spence, Jonathan, God's Chinese Son: The Taiping Heavenly Kingdom of Hong Xiuquan (London, HarperCollins, 1996)
— Treason by the Book (London, Ailen Lane, 2001)
Stein, M.A., Sand-Buried Ruins of Khotan (London, Mushussu Press, 2000, facsimile of the 1903 edition by T. Fisher Unwin)
Talbot Rice, Tamara, Ancient Arts of Central Asia (London, Thames and Hudson, 1965)
Teichman, Eric,Journey to Turkistan (London, Hodder & Stoughton, 1937)
Tibet Information Network, 'China's Great Leap West', London, November 2000
Tien, Chen-ya, Chinese Military Theory (Ontario, Mosaic Press, 1992)
Tsering Dhundup, Spang rgyan me tog (Beijing, Nationalities Publishing House, 1999)
Xiao Shi, 'A Catastrophe in the Aqqikkol Basin', China Focus, 1 January 1995 Vambery, Arminius, History of Bokhara (London, H.S. King, 1873)
Vasel, Georg, My Russian Jailers in China, trans. Gerald Griffin (London, Hurst &Blackett, 1937)
Waley-Cohen, Joanna, Exile in Mid-Qing China: Banishment to Xinjiang, 1758—1820 (New Haven and London, Yale University Press, 1991)
Wallace, Antony F.C., Jefferson and the Indians (Cambridge, Mass., Harvard University Press, 1999)
War Office, General Staff, Animal Management (London, HMSO, 1908)
Whitfield, Susan, Life Along the Silk Road (London, John Murray, 1999)
Wood, Frances, Did Marco Polo Go to China? (London, Secker & Warburg, 1995)
Wu, Aitchen K., Turkistan Tumult (Hong Kong, Oxford University Press, 1984, reprint)

www.uyghurweb.net

Wu, Harry (with Carolyn Wakeman), Bitter winds: A Memoir of My Years in China's Gulag (New York, John Wiley, 1994)
Wu, Harry (with George Vecsey), Troublemaker: One Man's Crusade against China's Cruelty (London, Chatto & Windus, 1996)
Zhang Xianliang, Grass Soup: One Man's Survival in the Chinese Gulag, trans. Martha Avery (London, Minerva, 1995)
Ziegler, Dominic, 'The Great Western Campaign', China Review, Autumn/ Winter 2000